مۇھەممەدنۇر بىن ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد

# ئىسلامدا ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە
سەلەپ - سالىھلارنىڭ ئەۋلات تەربىيىلەش ھاياتىدىن نەمۇنىلەر)

## مَنهج التربية النبوية للطفل

مَعَ نماذج تطبيقية مِن حياةِ السَلَفِ الصالحين

محمد نور بن عبد الحفيظ سويد

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى
ئىسلامدا ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى
مۇھەممەدنۇر بىن
ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مۇھەممەدنۇر بىن ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد

# ئىسلامدا ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى ۋە
سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئەۋلات تەربىيىلەش ھاياتىدىن ئەمۇنىلەر)

## منهج التربية النبوية للطفل

مع نماذج تطبيقية من حياة السلف الصالحين
محمد نور بن عبد الحفيظ سويد

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئابدۇراھمان

رىياسەتچى: ف. ئەل ئابدۇسسالام

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇلغەنى ئابدۇلئەزىز

تەھرىرلەر: ئەبۇ ئۇيغۇر بىننى ئۇيغۇر
سابىرجان
مۇنەۋۋەر نىياز

كوررېكتورى: ئا. روزى توختى

المترجم: عبد الأحد عبد الرحمن

المشرف: ف. العبد السلام

المراجع: عبد الغني عبد العزيز

المحررون: ابو الأويغور بن الأويغور
صابر جان
منور نياز

الحاسوب: ع. روزى توختي

## مركز الترجمة الأويغورية

www.uyghurkitap.com

ئالاقىلىشىش ئادرىسى:

http://www.munber.org
http://www.munber.net
E.mail:
munber@munber.org
webmaster@munber.org

# مۇندەرىجە


ئۈچىنچى باسما ئۈچۈن دۇئا ۋە دەۋەت.................................................13
تەربىيە سۆزلىرى .......................................................................15
بېغىشلىما.....................................................................................17
تەقدىم (1) ....................................................................................19
تەقدىم (2) ....................................................................................22
تەقدىم (3) ....................................................................................27
تەقدىم (4) ....................................................................................28
تەقدىم (5) ....................................................................................29
كىرىش سۆز ..................................................................................31
بىرىنچى بۆلۈم..................................................................................37
ئاتا - ئانىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي شەرتلەر ....................................37
مۇقەددىمە ......................................................................................39
تەربىيە مەسئۇلىيىتى ........................................................................40
ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاش ..............................................................44
ئايالى ۋە بالىلىرىغا نەپىقە بېرىشنىڭ ساۋابى ..............................................49
تۆۋەندە ئايال كىشىنىڭمۇ ئۆز ئېرى ۋە پەرزەنتلىرىگە قىلغان نەپىقىسىنىڭ ساۋابى ھەققىدە
توختىلىپ ئۆتىمىز: ...........................................................................51
ئىسلامىي نىكاھنىڭ پايدىلىرى.................................................................52
مۇۋەپپىقىيەتلىك تەربىيىچىنىڭ سۈپەتلىرى....................................................55
ئاتا - ئانىلارغا ئەۋلادلارنىڭ بەرىكىتى ھەققىدىكى خۇشخەۋەر..............................60
پەرزەنتلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ زىنىنىتى ھەم پىتنىسىدۇر...........................................61
ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۆرەش ............................64
ئاتا - ئانىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى...............................66
توي قىلىش ۋە قۇدا - باجىلىق ................................................................69
ئەر - ئايال بىر تۆشەكتە بولغاندا ياخشى پەرزەنت ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىش.................70
بالىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ................................................................70
بالىنىڭ ئانىمەنىي ھالىتىدىكى ئەھۋالى ......................................................71
بالىنىڭ تۇغۇلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى .....................................................72
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغماسلارغا كۆرسەتكەن داۋاسى................................74
ئاتا - ئانىسىدىن ياكى بالىسىدىن تانغاننىڭ جازاسى............................................75
ئىككىنچى بۆلۈم ...............................................................................77
بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئىككى ياشقىچە بولغان مەزگىلى ......................................77

www.uyghurkitap.com


مۇقەددىمە ........ 79

تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئالار ........ 79

تۇغۇتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى ئەمەللەر ........ 81

بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىنىدىغان ئەمەللەر ........ 86

بالىنى ئىككى يىل ئېمىتىش ........ 99

ئېمىۋاتقان بالىنىڭ سۈيدىكى ۋە ئۇنى پاكىزلاش ........ 104

ئانىلارنىڭ ئېمىۋاتقان بالىلىرىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشىنىڭ دورۇستلۇقى ........ 105

تەرتىپنى باشقۇرالمايدىغان بالىلارنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىشنىڭ مەكرۇھلىقى ........ 106

بالىنى بېقىش ئانىنىڭ ھەققىدۇر ........ 106

بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئانىغا تەۋە ئىكەنلىكى ........ 107

ئۈچىنچى بۆلۈم ........ 109

مۇقەددىمە ........ 111

بىرىنچى باب ........ 113

ياخشى ئۈلگە ........ 115

تەربىيە قىلىشتا مۇۋاپىق ۋاقىت تاللاش ........ 116

بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش ........ 120

بالىلارنىڭ ھەقلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى بېرىش ........ 124

بالىلارغا دۇئا قىلىش ........ 128

بالىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش ........ 132

بالىلارنىڭ ياخشى ۋە تەقۋا بولۇپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلاش ........ 133

كۆپ ئاچچىقلاش ۋە كايىشتىن يىراق بولۇش ........ 134

ئىككىنچى باب ........ 137

بالىنىڭ ئەقلىنى يېتىلدۈرۈشتە پايدىلىق پىكرى ئۇسۇللار ........ 137

بالىغا قىسسىلەرنى رىۋايەت قىلىش ۋە كىتابلاردىن ئوقۇپ بېرىش ........ 139

بالىلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ........ 149

بالىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق سۆز قىلىش ........ 151

بالىلار بىلەن مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىشىش ........ 153

بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش ........ 159

بالىنىڭ خاراكتېرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاراكتېرىدىن ئۈلگە ئالىدىغان قىلىپ
تەربىيىلەش ........ 160

ئۈچىنچى باب ........ 163

بالىنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار ........ 163

بالىغا ھەمراھ بولۇش ........ 164

بالىنى خوش قىلىش ........ 167

بالىلارنى ئۆزئارا مۇسابىقىگە سېلىش ۋە ئۇتقانلارنى مۇكاپاتلاش ........ 168
بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش ........ 170
بالىلارنى ماختاش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش ........ 172
بالىلار بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇلارغا بالىلارچە ھەمراھ بولۇش ........ 173
بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش ........ 176
ئۇلارنى چىرايلىق يوسۇندا چاقىرىش ........ 177
ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى رازى قىلىش ........ 179
تەكرارلاشنىڭ بالىنىڭ روھىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ........ 180
تەربىيەدە بالىلار بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش ........ 182
رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ........ 182
ئۈچىنچى بۆلۈم ........ 185
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قاخشىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش ........ 185
قۇرئاندىن ۋەسىيەتلەر ........ 187
مۇقەددىمە ........ 188
بىرىنچى، ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلىش ........ 190
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيادىكى ئىپادىلىرى ........ 191
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىپادىلىرى ........ 192
ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز كۆپايە ئىبادەتلەرنىڭمۇ ئالدىغا قويۇش ........ 193
ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئەمما ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشنى توختاتماسلىق ........ 205
ئىنسانلار ئىچىدە ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئاتا ـ ئانىدۇر ........ 211
ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىرلا ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدىغا قويۇش ........ 212
سەن ۋە مېلىڭ ئاتاڭغا تەئەللۇقتۇر ........ 214
ئاتا ـ ئانا ھەرقانداق بىر مالدا قەرزدار بولۇپ قالسا، ئۇلارنى قەرزدىن قۇتۇلدۇرۇش ........ 216
ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىشى ........ 217
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولماسلىق ........ 218
نەسەبىنىڭ ئانىغا تەۋەلىكىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش ........ 219
ئاتا ـ ئانا سالامەتلىكى يار بەرمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن ھەج قىلالمىسا، ئۇلار ئۈچۈن ھەج بەدەل قىلىش. 220
ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنداش ........ 221
ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقى 221
ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ دۇنيادىكى جازاسى ........ 224
ئاتا ـ ئانىغا ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىرى ........ 224
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋەدە ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش ........ 224

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاتا ـ ئانىلارغا دۇئا قىلىش ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەش 228
ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرىگە ياخشىلىق قىلىش 228
ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە قىلىش 229
سۇ ـ ئۇلار ئۈچۈن قىلىنغان سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر 230
ئۇلار ئۈچۈن ھەج قىلىش 231
ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش 232
ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش 233
ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنداش 234
ئۇلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش 234
بەشىنچى بۆلۈم 235
بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىش 235
مۇقەددىمە 237
ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىش تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر 238
بالىنىڭ ئەمەلىدىكى خاتالىقىنى تۈزىتىشتىن ئىلگىرى ئېڭىدىكى خاتا پىكىرنى تۈزىتىش 240
ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئېڭىدىكى پىكىر خاتالىقىنى تۈزىتىش لازىم 241
ئىككىنچى باسقۇچتا بالا ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ ئۆزىنى تۈزىتىش 245
بالىلارغا تەدرىجىي ھالدا ئەدەپ ئۆگىتىش 246
بىرىنچى باسقۇچ: بالىغا تاياق كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورقۇتۇش 246
ئىككىنچى باسقۇچ: قۇلاق سوزۇش 247
ئۈچىنچى باسقۇچ: ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ قائىدىلىرى 248
بىرىنچى قائىدە. بالا ئون ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئۇرۇش 248
ئىككىنچى قائىدە. ئۇرۇشنىڭ سانى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۈچ قېتىمدىن، قىساس ئۈچۈن ئون قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكلىك 250
ئۈچىنچى قائىدە. ئۇرۇشنىڭ ھالەتلىرى، ئورنى ۋە ئۇسلۇبىغا رىئايە قىلىش 252
تۆتىنچى قائىدە: ئاچچىقلانغاندا ئۇرماسلىق 255
بەشىنچى قائىدە: ئاللاھنى تىلغا ئالغان بالىدىن قولنى قايتۇرۇۋېلىش 256
ئىككىنچى قىسىم 259
بالىنىڭ ئىسلامىي شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش 259
مۇقەددىمە 260
بىرىنچى بۆلۈم 263
بالىدا ئەقىدە تۇرغۇزۇش 263
مۇقەددىمە 264
بالىغا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆگىتىش 268

بالىغا ئاللاھنى سۆيۈشنى، ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىنى، ئاللاھتىن ياردەم سوراشنى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىش ........................................271
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئۇلۇغ ساھابىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىش........................................278
بالىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ھەققىدە: ........................................280
قانداق قىلغاندا، بالىلارنىڭ دىلىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ئىشتىياقىنى ئورناتقىلى بولىدۇ؟ ........................................280
ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، جاھىلىيەتنى يامان كۆرگەنلىكى توغرىسىدا........................................286
ساھابە ۋە سەلەپ - سالىھىن بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يادلايدىغانلىقى.287
ھەدىس يادلىغان بالىلارنى مۇكاپاتلاش ........................................289
سەلەپ- سالىھىن بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەدىس ئۆگەتكۈچى ئالىملارغا خىزمەت قىلغانلىقى ..........289
سەلەپ- سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشى ۋە سەپەر قىلىشى .....290
ھەدىسلەرنى يېزىش ۋە يېزىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈش........................................292
قىزلارنىڭ ھەدىس يادلىشى ........................................292
بالىلارنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى ........................................292
بالىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى ........................................293
ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەرىكەت ئۈمىد قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزلىرىنى ساقلاشقا ھېرىسمەن بولۇشى........................................298
بالىغا قۇرئان ئۆگىتىش ........................................300
بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر........................................301
ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قۇرئان ئۆگەتكەنلىكىنىڭ ساۋابى........................................304
بالىنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىشى ........................................304
قۇرئان بالىنىڭ ئېڭىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟........................................306
بالىلارنىڭ قۇرئان يادلىشىدىن مىساللار ........................................309
قۇرئان يادلىغان نەمۇنىلىك بالىلار ........................................310
قۇرئان يادلىغان ئاجايىپ بالىلار........................................311
بالىلار قۇرئان ئوقۇشنى قاچان باشلىشى لازىم؟........................................311
ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىغا مۇكاپات بېرىش ........................................312
ئىسلام دىيارىدىكى قۇرئان مەدرىسلىرى........................................312
ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئۆگىتىش ........................................313
بالىلار ئۆلگىسى ئۆخدۇد ۋەقەلىكى........................................314

www.uyghurkitap.com


سەلەپ- سالىهلارنىڭ پىداكارلىقى ۋە جىهادى ........ 317
بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى جىهادقا تەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقلىرى ........ 319
ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇرۇشقا بىللە ئېلىپ چىقىشى ........ 320
ئىككىنچى بۆلۈم ........ 323
ئىبادەت ........ 323
مۇقەددىمە ........ 324
ناماز ........ 326
نامازغا بۇيرۇش ........ 326
بالىغا ناماز ئۆگىتىش ........ 327
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ نامازدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى تۈزىتەتتى ........ 328
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا ئەزان ئېيتىشنى ئۆگىتەتتى ........ 328
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن ئىلگىرى بالىلارنى ئارقا سەپتە سەپكە تۇرغۇزاتتى ........ 329
ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئوقۇمىسا ئۇنى ئۇرۇش ........ 330
بالىلارنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈش ........ 332
بالىلارغا كېچىدە ناماز ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇش ........ 333
بالىلارنى ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ........ 335
بالىلارنى ھېيت نامىزىغا بىللە ئېلىپ بېرىش ........ 336
بالىلار ۋە مەسجىد ........ 336
بالىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش ........ 339
روزا ........ 340
ھەج ........ 342
بالىنىڭ ھەجىنىڭ فىقھى ھۆكۈملىرى ........ 344
ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا دائىر مىساللار ........ 345
زاكات ........ 346
فىترى - زاكات ........ 347
ئۈچىنچى بۆلۈم ........ 349
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆگىتىش ........ 349
كىرىش سۆز ........ 351
بالىنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىش ........ 351
بالىنى ئىش بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىش ........ 355
بالىلارنى سالام بېرىشتىن ئىبارەت سۈننەت ئەمەلگە كۆندۈرۈش ........ 356
بالىلار ئاغرىپ قالغاندا، ئۇلارنى يوقلاش ........ 358
بالىلارغا بالىلاردىن دوست تۇتۇپ بېرىش ........ 359
بالىلارنى سودا- سېتىققا كۆندۈرۈش ........ 359

بالىلارنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن مۇراسىملەرگە قاتناشتۇرۇش ........................ 360
بالىلارنى سالىھ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇش ........................ 361
خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا ئىجتىمائىي مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەمەلىي مىساللار. 362
ئۈچىنچى بۆلۈم ........................ 367
ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ........................ 367
كىرىش سۆز ........................ 369
ئەدەپ- ئەخلاق ........................ 370
1- بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر ........................ 371
سەلەپ- سالىھىنلار ھاياتىدىن ئۈلگىلەر ........................ 373
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا خاس ئەخلاقلىرىنىڭ تۈرلىرى ........................ 374
ئۆلىمالار بىلەن بولغان ئەدەپ- ئەخلاق ........................ 376
ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدە كەلگەنلەر ........................ 377
سەلەپ- سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالىملارغا قانداق ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا ئائىت
ئۈلگىلەر ........................ 377
ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش ئەدىپى ........................ 379
قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەپلىرى ........................ 380
قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى ........................ 381
ئىجازەت سوراش ئەدىپى ........................ 382
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلاردىن ئىجازەت سوراش ئۈلگىسى ........................ 384
داستىخاندىكى ئەدەپلەر ........................ 384
بالىنىڭ تاشقى قىياپەت ئەدەپلىرى ........................ 386
چاچ قويۇش ۋە چۈشۈرۈشتىكى ئەدەپلەر ........................ 386
كىيىم رەڭگىنىڭ ئەدىپى ........................ 387
ئەرلەرگە يىپەك كىيىشنىڭ ھاراملىقى ........................ 388
قۇرئان ئوقۇش ئەدەپلىرى ........................ 389
راستچىللىق ئەخلاقى ........................ 389
مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەخلاقى ........................ 390
ئامانەتنى ساقلاش ئەخلاقى ........................ 391
كۆڭۈلنى ئاداۋەتتىن سالامەت قىلىش ئەخلاقى ........................ 392
خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بولغان ئەخلاقىدىن ئەمەلىي مىساللار ........................ 393
بەشىنچى بۆلۈم ........................ 395
ھېس- تۇيغۇ ۋە شەخسىيەتنى بەرپا قىلىش ........................ 395
مۇقەددىمە ........................ 397
بالىلارنى سۆيۈش، ئۇلارغا شەپقەت قىلىش ۋە رەھمەت قىلىش ........................ 397

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بالىلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىشىش....................400
بالىلارغا ھەدىيىلەر تەقدىم قىلىش....................404
بالىنىڭ بېشىنى سىلاش....................405
بالىنى ياخشى قارشى ئېلىش....................406
بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراش....................407
قىز بالىلارغا ۋە يېتىم بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىباردا بولۇش....................408
قىز بالىنى تەربىيىلەش....................409
1 ـ قىز بالىنى يامان كۆرۈشتىن توسۇش....................411
2 ـ قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئايرىمىچىلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش....................414
3 ـ قىز بالىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە ئۇلارنى ياتلىق قىلىشنىڭ ساۋابى....................415
يېتىم ئوغۇل ـ قىزلارنى تەربىيىلەش....................416
1 ـ يېتىم بالىنى بېقىش ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنىڭ ساۋابى....................417
2 ـ يېتىمنىڭ مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىجارەت قىلىپ قويۇش....................418
3 ـ يېتىم بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ياتلىق بولمىغان ئانىنىڭ ئەجرى....................421
بالىنى ياخشى كۆرۈشتە ئوتتۇراھال ۋە سولچىللىقتىن ساقلىنىش....................421
1 ـ ئۆزىڭىز ۋە بالىڭىز ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭىز....................423
2 ـ سېخىي، مېھماندوست، باتۇر ۋە ئىلىم سۆيەر بولۇش....................424
3 ـ بالىنىڭ كېسەل بولۇش ۋە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش....................426
ئالتىنچى بۆلۈم....................435
جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش....................435
مۇقەددىمە....................436
بالىنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ھەققى....................438
بالىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش....................439
چوڭلارنىڭ كىچىكلەر بىلەن ئوينىشى....................439
بالىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئوينىشى....................441
بالىلارنىڭ ئوينىشى چەكلەنگەن ئويۇنلار....................443
خاتىمە: جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ بالىلارغا بولغان پايدىلىرى....................444
يەتتىنچى بۆلۈم....................447
ئىلمىي ۋە پىكرىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈش....................447
مۇقەددىمە....................449
بالىنىڭ ئىلىم ئېلىش ھەققى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگىنىش ئىستىكىنى ئاشۇرۇش....................451
بالىنىڭ نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن بىرەر بۆلۈم بولسىمۇ ياد ئېلىشى....................454
بالا ئۈچۈن ياخشى ۋە تەقۋادار ئۇستاز ياكى تەربىيىلىگۈچى تۇتۇپ بېرىش....................456

ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش......462
چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش......466
ئۆزى قىزىقىدىغان پەننى ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش......467
ئۆيدە ياخشى بىر كىتابخانىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى......468
بالىلارغا تارىختىكى سالىھ ئالىملارنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئائىت ئىش-
ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىش......469
1. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى......469
2. مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلىق مەزگىلى......470
3 . ئىمام شافىئىنىڭ بالىلىق مەزگىلى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشى......470
4. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ بالىلىق مەزگىلى......472
5. ئىمام ئەبۇھەنىيفەنىڭ تالىپى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بالىلىق مەزگىلى......472
6. ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ بالىلىق چېغىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى......474
7. ئىمام ئىبنى ئەلجەۋزىنىڭ بالىلىقتىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى......475
8. ئىمام ئىبنى سىنانىنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى......476
خاتىمە. ئىلىم، قۇرئان، جىھاد ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى جەم قىلغان
ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن بىر مىسال......477
سەككىزىنچى بۆلۈم......479
جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش......479
مۇقەددىمە......481
بىرىنچى. جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىرى......482
مىسۋاك ئىشلىتىشكە ئادەتلەندۈرۈش......483
بالىنىڭ تازىلىقىغا ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش......483
يېمەك- ئىچمەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشكە يېتەكلەش......484
بالىنى ئوڭ تەرەپىنى بېسىپ ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش......485
بالىنىڭ تەبىئىي ئۇسۇلدا داۋالىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش......486
خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ، بامدات نامىزىغا بالدۇر تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش......486
يۇقۇملۇق كېسىلى بار بالىلاردىن يىراق تۇتۇشقا دىققەت قىلىش......488
بالىلارغا ھەسەتخورنىڭ كۆزى ۋە جىنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدىغان دۇئالارنى ئوقۇش......488
ئىككىنچى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋالاش يوللىرى......490
توققۇزىنچى بۆلۈم......499
بالىنىڭ جىنسىي كۆزقارىشىنى توغرىلاش......499
مۇقەددىمە......500
ھەرقانداق يەرگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراش......500
بالىنى نامەھرەمگە قارىماسلىققا ۋە ئەۋرىتىنى ساقلاشقا ئادەتلەندۈرۈش......503

بالىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىش..........505
بالىنى ئۆلۈك يېنىنى بېسىپ يېتىشقا ئادەتلەندۈرۈش..........506
باشقا جىنسلىقلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىش..........507
ئەقلىگە يەتكەن بالىغا غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرىنى ئۆگىتىش..........508
ئەقلىگە يەتكەن بالىغا «نۇر سۈرىسى»نىڭ باش تەرىپىنى يادلاتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش..........509
ئەقلىگە يەتكەن بالىغا جىنسىي مەسىلىلەرنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى زىنا يولىغا كىرىپ قېلىشتىن چەكلەش..........510
بەك چوڭ بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيلەش..........511
خاتىمە، بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالامەتلىرى..........513
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىلارغا قىلغان خىتابى..........514
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىلار ئۈچۈن قىرىق ھەدىسى..........515
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىرىق ھەدىسى..........523

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## ئۈچىنچى باسما ئۈچۈن دۇئا ۋە دەۋەت

ئەي ئاللاھ! ساڭا ئاسمانلىكى، زېمىندىكى ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى سەن ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ سانىغا باراۋەر ھەمدۇسانالار بولسۇن!

**قىلارمىدۇق ساڭا قۇللۇق ــ ئىبادەت،**
**ئى ئاللاھىم، بەرمىسەڭ گەر ھىدايەت.**
**ئاتا قىلغىن بىزگە يەنە ئىنايەت،ــ**
**ۋە جەڭلەردە ياۋغا قارشى جاسارەت!**

ـــ (بۇ، ساھابىلارنىڭ ئەھزاب ئۇرۇشىدىكى چېغىدا قىلغان دۇئاسىدۇر)

ئى دىللارنى ۋە كۆزلەرنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھ! بىزنىڭ دىلىمىزنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن! ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن[1].﴾ ﴿«مۇسا ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن[2].﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىزنىڭ ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن[3].﴾ ﴿ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە ئىلگىرىكى كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار[4].﴾ ﴿ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران، 8 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تاھا، 25 ـ دىن 28 ـ ئايەتكىچە
[3] سۈرە ئەئراف، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ھۇد، 52 ـ ئايەت.

دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ بەزى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ. كىمكى ئاللاھقا (ئىمان ئېيتىشقا) دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللانىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاللاھتىن باشقا (ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) ياردەمچىلەر بولمايدۇ، ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللانىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر[1]). ﴿(پىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن، ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر. كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، كىمكى ئۆزى مۆمىن تۇرۇپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئەنە شۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ئۇلارغا ھېسابسىز رىزىق بېرىلىدۇ. ئى قەۋمىم! ماڭا نېمىدۇركى، سىلەرنى مەن (دوزاقتىن) قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىمەن، سىلەر بولساڭلار مېنى دوزاققا دەۋەت قىلىسىلەر سىلەر مېنى ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا، مەن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىسىلەر، ھالبۇكى، مەن سىلەرنى غالىب، (بەندىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى (ئاللاھ)قا دەۋەت قىلىمەن. ھەقىقەتەن سىلەر مېنى ئۇنىڭغا (يەنى بۇتقا) ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىسىلەر، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە (ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا) چاقىرغىنى يوق، بىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، (گۇمراھلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ئەھلى دوزىخىدۇر (سىلەرگە ئازاب نازىل بولغان چاغدا) سىلەرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ (راستلىقىنى) ئەسلەيسىلەر، مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» ئاللاھ ئۇنى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامائەسىگە ئەڭ يامان ئازاب نازىل بولدى[2].﴾

مۇھەممەد نۇر سۇۋەيد
(ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا، ئاتا- ئانىسىغا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلسۇن!)
ھجرىيە 1410 - يىل رامىزاننىڭ 17 - كۈنى
مىلادىيە 1990 - يىل 11 - ئاپرىل

[1] سۈرە ئەھقاف، 31 - دىن 32 - ئايەتكىچە.
[2] سۈرە غافىر، 38 - دىن 45 - ئايەتكىچە.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ھەمدۇسانالارنىڭ ھەممىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. دۇرۇتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە سالاملارنىڭ ئەڭ مۆكەممىلى يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە پۈتۈن ساھابە كىراملارغا بولسۇن!

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بارلىق ئەمەللەر ھەقىقەتەن نىيەتكە باغلىقتۇر. شۇنداقلا، ھەر قانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت[1] قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

## تەربىيە سۆزلىرى

1 ـ ئىمام ئەئمەش بىر توپ بالىلار بىلەن تۇرغاندا بىر ئادەم كېلىپ: «ئەتراپىڭدىكى بۇ ئۇششاق بالىلار...» دەپ تۇرۇشىغا، ئەئمەش ئۇنىڭغا: «ئاغزىڭنى يۇم! ئۇلار سېنىڭ دىنىڭنى ساقلىغۇچىلىرىدۇر» دېگەن.

2 ـ ئىبنى سەھنۇنغا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرىنىڭ دادىسى:

ـــ مەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈملا قىلىمەن، ئوغلۇمنى ھېچ بىر ئىشقا سالمايمەن، ـــ دېۋىدى، ئىبنى سەھنۇن:

ـــ سېنىڭ بۇنىڭدىن ئالىدىغان ئەجرىڭنىڭ ھەج قىلىش، ئۆمرىنى جىھادقا ئاتىغان مۇجاھىد بولۇش ۋە جىھاد قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـــ دېگەن.

3 ـ ئۇسمۇرلەرنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار، چۈنكى چوڭلارنىڭ ئەقلى چوڭ بولىدۇ، كېيىن ھەرقانچە دېسەكمۇ

[1] ھىجرەتنىڭ مەنىسى يۆتكىلىش ياكى كۆچۈش بولۇپ ئۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى، كاپىر يۇرتىدىن ئىسلام يۇرتىغا كۆچۈش. ئىككىنچىسى، گۇناھ ئىشتىن ياخشى ئىشقا يۆتكىلىش. ئۈچىنچىسى، گۇناھقا پەرۋا قىلمايدىغان يامان كىشىلەردىن قېچىش.

ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئۆلارنىڭ دىلىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. (ھېكمەت)

4 ـ ھەقىقەتەن مەن مەرىپەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ رولىغا ئىشىنىمەن. بولۇپمۇ تەربىيەنىڭ رولىغا بەك ئىشىنىمەن. (سەييىد قۇتۇب)

# بېغىشلىما

ئۇسسمۇرلۇك ۋاقتىمدا ماڭا قۇرئان كەرىمنى ۋە ھەدىس شەرىپنى يادا ئالدۇرغان ئاتامغا، قەلبىمدە مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئىخلاس ۋە ئىلىمنى سۆيۈش مايىسلىرى ئۇستۇرگەن ئانامغا بېغىشلايمەن.

بەختىڭلار ئارزۇيۇمدۇر، جانىم پەدەر،
سىلەردىن بولغان ئۇدۇم جەسۇرلۇقۇم
دۇئاڭىز ماڭا قالقان مۇسىبەتتىن
سىز رىزا، جەڭدە ئۇلمەك غەيۇرلۇقۇم!

مەن مۇشۇ كىتابىنىڭ ئۇچىنچى باسمىسىنى يەنىلا سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانامغا بېغىشلايمەن. ھەم تۆۋەندىكى ئايەت كەرىملەرنىڭ ھەق ھۆرمىتى بىلەن ئۇلۇغ ۋە پاك ئاللاھتىن مۇشۇ ئەمەلىمنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاخىرقى مىنۇتلىرىمنىڭ ياخشىلىق ئۈستىدە ئاخىرلىشىشىنى تىلەيمەن.

دۇئالار: ﴿پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن.[1]﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن.[2]﴾ ﴿زەكەرىيا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشىتكۈچىسەن» دېدى.[3]﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! بۇ جاينى (يەنى مەككىنى) تىنچ (جاي) قىلىپ بەرگىن، مېنى ۋە مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق قىلغىن.»[4]﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا ـ ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن.[5]﴾ ﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئايالLIرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز،

[1] سۈرە غافىر، 60 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 127 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران، 38 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئىبراھىم، 35 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ئىبراھىم، 40 ـ ۋە 41 ـ ئايەتلەر.

بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ ئەمۈنىسى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن.[1]﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن.[2]﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن ) تەۋبە قىلدىم. مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن.[3]﴾

[1] سۈرە فۇرقان، 74 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەمل، 19 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەھقاف، 15 ـ ئايەت.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

### تەقدىم (1)

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار، يولباشچىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابە كىراملارغا ۋە تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغانلارغا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم مۇھەممەد نۇر سۇۋەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى باسمىسىنى كۆرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن ماڭا كىتابىدىن بىر نۇسخا سۇندى. بۇ كىتابنى ۋاراقلاپ ئەۋلاد تەربىيىلەشكە دائىر ساھەدە چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان مەزكۇر كىتابقا ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى، مەشھۇر مەرىپەتشۇناس، تەربىيەت ئەھلى بولغان ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى كۆردۈم.

بۇ كىتاب يەنە يېڭىدىن باھا بېرىلىشكە موھتاج ئەمەس، چۈنكى بۇنىدىن بۇرۇنمۇ بۇ كىتابقا نۇرغۇن مەشھۇر ئۆلىمالار ناھايىتى ياخشى باھالارنى بەرگەنىكەن. شۇنداقلا يەنە بۇ كىتابنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم بېسىلىپ تۈگىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا قانچىلىك دەرىجىدە قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر[1].

يازغۇچى بۇ كىتاب ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ماتېرىيال كۆرگەن ۋە كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، بۇ تېمىدا ھەرقانداق بىر ئۆلىما بۇنچىلىك كۆپ كۈچ سەرپ قىلمىغان ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ ساھەدىكى ئىزدىنىشلىرىدە غەرب ئەللىرىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش نەزەرىيەلىرىنى ئۆزلىرىگە نەمۇنە قىلىۋالدى. چۈنكى، بىز ياشاۋاتقان دەۋر پىكرىي رىقابەت دەۋرىدۇر. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كەڭ دائىرىدە غەرب پەن - تېخنىكىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەمەلىيەتتە غەربلىكلەرنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش نەزەرىيەسى بولسا، چاھارپايلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىگە ئاساسەن تەربىيىلەش ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل تەربىيىلەش نەزەرىيەسىنىڭ نەتىجىسى شۇكى، ئەۋلادلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا

---

[1] بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر 17 قېتىم بېسىلدى.

www.uyghurkitap.com

ماددىتىلا كۆزلەيدىغان، ھەرقانداق تەرسىدىن ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتۇر. بۇ خىل نەزەرىيە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي ئالىيجاناپ جەمئىيەتكە ئېلىپ بارالمايدۇ.

ئاپتور بۇ كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ۋە سۈننىتىنى ئاساس قىلىپ ئەۋلاد تەربىيەسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ توي قىلىشىدىن باشلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلاردا بىر ـ بىرىگە ھەمنەپەس بولۇشى بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە، مىجەز ـ خۇلقىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور بۇ كىتابتا بالىنىڭ ئانىنىڭ باغرىدا چوڭ بولۇشى، ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاتا ـ ئانا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆسۈپ يېتىلىشتە ۋە ئىسلامىي پىكىر جەھەتتە ئەخلاقتا رىئايە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە بىلىمنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ ۋاسىتىلەرنى قوللانغان، بۇنداق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئىسلام تەربىيەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەۋلادلارنىڭ ئىسلامىي ئاڭ بىلەن سۇغۇرۇلۇشى، ئۇلاردا ئىسلامىي سۆيەتنىڭ يېتىلىشى، شۇنداقلا يەنە ياخشى بىلەن يامانني، ھالال بىلەن ھارامنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئىسلامىي چۈشەنچىنىڭ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىسلامىي ئاڭغا ماس ھېكايە ۋە قىسسەلەرنى بايان قىلغان. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى بالىلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچى ئۈچۈن تەربىيە ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ سۈپەتلىگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى: ﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر[1]﴾ دېدى.

ھەر بىر كىشى ھاياتلىقىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرمىگۈچە ئاشۇ ئېسىل ئۈلگىگە ئەگەشكەن بولمايدۇ. بۇ كىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىۋى ھاياتى، پەرزەنت تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا ھۆرمەتلىك قېرىنداشىمىز مۇھەممەد نۇر سۇۋەيدنىڭ بۇ ئەمگىكىگە ۋە مۇشۇنداق ئېسىل بىر تېمىنى تاللىغانلىقىغا كاتتا مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلسۇن! بۇ

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەت

كىتابىتىن مۇسۇلمانلارغا كۆپلەپ مەنپەئەت يېگىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن. شۇنداقلا كىتابتىكى تەربىيە كۆز قارىشىدىن ئىبارەت تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ ھەر بىر ئائىلىدە ئەمەلىيلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

**ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەننەدەۋىي**
دارۇلئۇلۇم ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى
ھىجرىيە 1413 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى
مىلادىيە 1993 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## تەقدىم (2)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىش، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كۆڭۈل بۆلۈش دەۋرىمىزدىكى ئىسلامىي ئويغىنىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدۇر.

بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1 ـ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان، تىلاۋەت قىلىنىدىغان قۇرئان كەرىم ۋە تىلاۋەت قىلىنمايدىغان ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت ۋەھيىنىڭ ھەر ئىككى تۈرىنى چىڭ تۇتۇشقا قايتىشىدۇر.

2ـ ئىسلام ئۇممىتى ئىلگىرىكى ھۆرمىتى ۋە ئەسلىدىكى قىممىتىگە قايتىش ئۈچۈن، بارلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان، ھەتتا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، زامانىۋىلىشىشنىڭ ۋاستىلىرىغا تايانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن دەۋرىدىكىدەك ماددىي ۋە مەنىۋىي پاراۋانلىققا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۇممىتى قايتىدىن ئويغىنىپ، ئىلگىرىكى ئەرەب ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي يولغا باشلىغان كىتاب ۋە سۈننەتكە چىڭ ئېسىلغاندىلا ئاندىن ئىسلام تەلەپ قىلغان ئەسلىدىكى ھالىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدى.

3ـ ھازىرقى دەۋردە سۈننەتكە ئەمەل قىلىش بەلكىم سۈننەتكە شۈبھە پەيدا قىلىدىغان شەرقشۇناس ۋە غەربشۇناسلارغا رەددىيە بېرىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققىدە گۇمانغا سېلىش، ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىلەرگە تۆھمەت قىلىش، ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى، رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىگە شەك قىلدۇرۇش، مەزمۇنى ساغلام دەپ تونۇلغان كىتابلارنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىۋېتىش، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىلىرىدە ئاجىزلىق پەيدا قىلىش، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ئۈستىدە ئىختىلاپ پەيدا قىلىشتەك قەبىھ ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەتتا بەزى باشپاشتاقلار: «سۈننەتنى قالدۇرۇپ، پەقەت قۇرئانغىلا ئېسىلايلى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلالىغىدەك ھالەتلەرنى شەكىللەندۈردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسشۇناسلار بۇ ھەقتە ئەڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىغىچە تەكشۈرۈپ

چىقىپ بارلىق گۇمان ۋە شۈبھىلەرنى يوقىتىش، ھەدىس ھەققىدىكى خاتا كۆز قاراشلارغا رەددىيە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شۇڭا ھەدىس ۋە سۈننەت ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىسلامغا ۋە ئىسلام ئىلمىگە خىزمەت قىلىش، شەرىئەت ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

زامانىمىزدىكى ھەدىس شەرىپكە ئىنتىلىش ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشى ھەدىس ئەھلىنىڭ نەزىرىدە ئۇنى قۇرئان كەرىمدىن مۇھىم دەپ بىلىش دېگەنلىك ئەمەستۇر. چۈنكى، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بۇنىڭغا شەك قىلمايدۇ. ھەدىس شەرىپ بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ھەدىس قۇرئاندىكى بەزى ئومۇمىي بولغان چۈشەنچىلەرنى خاسلاشتۇرىدۇ ۋە تەپسىلىيلەشتۈرىدۇ، مەنىلىرىنى بايان قىلىدۇ. نىشانلىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

فىھقى ئىلمى قۇرئان ۋە ھەدىسكە مەركەزلەشكەن. ھۆكۈملىرى بۇ ئىككىسىدىن چىقىرىلىدۇ. فىھقى ئىلمى بولسا، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەڭگۈلۈك جېنى ۋە ئاساسىدۇر.

ئىمام شاتىبىينىڭ دېگىنىدەك: «شەرىئەت (قۇرئان) ھەرقايسى مەسىلىلەرنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە ئالاھىدە توختالمىدى. بەلكى ئۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇتلەق تېكىستلەر بىلەن كەلگەندۇر.»

يېڭى مەسىلىلەردە ئىجتىھاد قىلىش سەلەپ ۋە خەلەپ ئالىملىرى، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرنىڭ فىھقى ئىلمىدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىجتىھاد قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. ساھابىلەرمۇ سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىجتىھاد قىلىشىغا رازى بولۇپ، بەنى قۇرەيزىگە ھۆكۈم قىلىشىغا قوشۇلغان.

ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى بەزى سەلەپلەرنىڭ ئىجتىھاد قىلىشتا نۇرغۇنلىغان قائىدىلەرنى قوللانغانلىقىنى كۆردۇق. مەسىلەن، ئىمام ئەھمەد سۈننەتكە قاتتىق ئېسىلىش بىلەن بىرگە مەسالىھۇل مۇرسەلەغىمۇ ئەمەل قىلاتتى. ئىمام مالىكمۇ قىياس ۋە ئىستىسلاھ يولىنى تۇتاتتى. ئۇ ئىككىسىدىن باشقا مۇھەددىسلەرمۇ سەددىز زارائىئ ۋە ئۆرپىگە ئەمەل قىلاتتى. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە مەزھىبىدىكىلەرنىڭ پىكىر ئەھلى دەپ ئاتىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھەدىسنى تاشلاپ قويۇپ پىكىر بىلەنلا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. توغرىسى شۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىيفەنىڭ: «ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە كەلگىنى بېشىم ۋە كۆزۈمنىڭ ئۈستىدە» دېگەن سۆزىنىڭ رىۋايەت قىلىنغانلىقىدۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ: «ئارىسىدا ھەدىس ئۆگىنىدىغانلار بولسىلا ئىنسانلار ياخشىلىق ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ھەدىسسىز ئىلىم تەلەپ قىلسا، ئۇلار چوقۇم بۇزۇلىدۇ» دېگەن سۆزى ۋە: «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىدا ئۆز رايىڭلار بويىچە بىر نەرسە دېيىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەر ھەدىسكە ئەگىشىڭلار. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىققان كىشى ئېزىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا مەشھۇردۇر.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ نەزىرىدە قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپكە ۋە قۇرئان بىلەن ھەدىسنىڭ تېكىستلىرىگە ئاساسلانماي قىلىنغان سۆز ئەڭ يامان سۆزدۇر. چۈنكى ھۆكۈم چىقىرىشتا دەلىللەرنى ئىشلىتىش پاراستىنى قوللىنىش ئۇنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە توغرا يولنى تۇتقانلىقتۇر. ئىبنى قۇتەيبە «ئەلمەئارىف» دېگەن كىتابىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ئالىملارنىڭ پېشۋالىرى بولغان ئىمام ئەۋزائىي ۋە سۇفيان قاتارلىق كىشىلەرنى پىكىر ئىگىسى دەپ ئاتىغان. بەزى يازغۇچىلار خۇشەنىنىڭ «قۇرتۇبە قازىلىرى» دېگەن كىتابىدا يازغىنىدەك، ئىمام مالىككە ئەگەشكۈچىلەرنى پىكىر ئىگىلىرى دەپ سۈپەتلەيدۇ.

بۇ مۇسۇلمان ئۈممىتى ئىچىدە پىكىرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىنمۇ ئۈستۈن بىلىدىغان بىر كىشى چىقمايدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلىغان بىر كىشىنىڭ ئۇ ھەدىسنى باشقا بىر ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن تاشلاپ قويۇش ھەققى يوق» دېگەن سۆزى يېتەرلىكتۇر.

بۇ ئەسىردىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنى تەھقىق قىلىش، تېكىستلىرىنى شەرھلەش، رىۋايەت قىلىش يوللىرىنى رەتلەش، ھەدىسلەرنى تېپىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن مۇندەرىجىلەرنى تۈزۈش، توغرا ھەدىسلەر بىلەن ئاجىز ھەدىسلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مېڭىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىنچلىقتىكى، ئۇرۇشتىكى، ئائىلىسىدىكى، ساھابىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى، مۇناپىق ۋە ئەھلى كىتابلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ھەر تەرەپلىمىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەت، مۇئامىلە، پەتىۋا، ھۆكۈم، جازا ئىجرا قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىش، ئەھدە تۈزۈش، زىندىيەتلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتەك نەمۇنىلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە دەرس قىلىش، شۇنىڭدەك ئىمام ۋە ئالىملاردىن قالغان ئىلمىي ماقالىلارنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىمراقى ئىبنى قەييۇم رەھمەتۇللاھنىڭ «زادۇلمەئاد»

(قىيامەتنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى) دېگەن كىتابىدۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت ۋە ھەدىسلىرىدىن مۇئەييەن بىر تېمىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن قىممەتلىك كىتابلارنىڭ بىرى بولغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابىدۇر.

بۇندىن بۇرۇن دىنىي تەربىيىگە دائىر نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ مەزمۇندىكىسى تېخى يېزىلمىغان ئىدى. بۇ كىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەربىيىلەشكە ئائىت خاس تېمىسىدۇر. ئاپتور بۇ كىتابنى مۆمىنلەرنىڭ ئەقىدىسى، ئىلىم ئەھلىنىڭ پىكرى، مۇتەپەككۇرلەرنىڭ نەزەرىيىسى ۋە پاراسەت ئىگىسىگە خاس ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە بۆلۈمگە ئايرىغان:

ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ھوقۇقى ۋە سۈتتىن ئايرىلىش بىلەن بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر بالىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئوخشاش مەزمۇنلار كىتابنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەزمۇنلىرىدۇر. شۇنداقلا، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى مۇھىم مەزمۇنلاردۇر. بۇ مەزمۇنلار بالىلارنى ئەقىدە، ئىبادەت، ئىجتىمائىي ئىلىم، ئەخلاق، ھېس - تۇيغۇ، پىكىر، جىسمانىي، جىنسىي ساغلاملىق قاتارلىق جەھەتلەردە يېتىلدۈرۈشكە ئائىت ئۇقۇملارنى تەكىتلەيدۇ، بۇ كىتابتا يەنە بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشىغا ئائىت ئالاھىدە بىر بۆلۈم ئايرىلغان. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلارنى جەلپ قىلىدىغان، پىكىر ۋە روھىي جەھەتتىكى ئۇسۇللىرىنى بىر بۆلۈم قىلىپ ئايرىغان. ئۇ بۇ بۆلۈملەرنى ئەۋلادلارغا ئەدەپ ئۆگىتىش ھەققىدە توختالغان ئالاھىدە بىر بۆلۈم بىلەن تاماملىغان. شۇنداقلا، مەزكۇر كىتابنى ئىككى خىل مەزمۇندا كەلگەن سەكسەن ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن قىرىق ھەدىس ئاتا - ئانىغا قارىتىلغان ھەدىسلەر، قالغان قىرىقى ئەۋلادلارغا قارىتىلغان ھەدىسلەردۇر.

ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا تەربىيە ئىلمى، ھەدىس ئىلمى، تەپسىر ئىلمى، فىقھە ئىلمى، تارىخ ئىلمى، دەۋەت ئىلمى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى قاتارلىق ئىلىملەر ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەلىرىگە ئاساسلانغان. ئۇ ئالغان ھەر بىر مەنبەگە ئىشارەت قىلىپ ماڭغان. ئوتتۇرىغا قويغان ھەر بىر پىكرىنى ھەدىس شەرىپ، سەلەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىلىم ئەھلىدىن تەربىيەتچى ئىماملارنىڭ تۇتقان يوللىرى بىلەن كۈچلەندۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلانغان دىنىي ھەقىقەتلەر، ئىشەنچلىك تارىخىي ھادىسىلەر ۋە ئىسلام تەربىيەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە توغرا دەپ قارالغان پىكىرلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن.

بۇنىڭ بىلەن، بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە شۇنچىلىك تەسىر قىلارلىق بولۇپ چىققانكى، ھەتتا بۇ كىتاب ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى بىر دىنىي دەستۇرغا، شۇنداقلا ئەۋلاد تەربىيىلەش ھەققىدىكى ھەدىسلەر، سەلەپ ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىسلام تەربىيەتچىلىرىنىڭ تۇتقان يوللىرىنىڭ مەنبەسىگە ئايلىناي دەپ قالماقتا.

مەن بۇ قىممەتلىك كىتابنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى، چوڭقۇر ئىلمىي تەسىرگە ئىگە بولۇشى چوقۇمدۇر دەپ ئويلايمەن. ھەمدە ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىكى تەربىيىلەشلىرىدە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشقا ئىگە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ كىتابنىڭ تىلى ناھايىتى راۋان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن بېيىتىلغان. ھېكايىلەر بىلەن رەڭدارلاشتۇرۇلغان ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن ياخشىلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن بېزەلگەن. مۆمىن كىشىنىڭ دىلىغا پۈتۈن مۇسۇلمانلار جامائىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان ئەسەرلەردىن بەكرەك تەسىر قىلىدىغان ئەسەر يوقتۇر. مەن ھېچبىر كىشىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا پاك دەپ بىلمەيمەن...

ھەدىس — ئىشلىرىمىزنى توغرا ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ياردەمچىمىزدۇر. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋىي بۇلاقلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، پۈتكۈل زېمىن ئەھلى ئۇنى تەلەپ قىلىسىمۇ ھەممىسىگە يېتىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولباشچىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا لايىق مۇكاپات بېرىشىنى تىلەيمەن.

پروفېسسور: **مۇھەممەد فەۋزى فەيزۇللاھ**

ھىجرىيە 1404 - يىل زۇلقەئدىنىڭ 1 - كۈنى

مىلادىيە 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

كۇۋەيت - شۇۋەيخە.

دەمەشق ئۇنىۋېرستېتى ئىسلام فىقھىسى ۋە مەزھەبلىرى بۆلۈمىنىڭ سابىق رەئىسى؛ كۇۋەيت ئۇنىۋېرستېتى شەرىئەت ۋە ئىسلامىيەت دەرسلىرى فاكۇلتېتىنىڭ فىقھ ۋە ئۇسۇل فىقھى بۆلۈمىنىڭ رەئىسى.

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## تەقدىم (3)

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشى مۇئەللىمى ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئۈلگىسى، يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرىغا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

ياش ئىنژېنېر مۇھەممەد نۇر ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد ماڭا ئۆزىنىڭ نەشىرگە تەييارلىغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى» دېگەن كىتابىنىڭ ئارگىنالىنى كۆرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن سۇندى. مەن بۇ كىتابنى كۆرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ بۇ كىتابنىڭ ماتېرىياللىرىنى قۇرئان، ھەدىس، ئىسلام تەربىيەسى ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا دائىر كىتابلاردىن توپلاشقا قانچىلىغان يىلنى سەرپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداقلا كىتابنىڭ بۆلۈم ۋە بابلىرىنى ناھايىتى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەپ، تۈزگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئائىلىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە قۇرۇش ۋە باللارنى ئىسلامىي تەربىيە بىلەن تەربىيىلەشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى بۇ قىممەتلىك كىتابنى يېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان.

بۇ كىتابتا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نىكاھلىنىشتا قارشى تەرەپنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنى تاللاشنى ئاساس قىلىشى، توي قىلىشى، ھامىلىنىڭ قورساقتىكى ئەھۋالى، تۇغۇلۇشى، بوۋاقلىق ھالىتى، ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى، ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرگىدەك بولغان ھالىتى، بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالىغۇدەك بولغان مەزگىلگە قارىتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ھەممە ماتېرىياللار تەييارلانغان. دېمەك، ئۇ بۇ كىتاب ئۈچۈن قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالا تەربىيىلەشكە ئائىت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشنى خالىغان ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ كىتابتىن قانائەتلەنگۈدەك مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

مەن ئاللاھ تائالادىن قېرىندىشىم مۇھەممەد ئابدۇلھەفىز سۇۋەيدنى ياخشى ئەمەلدە ئۇرغۇزۇشنى، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلىك ئىلىم، خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە مۇيەسسەر قىلىشنى، مەزكۇر كىتابنىڭ ھەقىقىي مەنپەئەتلىك كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل مۇسۇلمان ئائىلىلىرىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرىنى يورۇتۇپ، پەرزەنتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بىلەن تەربىيىلەشتەك ئىسلامىي ئائىلە تەربىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تىلەيمەن!

**ئابدۇرراھمان ھەسەن ھەبەنكە ئەلمەيدانىي**
ھىجرىيە 1445 ـ يىل رامىزاننىڭ 18 ـ كۈنى / كۇۋەيت
مەككە مۇكەررەمە ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
ئۇستازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەقدىم (4)

بۇ كىتاب بوگۇنگىچە ئوخشىشى يېزىلىپ باقمىغان بىر كىتابتۇر. چۈنكى بۇ كىتابتا يېزىلغان مەزمۇنلار بالىلارنىڭ دىلىنى ئالەملەرنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلغۇچى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا باغلايدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى كىتابنىڭ ھەر بۆلۈمىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشكە ئائىت مەزمۇنلىرى بىلەن تولغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ بىر قانچە قېتىم ناھايىتى قاتتىق ھاياجانلاندىم، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياشلارمۇ كەلدى. ئاللاھ تائالا ئاپتورغا ئۆز دەرگاھىدىن ياخشى مۇكاپاتلارنى ئاتا قىلسۇن! مۇسۇلمانلارنى بۇ كىتابتىن ياخشى مۇكاپاتلىنىشقا نېسىپ قىلسۇن! مەن بۇ كىتابنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلەردە، بولۇپمۇ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىسلام تەربىيە دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىسا ئىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

ئەھمەد قەللاش

كۆپلىگەن نوپۇزلۇق ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن،
ھەلەب شەھىرىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى،

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## تەقدىم (5)

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىر ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانالار، تەربىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئىمامى ۋە يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! مۇھەممەد نۇر سۇۋەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسۇلى دېگەن بۇ كىتابنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ چىقىشىم ۋە كىتاب ھەققىدە پىكىر بېرىشىم ئۈچۈن ماڭا بىر نۇسخا سۇندى. مەن كىتابنى كۆرگەندىن كېيىن كىتاب ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك باھا بېرىشنى لايىق كۆردۈم:

مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن كىتابنىڭ ئىسمىغا لايىق ھالدا يېزىلغان، ئەۋلاد تەربىيىلەش ساھەسىدە ئۇرغۇنلىغان پايدىلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نادىر بىر كىتاب بولغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ كىتابنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە قىممەتكە ئىگە قىلغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ كىتاب مۇسۇلمانلارنى ئەۋلاد تەربىيىلەشتە غەرب ئەللىرىنىڭ بالا تەربىيىلەش نەزەرىيەسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر ئادەم خۇددى مەندەكلا بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى، بۇ خىزمەتكە ھەقىقىي تۈردە ناھايىتى ئىخلاس بىلەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. شۇنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يازغۇچى ئەۋلاد تەربىيىلەشكە دائىر دەلىللەرنى ئېلىپ كېلىشتە ھەدىسلەرنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كەڭ ۋە مۇناسىپ دائىرىدە توپلاپتۇ ۋە ھەر بىر مەزمۇنغا ناھايىتى ماس ھالەتتە باغلاپتۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر كىتابتۇر. ناۋادا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكلىرى بۇ كىتابنى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزسە، ئىنتايىن ياخشى بولغان بولاتتى.

مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ بۇ قېرىنداشىمىزنىڭ كۆزلىگەن ئىشلىرى ۋە مەقسەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ساغلام دىل بىلەن كەلمىگەن كىشىگە مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقا ئەسقاتمايدىغان كۈندە ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىنى ياخشىلىق تارازىسىغا قويۇشىنى تىلەيمەن!

پروفېسسور: **مەھمۇد تاھھان**

ھىجرىيە 1405 ـ يىل جەمادىيەلئاخىر 21 ـ كۈنى / كۇۋەيت

مىلادىيە 1988 ـ يىل 9 ـ فېۋرال

كۇۋەيت ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكۇلتېتى تەپسىر ۋە ھەدىس بۆلۈمىنىڭ رەئىسى.

# كىرىش سۆز

كىتابنى تۈزۈش، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئاساسى مەنبە قىلىندى. ئەسلىدە مەن بۇ كىتابنى يېزىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن دەلىل ئېلىش مەقسىتىم يوق ئىدى. ئەمما غەرب ئەللىرىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشكە دائىر كىتاب ـ ماتېرىياللار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا يۈزلەنگىنىمدە، ئۇلارنىڭ كۆرۈلگەن بىر- بىرىگە زىت كۆز قاراشلار، كەمتۈك تەجرىبىلەر مېنى ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۈردى.

شۇنىڭ بىلەن ھەدىس ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدىم. بۇ جەرياندا ھەر قېتىم بۇ مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ بىرەرىنى تاپقاندا دىلىم ئاللاھنىڭ سالغان نۇرى بىلەن يورۇپ تۇردى. ھەدىسنىڭ ھەممە مەسىلىدە ھەل قىلغۇچلىق رولى بارلىقىنى، ھەر نەرسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى بايان قىلىدىغانلىقىنى، دىللارغا ھىدايەت ئاتا قىلىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىگە دائىر ھەدىسلەرنى ئىزدەپ تېپىپ تەتقىق قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىم تېخىمۇ ئاشتى. بۇ خىلدىكى تاللاش يولۇمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ۋاستىلىق ياكى بىۋاسىتە تەربىيەسى، قىلغان سۆزلىرى، تەستىقلىرى ۋە تۈزىتىشلىرىگە دائىر ھاياتى توغرۇلۇق ئىزدىنىشلىرىم تېخىمۇ جانلاندى.

ئىمام ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلسۇن!) پۈتكۈل ئۈممەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشى كېرەكلىكىنى ھەم شۇنداق قىلىشنىڭ بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلسام، سىلەر ئۇ ھەدىسنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ھىدايەت قىلغۇچى، تەقۋالىققا ئەڭ يېقىنلاشتۇرغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار.»

«بۇنى ئىمام ئەبۇ يەئلا (444/1) مۇسنەدىدە سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.»

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابتا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىك مۇجەسسەملەنگەن دېيىشكە بولىدۇ:

1 ـ كىتابنىڭ مەزمۇنلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ساھابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدۇر.

2 ـ بۇ كىتابتا ئاساسلانغان ۋە تايانغان مەنبەلەر ھېچقاسى بىر مەزھەپنىڭ كۆز قارىشىغا خىلاپ بولمىغان، مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس مەنبەلەردۇر.

3 ـ بۇ، سۈننەتكە ئەگىشىلگەن كىتابتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىك ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىغانلىق ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغانلىقتۇر. سەئىد ئىبنى ئىسمائىل زاھىد مۇنداق دەيدۇ: «سۆز ۋە ئەمەلىيىتىنى سۈننەتكە تەتبىقلىغان ئادەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغان ۋە سۆز قىلغان بولىدۇ. سۈننەتنى ئۆز نەپسى خاھىشىغا بويسۇندۇرغان ئادەمنىڭ قىلغان سۆزىمۇ، ئىشىمۇ بىدئەت بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر﴾[1].»

4 ـ بالىلار دۇنياسى نۇرغۇنلىغان چۈشىنىكسىز مەسىلىلەر بىلەن تولغان، نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنىڭ يېشىلىشىدە بۇ ئىلىمنىڭ ئەھلىگە موھتاج بولىدىغان دۇنيادۇر. بۇ كىتاب بۇ مەسىلىلەرنى يېشىشتە ئەڭ ئىمتىيازلىق بولغان شەخس ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىلەش يولىنى تاللىغاندۇر.

5 ـ بۇ كىتاب ئاتا ـ ئانىلار ۋە تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش جەھەتتە يولۇققان مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىشنى ئاساس قىلماي، بەلكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەر بىر ياسقۇچنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا ... بەرگۈسى مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئەۋلاد تەربىيىلەشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا يولۇقىدىغان ھەر بىر مەسىلىگە قارىتا ئورتاق بولغان بىردىنبىر ھەل قىلىش يولى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە توغرا يول يوقتۇر. بۇ خۇددى ئىجتىمائىي ھاياتتا بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىگە مۇراجىئەت قىلغانغا ئوخشايدۇ.

6 ـ ئەۋلاد تەربىيىلىگۈچىلەر ياكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ كىتابتىن پايدىلانغاندا ئۆزلىرىنىڭ ھەر بىر باسقۇچلاردا ئۇچرايدىغان مەسىلىلىرىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلىشى بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىندۇر.

7 ـ بۇ كىتاب تۆۋەندىكى بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەرب ياكى شەرقنىڭ ئەۋلاد

---

[1] سورە نۇر، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەربىيىلەش نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارمىدى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسى، غەرب ۋە شەرقنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلىگۈچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ پۈچەك بولغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنىڭ ئەتراپلىق بولماسلىقىدۇر.

ئىككىنچىسى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىلەر خىلمۇخىل، مەزمۇنلىرى ئۆز ئارا زىت بولغانلىقىدۇر. مۇسۇلمان پەرزەنتلەر بىر ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگەشسىلا، باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيىلەرگە ئېھتىياجى يوقتۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، ئالغان ئۆزنەكلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەرخىل، شۇنداقلا تەتبىقلىنىدىغانلارنىڭ قاتلىمىمۇ بىر خىل بولمىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

8 - بۇ كىتاب ئەمەلىيەتتە يالغۇز ئەۋلادلارغىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى تەربىيىلىگۈچىلەرنىمۇ تەربىيىلەيدىغان، ئاتا - ئانا ۋە تەربىيىچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنى مەسىلىلەرگە ئالدىراقسانلىق ۋە ياكى سەل قاراشتەك خاھىشلاردا قاراپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان كىتابتۇر.

9 - بۇ كىتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋە ياكى ئەمەلىيەتتە قىلغان ئىشلىرىنى كەڭ دائىرىدە بايان قىلىشنى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنىڭغا دائىر سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ، يولىغا ئەگەشكەن ئالىملارنىڭ نەسىھەتلىرىنى بايان قىلىشنى ئاساسلىق قىلىپ، يازغۇچىنىڭ سۆزىنى قىسقا قىلىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئاللاھ ئۇ ئالىملارغىمۇ كۆپ ئەجىر بەرسۇن!

10 - «ياخشىلار ئەسلەنگەندە رەھمەت نازىل بولىدۇ» دېيىلگەندەك پىكىرلەرنىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى تەربىيە قىلغۇچىلارغا زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ كىتاب ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەندىغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خالىغاندا ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدىغان ئاساس بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن بۇرۇن ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا سىناقتىن ئۆتكەن مىساللارنى، ئۆرنەكلەرنى بايان قىلىدۇ.

11 - بۇ كىتابتا مىسال ئۈچۈن ياكى دەلىل ئۈچۈن ئېلىنغان ھەر بىر قىسسە ياكى بىر سۆزنىڭ ئاساسلانغان مەنبەسىگە ئىشارەت قىلىندى.

12 - بۇ كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئالتە بۆلۈمگە ئايرىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى ئاتا - ئانا ۋە تەربىيىلىگۈچىلەرگە قارىتىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى بۆلۈمى بالا تۇغۇلۇپ، تاكى ئىككى ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەربىيىلەشكە قارىتىلغان. ئۈچىنچى بۆلۈمى ئىككى يېشىدىن تاكى بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلىدىكى بالىنىڭ خاسلىق تەربىيىسىگە دائىر بىلىملەر توغرىسىدا توختالغان. تۆتىنچى بۆلۈم، پەرزەنتلەرنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇش، ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىتىلغان. بەشىنچى بۆلۈم، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئۇسلۇبلىرى ھەققىدە توختالغان. ئالتىنچى بۆلۈم، ئەۋلادلارغا ئەدەپ ئۆگىتىش ھەققىدە توختالغان. ئىككىنچى قىسمى بولسا، بالىنىڭ شەخسىيىتىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

13 ـ بۇ كىتاب يەنە تۆۋەندىكىدەكمۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىرىنچى، ئەۋلادلارنىڭ ئۇسۇپ ـ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەر بىر باسقۇچقا كېرەكلىك بولغان مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئەتكىدەك دەرىجىدە ئاممىبابتۇر.

ئىككىنچى، بۇ كىتاب غەربتىكى تەربىيەشۇناسلار تۈزگەن، ئىرىشىلگەن خەۋەرلەر، يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەر، سان ـ سىفىرلارغا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا كۆرسەتكەن ئەۋلاد تەربىيىلەشكە ئائىت كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىۋاستە بەرگەن كۆرسەتمىلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر كىتابتۇر.

ئۈچىنچى، بۇ كىتاب دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە شۇنداقلا ھەر قانداق زاماندا ياشىغۇچى ئەۋلادلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقى بىلەن خەلقئارالىق كىتاب بولۇشقا لايىقتۇر.

تۆتىنچى، بۇ كىتاب بارلىق ئەۋلادلارغا يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ قارىماي، باراۋەر مۇئامىلە قىلغان ئاساستا يېزىلغاندۇر.

بەشىنچى، بۇ كىتاب ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىمۇ تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول قويۇلمىغان. شۇنداقلا، ئەۋلادلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەڭپۇڭلۇقنى كاپالەتلەندۈرگەن ياشاش يولى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئالتىنچى، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئىبارەت بىرلا ئىنساننىڭ تەربىيە پرىنسىپىدا تەربىيىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ھېس ـ تۇيغۇ، ئەمەل ـ ئەخلاقلاردا ئورتاقلىققا ئىگە قىلىنىدۇ.

14 ـ بۇ كىتاب توپلاش، بابلارغا ئايرىلىش، بايان قىلىش ئۇسۇلىنى تەرتىپلەشتۈرۈش.

ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان دەلىللەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ كىتاب ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشتە شەرئى قانۇنغا ئوخشايدۇ. ئاتا- ئانىلار بۇ كىتابنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە بايان قىلىنغان «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ئۇسلۇبى» بويىچە تەربىيىلەشتىنلا ئىبارەتتۇر، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشى ئاللاھ تائالانىڭ خالىغىنى بويىچە بولىدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق ئالغ بىلەن تەربىيىلەش ئاتا- ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئاتا- ئانىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن يولغا ئەگەشكەن ھالدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشقاندۇر. ئاللاھ تائالا ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر[1].﴾

﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ)، كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۈزەتچى (يەنى ئۇلار نىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق[2].﴾

بۇ كىتاب ئاتا- ئانىلارغا پايدىلىنىشتا پايدىلىق بولۇشىنى ۋە بالىلارنىڭ يادا ئېلىشىدا پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا قىرىق ھەدىس بىلەن تاماملاندى.

بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى 10 يىلدا تامام بولدى. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمنىڭ توغرا ۋە پايدىلىق بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى جانابى ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن بولدى. كىتابتا كۆرۈلگەن ھەرقايسى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى كەمىنە يازغۇچىغا تەئەللۇقتۇر. چۈنكى، ئىمكانىيەتلەرنىڭ كەمچىلىكى، شەرئى ئىلىم سەۋىيەمنىڭ مۆكەممەل بولۇپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ كىتاب، ئەلۋەتتە، بەزىبىر كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس دەپ قارايمەن. مەن يەنە بۇ تەربىيە ئىجتىھادىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىمنى يۈزدە يۈز توغرا دەپ كېتەلمەيمەن. ئۇنىڭدىكى ھۆكمى تەزىرىيەلىرىمنى ئاللاھنىڭ ھۆكمى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى دېيمۇ دەۋا قىلمايمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام تىرمىزى (ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) قاتارلىقلارنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ سەۋەبىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىي قوماندانلارغا ياكى قەبىلە باشلىقلىرىغا

---

[1] سورە ئەھزاب، 21-ئايەت.
[2] سورە نىسا، 80 ئايەت.

مۇنداق تەۋسىيە قىلاتتى: «سەن بىرەر سىپىلنى قورشاۋغا ئالغاندا قارشى تەرەپ سېنىڭ ئاللاھنىڭ بىرەر ھۆكمىگە ماقۇل بولۇشىڭنى تەلەپ قىلسا، سەن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ماقۇل كەلتۈرمە، بەلكى ئۆزەڭنىڭ ھۆكمىگە ماقۇل قىل. چۈنكى، سەن ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ ئۇلارغا شاپائەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى بىلەلمەيسەن.»

كونىلاردا: «كىمكى كىتاب يازسا نىشانغا ئېلىنىدۇ، ياخشى بولسا مەرھەمەت قىلىنىدۇ. يامان قىلسا بوھتان قىلىنىدۇ» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، ماڭا بۇ ئىشتا ياردەم قولىنى سۇنغان، ماڭا ياخشىلىق قىلغان زاتلارغا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئەجىرلەرنى بېرىشىنى، مال- دۇنيا، خوتۇن، بالا- چاقىلىرى ئەسقاتمايدىغان، ساغلام دىل بىلەن كەلگەن كىشىلەردىن باشقا ھەممە كىشى زىيان ئىچىدە بولىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا ۋە ئۇلارغا كۆپ ئەجىر ساۋابلارنى بېرىشىنى چىن دىلىمدىن تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن! شۇنداقلا يەنە كىتابتا كۆرۈلگەن، ماڭا تەۋە بولغان خاتالىقلاردا ماڭا سەمىمىي پىكىر، تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن! يەنە شۇنداقلا ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ كىتابنى ئوقۇپ پايدىلانغاندا، قېرىندىشىنىڭ يوق يېرىدە دۇئا قىلغان كىشى ئۈچۈن پەرىشتىلەر تەرىپىدىن: «ئامىين ۋە ساڭىمۇ شۇنىڭدەك بولسۇن!» دېيىلىدىغان دۇئالىرىنى ئايىماسلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاللاھ تائالا مەقسەتلەرگە قارىتا ياردەم بەرگۈچىدۇر.

ھىجرىيە 1404 - يىل رەبىئۇلئەۋۋەل 12 - كۈنى كۇۋەيت.

مىلادىيە 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى،

**مۇھەممەد نۇر ئابدۇلھەفىز سۇۋەيد**

# بىرىنچى بۆلۈم

## ئاتا ـ ئانىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئومۇمىي شەرتلەر

1 ـ مۇقەددىمە.

2 ـ تەربىيە مەسئۇلىيىتى.

3 ـ ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاش.

4 ـ ئائىلە ۋە بالىلىرىغا نەپىقە بېرىشنىڭ ساۋابى.

5 ـ ئىسلامىي نىكاھنىڭ پايدىلىرى.

6 ـ مۇۋەپپىقىيەت قازىنىدىغان تەربىيىلىگۈچىنىڭ سۈپەتلىرى.

7 ـ ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن خۇشخەۋەر.

8 ـ پەرزەنتلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتى.

9 ـ ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۈرەش.

10 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئەۋلادلارغا بولىدىغان تەسىرى.

11 ـ ئەر ـ ئايال بىر تۆشەكتە بولغاندا ياخشى پەرزەنت ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىش.

12 ـ توي قىلىش ۋە قۇدا ـ باجىلىق.

13 ـ بالىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى.

14 ـ بالىنىڭ ئانىمەنىي ھالىتىدىكى ھالى.

15 ـ بالىنىڭ تۆرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى.

16 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغماسلارغا كۆرسەتكەن داۋاسى.

17 ـ ئاتا ـ ئانىسىدىن ياكى بالىسىدىن تېنىشنىڭ جازاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## مۇقەددىمە

بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كۆرىدىغىنى ئۆي ۋە ئائىلىدۇر. يوروق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن تارتىپ كۆزىگە چېلىققان ھەرقانداق نەرسە، بالىنىڭ زېھنىگە مەھكەم ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ زېھنىدە قالغان نەرسىلەرگە قارىتا شەكىللىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەرقانداق نەرسە بالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچ ئامىل بولىدۇ.

ئىمام غەزالى مۇنداق دەيدۇ: «بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر، ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان ياكى تەسىر قىلدۇرۇلغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. مايىل قىلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. تېمىگە ئۆگىتىلسە، شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە، ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيىلىگۈچىسى، ئىلىم ئۆگەتكۈچىلىرى دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا ئۇ يامانلىق ئۈستىگە كۆندۈرۈلسە ياكى ئۇنىڭغا ھايۋانلار بالىلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىپ چوڭ بولسا، ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىگە سەل قاراپ ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىلسە، نەتىجىدە ئۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىلىپ ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىگە مەسئۇل بولغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇڭا: "ھەر بىر بالا ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، يا خرىستىئان قىلىدۇ ياكى ئاتەشپەرەس قىلىدۇ[1]" دېگەن.»

ئەبۇ يەئلا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ ئۆسمۈرلىرىمىز ئاتا ـ ئانىلىرى كۆندۈرگەن بويىچە چوڭ بولىدۇ. ئۇلاردىن ئەقىل كىرگەن ياشلارنى خىش ـ ئەقرىبالىرى دىندارلىققا كۆندۈرىدۇ.»

دېمەك، ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىسىدە ئائىلە بۇ قەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، يۇقىرىدىكى غايىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماھىيىتىدە دىن ۋە ئەخلاق روھىنى پەيدا قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆددىگە ئېلىش ئائىلىگە ۋاجىپ

[1] ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ قانداق تەربىيىلىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر، بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەقەت بالىرىنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتىنى كۆزلەپلا بالىلىرىنى قانداق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ۋە قانداق تەربىيەتچىلەرگە تاپشۇرۇش ھەققىدە ئويلانماي، بالىلىرىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەختسىز قىلىپ قويىدۇ. ئاللاھ پاناھلىق بەرسۇن!

بولىدۇ.[1]

## تەربىيە مەسئۇلىيىتى

رىمىسىگە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس يۈكنى يۈكلىگەن ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ناۋادا ئۆز مەسئۇلىيىتىڭگە پەرۋاسىزلىق قىلىپ، ئەۋلادىڭنى لايىقىدا تەربىيىلىمەي تاشلاپ قويساڭ، بۇنىڭ جازاسىنى قوشلاپ تارتىپ قېلىشىڭدىن، بۇ قىممەتلىك گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن قاتتىق جازاغا ئۇچراپ قېلىشىڭدىن، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتتىن بىر ھەسسىسىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشىڭدىن قورقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋلاد تەربىيىلەشنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئاتا- ئانىلارغا تاپشۇرغان.

بۇ ھەقتە مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەر ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. پادىشاھمۇ پادىچى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ. ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالا- چاقىلىرىدىن سورىلىدۇ. خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ مال- مۈلكىدىن سوراق قىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرزەنتلەرنىڭ دىنىدا چوڭ بولۇشىدا ئاتا- ئانىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئاساسىي پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت توغرا ئەقىدە ئۈستىدە يارىتىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، يا خرىستىئان ۋە ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ. بۇ خۇددى ھايۋان بالىسىنىڭ تۇغۇلۇپ - يېتىلىشىغا ئوخشايدۇ. ھايۋان بالىسى ھەممە ئەزاسى ساق تۇغۇلىدۇ، ئەمما سىلەر ھايۋانلارنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن قۇلاقلىرى يېرىلىپ، بۇرۇن ۋە باشقا ئەزالىرىنىڭ كېسىلگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇسىلەر.» ئەبۇھۇرەيرە يۇقىرىقى ھەدىسنى سۆزلەپ

[1] «ئەڭ پايدىلىق ۋەسىيەتلەر رىسالىسى»

بولغانىدىن كېيىن ئاللاھ تائالاتىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا ئاتا ـ ئانىلارنى ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشكە بۇيرۇپ، ھەم ئۇلارغا ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلەپ مۇنداق دېدى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاقتىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ[2].﴾

﴿ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى... دوزاقتىن ساقلاڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بۇ: "ئۆزەڭلار ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار" دېگەنلىكتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان (ھاكىم ئۇنىڭ مۇسنەد دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن). بۇھەدىس ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇندۇر.

ئىمام فەخرى رازى ﴿ئۆزەڭلارنى ساقلاڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى: «يەنى ئاللاھ توسقان ئىشتىن يېنىش ئارقىلىق ئۆزەڭلارنى قوغداڭلار» دەپ تەپسىر قىلغان. مۇقاتىل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە تەربىيە قىلىشى، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىشى كېرەك.»

«ئەلكاشىشاف» ناملىق تەپسىردە: «﴿ئۆزەڭلارنى ساقلاڭلار﴾ دېگەنلىك، ئۆزەڭلار گۇناھ ئىشلارنى تاشلاش، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئائىلەڭلاردىن خۇددى ئۆزەڭلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغاندەك ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار دېگەنلىكتۇر» دەپ تەپسىر قىلىنغان.

ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە ئەۋلادلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش ۋە ئادەتلەندۈرۈش ئۇچۇن پۈتۈن كۈچنى سەرپ قىلىش، ھەم بۇنىڭدا ئىزچىل بولۇش كېرەك. ئىسلام تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنى ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئىمام نەۋەۋى «ئارىفلارنىڭ بوستانى» دېگەن كىتابىدا ئىمام شافىئىدىن

[1] سورە رۇم، 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.

فۇزەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام: ”ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئوغلۇمغا خۇددى ماڭا بولغاندەك بول“ دېگەندە، ئاللاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى داۋۇد! سەن ئوغلۇڭنىڭ خۇددى سەن ماڭا بولغاندەك بولۇشىنى ئېيتقىن، ئاندىن مەن ئۇنىڭغا ساڭا بولغاندەك بولىمەن“ دېگەن.»

ئىمام غەزالى ئۆزىنىڭ «ئى ئوغۇل!» دېگەن رىسالىسىدە: «بالا تەربىيىلەش خۇددى دېھقانىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشى ئۈچۈن، باغۇەن زىرائەت ئارىسىدا ئۈنگەن ياۋا ئوت ۋە تىكەنلەرنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىدۇ» دېگەن.

ئىمام ئىبنى قەييۇم بۇ مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك ناھايىتى پايدىلىق سۆزلەرنى قىلىدى: «بەزى ئالىملار: ”ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئالدىن دادىسىنى سوراشتىن بۇرۇن، دادىسىدىن بالىسىنى سورايدۇ“ دەيدۇ.» ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنكەبۇتنىڭ 8 ـ ئايىتىدە: ﴿ئىنسانغا ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق﴾ دېگەن. ھەم سۈرە تەھرىمنىڭ 6 ـ ئايىتىدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاقتىن ساقلاڭلار﴾ دېگەن. دېمەك، ئاتىنىڭ بالىسى ئۈستىدە ھەققى بولغىنىدەك، بالىنىڭمۇ ئاتىسى ئۈستىدە ھەققى بار.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆلارنى (يەنى پەرزەنتلەرنى) ئوقۇتۇڭلار ۋە تەربىيىلەڭلار! چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھ قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار[1]﴾ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: ”ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار“ دەپ بۇيرىغان» دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا پەرزەنتلەرگە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىشتىن ئىلگىرى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا ياخشىلىق قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر[2].﴾

ئىمام ئىبنى قەييۇم ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەرزەنتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ھەر تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگەتمەي، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرىنى بوشقا ئۆتكۈزۈەتكۈچى تولىمۇ زىيانلىق بىر يامان ئىشنى قىلغان بولىدۇ. ئەۋلادلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان كۆپ ساندىكى ئامىل، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ

---

[1] سۈرە نىسا، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا، 31 ـ ئايەت.

بالىلىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي تاشلاپ قويغانلىقىدىن، ئۇلارغا دىنىنىڭ سۆزىنەت، پەرزلىرىنى بىلدۈرمىگەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ۋاقىتلىرىنى چەكلىك تۇتماي زايا قىلغۇچەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بەزى بالىلار خۇددى ئاتا- ئانىلار ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلىپ، قېرىغاندا ئۆزلىرىگە ئەسقاتمىغانلىقىغا قاخشاپ شىكايەت قىلغىنىدا: «ئى ئاتا! سەن ماڭا كىچىك ۋاقتىمدا يامانلىق قىلدىڭ، شۇڭا مەن چوڭ بولغاندا ساڭا يامانلىق قىلدىم. سەن مېنىڭ كىچىكلىكىمنى زايا قىلدىڭ، مەن سېنىڭ قېرىلىقىڭدا سېنى زايا قىلدىم» دەپ شىكايەت قىلىدۇ. ھەم ئاتا - ئانىسىغا ۋاپاسىز بولۇپ چوڭ بولۇشىدۇ.

توي قىلىش ۋە پەرزەنتلىك بولۇش بولسا، قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىدىغان چوڭ مەسئۇلىيەتلەردىندۇر. ئىمام تىرمىزى ئەبۇسەئىد خۇدرى بىلەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «بەندە قىيامەت كۈنى (ھېساب مەيدانىغا) كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ تائالا: "مەن ساڭا قۇلاق، كۆز، مال ۋە ئەۋلاد بەرمىدىممۇ؟ ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى سېنىڭ پايدىلىنىشىڭ ئۈچۈن ياراتمىدىممۇ؟ سېنى چوڭ قىلىپ باشقىلارغا باش بولغۇدەك قىلمىدىممۇ؟ سەن بۇ كۈندە مەن بىلەن ئۇچرىشىدىغىنىڭغا ئىشىنەمتىڭ؟" دەيدۇ. ئۇ بەندە: "ياق..." دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا "پانىي دۇنيادا خۇددى سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭدەك، ئەمدى مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالىمەن" دەيدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن سېنى ئۆيلەندۈرمىدىممۇ» دېگەن دەپ بايان قىلىنغان.

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ ئەقىل- ئىدراكى زەئىپ، ھېس- تۇيغۇسى ئاجىز بولۇپ قالماسلىقىنى، بالىسىنىڭ ھەقىقىي بىر كېرەكلىك ئىنسان بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىغا كېرەكلىك تەربىيەسىنى بەرمەسلىكىدىنمۇ ئارتۇق مەسئۇلىيەتسىزلىك بولامدۇ؟!

پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ھەرگىزمۇ ياخشى كۆرۈش ياكى ھەدىيە قاتارىدا ئاتا قىلىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ ھەر بىر ئاتا- ئانا ئۈستىگە ۋاجىب بولغان بىر ھەقتۇر. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنى ئەبرار يەنى ياخشىلىق قىلغۇچىلار دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇلار ئاتا- ئانىلارغا ۋە ئەۋلادلىرىغا ياخشىلىق قىلىدى. خۇددى ئاتاڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بولغىنىدەك بالاڭنىڭمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار.»

ئىمام نەسەئى ئىبنى ھەببان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر پادىچىدىن ئۇنىڭ ماللىرىنى قانداق

باققانلىقى ھەققىدە سورايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتىدىن سورايدۇ.» باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر مەسئۇل بولغۇچىنى ئۆزى مەسئۇل بولغان نەرسىسىدىن، يەنى ئۇلارغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يۈرگۈزگەن ياكى يۈرگۈزمىگەنلىكىنى سورايدۇ. ھەتتاكى بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنىڭغا ئالىدىغان مەسئۇلىيىتىدىن سورايدۇ.»

## ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاش

پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلىمەكچى بولغان ھەر قانداق كىشى كەلگۈسى پەرزەنتى ئۈچۈن ياخشى بىر ئانا بولالايدىغان ياخشى ئايالنى تاللىشى كېرەك. ئىسلام دىنى ئىسلامىي ئائىلىنى ئاساس قىلغان ئىسلامىي جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان دىندۇر. ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ قانداق بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ناھايىتى ئېتىبار بېرىدۇ. ياخشى بىر ئايال ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى تەربىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈتۈقلۇق بولۇشىدا ئەڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىدۇر. شۇنداقلا تەربىيىلەشتە تايىنىدىغان بىردىنبىر تۈۋرۈكىدۇر. ئايال كىشى گەرچە جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىدا بىۋاسىتە چوڭ رول ئوينىمىغاندەك قىلغان بىلەن جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان، جەمئىيەتنى گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئوڭشايدىغان، بۇزۇقچىلىق ۋە ھالاكەتلەردىن ساقلاپ قالىدىغان ئاجايىب شەخسلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشتا مۇھىم روللارنى ئوينىشى مۇمكىن.

ئائىلە ھىمايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەقىدە سېپىللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئائىلىنى ئەقىدىگە زىت كېلىدىغان ھەرقانداق تەسىرلەردىن مۇكەممەل تۈردە قوغداپ قېلىش، ئىسلام ئەقىدىسىنى قوغداپ قالغاندەك مۇھىمدۇر. ئائىلىنىڭ ئەقىدە سېپىلى مۇستەھكەم بولمىغىنىدا، ھەر قانداق سىرتقى تەسىرنىڭ تاجاۋۇزى ئۈچۈن يوچۇق پەيدا بولىدۇ. بۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئىسلام ئەقىدىسىگە تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا يوچۇق ئېچىپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. شۇڭا ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ "دىنىنى دەۋەت قىلىمەن" دەپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆز ئائىلىسىدىكى ئەقىدە ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملىشى، ئۇنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى يالغۇز ئەر كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. چۈنكى ئائىلە دېگەن ئەر - ئايالدىن، پەرزەنتلىك ئائىلىلەرگە نىسبەتەن

ئېيتقانىدا، ئاتا - ئانىدىن تەركىپ تاپقان بىر قورغاندۇر. ئەر بولغۇچى ياكى ئاتا بولغۇچىنىڭ ئىمانى قانچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك، بىلىمى قانچىلىك دەرىجىدە كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئايال كىشى ياكى ئانا بولغۇچى بۇنىڭغا ماس ھالدا ماسلىشىپ بەرمىگەندە، كۆزلەنگەن مەقسەتكە ھەرگىز يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئائىلىنىڭ ئىسلامىي ئائىلە بولۇشىدا ياكى پەرزەنتلەرنىڭ ئىسلامىي ئەخلاق، ئەقىدە، توغرا ئىدىيە ئېڭىدا يېتىلىشىدە ئانىنىڭ رولى ناھايىتى زوردۇر. بۇنى ھەر قانداق بىر تەربىيە قىلغۇچى چوقۇم ياخشى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

ئائىلىنىڭ پەرھىزكار ئائىلە بولۇشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشى، ئالدى بىلەن ئايال كىشىگە، ئاندىن ئانا بولغۇچىغا، ئاندىن پەرزەنتلەرگە، ئاندىن قالسا ئائىلىدىكى ئومۇمغا قارىتىلىشى كېرەك. بىر ئىسلامىي ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ چوقۇم مۇسۇلمان ئايال بولۇشى شەرت. "ئىسلامىي ئائىلە قۇرىمەن" دېگەن ھەرقانداق بىر ئەر كىشى ئالدى بىلەن ئالىدىغان ئايالىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ناۋادا: "ئالدى بىلەن ئائىلە قۇرۇلسۇن، ئاندىن ئۇنى مۇسۇلمان قىلىمەن" دەيدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ ۋە ئۇزۇن زامان كېتىدۇ. بۇنداق كېيىنكى بىنا قىلىنغان ئائىلىنىڭ ئەسلىدىلا مۇسۇلمان ئايال بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق بىنا قىلىنغان ئائىلىدەك ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا ھەر بىر ئەر كىشى ئۆزى نىكاھلىنىدىغان ئايالنى تاللاشتا ئۇ ئايالنىڭ دىندار، ياخشى سۈپەتلىك، تەقۋا، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىدىغان ئايال بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. چۈنكى بۇ خىل سۈپەتلىك ئايال كىشى ئەر كىشىگە ۋە ئائىلىگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىپلا قالماي، ئېرىنىڭ مال- مۈلكىنى، ئىززەت- ئابرۇيىنى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي تۈردە توغرا ئۇسۇلدا مۇھاپىزەت قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىنى ماددىي تائام بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئەۋلارنى ئىمانىي ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پاك سۈتى بىلەن بىرگە ئىمان قۇۋۋىتىنىمۇ سىڭدۈرىدۇ. ئىنسانغا ھەممىدىن بەكرەك ئائىلىدىن ئالغان تەلىملىرى ناھايىتى بەك تەسىر قىلىدىغان ھەم ئۇنى بىر ئۆمۈر ئېسىدە ساقلايدىغان بولغاچقا، ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئەجرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىگە ئورنىغان ئىمان، ئەخلاق ۋە ئەقىدە بىر ئۆمۈر ئۇلارنىڭ روھىدا ساقلىنىپ، ئەمەلىيىتىدە ئىپادە تاپىدۇ.

كۆپىنچە ھالاردا بالىلار ئاتا- ئانا ياكى بۇ ئىككىسىدىن بىرىنىڭ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ تاغىلىرى، ھاممىلىرىنىڭ بىرىنىڭ خۇلقىنى تارتىدۇ. شۇڭا ئىبنى ئەدىي ۋە ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر ئابىيمەنىيىڭلارنى ئىلغاڭلار، ھەقىقەتەن ئايالار ئۆزىنىڭ

قېرىنداش ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوخشاشلىرىنى تۇغىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

دارىقۇتنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئابىيمەنىيىڭلارغا ياخشى جايلارنى تاللاڭلار" دېگەن ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ ئالىدىغان ئايالىنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تاللاش ھوقۇقى بار. چۈنكى، بىلىملىك ئايال ئەرنىڭ ئۆيىنى ياخشى ئىدارە قىلىشىدا ۋە پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئاياللار ئۆزىنىڭ ئايالىق تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ھەر خىل ئىلىم تۈرلىرىنى ئۆگىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئالىملار: «بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئەر بىلەن ئايال بىر كوپلېت شېئىرغا ئوخشايدۇ، بۇ بىر كوپلېت شېئىرنىڭ بىر مىسراسى يەنە بىر مىسراسىغا قاپىيداش بولمىسا قاملاشمايدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەتچان ۋە بالىلىرىغا كۆيۈمچانلىقىنى ماختىغان ئىدى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆگىگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئاياللار قۇرەيشنىڭ سالىھ ئاياللىرىدۇر، ئۇلار ئەۋلادلىرىغا كىچىكىدىنلا كۆيىنىدۇ، ئەرلىرىگە مېھرىبانلىق قىلىدۇ.»

ئاياللارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى، ئەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئادا قىلىشى، ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ھەمدە ئۇلارنى ئۇلۇغ ئاياللارنىڭ مەرتىۋىسىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەمەللىرى جىھادقا چىقىش، مەسجىتلەردە جۈمە نامىزى ئوقۇش بىلەن باراۋەردۇر.

ئىمام مۇسلىم شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «يەزىد ئىبنى سەكەننىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بىر گۇرۇھ مۇسۇلمان ئاياللارغا ۋەكىل بولۇپ ئالدىڭغا كىردىم، بىزنىڭ بىلمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، ھەقىقەتەن ئاللاھ سېنى ئەرلەر ۋە ئاياللارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق ۋە ساڭا ئەگەشتۇق. بىز ئاياللارنىڭ دىنىمىز كەمتۈك، تاشقىرىغا كۆپ چىقمايدىغان ئۆيلەردە ئولتۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن بىلىدىغانلىرىمىز ئاز. ئەرلەر جۈمە نامازلىرىغا، جىنازا نامازلىرىغا قاتنىشىش، جىھاد قىلىش قاتارلىق ئەمەللىرى بىلەن بولىدۇ. ئەرلىرىمىز جىھادقا چىقسا، بىز ئۇلارنىڭ مال- مۈلكىنى ساقلايمىز، ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەيمىز. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئېيتقىنچۇ، بىز ئۇلارغا ساۋابتا شېرىك بولامدۇق؟" دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا قاراپ: "بۇ ئايالنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دىن توغرۇلۇق سوئال سوراشتا بۇنىڭدىن ياخشى بىرى بارمۇ؟" دېدى. ساھابىلار: "يوق، ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى!" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسماغا قاراپ: "ئى ئەسما! سەن قايتىپ بېرىپ ئۇ ئاياللارغا ئېيتقىن، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئېرىگە ياخشى خوتۇن بولۇشى، ئېرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىشى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەمدەمدە بولۇشى، سەن زىكىر قىلغان ئەرلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەردۇر" دېدى.»

ماۋەردى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بالىنىڭ بىرىنچى ھەققى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ياخشى تاللانغان بولۇشى، ئۇنىڭ ئانا بولۇشتىن ئىلگىرى لاتاپەتلىك، شەرەپلىك، دىيانەتلىك، ئېپپەتلىك، تەدبىرلىك، ئەقىللىق بىر ئايال بولۇپ يېتىلگەن، ئۇنىڭدىن رازى بولۇنغان ھەم ئۇنىڭ تەدبىرلىكلىكى تەجرىبىدىن ئۆتكەن، ئېرىگە پۈتۈن ئەھۋاللاردا بويسۇنىدىغان ئايال بولۇشى كېرەك» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېشى كىچىك قىز قېرىنداشلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن يارامىلىق ئانا بولالايدىغان ئايال (چوكان) بىلەن توي قىلغانلىقىنى قوللىغان.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، داۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جابىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۆزۈن بىر سۆھبەتنى بايان قىلىشقان. «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن: "قىز ئالدىڭمۇ، چوكانمۇ؟" دەپ سورايدۇ. جابىر: "چوكان ئالدىم" دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىز ئالساڭ بوپتىكەن. چۈنكى، قىز ئالساڭ، ئۇ سەن بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، ياخشى ئۆلپەت بولاتتى" دېدى. جابىر: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئاتا- ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭدىن ماڭا توققۇز قىز قېرىنداشىم قالدى، مەن ئۇلارغا ئوخشاش قىزدىن بىرنى ئالسام، ئۇ كىچىك قىز قېرىنداشلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالماي قالارمىكىن دەپ ئويلاپ ئۇلارغا ياخشى قارىيالىغۇدەك، تەربىيە قىلالىغۇدەك بىر چوكان ئالدىم" دېدى.»

ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىگە قارىتا مۇلايىم، سەۋرچان، مېھرىبان بولالايدىغان، ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا پەرزەنتلىرىگە ئاچچىقلانمايدىغان، ئۇلارغا قاتتىق، نالايىق گەپ- سۆزلەرنى قىلمايدىغان، ئۇرمايدىغان ئايال بولۇشى كېرەك. ناۋادا ئانا ئاچچىقىنى باسالماي يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرنى سادىر قىلسا، ئەر بولغۇچى ئۇ ئايالغا غەزەپلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا پايدىسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

يىغىپ ئېيتقاندا، سالىھ ياخشى ئايال ئەر كىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ھەقىقىي خەزىنىدۇر. ئىمام تىرمىزى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «﴿ئالتۇن- كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ئايەت ساھابىلارغا ئېغىر كەلدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەلۇم بىر سەپەردە بىرگە ئىدۇق، بەزى ساھابىلار: "بىز ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى ساقلىمىساق، قايسى مال بىز ئۈچۈن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىزگە خەۋەر بەرگىن!" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھنى ياد ئېتىدىغان تىل، شۈكۈر ئېيتقۇچى دىل، سالىھ ئايال ۋە بىر مۆمىنىنىڭ ئۇنىڭ ئىمانىغا بەرگەن ياردىمى" دېدى.»

ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندا، بۇ مۇسۇلمانلارغا چوڭ بىر ئىش بولۇپ بىلىندى. ئۆمەر ئۇلارغا: مەن سىلەر خۇش بولىدىغان بىر خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، - دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئايەت ھەققىدە ساھابىلىرىڭغا ئېغىر كەلدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ زاكاتنى پەقەت سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ ئېھتىياجىڭلاردىن ئاشقان قىسمىنى پاكلاش ئۈچۈن پەرز قىلدى. مىراسلارنى سىلەردىن كېيىن سىلەرگە ۋارىس بولىدىغان كىشىلەرگە خاس قىلدى" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەرلەر ئۈچۈن ئېمىنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسا، ئۇنىڭغا قارىسا دىلى سۆيۈنىدىغان، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى بۇيرۇسا بويسۇنىدىغان، ئېرى قېشىدا يوق چېغىدا، ئۇ ئېرى ئۈچۈن ئامانىتىنى ساقلايدىغان سالىھ ئايالدۇر" دېدى.»

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئاياللىرىمىزنى ئاشۇنداق سالىھ قانائەتچان ۋە ئامانەتلىرىمىزنى ساقلىغۇچىلاردىن قىلغايسەن!

## ئايالى ۋە بالىلىرىغا نەپىقە بېرىشنىڭ ساۋابى

نەپىقە ــ ناھايىتى ياخشى تەسىر بېرىدىغان ئەمەلى تەربىيەدۇر. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى شەرىئەت بەلگىلىمىسى كۆرسەتكەن: «باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى)

[1] سۈرە تەۋبە، 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن[1]» بويىچە بولسا، يەنى بەك ئىسراپمۇ قىلماۋەتمەي، بەكمۇ چىڭ تۇتۇۋالماي تەمىنلىسە، بۇنداق قىلىش ئۆز نۆۋىتىدە بالىلار ئۈچۈن بىر ياخشى تەربىيەدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بىر ئىش قىلىشى، ئىقتىسادنى، بىر ئائىلىنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننى نەپسقە بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەن ھەدىسلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە بۇنىڭدىن بىر قانچىنى كەلتۈرىمىز.

مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سېنىڭ ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغان، قۇل ئازاد قىلىشقا سەرپ قىلغان، مىسكىنگە سەدىقە قىلغان ۋە ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارلىرىڭ ئىچىدە، ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارنىڭ ساۋابى ئەڭ كۆپتۇر.»

سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئائىلەڭگە قىلغان ھەرقانداق نەپىقەڭگە ئەجىر باردۇر، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىر لوقما ئۈچۈنمۇ ئەجىرگە ئېرىشىسەن!»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى تۈردىكى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟“ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كەمبەغەللىنىڭ تىرىشچانلىقى، نەپىقىڭنى سەن مەسئۇل بولغانلاردىن باشلىغىنىڭ“ دەپ جاۋاب بەرگەن.»

ئىمام ئەھمەد مىقدام ئىبنى مەئدىكرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزەڭ ئۈچۈن يېگىنىڭمۇ سەدىقە، بالاڭغا يېگۈزگىنىڭمۇ سەدىقە، ئايالىڭغا يېگۈزگىنىڭمۇ سەدىقە، خىزمەتچىڭگە يېگۈزگىنىڭمۇ سەدىقەدۇر.»

ئەبۇھەنىيفە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان ۋە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھالدا ئۆلسە، ئۇ ئاللاھ يولىدا مىڭ دۈشمەننىڭ بېشىغا قىلىچ چاپقاندىنمۇ ئەۋزەل مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.»

قەزائىيىنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش، جىھاد قىلغان بىلەن باراۋەر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

---

[1] سورە تالاق، 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

تەبەرانىينىڭ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە: «ھالال رىزىقنى تەلەپ قىلىش پەرز ئەين» دېيىلگەن.

دەيلەمىينىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە: «ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ۋاجىبتۇر» دېيىلگەن.

ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە: «كىمكى ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق قىلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان بالىسىنىڭ ئورۇق - تۈلۈكىنى ئىسراپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك گۇناھتۇر.»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىغا پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆگەتتى. بۇ ۋەقەلىك ئىبنى مۇبارەكنىڭ «زاھىدلىق» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلىنغان: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى مەدىنە كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋاتقاندا ئالدىدا بىر كىچىك قىزچاقنىڭ بىر قوپۇپ بىر ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: "بۇ كىمنىڭ قىزى؟" دەپ سورايدۇ. ئوغلى: "بۇ سېنىڭ (نەۋرە) قىزىڭ" دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئۇنىڭغا نېمە بولۇپتۇ؟" دەيدۇ. ئوغلى: "سەن ئۇنىڭغا سەندە بار بولغاننى بەرمىدىڭ" دەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "مەن مەندە بارنى بەرمىگەن بولسام، سەن ئىنسانلار قىزلىرىغا كەسىپ قىلىپ بەرگىنىدەك كەسىپ قىلىپ بېرىشتىن ئاجىز كەلدىڭمۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەندە ساڭا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بېرىلىدىغان بىر كىشىلىكتىن باشقىسى يوق. بىز ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابىلا ھەققىي كۈچكە ئىگە" دەيدۇ.»

## تۆۋەندە ئايال كىشىنىڭمۇ ئۆز ئېرى ۋە پەرزەنتلىرىگە قىلغان نەپىقىسىنىڭ ساۋابى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: «بىر كۈنى سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىتىنىڭ ئالدىغا ئاياللار كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا خۇتبە سۆزلەپ: "ئى ئاياللار گۇرۇھى! مەن سىلەردەك ئەقىل ۋە دىنى كەمتۈك ئىنسانلارنى كۆرمىدىم، مەن ھەقىقەتەن دوزاق

ئەھلىنىڭ كۆپرەكىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا يېقىنلىشىڭلار!" دېدى. بۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ ئاڭلىغانلىرىنى ئېرىگە دەپ بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئىبنى مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭغان ئايالى زەينەبتىن: "سەن بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ نەگە بارىسەن؟" دەپ سورىدى. زەينەب: "مەن بۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىمەن (يەنى سەدىقە قىلىمەن)" دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: "ۋاي ساڭا! ئۇنى ماڭا ۋە بالىلىرىمىزغا سەدىقە قىلغىن، بىز بۇنىڭغا ھەقلىقمىز" دېدى. زەينەب: "مەن تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سورىمىغىچە بۇنى سىلەرگە سەدىقە قىلمايمەن" دېدى - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ساھابىلار: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! زەينەب كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراۋاتىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قايسى زەينەب؟" دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا: "ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئايالى" دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ئېرىم ئابدۇللاھقا سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى بايان قىلىپ بەردىم ۋە دوزاقتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا سەدىقە بەرمەكچى بولغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا، ئابدۇللاھ: سەن ئۇنى ماڭا ۋە ئەۋلادلىرىمىزغا سەدىقە قىل! بىز بۇنىڭغا ئەڭ لايىقمىز، - دېدى. مەن ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىغىچە ئۇنداق قىلمايمەن، - دەپ ئالدىڭىزغا كەلدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئۇنى ئېرىڭگە ۋە بالىلىرىڭغا سەدىقە قىلغىن، ئۇلار ئۇنىڭغا ھەقلىق" دېدى.» بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر خىل بايانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئۇنى ئۇلارغا سەدىقە قىلساڭ، قوش ئەجىرگە (سەدىقە قىلغان بىلەن سىلە - رەھىم قىلغانلىقنىڭ ئەجرىگە) ئېرىشىسەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇنى ئىبنى ھۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.

## ئىسلامي نىكاھنىڭ پايدىلىرى

ئىسلامدا توي قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ جىنسىي تەلپىنى قاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق نامەھرەملەرگە قاراشتىن كېلىپ چىقىدىغان گۇناھلاردىن يىراق بولۇش

مەقسەت قىلىنغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسلامدىكى نىكاھلىنىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەمەستۇر. ئۇنداقتا ئۇنىڭ غايىسى زادى نىمە؟ ئۇنىڭ ئۆزەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك غايىسى بار:

1 ـ مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇرسەن بولىدىغان سۈننىتىنى ئادا قىلىش.

مەئقەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايالنى تاپتىم، لېكىن ئۇ تۇغماس ئىكەن، ئۇنى نىكاھىمغا ئالايمۇ؟" دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق" دېدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم كېلىپ يەنە سورىۋىدى، يەنە رۇخسەت قىلمىدى. ئۈچىنچى قېتىم كېلىپ سورىغاندا: "كۆپ تۇغىدىغان (تۇغۇمچان) ئاياللار بىلەن تويى قىلىڭلار! شۈبھىسىزكى، مەن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن سىلەرنىڭ كۆپلىكىڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام داۋۇد ۋە نەسەئى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام ئىبنى ماجە ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تويى قىلىش مېنىڭ سۈننىتىمدۇر، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن ئۇ مەندىن ئەمەس، ئۆيلىنىڭلار! شۈبھىسىزكى، مەن قىيامەت كۈنى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىدىن سىلەرنىڭ كۆپ بولۇشۇڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن.»

2 ـ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن نەپسىنى گۇناھلاردىن ساقلاش.

ئىمام مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە سەدىقە توغرىسىدا تەبلىغ قىلىۋېتىپ: «سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئۆز ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقىدۇر!» دېدى. ساھابىلار ھەيران بولۇپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شەھۋىتىمىزنى قاندۇرغان ئىشقىمۇ ساۋاب يېزىلامدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنى ھارام بىلەن قاندۇرساڭلار، گۇناھ بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلار: "ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇنى ھالال جۈپتىڭلار بىلەن قاندۇرساڭلار، ئەلۋەتتە ساۋاب بولىدۇ" دېدى.»

3 ـ مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈش.

ئەر ـ ئايال بىر تۆشەكتە بولماقچى بولغاندا ئۇلارنىڭ ياخشى ئەۋلاد بېرىلىشىنى

تەلەپ قىلىنىشىدۇ. ئىمام بۇخارىنىڭ «جىھاد ئۈچۈن پەرزەنت تەلەپ قىلىش» دېگەن بابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: "مەن بۇ كېچە يۈز ئايال بىلەن ياكى 99 ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ چىقىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ" دېدى. ئۇنىڭ ھەمراھى: "ئاللاھ خالىسا، دېگىن!" دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاياللاردىن پەقەت بىرىلا مېيىپ بالىدىن بىرنى تۇغدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاۋادا ئۇ: "ئاللاھ خالىسا" دېگەن بولسا ئىدى، ھەممە ئاياللىرى بىردىن مۇجاھىد تۇغقان بولاتتى.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر ئۆزىنىڭ «فەتھىلبارى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «كىمكى ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان چاغدا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان پەرزەنت تېپىشنى نىيەت قىلسا، ئۇ دېگەندەك بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ نىيىتى ئۈچۈن ئەجىر بېرىدۇ.»

ئەبۇ ھەسەننىڭ بىر تۆشەكتە بولۇشىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەپ كەلگەن بايانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «پەرزەنت تېپىشنىڭ نىيىتىنى قىلسا، بالىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلىسە، ئۇنى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىدىغان، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، قولىدا ھەق يۈرگۈزىلىدىغان، ھەقتە تۇرىدىغان، ھەقنى كۈچلەندۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، دۆلەتلەرنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان پەرزەنت بىلەن مۇكاپاتلىشى مۇمكىن.»

4 ـ نەسىل قالدۇرۇش.

تەبەرانىي ئەبۇھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ھېچكىم بالا تەلەپ قىلىشنى تاشلىمىسۇن، بالىسى يوق ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ نەسەبى ئۈزۈلىدۇ.»

ھازىرقى دەۋرنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىنى توسۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە كۆپلەپ تۇغۇشنى تەۋسىيە قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كېمىيىپ، كاپىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىدىكى بىر ۋاستىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

تەبەرانىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقاچان بىر ئۆيدە بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇ ئۆيدە بۇرۇن بولمىغان ئىززەتتىن بىرسى پەيدا بولىدۇ.»

## مۇۋەپپىقىيەتلىك تەربىيىچىنىڭ سۈپەتلىرى

بۇ يەردە تەربىيىلىگۈچىنىڭ تەربىيەنى ئىلمىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ياردىمى بولىدىغان سۈپەتلىرىنىڭ ئاساسلىرى باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل تەربىيىچىدۇر. لېكىن، ئىنسان ياخشى بىر تەربىيىلىگۈچى بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ھەر تەرەپتىن تىرىشىشى، ئىزدىنىشى، ئۆز- ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئەخلاقلىقلار مەرتىۋىسىگە، ماختىلىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرگە ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ تەربىيەدىكى زۆرۈر بولغان نۇقتىلىق ئەخلاق تۈتقۇسىدىدۇر. يېڭى ئەۋلادلار بۇنىڭ تەربىيەدىكى قاراتمىلىقىغا قارايدۇ. نەتىجىلىك بىر تەربىيىچى بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر تەربىيىچىدە تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك. ئاللاھ مۇۋەپپىقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر!

1) مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولۇش. ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئابدۇلقەيسكە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان مۇلايىم ۋە كەڭ قورساقلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىسلەت بار.»

مانا بۇ، يېڭى ئۆسمۈرلەرنى بىنا قىلىشتا سالماقلىق، تەمكىنلىكنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان بىر ھېكايە. ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى خەلىپە مەئمۇننىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى بولغان بالىنى:

— ئى بالا! — دەپ چاقىردى. ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن يەنە شۇنداق چاقىردى. شۇ ئارىدا بىر بالا:

— قاچانلا يېنىڭىزدىن چىقساق: ”ئى بالا! ئى بالا!“ دەپ تووۋلاۋېرىدىكەنسىز. ”ئى بالا“ ئاش- تاماق يېمەمدۇ؟ سۇ ئىچمەمدۇ؟ قاچانغىچە: ”ئى بالا، ئى بالا“ دەپ چاقىرۋېرىسىز؟ — دېگەن پېتى كىرىپ كەلدى. مەئمۇن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلۇشىدىن ھېچقانداق شەك قىلمىدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئادەم ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلىسا، خىزمەتكارلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلىدىكەن، بىز ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلايمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقىمىزنى بۇزۇۋالساق

بولمايدۇ، ــ دېدى.»

2) قوپاللىقتىن يىراق بولۇش، مېھرىبان بولۇش. ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن رەھىملىكتۇر، رەھىمدىللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. رەھىمدىللىقا، قوپاللىقا بەرمىگەننى ۋە باشقىلارغىمۇ بەرمىگەننى بېرىدۇ.» ئائىشە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، مەرھەمەت قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رەھىمدىللىك ھەر قانداق نەرسىنى زىننەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىمدىللىك كۆتۈرۈۋېتىلسە، ئۇ سەتلىشىپ قالىدۇ.»

ئىمام مۇسلىم جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رەھىمدىللىكتىن مەھرۇم قالغان كىشى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «"ئى ئائىشە مۇلايىم بولغىن! ئاللاھ ھەقىقەتەن بىرەر ئۆيگە ياخشىلىق يەتكۈزمەكچى بولسا، شۇ ئۆيدىكى كىشىلەرنى يۇمشاقلىققا باشلايدۇ" دېگەن ئىدى.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇلارنى مۇلايىم قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى، سەجدىگە چۈشكەندە ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى يەلكىسىگە مىندۈرگەن ھالدا سەجدە قىلدى. سەجدىدىن بېشىنى كۆتەرگەندە بولسا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇلارنى يېنىغا چۈشۈرەتتى. يەنە سەجدىگە بارسا يەنە ئاۋۋالقىدەك قىلاتتى. پەرز نامازغا تۇرغاندا بولسا بىرىنى ئوڭ تەرەپكە يەنە بىرىنى سول تەرەپكە تۇرغۇزدى (ئىككىسىنى ئىككى يېنىغا تۇرغۇزدى). مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇلارنى ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرەيمۇ؟" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق" دېدى. مەن بىر چىراق ياقتىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە: "ئاناڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار!" دېدى. ئۇلار شۇ يورۇقتا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم ئۆزىنىڭ «مۇستەدرەك» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلدى.)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! سىزلەرگە ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق،

مۇئامىلىدىكى ئېسىل خۇلقلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىبرەتلىك ھېكايىنى سۆزلەپ بەرسەك، ئارتۇقچە بولماس.

«رىۋايەت قىلىنىشچە، زەينۇل ئابىدىننىڭ بىر خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ئۇ چاقچۇقتىن ياسالغان بىر ئىبرىقتا زەينۇل ئابىدىننىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرىۋاتقاندا، ئىبرىق ئۇنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كېتىدۇ، ھەم ئۇنىڭ پۇتىمۇ جاراھەتلىنىدۇ. خىزمەتكار ياش دەرھاللا:

— ئى خوجايىنىم! ئاللاھ تائالا: "ئاچچىقىنى يۇتقانلار جەننەتكە كىرىدۇ" دېگەن، — دەيدۇ. زەينۇل ئابىدىن:

— مېنىڭ ئاچچىقىمنى توستۇق، — دەيدۇ.

— ئاللاھ تائالا: "ئىنسانلارنى ئەپۇ قىلغانلار جەنەتكە كىرىدۇ" دەيدۇ، — دېدى خىزمەتكار.

— سېنى ئەپۇ قىلدىم، — دەيدۇ زەينۇلئابىد.

— ئاللاھ تائالا: "ئاللاھ ياخشىلىق قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ" دېگەن.

— ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن سەن ئازاد! — دەيدۇ زەينۇلئابىدىن ئۇ ياشقا قاراپ.»

3) مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش. ئەبۇ سۇلايمان مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. «بىزدىن تەڭ دەمەتلىك بىرقانچە ياش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا 20 كېچە تۇردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ئويلاپ ئائىلىمىزدە قالغان كىشىلەرنى سورىدى. بىز ئۇنىڭغا ئائىلىمىزدىكىلەردىن خەۋەر بەردۇق. ئۇ بىزگە:

— سىلەر ئائىلەڭلەرگە قايتىڭلار ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ياشاڭلار. ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ياخشىلىق قىلىڭلار، مۇنداق ۋاقىت بولغاندا ماۋۇ نامازنى، مۇنداق ۋاقىتتا ئاۋۇ نامازنى ئوقۇڭلار! نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە، بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن، يەنە بىرىڭلار ئىمام بولسۇن! — دېدى. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بەززار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «"ھەر بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك دىلنىڭمۇ مېۋىسى بار، دىلنىڭ مېۋىسى بولسا پەرزەنتتۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن بالىسىغا مېھرىبان بولمىغان كىشىگە شەپقەت قىلمايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېھرىبان بولمىغان

www.uyghurkitap.com

كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ“ دېدى. بىز: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەممىمىز مېھرىبانلىق يەتكۈزىمىز“ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىشىلەرنىڭ دوستىغا يەتكۈزگەن مېھرى، مېھرىبانلىق ھېسابلانمايدۇ بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ھەقىقىي مېھرىبانلىقتۇر“ دېدى.»

ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ ئىككى قىزىدىن بىرىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ”باللىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مېھرىبان ئاياللار (ئەگەر) ئەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلمىغان ۋە نامازلىرىنى ئوقۇغان بولسىلا ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىدۇ“ دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم ئۇزىنىڭ مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.)

ئەبۇئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىشچە: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىككى بالىسى بار بىر ئايال كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئۈچ دانە خورما بەردى. ئۇ ئايال ئىككى بالىسىغا بىردىن خورما بەردى. بالىلارنىڭ بىرى يىغلىغىلى تۇرىۋىدى، ئۇ ئايال ئۈچىنچى خورمىنى ئىككىگە بۆلۈپ يەنە ئىككى بالىسىغا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: ”باللىرىنى يۆلىۋالغان مېھرىبان ئانىلار (ئەگەر ئۇلار) ئەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلمىسىلا ۋە نامازلىرىنى ئوقۇسىلا، ئەلۋەتتە، جەننەتكە كىرىدۇ“ دېدى.» (بۇ ھەدىسنىمۇ ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

4) گۇناھ بولمايدىغانلا ئىش بولسا ئاسىنىنى تاللاش.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى ئىشتىن بىرىنى قىلىشنى تاللاشقا توغرا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۇناھ بولمايدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ ئىككى ئىشتىن ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى، ئەگەر گۇناھ بولىدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئىشتىن ھەممە ئىنساندىن بەكرەك يىراق بولاتتى. ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى يەرگە ئۇرۇلمىسىلا، ئۇزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرگىز ئىنتىقام ئالمايتتى. ئاللاھنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا، ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

5) ئاقىلىق بولۇش. يەنى باشقىلارنى توغرا چۈشىنىدىغان، كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش لازىمدۇر. ھەرگىزمۇ نەزەر دائىرىسى تار ئادەملەردىن بولماسلىق لازىم. كەمتەر، كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلىكتىن ھەرگىزمۇ ئاجىز، زەئىپ، خورلۇققا قېلىشقا رازى بولۇش دېگەنلىك چىقمايدۇ. بەلكى ئۇ خىل خىسلەتلەرنى شەرىئەت كۆرسەتكەن، رۇخسەت قىلىش پرىنسىپىنى ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرگە دوزاق ئۇنىڭغا، ئۇمۇ دوزاققا ھارام بولغان بىر كىشىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ دوزاق كىچىك پېئىل، مۇلايىم، باشقىلار بىلەن ئاسان چىقىشىپ كېتىدىغان كىشىلەرگە ھارامدۇر.» (تىرمىزى رىۋايىتى)

6) غەزەپتىن يىراق بولۇش. غەزەپلىنىش ئىجتىمائىي ئالاقىدە ياخشى ئەخلاق ھېسابلانمايلا قالماستىن، تەلىم- تەربىيە ساھاسىدىمۇ ئىنتايىن يامان ئىللەتتۇر. ئىنسان ئاچچىقىغا ھاي بېرەلىسە ۋە غەزىپىنى باسالىسا، بۇنداق قىلىش ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور ئۈنۈم بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن چوڭ بىر پالاكەتتۇر. «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نەسىھەت قىلغىن!" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئاچچىقلانما" دەپ ئۈچ قېتىم جاۋاب بەردى.» (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاچچىقنى بېسىۋالىغان كىشى ھەقىقىي پالۋاندۇر» دەپ تەربىيىلىگەن. ئەبۇھۇرەيرىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چېلىشتا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر دېگەن.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

رىۋايەت قىلىنىشىچە، زەينۇلئابىدىن ئىبنى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىنىڭ بىر خىزمەتكارىنى ئىككى قېتىم چاقىرغاندا، ئۇ خىزمەتكار جاۋاب بەرمىگەن. كېيىن زەينۇلئابىدىن ئۇ خىزمەتكارىغا:

— چاقىرغىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېگەندە، ئۇ خىزمەتكارى:

— ئاڭلىدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمىدىڭ؟

— ئەخلاقىڭىزنىڭ ياخشىلىقىنى بىلگەچكە سەندىن خاتىرجەم بولۇپ ھورۇنلۇق قىلدىم. بۇنى ئاڭلىغان زەينۇلئابىدىن:

— مېنىڭ خىزمەتچىمنى مەندىن خاتىرجەم قىلغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن! — دەپ دۇئا قىلغان.

7) ھەرئىشتا نورمال ۋە مۆتىدىل بولۇش. ھەرقانداق ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ناچار ئەخلاقتۇر. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق دىنىي مەسىلىلەردە مۆتىدىللىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنداق بولغانىكەن، قالغان تۇرمۇش

مەسىلىلىرىدە، بولۇپمۇ، تەربىيىلەش مەسىلىلىرىدە مۆتىدىل بولماسلىقىمىز توغرا بولامدۇ؟!

ئەبۇمەسئۇد ئەقەبە ئىبنى ئۆمەر ئەلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر كۈنى بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن پالانىنىڭ نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيدىغانلىقى سەۋەبى بىلەن نامازغا كېچىكىپ كېلىمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەزەپلىنىپ: ”ئى خالايىق! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى نامازدىن قاچۇرۇپ قويىدىغانلار بار. كىمكى كۆپچىلىككە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيدىكەن، نامازنى قىسقا ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭدا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قېرىلار، كىچىكلەر ۋە ھاجەتمەنلەر بار“ دېدى. رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: مەن ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەرىجىدە ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

8) ۋەز- نەسىھەتنى چىرايلىق يوسۇندا قىلىش. ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ قىلىنغان سۆزنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. چىرايلىق رەۋىشتە قىلىنغان ۋەز- نەسىھەت، ئاللاھ خالىسا، ھەر ۋاقىت ئۈنۈملۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام ئەبۇھەنىيفە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) شاگىرتلىرىغا: «سىلەر فىقھىنى ئۇنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بولمىغان كىشىگە سۆزلىمەڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغان. بۇنداق قىلىشنى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇلق- ئادىتىدىن ئۆگەنگەن ئىدى. ئىبنى سەلەمەنىڭ بىر تۇغقىنى ئەبۇ ۋائىلدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ھەر پەيشەنبە كۈنى ۋەز- نەسىھەت قىلاتتى. ئارىمىزدىن بىرئادەم ئۇنىڭغا: ”ئى ئابدۇراھماننىڭ ئاتىسى! سەن بىزگە كۈندە ۋەز- نەسىھەت قىلىپ بەرسەڭ“ دېگەندە، ئىبنى مەسئۇد: ”مەن ئۇنداق قىلىپ سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن. مەن جامائەتنى قاچۇرۇۋەتمەسلىكىمىز ھەققىدە بىزدىن ۋەدە ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز- نەسىھەتنى سىلەرگە قىلىمەن“ دېدى.»

## ئاتا - ئانىلارغا ئەۋلادلارنىڭ بەرىكىتى ھەققىدىكى خۇشخەۋەر

ئىمام بۇخارىنىڭ ئەبۇھۇرەيرەدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ نەرسىدىن باشقا ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. 1) سەدىقە جارىيە؛ 2) باشقىلار مەنپەئەتلىنىدىغان ئىلىم؛ 3) ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت.»

ئىبنى ئەبۇھاتەم ئەبۇدەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۇمۇرنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ھەققىدە سۆزلەشتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بىر جانغا ئەجەل كەلگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشنى كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ بىر بەندىسىگە (ئۇنىڭغا) دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ۋە دۇئالىرى قەبرىسىگىچە يېتىدىغان ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلىشى ـــ ئۇ بەندىسىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغانلىقىدۇر."»

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇلمۇفرەد» (كىشىلىك ئەخلاق) دېگەن كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېيىت (ئىنسان) ئۆلگەندىن كېيىن دەرىجىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:"ئى رەببىم! بۇ نېمە ئىش!" دەيدۇ. ئاللاھ: "بۇ، ئەۋلادىڭنىڭ ساڭا تىلىگەن مەغپىرىتىنىڭ پەزىلىتىدىن" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.»

ئەبۇيەئلا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلار تۇغۇلۇپ بالاغەت يېشىغا يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقى ئۇچۇن ئاتىسىغا ياكى ئانىسىغا ئۇنىڭ ياخشى ئەجرى يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما يامان ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ياكى ئاتا- ئانىسىغىمۇ يېزىلمايدۇ.»

## پەرزەنتلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننىتى ھەم پىتنىسىدۇر

پەرزەنت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان سوۋغىتى بولۇپ، ئۇلارغا قارىغاندا كۆزلەر راھەتلىنىدۇ، كۆڭۈللەر شادلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە قەلبلەر ھوزۇر ئالىدۇ. ئۇلار دۇنيا ھاياتلىقىنىڭ گۈل ـ چېچەكلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 14 ـ ئايىتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۇچۇن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك.﴾ بۇنىدىن باشقا يەنە سۈرە كەھفنىڭ 46 ـ ئايىتىدە: ﴿ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى

قالدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر، ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر﴾ دېگەن بولسا، سۈرە ھەدىدنىڭ 20 ـ ئايىتىدە: ﴿بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ زىننەتتىن، ئۆز ئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىش پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر﴾ دېگەن.

شۇڭا كاپىرلارنىڭ بۇ خىل زىننەتلەرگە ئالدىنىپ، ئەۋلادلىرى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەگەر ئۇلاردا شۇ پەخىرلىنىشنى توسۇپ قالىدىغان قورقۇنچ بولسا ئىدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولغان، ھازىرقىدىنمۇ كۆپ ئەۋلادلارنى ئاتا قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۆمىنلەرگە ئەۋلادلىرى بىلەن يوغانچىلىق قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئايەتلەردە كاپىرلارنىڭ ئۆتمۈشتىن قالغان پەخىرلىنىشلىرىنى سۆكۈپ، كۆپلۈكىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۆمىنلەرگە تەسەللىي بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە ئال ئىمراننىڭ 116 ـ ئايىتىدە: ﴿شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنىڭ ماللىرى، بالىلىرى ئاللاھنىڭ ئازابى ئالدىدا ھەرگىز ھېچ نەرسىگە دال بولالمايدۇ؛ ئۇلار دوزاق ئەھلىدۇر، دوزاقتا مەڭگۈ قالىدۇ﴾ دېگەن بولسا، سۈرە تەۋبەنىڭ 55 ـ ئايىتىدە: ﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾ ۋە شۇ سۈرىنىڭ 69 ـ ئايىتىدە: ﴿(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى، سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار؛ ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۈڭلار؛ ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾ دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە سۈرە مۆمىنۇننىڭ 55 ـ ۋە 56 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال ـ مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۇلارنىڭ تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ﴾ دېگەن بولسا، سۈرە سەبەئنىڭ 35 ـ، 36 ـ ۋە 37 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى. ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم كىمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (كىمنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار

قىلىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ.» ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ.﴾

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يۇقىرىدا دېگەندەك ئىنسانىنى ئەۋلادلاردىن كېلىدىغان پىتنىدىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىششىنىڭ يوللىرى بىلەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقتۇرىدىغان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر بەردى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر بۇ مەزمۇنلارنى كۆچەيتىپ كەلگەندۇر: ﴿بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۇرلۇك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار[①].﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئەگەر (ئۇلارنى ) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار (ئاللاھ سىلەرنىمۇ مەغپىرەت قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۇرلۇك سىناقتۇر، ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار.[②]﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار.[③]﴾

ئەمما ئاللاھ تائالا ئەۋلادىغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە كۆرسەتكىنى بويىچە مۇھەببەت ئاتا قىلغان بەندىسىگە بېرىدىغان ئەجرىدىن تۆۋەندىكىدەك خەۋەر بېرىدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل- ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا

[①] سۈرە ئەنفال، 28 ـ ئايەت.
[②] سۈرە تەغابۇن، 14 ـ ۋە 15 ـ ئايەتلەر.
[③] سۈرە لوقمان، 33 ـ ئايەت.

سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھە قىلىش ئىجازەت) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.»[1]

بىراق ئاللاھ تائالا ئىمان يولىدىن يىراق يول تۇتقان، ئەخلاقى ناچار، پاسىق پەرزەنتلەردىن تېنىمىز، ھېس - تۇيغۇمىز، شەخسىيىتىمىز بىلەن يىراق تۇرۇشىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[2]

پەرزەنتلەرنىڭ پىتىنىسىگە روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش ئارقىلىق كەففارەت بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىسلەرمۇ كۆپ بولۇپ، ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى قاتارلىقلارنىڭ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ئۇزۇن ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەر كىشىنىڭ پىتنىسى ئائىلىسىدىن، مېلىدىن، ئەۋلادىدىن، نەپسى خاھىشىدىن ۋە قوشنىسىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ كەففارىتى روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، سەدىقە بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە تائەت قىلىشتا ياردەم بېرىدىغان، ئۇنتۇپ قالغانلىرىمىزنى ئەسلىتىدىغان، ئازساق نەسىھەت قىلىدىغان سالىھ پەرزەنت ئاتا قىلغاي ـ ئامىن!

## ئەۋلاد تەربىيىلەشتە ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى كۈرەش

ھەقىقەتەنمۇ شەيتان ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا

---

[1] سۇرە تەۋبە، 24 ـ ئايەت.

[2] سۇرە مۇجادىلە، 22 ـ ئايەت.

دۇشمەندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ ئىنسان بالىلىرىنى ئاللاھنىڭ تائەتتىدىن، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدىغانلىقىغا قەسەم قىلغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ئېنىقكى، مېھرىبان ئاللاھ بۇنى بىزگە ئەھۋالىمىزنى ياخشى كۆزىتىشىمىز، شەيتاننىڭ بۇ ھەقتىكى ۋەدىسىدىن ئاگاھ بولۇشىمىز ئۈچۈن خەۋەر قىلدى. بىزنىڭ شەيتاندىن يىراق بولۇشىمىز ئۈچۈن بالىلىقتىن ئىبارەت بىر دەۋرنى ئاتا قىلدى. ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ بالىلىقىدىكى بۇ مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزىۋېتىپ قالسا، پەرزەنتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەربىيىسىدە بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئىسرانىڭ 61 ـ ، 62 ـ ، 63 ـ ئايەتلىرىدە: ﴿ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)» دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «بارغىن (ساڭا مۆھلەت بەردىم)، ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بالىلىرىدىن) كىمكى ساڭا ئەگىشىدىكەن، (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن.» شەيتاننىڭ ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىسى پەقەت ئالدامچىلىقتۇر.﴾

ئىمام مۇسلىم ئىياز ئىبنى ھەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا، ”ھەقىقەتەن مەن بەندىلىرىمنى پاك ئىسلامنى بىلىدىغان پاك تەبىئەت بىلەن ياراتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى ئازدۇردى“ دەيدۇ. ـ دېدى.» بىز تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىك بولالماسلىقتەك سىناق بىلەن سىنىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق قىلىش شۇنداق بىر ھېكمەتتىنكى، پەرزەنتلىك بولۇشتىن مەھرۇم قىلىنغان ئاتا ـ ئانىلار ھەمىشە ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىگە پەرزەنت، بولۇپمۇ، ياخشى پەرزەنت تەلەپ قىلىش بىلەن دىللىرى يۇمشىغان ھالەتتە ياشايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا سۈرە شۇرانىڭ 49 ـ ۋە 50 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر.﴾

ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە پەرزەنتلىك بولالمىغان كىشىلەر باشقىلارنىڭ باللىرىنى بېقىۋېلىش، ئۇلارنى تەربىيىلەپ نەسەبلىرىنى ئۆزلىرىگە ئائىت قىلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە باللارنى ئۆز ئاتىسىغا ئائىت قىلىشقا، باشقىلارنى، «ئۇ بالام» دەپ ھېسابلىۋالماي، ئۇلارنىڭ نەسەبىنى ئۆز ئاتىلىرىغا قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. مەسىلەن، سۈرە ئەھزابنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ ئايەتلىرى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار قىلغان ئاياللىرىڭلارنى ئاللاھ سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) باللىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى. بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەق (سۆز)نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر، سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىشتا پەرزەنتلەر ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولۇشى پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى تەقۋادار كىشىلەر بولغىنىدا ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە پەرزەنتلىرىگە بۇ ھەقتە ئازغىنە كۈچ سەرپ قىلسا ۋە ئۇلارنىڭمۇ تەقۋادار ئىنسانلاردىن بولۇشىغا ياردەمچى بولسا، پەرزەنتلەر تەبىئىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىش ئىچىدا چوڭ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ ئەۋلادلار بىر ـ بىرى بىلەن قانداشتۇر.[①]﴾

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشىنىڭ پەرزەنتلىرىگە پايدا

[①] سۈرە ئال ئىمران، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەتكۈزىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىمدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام يىقىلىپ كېتەي دەپلا قالغان بىر تامنى ھەق ئالماي يېڭىلاپ ياساپ قويىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ تامنىڭ ئاستىدا ئىككى يېتىم بالىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بارلىقىنى، بۇ بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشى كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەن. ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ مۆمىنگە ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن[1]﴾ دەپ دۇئا قىلىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاللاھقا بويسۇنۇش، تائەت-ئىبادەت ئۈستىدە چوڭ بولسا، ئايەتلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك مەڭگۈ بەختلىك بولىدىغان جەننەتلەردە ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر[2].﴾

شۇنىڭ ئۈچۈن، سالىھ كىشىلەردىن بىرى بالىسىغا: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنىڭ ئۈچۈن نامازنى كۆپ ئوقۇيمەن» دېگەن. سەھلۇتتەسىتۇرى تېخى تۇغۇلمىغان بالىسى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۆزىگە ياخشى پەرزەنت بېرىلىشىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەش بىلەن بىرگە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسان بالىلىرىدىن ئالغان ۋەدىسىگە (يەنى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن دۇنياغا كېلىدىغان بارلىق ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئالغان ۋەدىسىگە) ۋاپا قىلىمەن، ھازىردىن تارتىپ تاكى ئاللاھ پەرزەنتلىرىمنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتۇرغانغا قەدەر ئۇنى پەرۋىش قىلىشنى باشلايمەن (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەل قىلىمەن).»

يۇقىرىقى مىساللار بۇرۇنقى ياخشى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەۋلادلارغا ئېرىشىشكە نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلسۇن! ئۇ، ئاڭلىغۇچى ۋە دۇئالارنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

---

[1] سورە غافىر، 8- ئايەت.

[2] سورە تۇر، 21- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بەيھەقى ئۆزىنىڭ «ئېتىقاد» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ يەنە بۇ ئايەتنىڭ ئارقىسىدىن: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر﴾[2] يەنى ئاتا- ئانىلارنىڭ سالىھ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى باراۋەر قىلىمىز دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

رىۋايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباس: «يۈكسەك ۋە پاك بولغان ئاللاھ جەننەتتە مۆمىنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەمەلى بولمىسىمۇ، مۆمىن ئاتا- ئانىسى بىلەن باراۋەر قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر» دېگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز﴾ دېگەن ئايىتىنى قايتا ئوقۇغان.

ئىبنى شاھىن ھارىس ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بىر ئادەمنى چاقىرغان پېتى سالاملاشمايلا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر ئۇ سالام بەرگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بىز جاۋاب قايتۇرغان بولاتتۇق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن: "سەن ئۇنى تونۇمسەن؟" دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ھەئە! ئۇ ھۆنەيىن ئۇرۇشىدا سەۋر قىلىپ تۇرغان 80 كىشىدىن بىرى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جەننەتلەردە باغ - بوستانلار بىلەن رىزىقلاندۇرۇلىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى.»

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بالامنى ئويلىسام‌لا نامازنى ئۇقۇيمەن، ھەم نامىزىمنى ئۇزارتىمەن ۋە ئاللاھتىن ئەۋلادىمنى يەتتە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا: ﴿ھەقىقەتەن كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلغان ئاللاھ مېنىڭ ئىگەمدۇر، ئۇ ياخشىلارغا ئىگىدارچىلىق

---

[1] سۈرە نەجم، 39- ئايەت.

[2] سۈرە تۇر، 21- ئايەت.

قىلىدۇ[1]﴾ دېگەن.»

## تويى قىلىش ۋە قۇدا ـ باجىلىق

نىكاھ نېئمىتى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان نېئمەتلىرىدىندۇر. ھەم ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىنساني ھاياتلىقنىڭ نەسىل قالدۇرۇش يولى قىلدى. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرۇلىدىغان نىكاھ ئاللاھنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بېكىتكەن ئالاقىسىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەر (نىڭ ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ ئاللاھنىڭ نېئمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟[2]﴾ ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە باللار بەردۇق[3].﴾

ئاللاھ تائالا ئىنسان بالىسىغا نىكاھتىكى بۇ ئاشكارا ھېكمەت ۋە ئۇنىڭ زېمىن يۈزىدىكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئالامەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كاتتىلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ نەپسىگە نىسبەتەن سۈلتانلىق رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا تەرەپكە يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە تەستىقلىشىمىزغا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاياللار بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.[4]﴾

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بېكىتكەن بۇ خىل ئاجايىپ قۇدا ـ باجىلىق باغلىنىش مۇناسىۋىتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈنۈشى بولۇپ، ئۇ

---

[1] سورە ئەئراف، 196 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 72 ـ ئايەت.
[3] سۈرە رەئد، 38 ـ ئايەت.
[4] سۈرە رۇم، 21 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەندىلىرىگە روھىي جەھەتتىن مىھىر ـ مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ ئىنسانىنى ئابمەنىيدىن ياراتتى. ئۇنى بالىلار نىسبەت بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ) ياراتتى، پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر.﴾[1]

## ئەر ـ ئايال بىر تۆشەكتە بولغاندا ياخشى پەرزەنت ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىش

ئابدۇرراززاق ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن كىمىكى ئايالى بىلەن بىرگە بولماقچى بولسا: "بىسمىللاھ، ئى ئاللاھ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن ۋە بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتىمىزنىمۇ شەيتاندىن يىراق قىلغىن!" دېسە، ئۇ ئىككىسىدىن تۇغۇلغان بالىغا شەيتان ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.» (ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر كىمىكى ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندا: "ئى ئاللاھ! بىزنى ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىدىغان پەرزەنتىمىزنى شەيتاندىن يىراق قىلغىن!" دېسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا پەرزەنت رىزىق قىلىپ بېرىلسە، ئاللاھ خالىسا ئۇ بالىغا شەيتان ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ دېدى» دېيىلگەن.

ئابدۇرراززاق ھەسەننىڭ: «ئەگەر بىر كىشى ئايالى بىلەن بىرگە بولغاندا: "بىسمىللاھ، ئى ئاللاھ! بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگىنىڭدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ رىزىقىمىزغا شەيتاننى ھەرگىزمۇ شېرىك قىلمىغىن!" دېسە، شۇ قېتىمدا ئايالى ھامىلدار بولۇپ قالسا، تۇغۇلغان بالىسى سالىھلاردىن بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## بالىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى

ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن نىكاھتىن ئىبارەت بۇ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھتىن ئۆزلىرىگە سالىھ پەرزەنت تەلەپ قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ. ئۆزلىرىگە

[1] سۈرە فۇرقان، 54 ـ ئايەت

سالىھ ئەۋلادنى نېئمەت قىلىپ بېرىشىنى تىلەيدۇ. ئاۋادا ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلىشنى كېچىكتۈرسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ تەلىپى بارغانسېرى كۈچىيىپ ئاللاھقا يالۋۇرۇشقا ئۆتىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئەسلىنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەبچىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي بەندىچىلىك بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسان (ئانىسىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنمىدىغان نەرسە بولمىدى.[1]﴾

## بالىنىڭ ئابىمەنىي ھالىتىدىكى ئەھۋالى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىنساننى ئۆزىنىڭ ئەسلى يارىتىلىشى ۋە نېمىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ياخشى تەپەككۇر قىلىشقا، بويسۇنۇشقا، ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇپ، چوڭچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، ئۆزىگە داۋاملىق ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن، ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى. ئۇ مەنىي ئۇمۇرتقا بىلەن قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ.[2]﴾ ﴿ئىنسانغا لەنەت بولسۇنكى، ئۇ ئەجەب كاپىر بولدى! ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھ ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟ ئاللاھ ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) ئاللاھ ئۇنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ پەيدىن- پەي ياراتتى.[3]﴾ ﴿سىلەر (ئاياللارنىڭ بەچچىدانىغا تۆكۈلگەن مەنىينى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئۇنى سىلەر (ئىنسان قىلىپ) يارىتامسىلەر؟ ياكى بىز (ئىنسان قىلىپ) يارىتامدۇق؟[4]﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنىي (يەنى ئەر بىلەن ئاياللارنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق، ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى ئازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىگە

[1] سۈرە ئىنسان، 1- ئايەت.
[2] سۈرە تارىق، 5، 6، 7- ئايەتلەر.
[3] سۈرە ئەبەسە، 17، 18، 19- ئايەتلەر.
[4] سۈرە ۋاقىئە، 59- ئايەت.

دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۈن دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.[1]﴾

## بالىنىڭ تۆرىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

ئەر- بىلەن ئايال بىرگە بولغاندىن كېيىن، ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى بالا ياتقۇدا ھامىلىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاللاھ نىڭ تەقدىر قىلغان ئوغۇل ياكى قىزلىق جىنسىيىتىگە خاس ئالامەتلەر بىلەن تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. تۆۋەندىكىلەرى بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەردۇر:

﴿ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.[2]﴾ ﴿قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ، ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى- يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.[3]﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ئاللاھ نىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا - ئاستا كۈچ - قۇۋۋەتكە

---

[1] سۈرە ئىنسان، 2- ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 6- ئايەت.

[3] سۈرە لوقمان، 34- ئايەت.

تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر.[1]﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى (يەنى ئەسلىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن ياراتتى. ئاندىن ئابىمەنىيدىن پەيدا قىلدى. ئاندىن سىلەرنى (ئەر- ئايالدىن ئىبارەت) بىر جۈپ قىلدى، ھەر قانداق ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشى ۋە تۇغۇشى ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان.[2]﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنىي، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن پارچە گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچچىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە يارىتىدۇ.[3]﴾

مانا بۇ ھامىلىلىقنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا، ئاللاھ نىڭ تۆرەلمىنى پەرۋىش قىلىشىدۇر. ئەمما ھامىلدار ئايالنىڭ ئەھۋالى بولسا، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان، ھارغىنلىق، ئاجىزلىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

﴿بىز ئىنساننى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنسانىنى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى.[4]﴾ ئەمما قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا ئالتە ئاي ئىكەنلىكىنىڭ، ئالتە ئاي قورساق كۆتۈرۈش بىلەنلا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا يەنە مەزكۇر ئايەتنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.﴾

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم تۆرەلمىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچى توغرىسىدا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «راستچىللارنىڭ راستچىلى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق ھەدىس بايان قىلىپ بەرگەن: "ھەقىقەتەنمۇ ھەر بىر ئىنسان ئانىسىنىڭ قورسىقىدا دەسلەپكى ئابىيمەنىيلىك ھالەتتە قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئۇيۇلما قان ھالەتتە قىرىق كۈن، ئاندىن بىر چىشلەم گۆشچىلىك ھالەتتە قىرىق

[1] سۈرە ھەج، 5- ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر، 11- ئايەت.
[3] سۈرە زۇمەر، 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەھقاف، 15- ئايەت.

www.uyghurkitap.com

كۆن تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇ ھامىلىگە جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپ جان كىرگۈزىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ رىزقى، ئەجىلى، ئەمەلى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۆت ئىشنى يېزىشقا بۇيرۇيدۇ.“» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغماسلارغا كۆرسەتكەن داۋاسى

ئەبۇ ھەنىيفە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ تائالا ماڭا پەرزەنت بەرمىدى، يەنى ئايالىم پەقەتلا تۇغمىدى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ساڭا پەرزەنت بېرىلىشى ئۈچۈن كۆپلەپ ئىستىغفار (مەغپىرەت تەلەپ قىلىش) ئېيتمىدىڭمۇ، كۆپلەپ سەدىقە بەرمىدىڭمۇ؟“ دېدى. ئۇ ئادەم شۇندىن كېيىن ئىستىغفارنى تېخىمۇ كۆپ ئېيتىدىغان، سەدىقىنىمۇ تېخىمۇ كۆپ بېرىدىغان بولدى.» جابىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ توققۇز ئوغلىنىڭ بولغانلىقىنى كۆردۈم.» موللا ئەلى قارىي بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە ئاللاھنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بەرگەن تۆۋەندىكى ئايەتنى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ دەلىلى ئورنىدا كەلتۈردى: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلارنى ئاتا قىلىدۇ.[①]»﴾

ئىمام ئەھمەد بىلەن ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى كۆپلەپ ئىستىغفار ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى كۆتۈرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. روھىي سىقىلىشلىرىنى ئازادىلىككە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىقلار بىلەن رىزىقلاندۇرىدۇ.»

[①] سورە نۇھ 10 ـ 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر.

## ئاتا ـ ئانىسىدىن ياكى بالىسىدىن تانغانىنىڭ جازاسى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بالىسىدىن تانسا، ئاللاھ ئۇنى دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ. قىيامەت كۈنى (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۆمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى رەسۋا قىلىش ئارقىلىق قىساسقا قىساس ئالىدۇ.» (بۇنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان).

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"ئاللاھ تائالانىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلار بىلەن گەپلەشمەيدۇ. ئۇلارنى ھېچكىم ئاقلىمايدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچكىم قارىمايدۇ" دېگەندە، ساھابىلار: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىم؟" دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاتا ـ ئانىسىدىن تانغان، ئۇ ئىككىسىنى تاشلىۋەتكەن ۋە بالىسىدىن تانغان كىشىلەردۇر" دەپ جاۋاب بېرىدۇ.» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىيمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قاتتىق ئازاب بار» دېگەنلىكىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئەبۇيەئلا ۋە ئەلبەغەۋىي قاتارلىقلار خەششاش ئەلئەنبەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئوغلۇم بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: "بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ھەئە" دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ ئوغلۇڭ ساڭا يامانلىق قىلمايدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلما" دېدى.»

ھاكىم خەششاش ئەلئەنبەرىنىڭ ئوغلى ئەبۇ رەمسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئاتام بىلەن بىللە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردىم. ئاتام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلدى، بىز ئۇ يەردە بىر ئاز ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتامدىن: "بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ؟" دەپ سورىدى. ئاتام: "كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، شۇنداق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "راستمۇ؟" دېدى. ئاتام: "ئۇنىڭ (يەنى ئوغلۇم) بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ دادامغا ئوخشاشلىقىمغا قاراپ ۋە دادامنىڭ قەسىمىگە تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ: "بۇ ئوغلۇڭ ساڭا يامانلىق قىلمايدۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا يامانلىق قىلما" دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بىر گۇناھكار ئادەم يەنە بىراۋنىڭ گۇناھىنى كۆتەرمەيدۇ

(يەنى بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ ئۇنىڭ قىلغان ئىشى كەلگۈسىدە كۆرۈلىدۇ (يەنى ئۇنىڭ ئەمەلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا توغرىلىنىدۇ ئاندىن ئۇنىڭغا تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ. ھەممىنىڭ ئاخىرى بارىدىغان جايى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ ئىنسانىنى كۈلدۈرەلەيدۇ ۋە يىغلىتالايدۇ. ئاللاھ ئۆلتۈرۈشكە ۋە تىرىلدۈرۈشكە قادىر. ئاللاھ بىر جۈپنى- ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى. ئېتىلىپ چىققان مەنىيدىن (ياراتتى). (ھېساب ئۈچۈن ئىنسانلارنى) ئىككىنچى قېتىم يارىتىشنى ئۈستىگە ئالدى. ئاللاھ ئىنسانىنى باي قىلالايدۇ ۋە مەمنۇن قىلالايدۇ. ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇ (يەنى ئاللاھ) قەدىمكى ئادنى ھالاك قىلدى سەمۇدنىمۇ (ھالاك قىلدى. ئۇلاردىن بىرىنىمۇ) قويمىدى ئىلگىرى نۇھنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلغان ئىدى)، شۈبھىسىزكى، ئۇلار تېخىمۇ زالىم، تېخىمۇ سەركەش ئىدى لۇد قەۋمىنىڭ شەھەرلىرىنى دۈم كۆمتۈرىۋەتتى، ئۇنى (دەھشەتلىك تاشلار) قاپلىۋالدى. (ئى ئىنسان!) پەرۋەردىگارىڭنىڭ قايسىبىر نېئمىتىدىن گۇمانلىنىسەن؟ بۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرىكى ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولغان بىر ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر)﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.»

[1] سۈرە نەجم، 38 ـ ئايەتتىن 56ـ ئايەتكىچە.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئىككى ياشقىچە بولغان مەزگىلى

مۇقەددىمە: تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئالار.

1ـ تۇغۇتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىكى ئەمەللەر؛

زاكات ـ پىترە بېرىش، مىراسقا لايىق بولۇش، خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش، ئەزان ئېيتىپ تەكبىر ئوقۇش، دۇئا قىلىش ۋە ئېغىزلاندۇرۇش.

2 ـ بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىنىدىغان ئەمەللەر؛

ئىسىم قويۇش، چېچىنى ئالدۇرۇش، ئەقىيقىسىنى قىلىش، خەتنىسىنى قىلىش.

3 ـ بالىنى ئىككى يىل ئېمىتىش.

4 ـ ئېمىۋاتقان بالىنىڭ سۈيدۈكى ۋە ئۇنى پاكلاش.

5 ـ ئانىلارنىڭ ئېمىۋاتقان بالىلىرىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.

6ـ چوڭ ـ كىچىك تەرتىپنى باشقۇرالمايدىغان ياشتىكى بالىنى مەسجىتكە ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

7 ـ بالىنى بېقىش ئانىنىڭ ھەققى.

8 ـ ئاتىنىڭ بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر بالىنى ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ دېيەلەيدىغان قىلىپ تەربىيلىسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

—— تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان

## مۇقەددىمە

# تۇغۇتنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئالار

ئانا بالىنى تۇغىدىغان ئاشۇ دەقىقىلەردە روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە تاھايىتى چارچايدۇ. تولغاق ـ ئاغرىق تۇپەيلىدىن بەدەننى ئىنتايىن قىينايدىغان بىر ھادىسە. بالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتى ئەر ـ ئايال ئىككىيلەنگە نىسبەتەن ئەڭ مۇشكۇل بىلىنىدىغان ھالقىلىق پەيتلەردۇر. ئاللاھ تائالا سۇرە مەريەمدە ئاشۇ قىيىن دەقىقىلەرنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تولغاقنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەريەم ئېيتتى: «كاشكى مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەمچۇ![1]»﴾

تۇغۇت ئالدىدىكى تولغاق تۇتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ تولغىقى تۇتقاندا ئوقۇشقا بۇيرىغان دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. ئىبنى سىننىينىڭ قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە تۇغۇت ئالدىدىكى تولغاق ئازابىنى تارتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئۇممۇ سەلەمە ۋە زەينەب بىنتى جەھشنى فاتىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئايەتۇلكۇرسى بىلەن:

﴿شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە (يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر بىرىنى قوغلىشىدۇ (يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)؛ ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھ نىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش (يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا ئاللاھ نىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.[2]﴾ دېگەن ئايەت بىلەن: ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ دۇر، ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. ئاللاھ خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، (قىيامەت

---

[1] سۇرە مەريەم، 23 ـ ئايەت.

[2] سۇرە ئەئراف، 54 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com



كۈنى) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ۋەز نەسىھەت ئالامسىلەر؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇشقا ھەم ئۇنىڭغا قېتىپ سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇپ، شەيتاندىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇدى.

ئىبنى سۇننى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتى تەسلەشكەندە: ﴿ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىردەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ﴾[2] ﴿ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ)﴾[3] ﴿ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ﴾[4] دېگەن ئايەتلەرنى بىر قاچىغا يېزىپ، ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ ئۇنىڭدىن ئايالغا ئىچكۈزسۇن. ئۇ سۇنى ئۇ ئايالنىڭ قورسىقى ۋە ئالدىغا سەپسۇن.»

ئايال كىشى بۇ قىيىن سائەتلەردە چىن يۈرىكىدىن دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنسۇن. قانچىلىك دەرىجىدە ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تولغاق ئازابى ۋە تۇغۇتىدىكى مۇشكۇلچىلىككە سەۋر قىلىش كۈچى ئاتا قىلىدۇ ۋە شۇ كۈندىكى تولغاقنىڭ، قىيىنچىلىقلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان سەۋەبلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

شەيخ ئىبنى زەفەرىل مەككى مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا يەتكۈزۈلگەن بىر خەۋەردە ئابا سىررى مەنسۇر ئىبنى ئاممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىنى قاتتىق تولغاق تۇتقان بىر پەيتتە ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بالا ئىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا: "ئى مەنسۇر! تېز بېرىپ داداڭنى چاقىرىپ كەل!" دەيدۇ. ئۇ ئانىسىغا: "مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قولىدىن ھېچ بىر پايدا ـ زىيان كەلمەيدىغان مەخلۇقتىن ياردەم تىلىمەكچى بولىۋاتامسىز؟ مېنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتەمسىز؟" دەيدۇ. ئانىسى: "مەن بەلكىم ھازىر ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، تېز بولغىن!" دەيدۇ. ئۇ ئانىسىغا: "سىز: ئى ئاللاھ! ماڭا ياردەم قىل! ـ دەپ تىلەڭ" دەيدۇ، ئانىسى ئاللاھتىن

[1] سۈرە يۇنۇس، 3 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەھقاف، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە نازىئات، 46 ـ ئايەت.
[4] سۈرە يۇسۇف، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنداق دۇئا قىلىپ تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەنلا بالا تۇغۇلۇشقا باشلايدۇ.»

ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى يېقىنىدىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭ بەندىلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى باشلىنىشتىلا بولىدۇ. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئايەتتە ئىشارەت بار: ﴿ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى.﴾[1] شۇنىڭ بىلەن بالا تۇغۇلۇپ بوۋاقلىق ھاياتىنى باشلاش ئۈچۈن تۆرەلمىلىك ھاياتىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن بالىنىڭ تۇۋەندىكى ھوقۇقلىرى باشلىنىدۇ.

## تۇغۇتنىڭ بىرىنچى كۈندىكى ئەمەللەر

1 ـ پىترە زاكات بېرىش. ئاللاھ خالىسا، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتىنى ئۈچىنچى بۆلۈمدە بايان قىلىمىز.

2 ـ مىراسقا ھەقلىق بولۇشى. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۇغۇلغان بالا يىغلىغان بولسىلا، ئۇنىڭغا مىراس بېرىلىدۇ.»

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە مەنسۇر ئىبنى مەخرەمە قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا يۇقىرى ئاۋاز چىقارمىغىچە مىراس بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرى ئاۋاز چىقارغانلىقى، ۋاقىرىشى، قاتتىق چۇشكۇرۇشى ياكى يىغلىشىدۇر.»

«شەرھ سۇننە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئايالى ئېغىر ھامىلىدار بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بالىسى تېخى تۇغۇلمىغان ھالەتتە بولسا، ئۇنىڭ مىراسى تاكى بالا تۇغۇلغىچە تەقسىم قىلىنماي توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر بالا تىرىك تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا مىراس تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ناۋادا ئۆلۈك تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا مىراس بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان قىسمى باشقا مىراسخورلارغا تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ناۋادا ئۇ تۇغۇلغاندا ھايات تۇغۇلغان يەنى يۇقىرىدا دېگەندەك ھايات تۇغۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرەرىنى قىلسا، ئۇ كېيىن ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ مىراستىكى ھەققى ئايرىلىدۇ.»

3 ـ يېڭى تۇغۇلغان بالا بىلەن كىشىلەرگە خۇشخەۋەر بېرىش ۋە ئۇنى تەبرىكلەش.

---

[1] سۇرە ئەبەسە، 20 ـ ئايەت.

ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى قۇرۇلۇشىنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان مۇسۇلمان قېرىندىشىغا كەلگەن خۇشاللىقتىن خۇشال بولۇش ۋە كەلگەن مۇسىبەتكە قايغۇرۇش شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە بىر يېڭى بوۋاق قوشۇلغان ھامان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام) نى پەرىشتىلەر تەبرىكلىگەنگە ئوخشاش، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئۇ بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىشى كېرەك!

تۆۋەندىكىلەر زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتىنى قانداق تەبرىكلىگەنلىكى ھەققىدىكى ئايەتلەردۇر: ﴿ئۇ ئىبادەتگاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا ئاللاھنىڭ كەلىمىسى (يەنى ئىسا) نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ» دەپ نىدا قىلدى.[1]﴾ ﴿(ئاللاھ ئېيتتىكى) ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا (پەرىشتىلەر ئارقىلىق) يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق.[2]﴾

مۇبارەكلەش ۋە خۇشخەۋەر بېرىش ئاتا- ئانىنىڭ دىلىدىكى خۇشاللىقنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ. ھەم مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ چىڭىيىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاتا- ئانىنى مۇبارەكلىگەندە: «سىزگە بېرىلگەن بۇ سوۋغاتقا مۇبارەك بولسۇن! بۇ سوۋغاتنى ئاتا قىلغان رەببىمىزگە رەھمەت ئېيتىڭ. ئاللاھ سىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! بالىنىڭ ياخشى ئۆسۈپ - يېتىلىشىنى نېسىپ قىلسۇن!» دېگەندەك خەيرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ.

4- ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئەلى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بالىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتقان.

دەھلەۋىي بۇنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى، ئەزان — ئىسلامنىڭ شوئارلىرىدىندۇر.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 39- ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم، 7- ئايەت.

ئىككىنچى، ئەزان ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىنىڭ باياناتچىسىدۇر.

ئۈچىنچى، قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش ئارقىلىق بوۋاقنىڭ قەلبىنى شۇ ئەزانغا باغلاش.

تۆتىنچى، ئەزاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، شەيتان ئەزاننى ئاڭلىغاندا قاچىدىغان بولۇپ، ھەدىستە كەلگىنىدەك شەيتان يېڭى تۇغۇلغان بالىغا ئەزىيەت قىلىدىغان بولغاچقا، شۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇلاققا ئەزان ئوقۇلىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەريەم ئوغلى ئىسادىن باشقا ھەرقانداق بىر بوۋاق تۇغۇلغان ھامان يىغلايدۇ. چۈنكى، شەيتان يېڭى تۇغۇلغان بالىنى سىقىپ، ئەزىيەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالا يىغلايدۇ.» ئەبۇھۇرەيرە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «سىلەر بۇ ئەھۋالدا خالىساڭلار: ﴿مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سىغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن[①]﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار.»

ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىشنىڭ يۇقىرىقىدىن باشقا ھېكمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بەشىنچى، بوۋاق ئەزاندىن ئىبارەت ئىسلامدىكى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى بىلدۈرىدىغان شۇئارنى، ئاللاھنىڭ دىنىغا تۇنجى بولۇپ كىرگۈچىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆزلۈكلەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا كەلگەنلىكىنى، تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئالتىنچى، ئىسلام شۇئارى بولغان ئەزان ئۇنىڭ يۈمران قەلبىگە تۇنجى بولۇپ كىرگەن بولغاچقا، ئۇ باشقا نەرسىلەرگە قارىغاندا ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ھەم يېقىن تۇيۇلۇپ، ئۇنى ئۇچ كۆرمەيدۇ.

يەتتىنچىدىن، شەيتاننى بالىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، شەيتان بالا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇ بالا بىلەن ھەپىلىشىدۇ. شۇڭا ئەزان ئوقۇلسا، ئاللاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن شەيتان بالىدىن ۋە ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىشتىن يىراق قىلىنىدۇ. ھەم ئۇنىڭ دىلىغا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنىڭ كىرىشىدىن پاناھلاندۇرغىلى بولىدۇ.

سەككىزىنچى، بۇ ھېكمەتنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەزان ئىسلام دىنىغا قىلىنغان بىر دەۋەتتۇر. يەنى ئاللاھنىڭ بەندىسىنى ئاللاھ تەرەپكە، ئىسلام دىنى تەرەپكە دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. كىمكى شەيتان تەرەپكە دەۋەت قىلسا، خۇددى ئاللاھ شەيتانى

---

[①] سۈرە ئال ئىمران، 36 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

رەھمىتىدىن قوغلاندى قىلىنغىنىدەك، شەيتانغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىنىمۇ رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ. ئەزاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

تۇغۇلغان بوۋاق مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەدىيەسىدۇر، شۇنداقلا بەندىسىگە ئاتا قىلغان نېئمىتىدۇر.

تەبەرانىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىز تۇغۇلسا، ئاللاھ تائالا پەرىشتە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا بەرىكەت ۋە رىزىق بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشكە ۋە: "ئاجىزە ئاجىزەنى تۇغقانلىقى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمەن" دېگەن سۆزنى دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. ناۋادا تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسا، ئاللاھ ئاسماندىن بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ بالىنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقىغا سۆيۈپ: "ئاللاھ ساڭا سالام دېدى" دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.»

5- بېرىلگەن بۇ يېڭى نېئمەت ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىش.

ھافىز ئەبۇ يەئلا ئەلمۇسىلى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە ئۆز ئەھلىدىن نېئمەت بەرسە (بالا ئاتا قىلسا)، ئۇ بەندە: "ماشائاللاھ لاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ" دېسە، ئۇ ھاياتىدا ئۆلۈمدىن باشقا ئاپەت كۆرمەيدۇ.»

6- بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوغلۇم تۇغۇلغاندا، ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئىبراھىم" دەپ ئىسىم قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر تال خورما يېگۈزدى.» بۇخارى ئۆزىنىڭ بۇ رىۋايىتىدە: «ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە ئۇنى ماڭا بەردى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن قىلغان رىۋايىتىدە، ئەسمانىڭ مەككىدە ئېغىر ئاياق بولغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن سۆزىنىڭ داۋامى ئەسمانىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن داۋاملىشىدۇ: «مەن تۇغۇشقا ئاز قالغاندا مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقتىم ۋە مەدىنىدىكى قۇباغا كەلگەندە تۇغدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بالامنى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا قويدۇم. ئۇ بىر تال خورما ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. خورما ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۇ خورمىنى چايناپ بالىنىڭ ئاغزىغا سالدى. بالىنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۈكۈرۈكى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ خورما بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ مۇبارەكلىدى. بالام مەدىنىگە مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن تۇغۇلغان تۇنجى بالا ئىدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ناھايىتى خۇشال بولۇشتى، چۈنكى مۇسۇلمانلارغا: "يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغماسلىقى ئۈچۈن سېھىر قىلدى، ئەمدى مۇسۇلمانلار تۇغمايدۇ" دېگەن خەۋەر يەتكەنىدى.»

ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېڭى تۇغۇلغان بالىلار كەلتۈرۈلەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇبارەكلەيتتى ۋە ئۇلارنى ئېغىزلاندۇراتتى. بىر قېتىم بىر بوۋاق كەلتۈرۈلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىگە سىيىپ قويۇۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئەكەلدۈرۈپ سىيىلگەن يەرگە سۇنى ئاققۇزدى.»

ئىمام نەۋەۋىي بۇ رىۋايەتتىكى: «ئۇلارنى مۇبارەكلەيتتى» دېگەن سۆزنى «ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى ۋە ئۇلارنى سىلايتتى» دەپ تەپسىر قىلدى.

بۇ ھەدىستىن پايدىلىنىدىغان ھۆكۈملەر:

- بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ مۇستەھەبلىكى.
- سالىھ ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەردىن دۇئا ئېلىش.
- بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىنىشى ئۈچۈن بالىنى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش.
- چوڭ - كىچىك بارلىق كىشىلەرگە كەمتەر، سىلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «(ئانام) ئۇممۇ سەلىم يەڭگىگەندە، ماڭا بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرىدى. مەن بالىنى ئېلىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىگە يەم بېرىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بىر تون كىيىۋالغان ھالەتتە ئىكەن. ئۇ مەندىن: "سەندە خورما

بارمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ھەئە" دېدىم. ئۇ خورمىلارنى ئاغزىغا سېلىپ يۇمشاق چايناپ بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى. يەنى ئۇنىڭ بىلەن بالىنى ئېغىزلاندۇرغاندىن كېيىن "ئەنسارىلار خورمىنى ياخشى كۆرىدۇ" دېدى. بالىنى ئېغىزلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا "ئابدۇللاھ" دەپ ئىسىم قويدى. ئەنسارىلار ئىچىدە ئابدۇللاھدەك ياخشى بىرىنى بىلمەيمەن.»

## بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىنىدىغان ئەمەللەر

1 ـ بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇش:

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن قىلىنىدىغان ھۆرمەت ئۇنى چىرايلىق ئىسىم ۋە كۇنىيەتلەر (تەخەللۇس) بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن زىننەتلەشتۇر. چىرايلىق ئىسىم ئاڭلىنىشتىمۇ تۇنجى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر سۆيۈنۇش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ئارقىلىق دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئاللاھنى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.[1]﴾

ۋە يەنە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ئېسىل سۈپەتلەشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار دېگىن.[2]﴾

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنۇ ھەممە پەرزەنتىگە ئەڭ گۈزەل ئىسىملارنى تاللاپ قويغان. ھەمدە مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفە دېگەندەك ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك ئىسىملار بىلەن چاقىرىلىشنى يولغا قويغان.

ئەبۇ يەئلا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئەگەر بالام تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىسمىڭىز ۋە تەخەللۇسىڭىزنى قويسام بولامدۇ؟" دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەن.

[1] سۈرە ئەئراف، 180 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا، 110 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، كۇنىيىتى (تەخەللۇسى) ئەبۇلقاسىم ئىدى.

ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى ئەبۇۋەھب جەشمىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇڭلار، ئىسىملارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇراھماندۇر. ئەڭ توغرا بولغان ئىسىم هارىس ۋە ھەمامدۇر. ئىسىملاردىن ئەڭ يامان بولغىنى ھەرب ۋە مۇررە دېگەن ئىسىملاردۇر.»

ئەبۇداۋۇد ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى ھەر بىرىڭلار ئىسمىڭلار ۋە ئاتىلىرىڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر، ياخشى ئىسىملارنى قويۇڭلار!»

ئىمام مۇسلىم ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھماندۇر.»

تەبەرانىينىڭ ئەبۇبەسرەدىن قىلغان ئىشەنچلىك رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىسىملىرىڭلاردىن ئەڭ ياخشى بولغىنى ئابدۇللاھ، ئابدۇرراھمان ۋە هارىستۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سۆزىگە شۇنچىلىك ئەمەل قىلىشقانكى، ئىبنى سەلاھ: «ساھابىلارنىڭ ئىچىدىلا ئابدۇللاھ ئىسىملىكلەردىن 220 سى بار ئىدى» دەيدۇ. ئىراقى مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلاردىن ئابدۇللاھ ئىسىملىكلەردىن 330 كىشى بار ئىدى.»

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭغا "ئابدۇللاھ" دەپ ئات قويغانلىقى ھەققىدىكى گۈزەل ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئانام ئۇممۇ ھارىسە ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: "مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىدا ئىكەن. ئۇ ماڭا:ئى ئۇممۇ فەزل! ـ دېدى. مەن: خوش، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ـ دېدىم. ئۇ: سەن بىر ئوغۇلغا ھامىلدار بولۇپ قالدىڭ، ـ دېدى، مەن: قۇرەيشلەر مۇسۇلمان ئاياللىرىنى تۇغدۇرماسلىققا بىرلىككە كەلگەن تۇرسا[1]، بۇ

---

[1] بۇ، ھىجرەتتىن ئىلگىرى قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقانلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپشۇرۇپ بەرمىگەن جامائەتنى بىرلىكتە ئەبۇ تالىب جىلغىسىغا قاماشقا ۋە ئۇلارغا ئىمبارگو يۈرگۈزۈشكە بىرلىككە كەلگەن ۋاقىتتىكى ۋەقەلىك بولۇپ، بەزى رىۋايەتلەردە: «قۇرەيشلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن نىزامنامىسىدا مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ تۇغۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

قانداق بولىدۇ؟ - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن تۇغىسەن، بالا تۇغۇلغاندا ماڭا ئېلىپ كەلگىن، - دېدى. بالا تۇغۇلغاندا، مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ بالىغا: ئابدۇللاھ دەپ ئات قويدى. ئاندىن: بالىنى ئېلىپ كەتكىن، بۇ بالا ناھايىتى ئەقىللىق بالا بولىدۇ، - دېدى. مەن ئۇنى ئېلىپ دادىسى ئابباسنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بەردىم، ئۇ تەبەسسۇم قىلدى (كۈلۈمسىرەپ قويدى). بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى. ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن قامەتلىك كىشى ئىدى. ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆيۈپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەرقانداق كىشى ئۆز تاغىسى بىلەن پەخىرلەنمەكچى بولسا، مانا بۇ مېنىڭ تاغام، - دېدى. ئابباس بەزى گەپلەرنى قىلىپ: ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! - دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نېمە ئۈچۈن ئۇنداق دېمىگۈدەكمەن، سەن مېنىڭ تاغام، ئاتىلىرىمنىڭ قالدۇقى (ۋارىسى) تۇرساڭ، تاغا دېگەن ئاتا دېمەكتۇر، - دېدى.“»

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۈگۈن كېچە مېنىڭ ئوغلۇم تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم.»

ئىمام مۇسلىم كىتابىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئارىمىزدىن بىرىنىڭ ئوغلى تۇغۇلغاندا ئۇ ئوغلىغا ”ئەبۇقاسىم“ دەپ ئىسىم قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا: ”سەن بالاڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش كۇنىيەت[①] قوللانساڭ بولمايدۇ“ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئوغلۇڭغا ئابدۇرراھمان دەپ ئىسىم قويغىن!“ دېدى.»

يەنە بىر ھەدىستە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «ئارىمىزدىن بىرىنىڭ ئوغلى تۇغۇلغاندا ئۇ ئوغلىغا ”مۇھەممەد“ دەپ ئىسىم قويدى. ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭغا: ”سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوخشاش ئىسىمنى قويمىغىن!“ دېدى. ئۇ ئادەم بالىسىنى ھاپاش قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويغانىدىم، مېنىڭ قەۋمىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويمىغىن دەپ تۇرىۋالدى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[①] كۇنىيەت — ئەرەبلەر ئوغۇل تۇغۇلغاندا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە «پالانىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، شۇنى كۇنىيەت دەپ ئاتايدۇ.

"مېنىڭ ئىسمىمنى قويغىن، لېكىن كۇنيەتىمنى قوللانمىغىن، مېنىڭ كۇنيەتىم: قاسىم. مەن ئاراڭلاردا تەقسىم قىلغۇچىمەن" دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھلارنىڭ ئىسمىنى قويغانلىقىنى تەستىقلىغان ئىدى. ئىمام مۇسلىم مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن نەجرانغا بارغاندا (بۇ يەر خرىستىئانلار كۆپ بولغان بىر جاي) نەجرانلىقلار كېلىپ. مەندىن: "سىلەر قۇرئاندىن: ﴿ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى!﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇيسىلەر ۋە مۇسانىڭ ئىسادىن بۇرۇن مۇنداق- مۇنداق ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ بىلىسىلەر؟" دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغاندا بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ: "ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە بۇرۇن ئۆتكەن سالىھ كىشىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇشاتتى" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.)

ھۆرمەتلىك ساھابە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام پەرزەنتلىرىگە شېھىت ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىلا تاللاپ قويۇش ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاللاھ يولىدا ئۇلار ئېرىشكەن شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلغان.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ تەمىيمى ئوغۇللىرىغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى قويماقچى بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن باللىرىغا ئۇلارنىڭ شېھىت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، شېھىتلەرنىڭ ئىسمىنى قويدى.»

يۇقىرىقى قائىدىگە ئاساسەن، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنچىسىگە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان جەھشىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئىسمىنى قويدى، ئىككىنچىسىگە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىۋاتقان ۋاقتىتا شېھىت بولۇپ كەتكەن بەنى سائادە قەۋمىدىن بولغان ئەمرۇ ئەنسارىنىڭ ئوغلى مۇنزىرنىڭ ئىسمىنى، ئۈچىنچىسىگە مەسئۇد سەقفىينىڭ ئوغلى ئۇرۋەنىڭ ئىسمىنى، تۆتىنچىسىگە مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى جەئفەرنىڭ ئىسمىنى، بەشىنچىسىگە ئۇھۇدتا شېھىت بولغان بايراقدار ئۇمەيرنىڭ ئوغلى مۇسئەبنىڭ ئىسمىنى، ئالتىنچىسىگە بەدرى شېھىتلىرىدىن بىرى بولغان ھارىسەنىڭ ئوغلى ئۇبەيدەنىڭ ئىسمىنى، يەتتىنچىسىگە مەرجىسسەپەر ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان سەئىدنىڭ ئوغلى خالىدنىڭ ئىسمىنى قويدى، سەككىزىنچىسىگە يەرمۇك ئۇرۇشىدا

شېھىت بولغان خالىدنىڭ بىر تۇغقىنى سەئىدنىڭ ئوغلى ئۆمەرنىڭ ئىسمىنى قويدى. توققۇزىنچىسىغا ئۇھۇدتا شېھىت بولغان ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ ئوغلى ھەمزىنىڭ ئىسمىنى قويدى. (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!)

■ شەيتان دائىم ئىنسانغا يامان ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىسىملارنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ:

بۇنداق يامان ئىسىملاردىن يىراق بولغان ئەر- ئاياللار بەختلىك بولىدۇ.

ئىمام تىرمىزى سەئىد ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەۋۋا ئانىمىز ھامىلە بولغاندا شەيتان دائىم كېلىپ ئۇنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ تۇغۇلغان بالىسى ياشىماي ئۆلۈپ كېتەتتى. شەيتان ئۇنىڭغا: "بالاڭغا ئابدۇلھارىس دەپ ئىسىم قوي، ئۇ ئاندىن ياشايدۇ" دېدى. ئۇ شۇنداق ئىسىم قويدى، بالىسى ياشىدى. بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە بۇيرىقى ئىدى.»

■ قويۇلۇشى مەكرۇھ بولغان ئىسىملار:

ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئەبۇداۋۇدتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوغلۇڭغا ياسار (سول)، راباھ (ئوغلاق)، نەجىھ (توغرا پىكىرلىك ئادەم) ۋە ئەفلەھ (خالىغىنىنى قىلالىغان ئادەم) دەپ ئىسىم قويما!» دېگەن.

ئىمام تىرمىزى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن رافىئ، بەرەكە ۋە يەسار دېگەن ئىسىملارنى قويۇشنى چەكلەيمەن.»

تۆۋەندە دىققەت قىلىسىڭىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يامان ۋە سەت ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايسىز.

ئىمام تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەت ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى، تۆۋەندىكى ئىسىملار ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملار قاتارىدىندۇر. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەررە دېگەن ئىسىمنى زەينەبكە ئۆزگەرتىۋەتكەن.»

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد مۇھەممەد ئىبنى ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىزىمغا بەررە دەپ ئىسىم قويدۇم، زەينەب بىنتى ئەبۇ سەلەمە ماڭا: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسىمنى چەكلىگەن، ئەسلىدە مېنىڭ ئىسمىممۇ بەررە

ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆزەڭلارنى ئاقلىماڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ياخشىلىق (يەنى بەررە) ئەھلىنى بەكرەك بىلگۈچىدۇر. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلار: ئۇنداقتا ئۇنى قانداق ئىسىم بىلەن ئاتايمىز؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: زەينەب دەپ ئاتاڭلار! ـ دېدى" دېگەنىدى.»

**ئاسىيەنى جەمىلەگە ئۆزگەرتتى.**

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسىيە ئىسىمىنى جەمىلەگە ئۆزگەرتكەن.

**ئەسرەمنى زۇرئەگە ئۆزگەرتتى.**

ئەبۇداۋۇد، بەشىر ئىبنى مەيمۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ تاغىسى ئۇسامە ئىبنى ئەخدەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى "ئەسرەم" ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: "ئىسمىڭ نېمە؟" دەپ سورىدى، ئۇ: "ئەسرەم (ئاياغ چەمى)" دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەلكى سەن زۇرئە (مايسا)" دېدى.»

سوئال: بالىغا ياخشى ئىسىم قانداق تاللىنىدۇ؟

بۇنىڭغا ئىمام مەۋەردىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇنداق ئۈچ خىل تاللاش باردۇر:

1) ئىسىم دىن ئەھلى، پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن ئېلىنغان بولۇشى لازىم، ئۇلارنى سۆيۈش، ئىسىملىرىنى ئەۋلادلارغا قويۇش ئۇلارنى ئەسلەش نىيەت قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا كەلگەن ھەدىسلەردە بايان قىلىنغاندەك ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھماندەك ئىسىملارنى قويۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش.

دەھلەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھنىڭ زىكرى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بولغان ۋە بولمىغان ئەمەللىرىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا ئورۇن ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بولۇپ، ئىنساننىڭ ھەر بىر ھۆججىرىسى ھەقىقەتنى دەۋەت قىلىدىغان بىر تىلغا ئايلىنىشى كېرەك. تۇغۇلغان بالىغا مۇشۇ مەقسەتتە ئىسىم قويۇش ئاللاھنىڭ يالغۇز ئىلاھلىق سۈپىتىنى ئىلان قىلىشتىن ئىبارەت باسقۇچتۇر. بۇرۇنقى دەۋردە ئەرەبلەر ۋە باشقا مىللەتلەر بالىلىرىغا ئۆزلىرى ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش

ئۇچۇن كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىغىمۇ ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئىسىملارنى قويۇش ۋاجىپ بولدى. ئىككى ئىسىم يەنى "ئابدۇللاھ" بىلەن "ئابدۇراھمان" ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىغا قېتىلىپ قويۇلىدىغان ئىسىملار ئىچىدە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىسىملاردىن بولدى. بۇ ئىسىمنىڭ شۆھرەتلىك مەشھۇرلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بۇئىككى ئىسىمنى ئاللاھنىڭ باشقا ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ چاقىرىلىدىغان ئىسىملارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ ئىسمىدىن ئايرىپ چاقىرىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، سىلەر يەنە يېڭى تۇغۇلغان بالىغا: "مۇھەممەد"ياكى "ئەھمەد" دەپ ئىسىم قويۇشنىڭ نېمە ئۇچۇن ياخشى ئىكەنلىكىگە ئائىت سىرنى بىلەمسىلەر؟ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەزەلدىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئۇزلىرىنىڭ نەزىرىدە چوڭ بىلىنگەن بۇزۇنقى ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇشۇ بويىچە بولغاندا مۇھەممەد بىلەن ئەھمەدمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ دىندار بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

2) قويۇلغان ئىسىمنىڭ ھەرپلىرى قىسقا، چاقىرىشقا ئاسان، سۆزلەشكە قولايلىق، ئۇنى ئەستە ساقلاش ئاسان بولىدىغان ئىسىملار بولۇشى كېرەك.

3) مەنىسى چىرايلىق، قويۇلغان كىشىگە مۇناسىپ ۋە جەمئەتتە ئىچىدە چاقىرىلىدىغان ئىسىملاردىن بولۇشى كېرەك.

2. چېچىنى چۈشۈرۈش.

ئىمام مالىك (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەن، ھۈسەين ۋە ئۇممۇكۇلسۇمنى تۇغقاندا ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرتۈپ، چاچلىرىنىڭ ئېغىرلىقى مىقدارىدا كۈمۈش سەدىقە قىلغان.

ئىبنى ئىسھاقنىڭ زىكرى قىلىشىچە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئوغلى ھەسەننى تۇغقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى فاتىمە! ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقى مىقدارى كۈمۈش سەدىقە قىلغىن!» دېگەن. فاتىمە ئانىمىز ئوغلىنىڭ چۈشۈرۈلگەن چېچىنى ئۆلچىگەندە، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىر دەرھەم ياكى يېرىم دەرھەم كۈمۈشنىڭ مىقدارىچىلىك كەلگەن.

شەيخ دەھلەۋىي بۇ ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك كۈمۈش سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇلۇشنىڭ سەۋەبى بالا قورساقتىكى ھامىلىلىك ھالىتىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاققا ئايلانغاندىن كېيىن، بالىغا ئەزان ئېيتىش ئارقىلىق بالا بېرىلگەنلىك نېئمىتىگە شۈكۈر قىلىش لازىم

ئىكەنلىكىدۇر. ئالتۇننىڭ ئورنىغا كۈمۈش سەدىقە قىلىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئالتۇننى ھەممە ئادەمنىڭ سەدىقە قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدىغانلىقى، ھەم بۇنىڭدىن باشقا مالنىڭ مىقدارىنى چاچ بىلەن ئۆلچەشكىمۇ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

3. ئەقىقە قىلىش.

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلارنىڭ ئۇممۇ كەرەزنىلكەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال ھەققىدە سورالغان سوئالغا: «ئوغۇل بالىغا ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي سويۇلىدۇ، مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بالا بولسۇن، بۇ ھەرگىزمۇ سىلەرگە زەرەر بەرمەيدۇ» دېگەن.

ئەسھابى سۇنەن سەمىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر بالا ئەقىقىسىگە گۆرۈگە قويۇلغاندۇر. قوي يەتتىنچى كۈنى سويۇلىدۇ. شۇ كۈنى بالىغا ئىسىم قويۇلىدۇ ۋە شۇ كۈنى ئۇ بالىنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش ھەقتۇر، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى، قىز بالا ئۈچۈن بوردالغان بىر قوي سويۇلىدۇ.»

تەبەرانىينىڭ ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەقىقە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى، ئون تۆتىنچى ۋە ياكى يىگىرمە بىرىنچى كۈنى قىلىنىدۇ.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغان بالىلىرى ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ ئەقىقە قىلاتتى.

ئىلگىرىكى سەلەپ- سالىھلار بالىلىرىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىپ مال سويۇشقا قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن مال سويۇشقا قادىر بولالمىغانلار ئاددىيسى قۇشقاچ چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، سويۇپ ئەقىقىسىنى ئادا قىلاتتى. ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» دېگەن كىتابىدا مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ھارىس ئەتتەمىيمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئاتامنىڭ: "قۇشقاچ بولسىمۇ سويۇپ ئەقىقەنى ئادا قىلىش مۇستەھەپ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەيدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: « بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مال سويۇپ ئەقىقىسىنى قىلىش مەسىلىسى، مال سويىماقچى بولغان كىشى ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي سويىدۇ، تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن مال سويۇش ۋاجىپ

ئەمەستۇر، ئەمما ئۇنى ئىجرا قىلىش مۇستەھەبتۇر. بىرىنىڭ ئادەملىرىمىز بۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ كەلمەكتە، بالىنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن مال سويغان ئادەم بىر ئىبادەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ بىر كۆزى كور، ئاقساق ۋە ياكى بىرەر ئەزاسى مېيىپ، ئورۇق ۋە ئاجىز مال بولۇشى جائىز ئەمەستۇر. ئۇنىڭ گۆشىنى ۋە تېرىسى سېتىلمايدۇ، سۆڭەكلىرى سۇندۇرۇلمايدۇ، بۇ مالنىڭ گۆشىنى قۇربانلىق قىلغۇچىلار يەيدۇ ۋە سەدىقە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قېنى بالىغا سۈرتۈلمەيدۇ.».

شەيخ دەھلەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى قويغا ئېرىشەلىگەن ئادەم ئىككى ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي سويۇش مۇستەھەپتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئوغۇل بالىنىڭ قىزلارغا قارىغاندا مەنپەئەتلىكرەك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇنىڭغا شۈكۈرنى زىيادە قىلىش مۇناسىپتۇر.»

بالا ئۈچۈن ئەقىقىسىنى قىلىپ قۇربانلىق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەرەبلەر ئەزەلدىن باللىرى ئۈچۈن مال سوياتتى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن قىلمىسا بولمايدىغان ھەم ئىزچىل قىلىپ كەلگەن ئادەت ئىدى، بۇنىڭ بۇ مىللەت ئۈچۈن، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن شۇنداقلا پسىخىكىسى ئۈچۈن زور مەنپەئەتلىرى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، ئۆزىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ باشقىلارنىمۇ بۇنىڭغا بۇيرىدى.

■ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتتى.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جەمئىيەتتە تۇغۇلغان بالىمىز ئوغۇل بولسا ئۇنىڭغا بىر قوي بوغۇزلايتتۇق، قېنىنى بالىنىڭ بېشىغا سۈرەتتۇق، ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ ئوغلىمىز ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ بېشىغا زەپىران سۈرىدىغان بولدۇق.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلدى ۋە: «ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن» دېدى.)

شەربىنى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بوۋاقنىڭ بېشىغا قان سۈرتۈش مەكرۇھتۇر، چۈنكى بۇ جاھىلىيەت قىلمىقلىرىدىندۇر، لېكىن بۇ ھارام قىلىنمىدى، چۈنكى «مەجمۇئە» دە بايان قىلىنغىنىدەك، سەھىھ رىۋايەتكە قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بالىغا قۇربانلىق قىلغاندا بالىنىڭ ئۈستىگە قان تۆكۈڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەزىيەتنى يوقىتىڭلار." شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەنبەسەرى بىلەن قەتادە مۇشۇ رىۋايەتكە ئاساسەن: "شۇنداق قىلىشنى مۇستەھەب بولىدۇ، قان سۈرتۈلۈپ ئارقىدىن يۇيىلىدۇ، ئاندىن بوۋاقنىڭ بېشىغا زەپىران ۋە باشقا خۇشبۇي نەرسىلەر

سۇرتىلىدۇ، بۇ سۇننەتتۇر“ دەيدۇ.» («شەرھۇلموھتاج» 4 ـ جىلد 294 ـ بەت)

■ مال سويۇپ ئەقىقىسىنى قىلىشنىڭ پايدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرى:

1) بالىنىڭ نەسەبىنى ئىلان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر، يەنى «مېنىڭ بالام بولدى» دەپ ئېلان قىلماقتۇر، چۈنكى ئۇنداق قىلمىغاندا قالايمىقان پىتنىلىك سۆزلەرنىڭ چىقىپ قېلىشىمۇ ئېهتىمالغا يېقىندۇر.

2) بېخىللىقنى تاشلاپ، سېخى بولۇشقا پايدىلىقتۇر.

3) خرىستىيانلار يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى مەئمۇدىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سېرىق سۇ بىلەن يۇياتتى. ئۇلار شۇنداق قىلغاندا بالا خرىستىيان بولىدۇ دەپ قارايتتى. مۇشۇ ئىسىمگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار. ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟﴾[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ قارشىسىدا بىر ئىش قىلىشى مۇستەھەب بولىدۇكى، بالىلىق بولغانلار ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسالاملارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلىكىنى ھېس قىلسۇن، ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام بىلەن ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلىكتە ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام بالىسىنى ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭ ساداقىتىگە مۇكاپات ئورنىدا بىر قوچقار ئەۋەتكەنلىكى، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇنى قۇربانلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئۇنىڭدىن قالغان بۇ ئادەت بىلەن قۇربانلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەشھۇردۇر، ئۇلاردىن قالغان ئەڭ مەشھۇر يوللاردىن بىرى ھەج قىلىپ قۇربانلىق قىلىش ۋە چاچ چۈشۈرۈشتۇر. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئادا قىلىش ئۇلارغا ئەگەشكەنلىك بولىدۇ. شۇنداقلا بالىغا ئەجدادىنىڭ ئەمەللىرىنى ئىجرا قىلغانلىقنى ئىلان قىلغانلىق بولىدۇ.

4) بالىنىڭ ھاياتلىقتىكى تۇنجى مۇساپىسىدە بۇ ئىشنى قىلىش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ بۇ ئىشنى ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھ يولىدا بېغىشلاپ قىلغان بىر ئەمەل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ھەمدە بۇ يەنە ياخشى بىر ئەمەلنى قىلىش ۋە ئاللاھقا بويسۇنۇشنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ.

5) بالا دۇنياغا ئەمدى كۆز ئېچىشىغىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش، تۇغۇلغان بۇ بوۋاق ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئانىڭ سەۋەبچىسى بولىدۇ، شۇنداقلا بالىنى مۇراسىمگە قاتناشتۇرغانلىقتىنىڭ، ھۆرمەتلەندۈرۈلگەنلىكىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالىدۇ.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 138 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com



6) بالىنى گۆرەگە قويۇلۇشتىن ئازاد قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى تۇغۇلغان بالا ئەقىقىگە گۆرۈ قويۇلغۇچىدۇر. ئىمام ئەھمەد: «بالا ئاتا- ئانىسىغا شاپائەت قىلىش ياكى قىلماسلىقتا گۆرۈگە قويۇلغۇچىدۇر» دەيدۇ. قەتادە: «بالىسى ئۈچۈن ئەقىقە قىلمىغان ئادەمگە بالىسىنىڭ شاپائىتى ھارام بولىدۇ» دەيدۇ.

بالىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزلەپ مال سويۇش، ئۇنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، چۈنكى بالا دۇنياغا كېلىش بىلەنلا شەيتان ئۇنى كۆزىتىشكە باشلايدۇ. قۇربانلىق قىلىپ مال سويۇش بالىنى شەيتاننىڭ ئاسارىتىدىن، شەيتاننىڭ بالىنى ياخشى يولدىن توسۇشىدىن خالاس قىلىشتۇر. شەيتان پەرۋەردىگارىغا ئادەم ئەۋلادىدىن ئاز بىر قىسمىدىن باشقىلىرىغا داۋاملىق كۆرۈنۈپ، ئادەم بالىلىرى دۇنياغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا خىرىس، دۈشمەنلىك، ئازدۇرۇش دائىرىسىدە تۇتىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزىنىڭ بارلىق قوشۇنلىرىنى ئىشقا سالىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش بولسا، شەيتاننىڭ بالا ئۈچۈن بىلگەن پىچىقىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بالا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق قايتۇرۇشىنىڭ مەنىۋى شەكلىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن.[1]﴾ ﴿ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى[2].﴾

بالا بۇ شەكىلدە گۆرۈدە قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئاتا- ئانىسىنىڭ بالىسىغا پىداكارلىق كۆرسىتىشى ئۈچۈن مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىشنى يولغا قويدى. ناۋادا ئاتا- ئانا قۇربانلىق قىلىپ ئەقىقىسىنى قىلمىسا، بالا شەيتاننىڭ گۆرۈسىدە قالىدۇ.

سوئال: مال سويۇپ ئەقىقىنى يەتتىنچى كۈنى قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمە؟

ئىمام دەھلەۋىي بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «يەتتىنچى كۈنى قىلىشنىڭ سەۋەبى، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى كۈنلىرى ئائىلە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، شۇڭا بالا تۇغۇلغان كۈن بىلەن ئەقىقىسى قىلىنىدىغان كۈنىنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىت بىرئاز ئايرىلىشى كېرەك. بولمىسا ئىشلار ئارقا- ئارقىدىن ئارتىلىپ مۇشكۇلچىلىك تۇغۇلىدۇ. بەزىدە ئالدىراشلىق بولۇپ كەتكەندە قۇربانلىق تېپىش قىيىن بولۇپ قىلىشتەك قىيىنچىلىققىمۇ دۇچ كېلىپ قالىدۇ.» شۇڭا يەتتىنچى كۈنى كەلگەندە ۋاقىت بىرئاز كەڭرەك بولىدۇ، چىچىنى چۈشۈرۈش

---

[1] سۈرە ئىسرا، 64- ئايەت.
[2] سۈرە سەبەئ، 20- ئايەت.

بولسا ھاجىلارغا ئوخشاتقانلىقتۇر. بۇ ھەقتە باشتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئىسمىنى قويۇشقا كەلسەك يەتتە كۈندىن بۇرۇن بالا ئىسمغىمۇ موھتاج بولمايدۇ.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال بالىغا خاس بولغان مالدىن قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئەقىقە سەدىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىدۇر. ئىمام نەۋەۋىينىڭ پەتىۋالار توپلىمىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇنى ئىشلەتكۈچى ئۇ ھەقنى تۆلەيدۇ.

4ـ خەتنە قىلىش.

خەتنە قىلىش بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچىدىكى تېرە قىسمىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ شەرئى مەنىسى بولسا، جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچى تەرىپىدىكى بوغۇم يېرىنىڭ زىيادە تېرىسىنى كېسىش ئارقىلىق ئۇچى تەرەپنى تېرىسىز قالدۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە نەسەئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىككى خەتنىگاھ ئۇچراشسا، غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن "خەتنىگاھ" تىن خەتنە قىلىشنىڭ چوقۇملىقىنى ئىپادىلەش كېلىپ چىقىدۇ.

■ خەتنە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر:

ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» تە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇرنىغا سۇ ئېلىش، ئېغىزىنى چايقاش، بۇرۇتىنى قىسقارتىش، مىسۋاك قىلىش، تىرناقلىرىنى ئېلىش، قولتۇقىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلۇش، ئەۋرەت جايىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈكلەرنى چۈشۈرۈش ۋە خەتنە قىلىش پىترەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خەتنە قىلىش، چاچ چۈشۈرۈش، بۇرۇتىنى قىسقارتىش، تىرناقلىرىنى ئېلىش ۋە قولتۇق تۈكىنى يۇلۇشتىن ئىبارەت بەش ئىش پىترەتتىندۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەدنىڭ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەتنە قىلىش ئەركەكلەر ئۈچۈن سۈننەت، ئاياللار ئۈچۈن ياخشى ئىشتۇر» دېگەن.

www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنى ئوغۇل- قىزلارنىڭ خەتنە قىلىنىش ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، خەتنە قىلىش ئادەتتە بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى بەيھەقى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەينلەر ئۈچۈن ئۇلار تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قۇربانلىق كېسىپ ئەقىقىسىنى قىلدى ۋە خەتنىسىنى قىلدى» دېگەن سۆزنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى جەززىي: «بالىنى تۇغۇلغان ھامانلا خەتنە قىلىش ۋە يەتتىنچى كۈنى خەتنە قىلىش ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر، چۈنكى يەھۇدىيلار شۇنداق قىلىدۇ» دېگەن. لېكىن بۇ يەردە يەتتىنچى كۈنى دېگەن سۆزدە زىتلىق بار. ئاللاھ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

ئادەم ئەۋلادىدىن تۇنجى بولۇپ خەتنە قىلىنىغان ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ ئۇ سەكسەن يېشىدا خەتنە قىلىنىغان. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سەكسەن يېشىدا خەتنە قىلىنىغان» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم مېھماننى مېھمان قىلغان، ئىشتان كىيگەن ۋە خەتنە قىلغان كىشىدۇر» دېيىلگەن.

خەتنە قىلىش ئىشىنى پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنگە قەدەر داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن بولۇپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى ئۈچۈن ئېتىقاندا سۈننەتتۇر.

تىرمىزى ۋە ئىمام ئەھمەد ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خەتنە قىلىش، ئەتىر ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە نىكاھلىنىشتىن ئىبارەت تۆت ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدىندۇر.»

ئىمام بۇخارى سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، سەن كىمچىلىك بار ئىدىڭ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "مەن ئۇ چاغدا خەتنە قىلىنىپ بولغان ئىدىم، ئۇ زامانلاردا ئەقلىگە يەتمىگىچىلىك خەتنە قىلىنمايتتى" دەپ جاۋاب بەرگەن.»

ھاكىمنىڭ «مۇستەدرەك» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنىغان رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، مەن ئون بەش ياش ئەتراپىدا بولۇپ، خەتنە قىلىنىپ بولغان ۋاقتىم ئىدى» دېگەن.

بالىلارنى خەتنە قىلغاندا تاماق قىلىپ باشقىلارنى مېھمان قىلىش مۇستەھەبتۇر.

ئەمما قىزلارغا باشقىلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئىسلام دىنى خەتنە قىلىشنى قاتتىق تەۋسىيە قىلىدىغان بولغاچقا، ئەركىشى مۇسۇلمان بولغاندا خەتنە قىلىنمىغان ھالدا بولسا، ئىمان ئېيتقاندا ئۇنىڭ مۇسۇل قىلىشى بىلەن بىرگە خەتنە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد نۇسەيىم ئىبنى كۇلەيبىدىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، بوۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «''مەن مۇسۇلمان بولدۇم'' دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ''سەن كاپىرلىق چېغىڭدىكى چېچىڭنى چۈشۈرگىن ۋە خەتنە قىلدۇرغىن''» دېگەن.

«ھەرب مەسائىل» دېگەن كىتابىدا زۆھرىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان بولغان كىشى يېشى گەرچە چوڭ بولسىمۇ خەتنە قىلدۇرسۇن» دېگەن، يەنە: «ئىسلامدا خەتنە قىلىنمىغان كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلتۈرگەن مېلىنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ» دېگەن.

خەتتابىينىڭ خەتنە قىلىش ھەققىدە ناھايىتى گۈزەل بىر سۆز بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە خەتنە قىلىش سۈننەتلەر قاتارىدىن زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ قارىشىدا ۋاجىپ ئەمەللەردىندۇر. چۈنكى ئۇ دىندا كاپىر بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان پەرقلەرنىڭ بىرىدۇر. خەتنە قىلىنمىغان ئۆلۈكلەر ئارىسىدا بىر خەتنە قىلىنغان ئۆلۈك تېپىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلىدۇ.»

## بالىنى ئىككى يىل ئېمىتىش

ئىسلام دىنى ئەر بىلەن ئايالنى نىكاھ ئەقدىسى بىلەن باغلاپ، بىر ئائىلىدە جەملىگەندە ياخشى ئائىلە قۇرۇپ چىقىشتا قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەم قۇرۇش ئۈچۈن ئەر- ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە مەسئۇلىيەت يۈكلىرى ۋە ھەر ئىككىسىگە ئايرىم- ئايرىم ھەق ۋە مەسئۇلىيەت بېكىتتى. ئەرنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىنى بېقىشنى پەرز قىلغان بولسا، ئايالىنىڭ ئۈستىگە بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ۋاجىپ قىلدى. بوۋاق ئىككى قولىنى ئانىسىنىڭ كۆكسىگە قويۇشقا موھتاجدۇركى، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئانىسىنىڭ مېھرىدىن روھى لەززەت تاپىدۇ، سۈتنى ھۇزۇرلۇق بىر تۈيغۇ بىلەن ئېمىدۇ ۋە شۇ سۈت بىلەن بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدۇ. ھېكمەت

ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئانا كۆكسىدە سۈت ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر زاۋۇتنى تەييار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پېقىر بولسۇن ياكى باي بولسۇن، بۇ غېرىب ئالەمدە تۇغۇلغان بارلىق بوۋاقلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن بىر ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەيدانغا كەلدى.

بۇرۇنقى زامانلاردا، ئەرەبلەر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئادىتىدە بالىسىنى ئانىسىدىن باشقا بىرىگە ئەمدۈرۈش بار ئىدى. قۇرئان كەرىم مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۇز ئانىسى كېلىشتىن) ئىلگىرى مۇسانى سۈت ئەمگۈزگۈچى ئاياللارنىڭ ئېمىتىشىدىن توستۇق[1].﴾ شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ باشقا ئانىلارنى ئېمىپ چوڭ بولغان بولۇپ، ئۇنى ھۆرمەتلىك ھەلىمە ئانىمىز (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئېمىتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ خىلدىكى بالا ئېمىتىشكە ئۆزىنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرىنى قويىدى. ئۇلاردىن بىرى: ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى[2].﴾

بالىلارغا سۈتئىي سۈت ۋە سۈتئىي غىزالار ئالدىنقى ئەسىرلەردە تېخى ئىشلەپچىقىرىلمىغان ئىدى. 20- ئەسىردىن باشلاپ بوۋاقلار ئۈچۈن ھەرخىل نام ۋە ئىسىمدىكى ئوزۇقلۇقلارنى ئىجاد قىلغانلارمۇ ئاردىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئانا سۈتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئانىنىڭ ئېمىتىشى كېرەكلىكىنى ئۆزلىكىدىن تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىشقا ئالدىرايدىغان مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق تەشۋىقاتلار ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ يۈرۈشىنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. چۈنكى ئانىنىڭ سۈتىدە ئەمدۈرۈش ئاللاھنىڭ بېكىتىپ بەرگەن كۆرسەتمىسى بولۇپ، قۇرئاندا ئانىلارغا بالىلىرىنى ئۆز كۆكسىدىن ئەمدۈرۈشكە ھەتتاكى ئەر ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يامانلاشقان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقنى بۇيرۇغان. مانا بۇ، ئىلاھىي قانۇنىنىڭ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئادىللىقىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى

---

[1] سورە قەسەس، 12- ئايەت.
[2] سورە نىسا، 23- ئايەت.

يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئەگەر ئاتا ئۆلۈپ كەتسە) ئۇنىڭ ۋارىسى ئاتىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى (يەنى ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى) ئۈز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئاتا ـ ئانا كېڭىشىپ (بالىنى ئىككى يىل توشماستىنلا) ئايرىۋەتمەكچى بولسا، ئۇلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلارلا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھتىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[1].﴾

ئېرىدىن ئايرىلغان ئايالنىڭ بالىنى ئېمىتىش مەسئۇلىيىتى بار بولۇپ، ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلغان، ئۇنى ھەرگىز ئائىلە بۇزۇلغان ھامان بۇزۇلىدىغان ۋە پەرۋاسىز قارىلىدىغان بىر ئىش قاتارىدا قويمىدى. شۇنداقلا ئاجرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئەرنىڭ بالىسىنى ئېمىتىپ بېرىۋاتقان ئايالغا، گەرچە ئۇ بالا ئانىنىڭ ئۆز بالىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئېمىتىش ھەققىنى بېرىشنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە كۆيۈنگەندىنمۇ بەكرەك كۆيۈنگۈچىدۇر. ئاللاھ تائالا ئانىغا بالىسىنى تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشنى پەرز قىلدى. چۈنكى بۇ مۇددەت بالىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۆزۈقلىنىشىدا ئانا سۈتىگە ئەڭ موھتاج ۋاقتىدۇر. بۈگۈنكى تىببىي تەتقىقاتلارمۇ بۇ ئىككى يىلنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى، بالىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئانا سۈتى بىلەن بېقىلىش بالا ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى شۇكى، ئۇ مۇسۇلمانلارنى بۇنداق مۇھىم قانۇنىيەتنى تەجرىبە قىلىپ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويماي قۇرئان كەرىمدە ئېنىق قىلىپ بۇيرىدى. ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىباندۇر، بوۋاقلارغا تولىمۇ رەھىمدىلدۇر.

ئىسلام دىنى ھالال نىكاھ بىلەن تۇغۇلغان بالىلارنىلا ئەمەس، ھەتتا زىنادىن تۆرەلگەن بالىلارنىمۇ تولۇق ئېمىش مۇددىتىگە ئىگە قىلىشقا بۇيرىغان ۋە بۇ مۇددەت تاماملانماي تۇرۇپ ئانىغا بېرىلىدىغان جازانى يۇرگۈزمەسلىكنى بۇيرىغان. مانا بۇ ئاللاھنىڭ بالىغا قانچىلىك دەرىجىدە مېھرىبان ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

---

[1] سۇرە بەقەرە، 233 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىمام ئەھمەد «مۇسنەد» تە مۇنداق بىر ھەدىستى رىۋايەت قىلغان: «زىنا قىلغان غامىدىيەلىك بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "مەن زىنا قىلدىم، ماڭا ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازانى بەرگەن بولساڭ" دەپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "سەن بېرىپ تۇغۇپ بولغاندا ئاندىن كەل!" دېدى. ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن بالىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مانا بۇ بالىنى تۇغدۇم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ھازىر قايت! بالىنى ئېمىتكىن، بالا سۈتتىن ئايرىلغاندا كەل!" دېدى. ئۇ ئايال بالىسىنى سۈتتىن ئايرىغاندىن كېيىن بالىسىنىڭ قولىدا بىر پارچە نان كۆتەرگەن ھالدا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بالام سۈتتىن ئايرىلدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنى مۇسۇلمانلاردىن بىرىنىڭ بېقىۋېلىشىغا بەردى. ئاندىن باشقىلارنى ئۇ ئايال ئۈچۈن بىر ئورەك كولاشقا بۇيرۇپ، ئۇ ئايالغا چالما ـ كېسەك جازاسىنى ئىجرا قىلدى.»

داڭلىق تىۋىپ ئىبنى سىنا بالىنىڭ ئانا سۈتىنى ئېمىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بالىنى مۇمكىن بولغىنىچە ئانا سۈتىدە بېقىش كېرەك، ئانا سۈتى بالىنىڭ تېنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەرقانداق بىر كېسەللىكتىن قوغدىلىشىدا ئالاھىدە ھىمايە قىلىش رولىغا ئىگە.»

مەشھۇر دوختۇر ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئەلبەلەدى مۇنداق دېگەن: « ئانىنىڭ جىسمىدا سۈت تەركىۋىنى بۇزىدىغان بىرەر ئالامەت ياكى بىرەر كېسەللىك مەۋجۇتلا بولمايدىكەن، ئانىنىڭ سۈتى ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ قۇۋۋەتلىك سۈتتۇر. بالىنىڭ ئانا سۈتىنى ئېمىشى ئانا ـ بالىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە پايدىلىقتۇر.»

تىۋىپ ئەلبەلەدىنىڭ بالا ئانا سۈتىنى ئەمگەندە ئۇرغۇن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئەمچەك راكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قارىشى زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرىنى بىر قانچە ئەسىر ئارقىدا قالدۇردى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە بالىلارغىمۇ دۆلەت خەزىنىسىدىن مائاش بېرىدىغان بولۇپ، بالىلار سۈت ئېمىشتىن توختىغاندىن كېيىنلا مائاشلىق بولۇپ قالاتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ مەسجىتنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇ بالىنىڭ ئانىسىغا:

ـــ ئۇنى ئېمىتكىن، ـــ دېدى. ئانىسى ئۆمەرنى تونۇمايتتى، شۇڭا ئۇ:

ـــ ئۆمەر سۈتتىن ئايرىلمىغان بالىلارغا مائاش بەرمەيدۇ، شۇڭا مەن ئۇنى مائاشلىق

بولۇپ قالسۇن، دەپ سۈتتىن ئايرىۋەتكەن ئىدىم، ــ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر بۇنداق قىلغاندا بالىلارغا زۇلۇم بولۇپ قالىدىكەن دەپ ئويلاپ، بالىلار سۈتتىن ئايرىلمىسىمۇ ئۇلارغا دۆلەت خەزىنىسىدىن مائاش بېرىۋېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز[1]» دېگەن ۋەدىسى ھەقىقەتلەشكەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى نامايەندە قىلىنغان.

■ ئانا سۈتىنىڭ كۆپ خىل پايدىلىرى باردۇر.

بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئوزۇقلۇقنى ئانىسىنىڭ بەدىنىدىن قوبۇل قىلىدۇ، تۇغۇلغانغاندىن كېيىن ئوزۇقلىنىشنى يەنىلا ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىش ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ، تەبىئىي سۈت ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقىنىڭ نورمال بولۇشىنىڭ كاپالەتچىسىدۇر. تېۋىپ ۋە دوختۇرلار تىببىي ئىلىم ئۇستىدىكى تەتقىقاتلىرىدىن مۇنداق بىر نەچچە خىل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

1) بالا پاك ۋە مىكروپسىز بولغان سۈت ئىچىدۇ.

2) ئۇ سۈتنىڭ تەركىبى سوغۇق ياكى ئىسسىقمۇ ئەمەستۇر.

3) ئانا سۈتى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييار تۇرىدۇ.

4) ئانا سۈتى ساقلانغان تەقدىردىمۇ بۇزۇلمايدۇ.

5) بالىنىڭ ئاشقازىنىغا مۇناسىپ بولۇپ، بالىدا ئۇنى ھەزىم قىلالماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ.

6) بالىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

7) بالىنىڭ بەدىنىنىڭ كېسەللىك مىكروپلىرىغا قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

8) بالا سۈت ئەمگەن مەزگىلدە بالىمۇ، ئانىمۇ سەمىرىپ كەتمەيدۇ.

9) ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ رىشتىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ئانا بالىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلىگەن ھالدا ئېمىتسە، ئۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى تېزلا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىغا: «سەن بالىنى ئېمىتكەندە، ئۇنى خۇددى ھەر قانداق ئانا مەخلۇقاتلارنىڭ

[1] «سۈرە ئىسرا» 31 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

بالىسىغا كۆيۈنۈش ۋە شەپقەت قىلىشىغا ئوخشاش كەيپىياتتىلا ئىمتىھانى، بەلكى بۇ ئىشىڭدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغان، بالا ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىدىغان بىر بەندە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان هالدا ئېمىتىشىڭ لازىم» دېگەن.

بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ يەنە قورساق كۆتۈرۈشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى قورساق كۆتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭدىكى سۈتنىڭ تەركىبى بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئېمىۋاتقان بالا سۈتتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇنىڭدىن توسقان ئىدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ قورساق كۆتۈرۈشى سەۋەبىدىن سۈتنىڭ بۇزۇلۇشىنى، ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئون ئىش قاتارىدا زىكىر قىلغان ئىدى.» (ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان)

## ئېمىۋاتقان بالىنىڭ سۈيدۈكى ۋە ئۇنى پاكىزلاش

ئىمام مۇسلىم كىتابىدا ئېمىۋاتقان بالىنىڭ سۈيدۈكىنى پاكلاش ھەققىدە بىر قانچىلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلدى. تۆۋەندىكىلەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يېڭى تۇغۇلغان بالىلار كەلتۈرۈلەتتى، ئۇ بوۋاقلارنى مۇبارەكلەيتتى، ئېغىزلاندۇراتتى، بىر كۈنى ئۇنىڭغا بىر بالا ئېلىپ كېلىندى، ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كىيىمىگە سىيىپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۇ كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى، سۇ كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ سۇنى بالا سىيگەن يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاققۇزىۋېتىش بىلەنلا كۇپايىلەندى، ئۇنى يۇمىدى.»

يەنە بىر رىۋايىتىدە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنها مۇنداق دېگەن: «بىر كىچىك بالا ئېلىپ كېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالىنى قۇچىقىغا ئالغاندا، بالا سىيىپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۇ ئەكەلدۈرۈپ سىيگەن يەرگە تۆكتى.»

ئۇممۇ قەيس بىنتى مۇھسىن رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: «ئۇ تاماق يېمىگەن (يەنى ئېمىدىغان بالىسىنى) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، بالا ئۇنىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سىيگەن يەرنىڭ ئۈستىگە سۇ سەپتى» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «سۈنى سىپىپ قويۇپلا بولدى

قىلدى، ئۇ يەرنى يۇمىدى» دېيىلگەن.

ئىمام شافىئىي: «سۇ تۆكسىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىيفە ۋە ئىمام مالىك: «يۇيىشى كېرەك» دېدى. ئەمما سۈيدۈكنىڭ نىجىسلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمدە بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، ئىمام نەۋەۋىينىڭ "سۈيدۈك نىجىستۇر" دېگەن نەقلىگە بولغان قارىشىدا ئورتاق پىكىردىدۇر.

## ئانىلارنىڭ ئېمىۋاتقان بالىلىرىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى

ئانا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى خالىسا ۋە ئۇنىڭ مەسجىدكە بېرىشىغا ئېرى رۇخسەت بەرسە، ئېمىۋاتقان بالىسىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشى جائىزدۇر. ئەينى زاماندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن ۋە ئانىلارنىڭ ئۇلارنىڭ يىغلىشى بىلەن پىتنىگە قالماسلىقى ئۈچۈن نامىزىنى تېز ۋە يەڭگىل ئوقۇيتتى. ئابدۇررازاق كىتابىدا ئىبنى جەرىردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەتادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: "مەن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ نامىزىمنى يەڭگىللىتىمەن."»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامازغا پەقەت سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنىلا ئوقۇپ بەرگەن. ساھابىلار: "نامازنى ئەجەپمۇ قىسقا ئوقۇدىڭىز؟" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ۋە ئانىسىنىڭ پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق ئوقۇدۇم» دېگەن. كاسانى ئۆزىنىڭ «بەدائىئ» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەدىسنى بايان قىلىپ: «بۇ ھەدىس ئىمامنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېتىبارغا ئېلىشى كېرەكلىكىگە دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئېتىبارغا ئېلىشى ناماز ئوقۇيدىغان جامائەتنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامنىڭ نامازنى يەڭگىل ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر» دېگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا ئانىسى بىللە بولغان بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نامازدا قىسقا ۋە يەڭگىل سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى.»

www.uyghurkitap.com



يەنە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن نامازغا تۇرغاندا ئۇزۇن ئوقۇشنى خالايمەن، ئاندىن بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن-دە، ئانىنىڭ بالىسىنىڭ يىغىسىدىن بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشتىن ۋاز كېچىمەن» دېدى. (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ نامازنى يەڭگىللا ئوقۇپ تاماملىدى، بىز ئۇنىڭ بالىغا شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلدۇق. بالىنىڭ ئانىسىمۇ ناماز ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى.»

## تەرتىپنى باشقۇرالمايدىغان بالىلارنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىشنىڭ مەكرۇھلىقى

بالا تەرتىپنى باشقۇرالمايدىغان يېشىدا بۇنى ئېنىق بىلدۈرەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدىكى بالىلارنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىش مەكرۇھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ياشتىكى بالىلارنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىشتىن توسقان ئىدى.

ئىبنى ماجە ۋە ئابدۇررازاق «مۇسنەد» تە ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەسجىدىڭلارنى كىچىك بالىلاردىن يىراق تۇتۇڭلار!» دېگەن (ھەدىسنىڭ سەنەدى زەئىپ).

## بالىنى بېقىش ئانىنىڭ ھەققىدۇر

ئايال كىشى تەبىئىي يارىتىلىشىدىنلا ئەرلەرگە قارىغاندا مېھرىبان، كۆيۈمچان ۋە سەۋرلىكتۇر. شۇڭا ئانا بىلەن ئاتا ئايرىلىپ كەتسە، بالا ئاتىغا بېرىلمەي، ئانىغا بېرىلىدۇ. ئانا بولمىسا، بالا ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئاتىسى تەرەپكە بېرىلمەي، ئانىنىڭ ئانىسى تەرەپكە بېرىلىدۇ.

ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى

ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم. ئۇنىڭ ئۈچۈن قورسىقىم قاچا، كۆكسۈم ئوزۇقلۇق مەنبەئى، قوچۇغۇم تۇرالغۇ بولغان ئىدى. ئەمدى بولسا ئاتىسى مېنى تالاق قىلدى ۋە مېنىڭدىن بالىنى تارتىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن باشقا بىرىگە ياتلىق بولمىساڭلا، بالىنى بېقىشقا سەن ھەقلىقتۇرسەن" دېدى.»

## بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئاتىغا تەۋە ئىكەنلىكى

بالىلارنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىش، ئۇلارنىڭ يېرۈش- تۇرۇشىنى كۆزىتىش، مال- مۈلكىنى ئىدارە قىلىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، كەسىپ ئۆگىنىشكە ۋە ئىلىم ئېلىشقا يۈزلەندۈرۈش، ئۇلارغا بېرىلىدىغان جازالارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى قاتارلىقلار ئىسلام فىقھىسىدا (ۋىلايەت يەنى ئىگىدارچىلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىشلارغا ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا بەكرەك ئىقتىدارلىقتۇر. چۈنكى ئەرلەر يارىتىلىشىدىلا كۈچلۈك، ئىرادىلىك يارىتىلغاندۇر. شۇڭا بۇ خىل مەسئۇلىيەتلەر ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۈچىنچى بۆلۈم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسلۇبلىرى

مۇقەددىمە

بىرىنچى باب:

ئاتا ـ ئانا ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىشى لازىم بولغان تەربىيە ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئاساسلىرى

ئىككىنچى باب:

بالىنىڭ ئەقلىگە تەسىر قىلىدىغان پىكرى ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئاساسلىرى

ئۈچىنچى باب:

بالىنىڭ نەپسىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئاساسلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

«باللار ھەمىشە باللارچە كىيىنىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈنلا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى ئەرلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇ ئۈستىگە كىيگەن كىيىمىنىڭ ئىچىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يېتىلگەن بىر پۈتۈن ئەركەك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى، لېكىن ئاللاھنىڭ قانۇنى ئۇ پەردىلەرنى تەدرىجىي تەربىيە قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېچىلىدىغان قىلىپ قويغان.»

— شەيخ مۇھەممەد خىزىر ھۈسەيىن

## مۇقەددىمە

بىز بۇ تەربىيە ئۇسۇلۇبلىرىنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرى، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىلار ۋە بالىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش يولىدا قىلغان خىتابلىرىدىن ئېلىشقا تىرىشىمىز. بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، ئۇ ناھايىتى كۆپ ۋە مەنپەئەتلىكتۇركى، ئۇ ھەدىس بايلىقىنىڭ ھەقىقىي ھوسۇلىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا غەرب ۋە شەرقنىڭ مودىلىرىنى، نەزەرىيىلەرىنى دوراشقا ئورۇن قويمايدۇ. مانا مۇشۇ موللۇقنىڭ پەزلى بىلەن ئاتا - ئانا بالىنىڭ پىكىر ۋۇجۇدىغا كىرىشكە قادىر بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇپ، بالىنىڭ كىشىلىكىنى يارىتىشتا مۇستەھكەم ئۇل قۇرۇشقا ياردەم بېرەلەيدۇ.

بىز بايان قىلماقچى بولغان مەزمۇندىكى بەزى ھەدىسلەر تەكرارلىنىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ھەقىقىي ھەۋەس قىلغۇچى ئۇنىڭ زېرىكىشلىك ئەمەسلىكىنى، ھەدىستىكى مەزمۇنلارنىڭ يېڭىدىن- يېڭى پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىگۈچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇسۇللار ئۈستىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى: ئاتا- ئانا ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەخلاقىنى ۋە پىكىرلىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن قايسىلا قائىدە بولمىسۇن، بىرەر قائىدىگە بويسۇنۇش لازىم بولىدۇ.

**ئىككىنچى:** تەسىر قىلغۇچى پىكىرلەرنىڭ ئاساسلىرىدىندۇركى، تەربىيە قىلغۇچى ۋە ئاتا- ئانىلار ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بالىلارنىڭ پىكرى ۋە ئەقلىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۆز ئالدىغا خاس بولغان ئېڭىنى، ئىدراكىنى ۋە كىشىلىك خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**ئۈچىنچى:** تەسىر قىلغۇچى پىكىر ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئاساسلىرىدىندۇركى، تەربىيە قىلغۇچىلار ۋە ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا سىڭدۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى ۋە تەربىيەسىنى سىڭدۈرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ئەڭ ياخشى يۆلەنچۈك بولالايدۇ.

**تۆتىنچى:** ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش ۋە ئۇلارغا يامانلىق

قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش. بىر بۇ يەردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىغا نەزەر سېلىپ باقايلى. چۈنكى بۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەك ناھايىتى ئاساندۇر. ياخشىلىق قىلغانلىقىنىڭ مېۋىسى ياخشىلىقچە، يامانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئەۋلادتىن ئەۋلاد يامانلىق ئىپادىسى بويىچە ئاشكارا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ناھايىتى كەڭ ۋە مەزمۇنى مول بولغان بىر تېمىدۇر، يەنە ئۆلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالماسلىق تۇيغۇسى ئۇنى ھەر زامان ئاتا ـ ئانىسىغا تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئاللاھ مېنى ۋە سىزنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىدىغانلاردىن قىلسۇن!

**بەشىنچى:** بالىنى ئەدەپلەش ئۇسلۇبلىرى. ئۇنى ئۇرۇشنىڭ يوللىرى. قاچان ۋە قايسى جايلاردا ئۇرۇشقا بولىدىغانلىقى. ئۇرۇش ــ خۇددى دورا ۋە تۇزغا ئوخشاش بولۇپ، زىيادە ياكى ئاز بولۇپ قالسا، بالىغا ھېچقانداق پايدا قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىققەت بىلەن ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم.

مەن بۇ ئاددىي تەتقىقاتىمدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇۋەپپىقىيەت ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، توغرا بولسا ئاللاھنىڭ ئىكرامى ۋە ئۇنىڭ ھىدايىتىدۇر، خاتا بولسا ئۇ مېنىڭ كەمچىلىكىمدىندۇر. ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن.

شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىش لازىمكى، مەن باشقىلارغا ئوخشاش باشتا ۋە غەرب ياكى شەرق ئەللىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن ئالغاندىن كېيىن پىكىرلىرىگە شەرىئەتتىن دەلىل ئىزدەش ئۇسلۇبىنى ئىشلەتمىدىم، ئەكسىچە مەن ئۇدۇللا ھەدىستىن ئىشلىشقا تىرىشتىم، چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ شەرىئىتىنى ئۇتتۇرىغا قويۇشتا باشقىلارنىڭ نەزىرىيەسىنى ئالدىغا قويۇشتىن بىھاجەتتۇر. ئەگەر بىز قەدىمكى ياخشى كىشىلەرنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئەسلى تۈتقۇ قىلىش يولىغا ئەگەشسەك خاتالاشمايمىز. چۈنكى قەدىمكىلەرنىڭ يولى، قۇرئان ھەدىستە كەلگەنلەرنىڭ ئەمەلىي تەتبىقاتلىرىدۇر.

# بىرىنچى باب

ئاتا- ئانا ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەل قىلىشلىرى لازىم بولغان ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئاساسلىرى

بىرىنچى: ياخشى ئۈلگە

ئىككىنچى: تەربىيە قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاش

ئۈچىنچى: بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش

تۆتىنچى: بالىلارنىڭ ھەقلىرىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارغا بېرىش

بەشىنچى: دۇئا

ئالتىنچى: ئۇلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش

يەتتىنچى: بالىلارنىڭ ياخشى ۋە تەقۋا بولۇپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلىش

سەككىزىنچى: كۆپ ئاچچىقلىنىشتىن ۋە كايىشتىن يىراق بولۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۆگىتىڭلار، ئاسان قىلىڭلار، تەس قىلماڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرىۋەتمەڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار غەزەپلەنگەن چاغدا جىم تۇرىۋالسۇن.»

ـ ئىمام ئەھمەد ۋە بۇخارى «ئەدەب» بابىدا رىۋايەت قىلغان

# ياخشى ئۈلگە

ياخشى ئۈلگە بولۇش بالا قەلبىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە. بالا كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانىسىنى دورايدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانا بالىغا ئەڭ كىچىك تەسىرلەرنى قالدۇرالايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياكى يەھۇدىيلاشتۇرىدۇ، ياكى خىرىستىيانلاشتۇرىدۇ، ياكى بۇتپەرەس قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارنى پەرزەنتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بالىسىنى چاقىرىپ بىر نەرسە بېرىمەن دەپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا بەرمىسە، ئۇ يالغانچىدۇر.»

ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرغان ئىدى، ئانام مېنى چاقىرىپ: "كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: "سىز ئۇنىڭغا نېمە بەرمەكچى ئىدىڭىز؟" دەپ سورىدى. ئانام: "مەن ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچى ئىدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر سىز ئۇنىڭغا بېرىمەن دەپ قويۇپ بەرمىسىڭىز، سىزگە يالغانچىلىقتىن بىرى يېزىلىدۇ" دېدى.»

بالىلار چوڭلارنىڭ قىلىقىنى كۆزىتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى راستچىل، ئەخلاقلىق كۆرسە، بۇ ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. باشقا بارلىق ئىشلاردا ھەم شۇنداق. بۇ خۇددى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچىدە ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ، كېچىدە ناماز ئوقۇشتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر كۈنى كېچىسى ھامما ئاچام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. كېچىدىن بىر ئاز ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېسىپ قويۇلغان بىر تۇلۇمدىن سۇ ئېلىپ يەڭگىل بىر تاھارەت ئالدى، ئاندىن ناماز ئوقۇشقا باشلىدى، ئاندىن مەنمۇ تۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تاھارەت ئېلىپ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم، ئۇ مېنى ئوڭ تەرىپىگە يۆتكەپ قويدى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى.»

ئاتا ـ ئانىلار ھەر قاچان ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئۆسمۈر بالىلار ھەمىشە

چوڭلارنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىدۇ. ھەر بىر ئىش- ھەرىكەت، گەپ- سۆزلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، ئاتا- ئانىسى ئىشلاردا ياخشى ئۈلگە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىدىغانلىرىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى بەكرەنىڭ قىلغانلىرى يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ مىسالىدۇر. ئۇ كىچىكلىكىدە ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىدىغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ قىلغان دۇئالىرىنى ۋە ئۇنداق دۇئا قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورايدۇ، ئاتىسى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئاتامدىن: ”ئى ئاتا! سېنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە: ئى ئاللاھ! مېنىڭ قۇلىقىمدا (ئىشتىكەنلىرىمدىن) ئەپۇ قىل! ئى ئاللاھ مېنى كۆزۈمدە (كۆرگەنلىرىمدە) ئەپۇ قىل! سەندىن باشقا ئىلاھ يوق! - دەيدىغانلىقىڭنى، بۇ سۆزنى ھەم ئاخشاملىرىمۇ دەيدىغانلىقىڭنى ئاڭلايمەن“ دېدىم. ئاتام: ”ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭ سۈننەت يولىنى تۇتۇشنى ياخشى كۆرىمەن“ دېدى.»

ئاتا - ئانا بارلىق ئىش - ئەمەللىرىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق يول تۇتۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھەممە ۋاقىت دىگۇدەك ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇلارنى ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان كىچىك بالا دەپ قارايدۇ، ئەمما ئۇلار توغرا ۋە خاتا بولغان نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرۇشتا بىز ئويلىغاندىنمۇ تېزدۇر.

## تەربىيە قىلىشقا مۇۋاپىق ۋاقىت تاللاش

ئاتا - ئانا بالىلىرىغا گەپ - سۆز ئارقىلىق تەربىيە بەرمەكچى، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغاندا چوقۇم بىر مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللىشى لازىم. چۈنكى مۇۋاپىق پۇرسەتتە قىلىنغان تەربىيە بالىغا بېسىم ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدۇ. ئىنسانىنىڭ دىلى ئېچىلىپ ۋە ئېتىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ دىلى ئېچىلىپ قالغان ۋاقىتتا تەربىيە قىلالىسا، چوڭ بىر ئۈتۈق قازانغان بىلەن باراۋەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا تەربىيە قىلىشقا مۇناسىپ بولغان زامان ۋە ماكان تاللاشتا بۇ ماكان ۋە زامانىنىڭ بالىنىڭ شەخسىيىتىگە تەسىر قىلىش، ئېڭىغا تەسىر

قىلىش، ئەخلاقىنى تۈزىتىش ۋە توغرا ئەخلاق بەرپا قىلىشتا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بۇ جەھەتتە مۇنداق ئۈچ زامان ۋە ماكاننى تاللاشنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ئىدى:

1 ـ سەيلى ـ ساياھەتتە، يول ئۈستىدە ۋە ئۇلاغ ئۈستىدە.

تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ كېتىۋاتقان ئىدىم...» دېگەن ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەربىيەسىنىڭ يولدا كېتىۋاتقاندا، يەنى سەپەر ئۈستىدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، بۇ تەربىيە بىرەر ئولتۇراق ئۆي ئىچىدە بولماستىن، ھاۋالىق يەردە بولغان. دېمەك، مۇشۇنداق ئازادە مۇھىت ۋە يول ئۈستىدىكى كۆڭۈللۈك سەپەرداشلىق بالىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان تەربىيە ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر ئورۇن ۋە ۋاقىتتۇر.

ئىمام ھاكىمدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇلارنىڭ ئۇلاغ ئۈستىدە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، مۇنداق دېگەن: «كىسرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قېچىر سوۋغا قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىگەرلەپ ۋە نوختىلاپ مىندى ھەم مېنىمۇ ئارقىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى، ئاندىن ماڭا ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىگەن بىر سۆزنى دەپ بېرىشكە باشلاپ: ''ئى يىگىت!'' دېۋىدى مەن: ''خوش، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!'' دېدىم، ئۇ: ''ئاللاھنى قەلبىڭدە ساقلىغىن، ئۇمۇ سېنى ساقلايدۇ!...'' دېدى.»

ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلاردىن بىرىگە يولدا كېتىۋېتىپ بىر سىرنى دېگەن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ سىر ساقلاشقا چېنىقتۇرۇشتا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مېنى ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرىۋالدى، ئاندىن ماڭا ھېچكىمگە سۆزلەنمەيدىغان بىر سىرنى سۆزلەپ بەردى، ئۇ سىر بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئۇچۇن دالدىلىنىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر دۆۋە نەرسە ياكى خورما دالدىسىغا ئائىت سىر ئىدى.»

2 ـ تاماق ۋاقتى: بالا تاماق ۋاقتىدا ئەڭ كەيپىزلىشىدۇ، بەزى ۋاقىتلاردا ھەددىدىن

ئېشىپ، ھەتتا ئەدەپ- ئەخلاقنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ناۋادا ئاتا- ئانىسى بالىلىرىنىڭ بۇنداق بولۇمسىز ۋە ئەدەپسىزلىكلىرىنى تۈزىتىپ ماڭمىسا، كېيىن ئۇ بۇنداق ناچار ئەخلاقنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۇرۇۋالىدۇ- دە، ئۇنى ئۇڭشىماق بەكلا تەسكە توختايدۇ، تاماق ۋاقتىدا ئاتا- ئانا بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرمىسا، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەن بولىدۇ. شۇنداقلا بالا ئۈچۈن تەربىيە قىلىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەن بىرگە تاماق يەيتتى ۋە ئۇلارغا تاماق ئۈستىدىكى ئەدەپ- ئەخلاقنى ناھايىتى سىلىق ۋە سەممىي بىر يول بىلەن چۈشەندۈرەتتى، بۇنىڭ بىلەن بالىلار قىلىۋاتقان ئەدەپسىز قىلىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئەدەپلىك بالا بولۇشقا بۇرىلاتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يۈرىدىغان كىچىك بىر بالا ئىدىم، تاماق ۋاقتىدا مېنىڭ قولۇم داستىخاننىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ”ئى ئوغلۇم! تاماقتىن بۇرۇن: بىسمىللاھ - دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن!“ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇ ئۇسۇلدا بولۇپ كەلدى.»

ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھەببان مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەگە: ”ئى ئوغلۇم! يېقىنراق كەلگىن، بىسمىللاھ دەپ ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن“ دېدى.»

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن ئاساستا چاقىرىپ، يېقىنلاش دېگەن. ئاندىن تاماق يېيىشنىڭ ئەدەپ- قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئاسان ۋە سىلىق يول بىلەن تەرىپلىگەن.

ساھابىلار بالىلىرىنى توي- تۆكۈنگە، بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولغان سورۇنلارغا ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بالىلىرىغا مەنپەئەتلىك ئىلىم، ئەدەپ- ئەخلاق ۋە باشقا ئېسىل خۇلقلارنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان.

دارىقۇتنى ئاسىم ئىبنى كۇلەيبتىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئەنسارىلارنىڭ بىرىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ ئەنسارى مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىر مېيىت نامىزىنى ئوقۇشقا چىقىپ، قەبرىستانلىققىچە بىللە باردۇق،

مەن ئۇنىڭ قەبرە كولىغۇچىغا: "باش ۋە ئاياغ تەرەپلىرىنى كەڭرەك قازغىن!" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىز قەبرە بېشىدىن قايتىۋاتقىنىمىزدا قۇرەيش ئاياللىرىدىن بىرى كېلىپ: "سېنى ۋە ھەمراھلىرىڭنى پالانى ئايال چاقىرىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇ ئايالنىڭكىگە باردى، كۆپچىلىك ئولتۇرۇشىغا تاماق كەلتۈرۈلدى، ئۇ قولىنى تاماققا ئۇزاتتى، باشقىلارمۇ ئۇزاتتى، ئۇ تاماق يەۋېتىپ بىردىنلا يېيىشتىن توختاپ قالدى، بىز بالىلارنىڭ ئاتىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشى بويىچە ئولتۇرغان ئىدۇق، ئاتىلىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقتىن ئۆزىنى تارتقاندەك قىلغان ئىدى، بىر ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىكى سۆڭەكنى تاشلاتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن بۇنى ئىگىسىدىن سورىمىغان قوينىڭ گۆشىدەك ھېس قىلدىم" دېدى.»

3. بالىنىڭ كېسەل ۋاقتى: كېسەللىك چوڭ ئادەمنىڭ قېتىپ قالغان دىلىنى يۇمشىتىدۇ، ئۇنداقتا ئەسلىدىلا دىلى يۇمشاق، ھەر نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بالىلارنىڭ دىلى قانداق بولماقچى؟

بالا كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىدىغان ھەتتا ئەقىدىسىنى توغرىلىققا باشلايدىغان بىر ياخشى مۇھىت شەكىللىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان يەھۇدىي بالىنى يوقلىشى ۋە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى بۇنىڭ دالالىتىدۇر، ئۇ يەھۇدىي بالا ھەتتا ئىمان ئېيتقان ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا: "مۇسۇلمان بولغىن!" دېدى، ئۇ بالا ئاتىسىغا قارىدى، ئاتىسى: "ئەبۇ قاسىمغا ئىتائەت قىل!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا مۇسۇلمان بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىۋاتقاندا: "ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن!" دېدى.»

دېمەك، گەرچە ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بالا بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى مۇناسىپ پۇرسەت تاپقىچە ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلمىغان ئىدى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا قانداق ۋاقىتتا، قايسى ئۇسۇلدا دەۋەت قىلسا، ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

مەن يەنە بۇ بەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئېلىپ بېرىش يولىغا ئۇيغۇن بولغان مەزمۇنغا ياندىشتۇرۇپ، ئاتا- ئانا ۋە چوڭلارنىڭ بالىلارغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا ئۇلارغا يۇمشاق، مۇلايىم مۇئامىلىدە سەۋرچانلىق بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز يۇقىرىدا بالىلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا سەيلى قىلىش يولىدا، تاماق ۋاقتىدا ۋە ئۇلار ئاغرىپ قالغاندا، ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ناۋادا ئاتا - ئانىلار بۇ ۋاقىتلاردىنمۇ ياخشى پۇرسەتلەرنى بىلسە ياكى ئۇچراتسا تەربىيە قىلىشى كېرەك.

## بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش

بۇ ئاتا- ئانىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئۈچىنچى ئاساس بولۇپ، ئاتا- ئانىلار بالىلارغا بولغان تەربىيەسىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئاساسقىمۇ ئەمەل قىلىشى كېرەك. بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش بالىلارنىڭ دىلىنى ياخشىلىققا مايىل قىلىش ۋە تەربىيەنىڭ ئۇلارنىڭ دىلىدا يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بالىلار ئاتا- ئانىسىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرىنى ئۇلاردىن ئەلا بىلگەنلىكىنى، ئارتۇقچە ئامراقلىق قىلغانلىقىنى بىلىپلا قالسا، ئۇ بالىنىڭ قەلبىدە شۇنچىلىك دەرىجىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇكى (ئاللاھ ساقلىسۇن)، بۇ يامان تەسىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاتا - ئانىنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەس قىلىپ قويىدىغان، ھەم ئۇڭشاشقا ئامالسىز قالىدىغان يامان خۇلقلارنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى ئاتىسىنىڭ يۇسۇفكە ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق قىلدى؟

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار: «يۇسۇف ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى (يەنى بۇنيامىن) ئاتىمىزغا بىزدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، ھالبۇكى، بىز (كۈچلۈك) جامائەدۇرمىز، ئاتىمىز (نىڭ ئۇ ئىككىسىنى بىزدىن ئارتۇق كۆرۈشى) ئەلۋەتتە روشەن خاتادۇر دېيىشتى.[1] »﴾ ئۇلار بۇنداق قاراشقا كېلىش بىلەن ھەتتا ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلىش، قېرىندىشىنىڭ ھاياتىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە باردى.

[1] سۈرە يۇسۇف، 8- ئايەت.

﴿(ئۇلار) «يۇسۇفنى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار، ياكى ئۇنى يىراق بىر چەت جايغا تاشلىۋېتىڭلار، (شۇ چاغدا) ئاتاڭلارنىڭ مۇھەببىتى سىلەرگە قالىدۇ، بۇ (گۇناھ) تىن كېيىن (تەۋبە قىلىپ) ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىسىلەر» دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى سۆز قىلىپ: "يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئەگەر ئۇنى ئاتىسىدىن يىراق قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنى يولدىن ئۆتكەن كارۋان ئېلىۋالسۇن› دېدى[1].﴾ شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ يەردە ئاتىسىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىدىن باشقا گۇناھى بولمىغان كىچىك يۇسۇف قېرىنداشلىرىنىڭ: ئاتىمىز بىزگە ئادالەتسىزلىك قىلدى، - دەپ قارىغان قارىشى ۋە بۇ قاراشتىن كېلىپ چىققان قارا نىيەت، قەبىھ قىلمىشىنىڭ قۇربانى بولۇپ قۇدۇققا تاشلاندى، ئۇنى سۆيگەن ئاتىسى بولسا پىغانلىق دەرتكە مۇپتىلا بولدى. دېمەك، ئاتا- ئانا باللىرى ئارىسىدا ئادىللىقنى ساقلىمىسا ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

تۆۋەندىكى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش توغرىسىدا ئاتا - ئانىلارغا قىلغان تەربىيە تەۋسىيەسىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«دادام مەن بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مەن بۇ ئوغلۇمغا خىزمەتچىمنى ھەدىيە قىلدىم، — دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە شۇنىڭغا ئوخشىشىنى بەردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق.

— ئۇنداقتا مېنى زۇلۇمغا گۇۋاھچى قىلما! — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاندىن يەنە:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا ئوخشاش ياخشىلىق قىلىشى سېنى خۇشال قىلامدۇ؟ - دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە!

— ئۇنداقتا، سېنىڭمۇ بىر ئوغلۇڭغىلا ھەدىيە قىلىشىڭغا بولمايدۇ، — دېدى

[1] سورە يۇسۇف، 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.»

ئىمام مۇسلىمدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «"بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش سوۋغات قىلدىڭمۇ؟" دېدى، ئۇ: "ياق!" دېگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار!" دېدى. ئاندىن ئاتام ئۇ ھەدىيەسىنى قايتۇرىۋالدى» دېيىلگەن.

دارىقۇتنىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىغان، ئۇ:

— بار، — دەپ جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇنىڭغا بەرگىنىڭنىڭ ئوخشىشىنى باشقىلىرىغىمۇ بەردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دېدى ئۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولمايمەن، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇشىڭلارنى ياخشى كۆرگەندەك، بالىلىرىڭلار ئارىسىدىمۇ ئادىل بولۇشىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى.»

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، نەسەئى ۋە ئىبنى ھەببان قاتارلىقلار نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار، بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار!" دېگەن سۆزنى تەكرارلىغان ئىدى.»

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇددى سىلەر بالىلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا خۇشاللىقتا، كۈيىنىشلەردە ئۇلارنىڭ ئادىل بولۇشىنى ياخشى كۆرگىنىڭلاردەك بالىلار ئارىسىدىكى مۇئامىلەڭلەردىمۇ ئادىل بولۇڭلار!»

شەيخ ئابدۇلغەنى ئەننابلىسى بۇ ھەدىسلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسلەر شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇكى، بالىلار ئارىسىدا باراۋەر مۇئامىلىدە بولماسلىق ھارامدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلارنىڭ بىرىدىن بىرىنى ئۈستۈن كۆرۈش ئۇلار ئارىسىدا ئۆچ-ئاداۋەت، ھەسەت ۋە قىزغىنىش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە ۋە سىلە-رەھىمگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا ئۈزىدۇ.»

سەلەپ-سالىھلار بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا بالىلىرىنى

ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۇلار ئارىسىدا باراۋەر مۇئامىلىدە ئادىل بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى.

بەيھەقى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئوغلى كەلدى. ئۇ ئوغلىنى سۆيۈپ قۇچىغىدا ئولتۇرغۇزدى؛ ئارقىدىن قىزى كېلىۋېدى، ئۇنى يەردە ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "نېمە ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلمايسەن؟" دېدى.»

تاۋۇس بۇنى تەھلىل قىلىپ: «بىر پارچە كۆيۈك ناننى بېرىشتىمۇ ئادىل بولماسلىق جائىز ئەمەستۇر» دېدى. ئىبنى مۇبارەكمۇ شۇنداق دېدى. قېنى بىز نەزەر سالساق ياكى تەكشۈرسەك، پۈتكۈل يەر شارى ئالىمىدە بالىلىرى ئارىسىدا ئادىل بولۇشتا بۇنچىلىك ئىنچىكە دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن بىرەر تەربىيىلەش نەزەرىيەسى، نىزامى ياكى دەستۇرى، پىكرى كىمدە بار؟! پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن باشقا ھېچ يەردە يوقتۇر.

كىچىك بالىلار ئارىسىدا دائىم ئۇرۇش- جېدەل ۋە دە- تالاش بولۇپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىش بولسىمۇ ئوخشاشلا باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر، شۇنداقلا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەق ۋە ناھەقنى ئايرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. تۆۋەندىكىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۆرنىكىگە مىسالدۇر:

ئىمام مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇھاجىرلارنىڭ بالىسى بىلەن ئەنسارىلارنىڭ بىر بالىسى ئۇرۇشۇپ قالدى، مۇھاجىرلارنىڭ بالىسى: "ئى مۇھاجىرلار!" دەپ چاقىردى، ئەنسارىلارنىڭ بالىسىمۇ: "ئى ئەنسارىلار!" دەپ چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ نېمە؟ بۇ جاھىلىيەتنىڭ قىلىقىغۇ؟" دېدى. باشقىلار: "ئۇنداق ئەمەس، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! پەقەت ئىككى بالا ئۇرۇشۇپ قالدى، ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىنىڭ ئارقىغا تەپتى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھېچقىسى يوق، ئىنسان ئۆزىنىڭ زالىم ۋە مەزلۇم بۇرادىرىگە ياردەم قىلىشى كېرەك، زالىمنىڭ قىلىۋاتقان زالىملىقىدىن توسۇشىمۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان ياردەمدۇر، مەزلۇمغىمۇ ياردەم قىلسۇن!" دېدى.»

ئۇرۇشۇپ قالغان بالىلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىشمۇ ئادىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئەمەل بولۇپ ئۇلاردىن بىرىنىڭ مەزلۇم، بىرىنىڭ زالىم بولۇشىدا شەك يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇ ئابدۇللاھ (يەنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

نىڭ بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى بالىنىڭ ئارىسىنى ئايرىغانلىقىنى كۆردۈم.»

بۇ قائىدىلەر بالىلار ئارىسىدا ئادىل بولغان ئاتا ـ ئانىلار، تەربىيىچىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشى ئۈنۈم ۋە ئەجىرگە ئېرىشىپلا قالماي ئاخىرەت كۈنىدە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدىغانلىقى بىلەن ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ۋە سىزنى شۇلاردىن قىلسۇن!

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدە ۋە تەيىنلەنگەن ئىشلىرىدا ئادالەتلىك قىلغان ئادىل كىشىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ.»

سوئال: قانداق ئەھۋالدا بالىلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن تۇتۇش جائىز بولىدۇ؟

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بالىلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىدىن سەۋەبسىزلا ئۈستۈن كۆرۈش ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالغۇدەك پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى، ئەگەر سەۋەبى تېپىلغاندا بۇنداق قىلىشنىڭ جائىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئائىلىدە بالىلار ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ ئاگلىقلىقى، ياكى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلارغا ھاجەتمەن ئىكەنلىكى ياكى بۇ بالىلارنىڭ مېھرىبانلىقى، ئالاھىدە كۆتۈلۈشكە موھتاجلىقى، ياكى ئۇ بالىلارنىڭ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى... قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ئاسىي، ئىسراپخور، بەڭۋاش خاراكتېردىكى بالىلاردىن (بۇنداق بالىلارنى جازالاش يۈزىسىدىن) ئۈستۈن تۇتۇش جائىزدۇر. بۇنىڭدا ھېچقانداق چەكلىمە يوقتۇر.

## بالىلارنىڭ ھەقلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى بېرىش

بالىنىڭ ھەققىنى بېرىش ھەم ئۇنىڭدىن قوبۇل قىلىش ئۇنى ھاياتقا تۇغرا قارايدىغان، ھاياتنىڭ ئېلىش ـ بېرىشتىن ئىبارەت قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قىلىدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بالىنىڭ ھەققە رىئايە قىلىشنى ئۆگىنىشىدىكى بىر مەشق جەريانىدۇر. بالا بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ھەققىنى تونۇش بىلەن باشقىلارنىڭ

ھەققىنىمۇ، ھەققىنىڭ قەدرى ــ قىممىتىنى تونۇشنى ۋە ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر كىچىك بالا ئارىسىدىكى بىر ۋەقەلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا تەۋە بولغان نەرسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ بالىنىڭ: "بەرمەيمەن" دەپ تۇرۇۋالغانلىقى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز ھەققى بولغان سۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېلىپ ئىچكەنلىكىنىڭ مىسالىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى ئېلىپ ئىچتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرىپىدىكى بالىغا: "مېنىڭ بۇنى ئاۋۋۇ كىشىلەرگە بېرىشىمگە قوشۇلامسەن؟" دەپ سورىدى. ئۇ بالا: "ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭدىن كەلگەن ھەرقانداق نېسىۋەمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى.» رەزىين بۇ بالىنىڭ پەزل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىكەنلىكىنى قوشۇپ قويىدى.

«ئۇھۇد ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىغا قوشۇلمىغىنى ئۈچۈن قارشى چىقىپ: "ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! سەن مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلىغا ئۇرۇشقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىپ، ماڭا رۇخسەت قىلمىدىڭ، شۈبھىسىزكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسام ئۇنى يىقىتىۋالىمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى چېلىشقا سالدى. راست دېگەندەك، ئۇ بالا يېڭىۋالدى، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى.»

دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ھۆرمەتلىك، ئەزىز ۋە ئەگەشكۈچىلىرى كۆپ بولغان يەنە بىر ئىنسان بارمۇ؟ يوق، ھەرگىز يوق، ئۇ كىچىكلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھەقلىرىنى ئۆزلىرىگە بەردى، ئۇلارغا خۇددى چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى، ھەم باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتتى.

بىز بىر قىسىم كىشىلەردىن: نېمە ئۈچۈن كىچىكلەرنىڭ ھەقلىرىنى بېرىشتە، ئادا قىلىشتا ھەرخىل ھىيلە- نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىسىلەر؟ - دەپ سورىغىمىز كېلىدۇ. بىز ئۇنداق كىشىلەرگە تۆۋەندىكى ھەدىسنى ھەدىيە قىلىمىز:

ئىبنى ئەساكىر ۋە دەيلەمى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئىخچام ۋە پايدىلىق سۆزلەرنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغان بولساڭ" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى شېرىك قىلما! نەدىلا بولساڭ قۇرئان بىلەن بول! ھەقنى كىم ئېلىپ كەلسە، ئۇنى كىچىك، چوڭ، دۈشمەن ياكى يات ئادەم دېمەي قوبۇل قىل، باتىلنى كىم ئېلىپ كەلسە، ئۇنى كىچىك - چوڭ، دوست ياكى يېقىنىم دېمەي رەت قىل!" دېدى.»

ئەگەر بالا يېشىدا چوڭلاردىن ئىلىمدە ۋە قىرائەتتە ئارتۇق بولسا، ئۇ چوڭلارغا ئىمام ۋە قوماندان بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئىمام ئابدۇررازاق مۇسنەدىدە مۇھاجىر ئىبنى ھەبىب زۆبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان بىلەن سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر يەرگە كېلىشۇپ قىلىپ، سەئىد ئەبۇ سەلەمەگە: "بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بەرگىن! بىز ساڭا ئەگىشىمىز" دېدى. ئەبۇ سەلەمە: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ئەگەر ئۈچ كىشى بىر سەپەردە بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇرئاننى ئەڭ كۆپ يادا بىلگىنى ئىمام بولسۇن! ئىمام بولغان كىشى گەرچە ياشتا كىچىك بولسىمۇ ئۇ ئۇلارنىڭ ئەمىرىدۇر، - دېگەن ئىدى" دېدى. ئەبۇ سەلەمە: "ئەنە شۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە قىلغان ئەمىردۇر" دېدى.»

ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇ مۇسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىدى، ئۆمەر ئالدىراش بولغاچقا جاۋاب بېرەلمىدى، بىر ئازدىن كېيىن ئىشىدىن بوشاپ: "مەن ئەبۇ مۇسانىڭ كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلغان ئىدىم، ئۇ كىرمىدىغۇ؟" دەپ سورىدى، باشقىلار: "ئۇ قايتىپ كەتتى" دېدى. ئەبۇ مۇسانى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئەبۇ مۇسا: "بىز شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغان" دېدى. ئۆمەر: "يا سەن بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرىسەن، ياكى مەن سېنى جازالايمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ مۇسا چىقىپ ئەنسارىلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار: "بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمىزمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ" دېدى. ئاندىن ئەبۇ سەئىد ئورنىدىن تۇرۇپ: "بىز بۇنىڭغا (يەنى رۇخسەت سورىغاندا ئىجازەت بېرىلمىسە، قايتىپ كېتىشكە) بۇيرۇلغان ئىدۇق" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن بىرى ماڭا مەخپىي قالغان ئىكەن، بازاردىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىم مېنىڭ ئۇنى ئاڭلىشىمنى

تۇسۇپ قويۇپتۇ" دېدى.»

ئى قېرىندىشىم! سەن مۇسۇلمانلار خەلىپىسىنىڭ ئەبۇسەئىد خۇدرىدەك بىر كىچىك بالىنىڭ گۇۋاھلىقىنى قانداق قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇرۇنقى ياخشىلار ھەق مەيلى كىچىك بالىدا بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك كۆرمەي قوبۇل قىلاتتى.

ئىمام ئەبۇھەنىيفە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كىچىك بالىنىڭ ۋەزنىنى قوبۇل قىلغانلىقى بۇنىڭ گۇۋاھىدۇر. ئۇ بىر كىچىك بالىنىڭ لاي ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «دىققەت قىل لايغا چۈشۈپ كەتمە» دېدى. ئۇ بالا بۇ كاتتا ئىمام ۋە ئۆلىماغا: «بەلكى سەن چۈشۈپ كەتمىگەيسەن، چۈنكى ئالىمنىڭ چۈشۈشى ئالەمنىڭ چۈشۈشىدۇر» دېگەن. ئىمام بۇ سۆزدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەچكە، شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا، تالىپلىرى بىلەن بىر ئاي مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن چىقىرىدىغان بولغان.

مەسئەر مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمام ئەبۇھەنىيفە بىلەن كېتىۋاتقىنىمدا، ئەبۇ ھەنىيفە بىر بالىنىڭ پۇتىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن دەسسەپ سالدى. ئۇ بالا: "ئى شەيخ! قىيامەت كۈنىدە قىساستىن قورقمامسەن؟" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇھەنىيفە ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم ۋە: "بىر بالىنىڭ سۆزىگە شۇنچىلىك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟" دېدىم. ئۇ: "مەن ئۇنىڭ ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشىنى بەردىمىكىن دەپ قورقىمەن" دېدى.»

ئىبنى زافەرىل مەككى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا يەتكەن رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، سەرى ئىبنى ئەلمۇغلىس ئەسسەقەنى ئوقۇتقۇچىسىغا: ﴿گۇناھكارلارنى ئۇلار چاڭقىغان ھالدا جەھەننەمگە ھەيدەيمىز[1]﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ئاندىن: "ئى ئۇستاز! چاڭقىغان ھالدا دېگەنلىك نېمە دېگەنلىك بولىدۇ؟" دېدى. ئۇستازى: "بىلمەيمەن" دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە: ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنلەردىن باشقىلار شاپائەت قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ[2]﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ: "ئى ئۇستاز! ئايەتتىكى ئەھدە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟" دېدى. ئۇستازى يەنە: "بىلمەيمەن" دېدى. سەرى ئوقۇشنى توختىتىپ: "بىلمىسەڭ نېمە دەپ ئىنسانلارنى ئالدىدىڭ؟" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ئۇردى. سەرى: "ئى ئۇستاز! سېنىڭ زالىم ۋە ئالدىغۇچى بولغىنىڭ يەتمىدىمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا يەنە زۇلۇم ۋە ئەزىيەتنى زىيادە قىلدىڭ"

[1] سۈرە مەريەم، 86 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم، 87 ـ ئايەت.

دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالدى، ئوقۇغۇچىسىنى ئورۇنسىز ئەدەپلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا قاتتىق تەۋبە قىلدى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ دائىم: "مېنى جاھالىيەت قۇللۇقىدىن سەرى قۇتقۇزدى" دەيتتى.»

مانا بۇ، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەكىللەر گۇرۇھىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ قەۋمىگە ۋاكالەتەن سۆز قىلماقچى بولغاندا، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ: «قەۋمىڭ ئۈچۈن سۆز قىلىشقا سەندىن چوڭ بىرى تېپىلمىدىمۇ؟» دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ: «ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئەگەر ئىشلار ياشقا چوڭلارغىلا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، سىز ئولتۇرغان بۇ مەرتىۋىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن سىزدىن چوڭراق بىرى ئولتۇرسا بولماسمىدى؟» دېدى. ئاندىن ئۇ يەنە: «ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئادەمنىڭ تىلى ۋە قەلبى بىلەن ئادەم بولىدىغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە: «ئى بالا! ماڭا نەسىھەت قىلغىن!» دېدى. ئۇ بالا قىلغان نەسىھەتلىرى بىلەن خەلىپىنى يىغلىتىۋەتتى.

ئاللاھ تائالا بىز ۋە سىلەرنىمۇ ئاشۇنداق ئۇلۇغ ۋە مەرتىۋىلىك زاتلار قىلغاندەك كەمتەرلىك بىلەن كىچىكلەردىن ۋەز- نەسىھەت ئېلىشقا ئوخشاش ھەقلىق بولغان كىچىكلەردىن كەمتەرانە نەسىھەت ئېلىشقا نېسىپ قىلسۇن!

## بالىلارغا دۇئا قىلىش

دۇئا قىلىش، بولۇپمۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبادەت ئورنىدىكى مۇھىم دىنىي ئەمەللەردىن بىرىدۇر. ھەر بىر كىشى دۇئا قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن دۇئا قىلىش ۋاقىتلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى ئاتا- ئانىسىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغان دۇئالىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىندۇر. دۇئا بىلەن مېھرىبانلىق ئۇلغىيىدۇ، ئاتا- ئانىنىڭ قەلبىدە بالىغا بولغان كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى ئورنايدۇ. ئاتا- ئانا بالىلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. كىتابلار ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ باشلىرىدا زىكىر قىلىنغىنىدەك دۇئا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر. ئاتا- ئانىسىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بالىسىغا بەددۇئا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خەتەرلىك ئىشتىن ساقلىنىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىلارنى بەددۇئا قىلىشتىن توسقان، چۈنكى بالىسى

ئۇچۇن بەتدۇئا قىلىش ئىسلام ئەخلاقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىلەش نەزىرىيەسىگە زىتتۇر. ئۇ، ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن چەتنىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئۆزلىرىگە قاتتىق ئازار بەرگەن تائىپ مۇشرىكلىرىگىمۇ بەتدۇئا قىلمىغان. ئەكسىچە: «ئى ئاللاھ بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلغان. ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۆزەڭلارغا، ئەۋلادىڭلارغا، خىزمەتچىڭلارغا، ماللىرىڭلارغا بەتدۇئا قىلماڭلار! ئەگەر دۇئا ئاللاھنىڭ ئىجابەت قىلىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئىجابەت قىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن.

ئىمام غەزالىينىڭ زىكىر قىلىشىچە، بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى قاخشاتقان بالىسىنىڭ يامان قىلمىشلىرى توغرىسىدا دەرت تۆكىدۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك:

— سەن بالاڭغا بەتدۇئا قىلغانمىدىڭ؟ — دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم:

— ھەئە، — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئۇ ئادەمگە:

— ئۇنى ئۆزەڭ بۇزۇۋېتىپسەن، — دەيدۇ.

بالىلارغا بەتدۇئا قىلىپ ئۇلارنى بۇزۇۋېتىشنىڭ ئورنىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئۇلارنىڭ ئىسلاھ بولۇشى ئۈچۈن خەيرلىك دۇئا قىلىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا دۇئا قىلاتتى. بالىلىرىغا دۇئا قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالا ئەۋلادلىرىغا ۋە ماللىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى باغرىغا چىڭ باسقاندىن كېيىن: "ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلغىن" دېدى.»

باشقا بىر رىۋايەتتە: «"ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئۆگەتكىن!" دېدى» دەپ رىۋايەت قىلىنغان. مۇسلىم ۋە بۇخارىدىن قىلىنغان يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە: «"ئى ئاللاھ ئۇنى دىنىڭدا ئالىم قىل!" دېدى» دېيىلگەن. ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ رىۋايىتىدە: «"ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا قۇرئاننى تەئۋىل قىلىشنى بىلدۈرگىن!" دېدى» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئىبنى ئابباس

www.uyghurkitap.com

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەللامىسى ۋە قۇرئاننىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالغان.

تۆۋەندىكىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ ئىسلام دىنىدا بولۇشى ئۈچۈن ئاجراشقان ئاتا- ئانىلارغا بالىنىڭ ئايرىلىشىدا مۇسۇلمان تەرەپكە ئايرىلىشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنىڭ مىسالى:

ئابدۇررازاق «مۇسنەد» تە ئابدۇل ھەمىدىل ئەنسارىدىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى مۇسۇلمان بولغاندا، ئۇنىڭ ئايالى دىنغا كىرىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر بالىسى بولۇپ، ئۇ بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتىنى بىر تەرەپكە، ئانىنى بىر تەرەپكە ئولتۇرغۇزۇپ بالىنى، تاللاشقا قويغان ۋە: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا ھىدايەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغان. ئۇ بالا ئاتىسى تەرەپكە بارغانىدى. (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئىمۇ رىۋايەت قىلغان)

ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش بولسا، كاپىرلىق دەرىجىسىدىن خېلى تۆۋەن گۇناھتۇر. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ناچار ئەخلاقنى دۇئا قىلىش بىلەن بىر تەرەپ قىلغان. بۇنىڭدىن بىز ئاتا- ئانىنىڭ دۇئاسى مەيلى ئۇلار سەپەردە ياكى باشقا يەردە بولسۇن، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن خالىس دۇئا قىلسىلا ۋە دۇئا قىلىشنى ئۈزۈپ قويمىسىلا، ئاتا- ئانىنى قاخشىتىدىغان قىلمىشنى تاشلىشى مۇمكىن دېگەننى چىقىرىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن تۆگىسىگە راۋرۇس مىنىپ بولغاندا، ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر! بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللاھ! سەپىرىمىزدە تەقۋالىق، ياخشىلىق ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەل سورايمىز، ئى ئاللاھ! سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن! سەپەرنىڭ ئۇزاقلىقىنى قىسقارتقىن، ئى ئاللاھ! سەن بىزنىڭ سەپەردىكى ھەمراھىمىزسەن، ئائىلىمىزدە قالىدىغان ئىگە بولغۇچىمىزسەن، ئى ئاللاھ! سەن بىلەن سەپەرنىڭ قاتتىقلىقىدىن، زېرىكىشلىك كۆرۈنۈشلەردىن، مال ۋە بالىلىرىمىزنىڭ يامانلىقىغا ئۇزگىرىپ قېلىشىدىن پاناھلىق تىلەيمىز!» دەيتتى.

ئەينى چاغدا، سەلەپ- سالىھ ئانىلار ھەر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈلگە ئېلىشقا تىرىشقىنىدەك، بۇنداق دۇئالارنى قىلىشتىمۇ تىرىشاتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلىشاتتى.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلىمە ئوغلى ئەنەس ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇئا تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلغان. يۇقىرىقى ئۈچ راۋىينىڭ ئەنەستىن قىلغان رىۋايىتىدە ئەنەس مۇنداق دېگەن: «ئانام ئۇممۇ سەلىمە: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! خىزمەتكارىڭ ئەنەسكە دۇئا قىلغىن“ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا كۆپ مال ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسەڭدە بەرىكەت بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلدى.»

ئىمام بۇخارىنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە: «ئۇممۇ سەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ياغلىقىنىڭ يېرىمى بىلەن ئەنەسنى ئورىغان ھالدا تۇرۇپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەنەس. مەن ئۇنى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭغا دۇئا قىلغىن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ مېلىنى ۋە بالىسىنى كۆپ قىلىپ بەرگىن!“ دەپ دۇئا قىلدى.» ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مېنىڭ مېلىم ناھايىتى كۆپ بولدى ھەمدە بالا ـ چاقىلىرىم، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم بولۇپ يۈزگە يەتتى.»

تىرمىزى ئەبۇخەلدەدىن رىۋايەت قىلىشىچە: «ئەبۇ ئالىيەدىن: ”ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس ئاڭلىغانمۇ؟“ دەپ سورىسام ئەبۇ ئالىيە: ”ئەنەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان، ئۇنىڭ بىر مېۋىلىك بوستانلىقى بار بولۇپ، باغدىن يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىناتتى. ئەنەستىن خۇددى مۇشكى ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدەك پۇراق كېلەتتى“ دېگەن.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئانىسى ئۇنى كىچىك چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالمىدى. باشقا بىر رىۋايەتتە بېشىنى سىلىدى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ئۇ پۈتۈن ئەھلى ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلاتتى دېيىلگەن. (بۇ ئىككى ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلدى).

ئەبۇھەمزە ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاتام ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇدتىن: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قانداق ئەسلىمىلىرىڭ بار؟“دەپ سورىدىم، ئۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەش ـ ئالتە ياش چېغىمدا مېنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، بېشىمنى سىلاپ، ماڭا ۋە ئەۋلادىمغا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بەرىكەت بىلەن دۇئا قىلغانىدى“ دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلدى)

ناۋادا بالا ئاتا- ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان بالا بولۇپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ - دېگەن سوئالغا: «يەقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن!“ دېگەن سۆزىنى دېيىش ئەڭ مۇۋاپىقتۇر» دەپ جاۋاب بېرىش ئەڭ توغرىدۇر.

## بالىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئويۇنچۇق ئوينىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى توسىمىغانلىقى بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق ئويناشقا موھتاجلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق كىچىك شەيئىلەر بىلەن ھەپىلىشىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇئۇمەيرەنىڭ ئويناپ تۇرىۋاتقان بىر قۇشنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا (ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلىكى) كىچىك بالىنىڭ ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بىر ئويۇنچۇقنىڭ قولىدا بولۇشىغا ئېھتىياجى بارلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلدۇر.

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ بىر پىستە كۈچىكى بار بولۇپ، ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن ئوينايتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ بىر ئاز سۆھبەتتە ئولتۇراتتىم. ناۋادا ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا كېلىپ ئىجازەت سورىسام، ئۇ تەسبىھ ئېيتىش ئارقىلىق ئىجازەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، ناماز ئوقۇمايۋاتقان ۋاقتىدا كېلىپ ئىجازەت سورىسام، ئىجازەت بېرەتتى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ مېنىڭ كىرىشىمگە رۇخسەت بەردى ۋە دېدىكى: ”ماڭا جىبرىئىل كەلدى، مەن ئۇنىڭغا: ”كىرگىن! “ دېسەم، ئۇ: ”ئۆيدە مەن كىرەلمەيدىغان نەرسە بار ئىكەن“ دېدى. مەن ئەترايقا قاراپ ھېچنېمە كۆرمىگەندىن كېيىن، ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا:”قارىغىن!“ دېدى، مەن تەكرار قارىسام، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىدىكى كارۋاتنىڭ پۇتىغا ھۈسەيىننىڭ پىستىسى باغلاقلىق تۇرۇپتۇ، ئاندىن جىبرىئىل: ”بىز پەرىشتىلەر جامائەسى ھەيكەل، ئىت ياكى جۇنۇپ بار ئۆيگە كىرمەيمىز “ دېدى.»

بالىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىش ئاتا- ئانىلارنىڭ ئىشىدۇر، ئۇلار بالىلىرىغا

ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ياش- قۇرامىغا، كۈچ - قۇۋۋىتىگە مۇناسىپ ئويۇنچاقلارنى ئېلىپ بېرىشى، ئويۇنچۇقلارنى ئۇلارنىڭ قولى يېتىدىغان يەرلەرگە قويۇپ قويۇشى لازىم. ئويۇنچۇقلارنىڭ بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئۇسۇپ يېتىلىشىگە، ئەقلىي جەھەتتىن توغرا يۇنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغانلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئويۇنچۇقنىڭ كىچىك بالىلارغا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

- ئېلىنغان ئويۇنچۇق بالىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە بەختەرلىكىگە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراش لازىم.
- بۇزۇپ قۇراشتۇرغىلى بولۇش - بولماسلىقىغا قاراش.
- بالىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەۋەككۈل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق ياكى ئەمەسلىكىگە قاراش.
- چوڭلارنىڭ ئەخلاقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش يوللىرىنى دوراشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىزلىقىغا قاراش.

ناۋادا ئويۇنچۇقلار يۇقىرىدىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنى ئېلىش توغرا بولغان بولىدۇ.

## بالىلارنىڭ ياخشى ۋە تەقۋا بولۇپ يېتىلىشىگە ياردەم قىلىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تەييارلاش

ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشلىرىدا ئۇلارغا قولايلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىش ۋە سەۋەبلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش لازىم. بۇنداق قىلىش بالىلارغا ياردەم بەرگەنلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئاكتىپلىقىنىمۇ قوزغايدۇ. بۇنداق ياخشى پۇرسەت بالىلارنىڭ ياخشىلىق يولىدا مېڭىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بۇ ئاتا- ئانىنىڭ بالا ئۈچۈن قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ھەدىيەسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشىنى ئۆگىنىشىگە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئاللاھ تائالادىن بۇ ھەقتە رەھمەت ۋە رازىلىق ئاتا قىلىشنى تىلىگەن.

www.uyghurkitap.com

ئىبنى ھەببان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «باللىسىنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بەرگەن ئاتىغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن!» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

تەبەرانىي ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «باللىرىڭلارغا ياخشىلىقتا ياردەملىشىڭلار، خالىغان كىشى باللىسىدىن ئاسىيلىق قىلىشىنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

دېمەك، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۈستىدە باللىسىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىنى ئۆگىتىشتە چوڭ مەسئۇلىيەت باردۇر. ئاتا ـ ئانا باللىسىدىن ئاسىيلىق قىلىشىنى چىقىرىۋېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ ھېكمەت بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئۇزۇن زامان ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاندىن ھەقىقەتلىشىدۇ.

## كۆپ ئاچچىقلاش ۋە كايىشتىن يىراق بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ ئىشلىرىغا ۋە بەزى بولۇمسىز قىلىقلىرىغا كۆپ كايىمايتتى ياكى ئۇلارغا كۆپ تەنە قىلمايتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى ئون يىل ئىزچىل قىلغان بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەربىيەسى ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر ئىشنى قىلسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭ؟" دېمەيتتى، قىلماي قالغان ئىشنى: "نېمىشقا قىلمىدىڭ؟" دېمەيتتى.»

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ مېنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ، مەن ئۇ ئىشقا سەل قاراپ قالسام ياكى بۇزۇپ قويسام، ئۇ ماڭا ھېچ تاپە ـ تەنە قىلمىغان ئىدى، ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرسى تاپا قىلسا: "بولدى قىلىڭلار، تەقدىردە بولغان بولسا بولاتتى" دەيتتى، ياكى: "تاپا قىلماڭلار! تەقدىردە پۈتكەن بولسا بولاتتى" دەيتتى.»

بۇ ئىشلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن ئېيتقاندا جانلىق ئۆتۈلگەن بىر ھايات دەرسى قاتارىدا ئۇنىڭ زېھنىدە ساقلىنىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر ۋە مۇلاھىزىلىرى ئۈچۈن ئوزۇق بولۇش رولىغا ئىگە بولدى.

ئابدۇررازاق ئۇرۋەدىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ياكى ئەبۇبەكرى ۋە ياكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىسىنىڭ بىر ئىشىنى ئەيىپلىگەندە: «بالاڭ سېنىڭ ئوقدىنىڭدىكى بىر تال ئوقيادۇر» دېگەن.

ئاتا-ئانا بالىسىنى ئەيىپلىسە، ھەقىقەتەن ئۆزىنى ئەيىپلىگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بالا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، شۇڭا ئۇنى ئەيىپلەشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىشقا ئالدىراش كېرەك.

شەمشىدىن ئەلئىبابى «بالىلار تەنتەربىيەسى، ئۇلارغا تەلىم بېرىش ۋە ئەدەبلەش» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر پىكىرتى ئوتتۇرغا قويىدى: «بالىغا ھەر ۋاقىت كايىلمايدۇ، كۆپ كايىش ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ يامان ئىشلارغا يول ئېچىپ قويىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئىككىنچى باب

## بالىنىڭ ئەقلىنى يېتىلدۈرۈشتە پايدىلىق پىكرى ئۇسۇللار

بىرىنچى: قىسسىلەرنى رىۋايەت قىلىش

ئىككىنچى: يۈز تۇرانە سۆزلىشىش

ئۈچىنچى: ئەقىلگە يارىشا سۆز قىلىش

تۆتىنچى: ئىلمىي مۇنازىرە

بەشىنچى: ئەمەلىي تەجرىبە يولى

ئالتىنچى: بالىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشقا ئۈندەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

﴿ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھېكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى. ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى ـ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن. (لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇلتاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر.»﴾

— «قۇرئان كەرىم» سۈرە لوقمان، *13* ـ تىن *19* ـ ئايەتكىچە

## بالىغا قىسسىلەرنى رىۋايەت قىلىش ۋە كىتابلاردىن ئوقۇپ بېرىش

قىسسە ۋە ھېكايىلەر بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دىققىتىنى قوزغاشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا تەسىر قىلىش تەربىيە ئۇسۇلىدىكى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلىدىغان ئۇسۇللاردىن بىرىدۇر. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلارغا ھېكايە قىلىپ بەرگەن قىسسىلىرى ئىچىدە چوڭلار ۋە كىچىكلەرگە ئورتاق مەنپەئەت قىلىدىغان قىسسىلەرنىڭ ناھايىتىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىكى قىسسە بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا ماسلاشقان ھالدا ھازىرقىلار ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىبرەتلىك دەرس بولىدىغان نۇرغۇن قىسسىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قۇرئاندا بايان قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ ھەقىقىي ۋەقەلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان قىسسىلەرمۇ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ھەقىقىي ۋەقەلىكلەردۇر. بۇ قىسسىلەر توقۇلما ھېكايىلەر ئەمەستۇر. قىسسە سۆزلەپ بەرگەندە، بالىنىڭ تارىختا بولغان چۈشەنچىسى ئاشىدۇ، روھىي چۈشەنچىسى ۋە ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇ قىسسىلەر بالىلارنىڭ ئېڭىدا ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئىسلام روھى ۋە ئەخلاق چۈشەنچىسىنى تۇرغۇزىدۇ.

ھەقىقەتەن ئۆلىمالارنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ ھاياتى قەلبلەرگە پەزىلەت بىخلىرىنى سۇدۇرىدىغان، ئېسىل غايىلىرىمىز يولىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلىشقا يارەمچى بولىدىغان، ئۆزىنى پىدا قىلىش، ئىرادىلىك بولۇش روھىغا ئۈندەيدىغان ۋە ئېسىل دەرىجىلەرگە يېتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئەڭ ئېسىل ۋەسىلىلەردىندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[1].﴾

ئىمام ئەبۇھەنىيفە: «ئۆتكەنكى ئۆلىمالارنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى بەزى فىقھى مەسىلىلىرىدىن پايدىلىقراق دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇنىڭدا بىر مىللەتنىڭ ئەدەپ ـ

[1] سۈرە ھۇد، 120 ـ ئايەت.

ئەخلاقى گەۋدىلەنگەن» دەپ، بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى دەلىل كەلتۈرگەن.

بىز تۆۋەندە بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ۋە ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ھاجەر ئانىمىزنىڭ قىسسىسى

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاياللار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بېلىگە بەلباغ ئىشلەتلەن ئايال ھەزرىتى ھاجەر ئانىمىزدۇر. (يەنى ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا قورساق كۆتەرگەندە ھەزرىتى سارە ئانىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ پەرىشان بولماسلىقى ئۈچۈن، بېلىگە ھامىلىدارلىقىنى چاندۇرمايدىغان قىلىپ بەلباغ باغلىۋالغان ئىدى.) كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز ئىسمائىلنى تېخى ئېمىتىۋاتقان مەزگىلدە ئۇلارنى ئېلىپ سۇسىز، گۈل-گىياھسىز، ئادەمزاتسىز ھازىرقى بەيتۇللاھنىڭ يۇقىرى تەرىپى ــ زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئورنىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇ ئانا ـ بالىغا بىر ئاز يېگۈدەك خورما ۋە تۇلۇمدا سۇ بېرىپ، ئۇ ئىككىيلەننى شۇ جايدا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتمەكچى بولۇپ ياندى. لېكىن، ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ كېلىپ:

ــ ئى ئىبراھىم! بىزنى تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ھاجەر ئىبراھىمغا بۇ گەپنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرگە ئۆرۈلۈپ قارىمىدى. ھاجەر:

ــ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، ــ دېدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاۋابەن.

ــ ئۇنداق بولسا ئاللاھ بىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، ــ دەپ ئارقىغا قايتىپ كەتتى ھاجەر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يۈرۈپ كەتتى، تا ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغان سەنىيە دېگەن يەرگە كەلگەندە، بەيتۇللاھ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۆۋەندىكى دۇئانى قىلدى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم

[1] سۈرە يۇسۇف، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن[1]﴾.

هاجەر ئىسمائىلنى ئېمىتتى ۋە سۇدىن ئىچتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگىگەندە، ھاجەر ۋە ئىسمائىل ئىككىسىلا ئۇسسىغىلى تۇردى. ھاجەر ئۇياق- بۇياققا قاراپ سۇ ئىزدەشكە باشلىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سەفا تېغىنىڭ ئۈزىگە ئەڭ يېقىن تاغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرەرسىنى كۆرۈپ قالارمەنمىكىن دەپ جىلغا تەرەپكە قارىدى، ئەمما ھېچكىمنى كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، سەفا تېغىدىن چۈشۈپ كۆينەكنىڭ ئېتىكىنى ئازراق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھاسىراپ يۈگۈرۈپ جىلغىدىن ئۆتۈپ، مەرۋە تېغىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرەرسىنى كۆرۈپ قالارمەنمۇ دەپ ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى. لېكىن يەنە ھېچكىمنى كۆرمىدى.

ھاجەر بۇ تەرىقىدە سەفا تېغى بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىپ يۈردى. ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەج قىلغان كىشىلەر سەفا- مەرۋەنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىدۇ.» ھاجەر مەرۋەگە چىققاندا بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى: ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: جىم تۇر، - دەپ ئاۋازغا قۇلاق سالدى ۋە ئۇ ئاۋازنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى ھەم ئىچىدە: «ئەمدى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدىغان بولدۇم» دېدى. دەل شۇ چاغدا، بىر پەرىشتە زەمزەم قۇدۇقى ئۈستىدە تۇرغان ئىدى. ئۇ ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن (يەنە بىر رىۋايەتتە قانىتى بىلەن) يەرگە ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن، زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ چىقتى. ھاجەر سۇنىڭ ئەتراپىنى كۆلگە ئوخشاش قىلىپ ياسىدى ۋە قولى بىلەن سۇنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ تۇلۇمغا قۇيغىلى تۇردى. ئۇ سۇنى ئالغانچە سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھاجەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ئۇ سۇنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن بولسا ياكى سۇنى ئۇچۇملاپ قولى بىلەن ئىچمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بولغان بولاتتى، ئۆستەڭگە ئايلىناتتى.» شۇنىڭ بىلەن، ھاجەر ئۇ سۇدىن ئىچتى ۋە بالىسىنى ئېمىتتى. ھاجەرگە پەرىشتە: «قورقماڭ، جەزمەن بۇ يەردە بۇ بالا ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئاللاھ ئۈچۈن بىر ئۆي سالىدۇ. جەزمەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھلىنى زايە قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى.

---

[1] سورە ئىبراھىم، 37 ـ ئايەت.

ئۇ كۈنلەردە، كەبىنىڭ ئورنى بىر دۆڭدەك ئېگىز ئىدى. قىيان كېلىپ قالسا، چۆرىسىنى يالاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بىر كۈنى جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كەئبىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى. ئۇلار بىر قۇشنىڭ ئاسماندا بىر يەرنىلا كۆزلەپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: چوقۇم بۇ قۇش سۇ بار يەردە ئايلىنىۋاتىدۇ، بىز مۇشۇ سۇ بار جىلغىغا چۈشەيلى، - دېيىشىپ، بىر - ئىككى كىشىنى شۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئۇلار سۇ بارلىقىنى دەپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھەممىسى سۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەر بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ بۇ يەرگە چۈشۈپ، سىزگە قوشنا بولۇشىمىزنى خالامسىز؟ — دەپ سوراشتى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى:

— خالايمەن، لېكىن سىلەرنىڭ سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەققىڭلار يوق، — دېدى. ئۇلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھاجەر بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ ھەمراھلار بىلەن بىرگە تۇرۇشنى خالايتتى.» شۇنىڭ بىلەن جۇرھۇملار ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى ۋە بىر قىسىملىرى ئائىلىدىكىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھەتتا بۇ يەر ئائىلىكەر ئولتۇراقلاشقان بىر يۇرتقا ئايلاندى.

ئىسمائىل جۇرھۇم قەبىلىسىدە چوڭ بولدى ۋە ئۇلاردىن ئەرەبچە ئۆگەندى، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشتى. ھەمدە ئۇ چوڭ بولغاندا، جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر قىزغا ئۆيلەندى، ئۇزۇنغا قالماي ئانىسى ھاجەر ۋاپات بولدى.

ئىسمائىل ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى يوقلاپ ئۆيىگە كەلدى. ئىسمائىل ئۆيدە يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىدىن ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. كېلىنى ئىسمائىلنىڭ ئوۋغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى، كېلىنى دەرھال دەرت تۆكۈپ، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن، قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن زارلىنىپ بەردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ:

— ئېرىڭ قايتىپ كەلسە، سالام دېگىن. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن، — دېدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىسمائىل ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر نېمە سەزگەندەك ئايالىدىن:

— ئۆيگە بىرەرسى كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مۇنداق- مۇنداق سۈپەتلىك بىر بوۋاي كېلىپ كەتتى. بوۋاي سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىدى، مەن ئېخى ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ئېيتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئايالى.

— بوۋاي ساڭا بىرەر ئىش تاپىلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسمائىل.

— ھەئە، سالام ئېيتتى، يەنە ساڭا ئىشىكىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىشىڭنى تاپىلىدى.

— بۇ بوۋاي مېنىڭ دادام، ئۇنىڭ ماڭا تاپىلىغىنى ماڭا سېنى قويىۋەت دېگەنلىكى، — دېدى ئىسمائىل. ئاندىن: سەن ئۆيىڭگە كەتكىن! — دەپ ئايالىنى دەرھال قويۇۋېتىپ، باشقا بىر جۇرھۇملۇقنىڭ قىزىنى ئالدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى يەنە يوقلاپ كەلدى. ئىسمائىل يەنە يوق ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېڭى ئالغان ئايالى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئىسمائىلنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. يېڭى كېلىن:

— ئىسمائىل بىزگە بىر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن، —دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىنىدىن تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. يېڭى كېلىن بوۋايغا تۇرمۇشتا ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئاللاھقا ھەمدۇسانالار ئېيتتى.

— ئادەتتە نېمە يەيسىلەر؟ - دەپ سورىدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

— گۆش.

— نېمە ئىچىسىلەر؟— دەپ سورىۋىدى، كېلىن:

— سۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ گۆش ۋە سۈيىگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! —دەپ دۇئا قىلدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ دانلىق زىرائەتلىرى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر بولغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ دۇئا قىلغان بولاتتى.»

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

— گۆش بىلەن سۇ مەككىدىن باشقا بىر يەردە بىرگە يېسە، ئادەمنىڭ مىجەزىگە خىل كەلمەيدۇ.

شۇ كۈنى ئىسمائىل قايتىپ كېلىپ خوتۇنى بىلەن پاراڭلاشتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن بۇ ئۆيگە سۈرلۈك بىر بوۋاي كېلىپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سۈرۈشتۈردى، مەن ئۇنىڭغا تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. بوۋاي كېتىدىغان چاغدا: مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى ئوبدان ساقلىسۇن! ـ دەپ تاپىلىدى، ـ دېدى.

ئىسمائىل خوتۇنىغا:

— ئۇ مېنىڭ دادام بولىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا تاپىلىغانلىرى، مېنى سەن بىلەن ياخشى ئۆتسۇن، مەڭگۈ ئايرىلمىسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى يوقلاپ كەلدى، ئاخىرى ئۇنى زەمزەم بۇلىقىنىڭ يېنىدا، ئوقيا ياساۋاتقان ھالىتىدە تاپتى. ئىسمائىل دادىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىدىكى ئىشنى دەررۇ تاشلاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ئاتا- بالا ئىككىيلەن بىر- بىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ، قاتتىق خۇشاللىقتا چوڭقۇر ئەھۋال سوراشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا:

— ئاللاھ مېنى مۇشۇ ئورۇندا بىر ئۆي بىنا قىلىشقا بۇيرىدى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئاللاھ سېنى بۇيرۇغان ئىشنى قىلغىن! — دېدى ئىسمائىل.

— ئاللاھ سېنى بەيتۇللاھنى بىنا قىلىشتا ماڭا ياردەملەشسۇن دەپ بۇيرىدى، — دېدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە.

— ئۇنداق بولسا، مەنمۇ ئەمىرگە ئىتائەت قىلىمەن، — دېدى ئىسمائىل.

شۇنداق قىلىپ ئاتا- بالا ئىككىيلەن شۇ ئېگىزلىكتە ئۆي بىنا قىلىشقا باشلىدى. ئىسمائىل تاش توشۇپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ئۇل سالدى. تام ئېگىزلەپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بويى يەتمەي قالغاندا، ئىسمائىل بىر چوڭ قارا تاشنى تېپىپ، دادىسىنىڭ پۇتى ئاستىغا قويۇپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. ئىسمائىل داۋاملىق تاش توشۇپ ۋە

سۇنۇپ بەردى ۋە ئاخىرى كەئبىنى بىنا قىلىپ چىقتى.

ئاتا- بالا ئىككىيلەن داۋاملىق ھالدا: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى. (بۇخارىدىن)

2- كىپىل قىسسىسى

ئىمام ئىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنىداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدە كىپىل ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ھېچنەرسىدىن تەپتارتمايتتى، بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا موھتاج بىر ئايال كەلدى. ئۇ، موھتاج ئايالغا ئوتتۇز پۇل (يەنە بىر رىۋايەتتە ئاتمىش دىنار) بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىرىشمەكچى بولدى، ئۇ ئايال ئارقىغا چېكىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئايالدىن:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇنداق ئىشنى ھېچ قىلمىغان ئىدىم. بۇنداق قىلىشقا مېنىڭ موھتاجلىقىم سەۋەب بولدى. — دېدى ئۇ ئايال.

— سەن ئاللاھتىن قورققانلىقىڭ ئۈچۈن يىغلىدىڭمۇ؟ ئاللاھتىن قورقۇشقا ساڭا قارىغاندا مەن بەكرەك ھەقلىقمەن، ساڭا بەرگەنلىرىم سېنىڭ بولسۇن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىز ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايمەن. — دېدى كىپىل. ئۇ شۇ كېچىسى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە: "ئاللاھ كىپىلنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى" دېگەن سۆز يېزىلىپ قالغان ئىدى، كىشىلەر بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ئاللاھ تائالا شۇ زاماندا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىگە بولغان ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى ۋەھيى قىلىپ بىلدۈردى.»

3- تاز، بەرەس ۋە كور ئادەمنىڭ قىسسىسى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئىچىدە تاز، بەرەس ۋە كوردىن ئىبارەت ئۈچ ئادەم بار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە بەرەس كېسىلى بار ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن نېمىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن چىرايلىق رەڭ، چىرايلىق تېرە ۋە ئىنسانلار مەندىن يىرگىنىدىغان بەرەس كېسىلىنىڭ مەندىن يوقىلىشىنى، — دېدى بەرەس كېسىلى بار ئادەم.

پەرىشتە ئۇنى سىلىۋىدى، ئۇنىڭدىكى بەرەس كېسىلى يوقىلىپ، چىرايلىق تېرە ۋە رەڭ بېرىلدى. ئاندىن پەرىشتە:

— سەن ماللاردىن قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ —دەپ سورىدى. بەرەس كېسىلى:

— تۆگە، — دېدى ("كالا دېدى" دېگەنلەرمۇ بار).

ئۇنىڭغا قورسىقىدا ئون ئايلىق ھامىلىسى بار بىر تۆگە بېرىلدى. ئاندىن پەرىشتە ئۇنىڭغا:

— ساڭا ئاللاھ بەرىكەت بەرسۇن! — دېدى.

ئاندىن پەرىشتە تازنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن ھەممىدىن بەك نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چىرايلىق چاچ ۋە ئىنسانلار مېنى خورلىغان نەرسىنىڭ مەندىن كېتىشىنى، — دېدى. پەرىشتە تازنى سىلىۋىدى، ئۇنىڭغا چىرايلىق چاچ بېرىلدى، ئاندىن:

— سەن ماللارنىڭ ئىچىدىن قايسى مالنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورالدى، تاز:

— كالىنى، —دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىلدى ۋە:

— ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن! — دېدى.

پەرىشتە كورنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن قايسى نەرسىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورىدى:

— مەن كۆزۈمنىڭ ساقىيىشىنى ۋە كىشىلەرنى كۆرەلەيدىغان بولۇشۇمنى، — دېدى كور. پەرىشتە:

— سەن ماللاردىن قايسى مالنى بەك ياخشى كۆرىسەن؟ — دەپ سورىدى. كور:

— قوينى، — دېدى. پەرىشتە ئۇنىڭغىمۇ قوزىلايدىغان بىر ساغلىق بەردى. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەرەس كېسىلى بار كىشىنىڭ بىر جىلغا تولغۇدەك تۆگىسى، تازنىڭ بىر جىلغا تولغۇدەك كالىسى، كورنىڭ بىر جىلغا تولغۇدەك قويى

بولدى.

ئارىدىن بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى پەرىشتە تېرى كېسەللى بولغان ئادەمنىڭ قېشىغا ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى سۈرىتىدە كېلىپ:

— مەن بىر مىسكىن ئادەممەن، مەن سەپىرىمدە يول ئۈستىدە قالدىم، مېنى بارىدىغان مەنزىلىمگە ئاللاھتىن باشقا يەقەت سەنلا يەتكۈزۈپ قويالايسەن. ساڭا چىرايلىق رەڭ، چىرايلىق تېرە ۋە ناھايىتى كۆپ تۆگىلەرنى بەرگەن زات ئاللاھنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى سەپىرىمدە بارار جايىمغا يەتكۈزۈپ قويۇشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

تېرى كېسەللى بولغان ئادەم:

— ھەقلەر كۆپ (يەنى مەندىن كۆپ نەرسە سورىغۇچىلار)، — دېدى. پەرىشتە:

— مەن سېنى تونىغاندەك قىلىۋاتىمەن، سەن بىر چاغلاردا كىشىلەر تەرىپىدىن پەس كۆرۈلگەن تېرە كېسەللى بار ۋە نامرات بىر ئادەم ئەمەسمىدىڭ؟ ئاللاھ كېيىن ساڭا ساغلىق ۋە بايلىق ئاتا قىلمىدىمۇ؟ — دېدى. تېرى كېسەللى بولغان ئادەم:

— بۇ ماللار ماڭا ئاتا- بوۋامدىن مىراس قالغان، — دېدى. پەرىشتە:

— ئەگەر يالغان ئېيتقان بولساڭ، ئاللاھ سېنى بۇرۇنقى ھالىڭغا قايتۇرۇۋەتسۇن، — دېدى.

پەرىشتە ئۇ يەردىن ئايرىلىپ تازنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىنمۇ تېرە كېسەللى بار ئادەمگە دېگەن گەپلەرنى دەيدۇ، تازمۇ ئۇنىڭغا تېرە كېسەللى بولغان ئادەمنىڭ جاۋابىدەك جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، پەرىشتە ئۇخشاش سۆزنى قىلىپ، ئۇ يەردىنمۇ قايتتى.

ئاندىن ئۇ كور ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغىمۇ ئۇز ئەھۋالىنى بايان قىلغاندىن كېيىن:

— ساڭا كۆزۈڭنى كۆرىدىغان قىلىپ بەرگەن زاتنىڭ ھەققى ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنىڭ سەپەردە كۆزلىگەن يېرىمگە يېتىۋېلىشىم ئۈچۈن ماڭا بىر قوي بەرگەن بولساڭ، — دەيدۇ. كور ئادەم:

— مەن بىر كور ئادەم ئىدىم. ئاللاھ مېنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمنى قايتۇرۇپ بەردى. سەن مەندىن خالىغان نەرسەڭنى ئال. خالىغان نەرسەڭنى قوي. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈن ئاللاھ ئۈچۈن سەن ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى سەن بىلەن تالاشمايمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەرىشتە:

— سېنىڭ ماللىرىڭ سەندە قالسۇن، سىلەر ھەقىقەتەن ساالىدىكلار، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى، ئۇ ئىككى ھەمراھىڭغا خارلىق ھەق بولدى، — دېدى».

4 - مىڭ دىنار قەرز ئالغان ئادەمنىڭ قىسسىسى

ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلىدۇ:

«بىر بەنى ئىسرائىللىق يەنە بىر بەنى ئىسرائىللىقتىن مىڭ دىنار قەرز سورىدى. قەرز سورالغان ئادەم:

— سەن قەرز ئالغانلىقىڭغا گۇۋاھ بولىدىغان گۇۋاھچىلارنى ئەكەل! — دېدى.

— ئاللاھ گۇۋاھچى بولسۇن! — دېدى قەرز سورىغۇچى.

— بىر كېپىل بولغۇچى ئەكەل! — دېدى قەرز بەرگۈچى.

— ئاللاھ كېپىل بولسۇن! — دېدى.

— توغرا دېدىڭ، — دەپ، ئۇ ئادەمگە مەلۇم مۇددەتتە قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن مىڭ دىنار قەرز بېرىپ تۇردى. قەرز ئالغۇچى ئۇ پۇلنى ئېلىپ دېڭىز سەپىرىگە چىقتى، بارغان يېرىدە ئىشىنى تۈگىتىپ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قايتماقچى بولغاندا، ھېچ بىر يەردىن كېمە تاپالمىدى. ئاخىرى ئۇ بىر تال ياغاچنى تېپىپ ئۇنىڭ ئىچىنى ئويغاندىن كېيىن ئويۇلغان يەرگە مىڭ دىنارنى قويۇپ ئاندىن پۇل ئىگىسىگە خەت يېزىپ ئويۇلغان يەرنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ ياغاچنى ئېلىپ دېڭىز قىرغىقىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھ ! سەن مېنىڭ پالانى كىشىدىن مىڭ دىنار قەرز ئالغانلىقىمنى، مەندىن كېپىل سورىغاندا سېنى كېپىل قىلغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلىسەن، مەن قايتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم، لېكىن كېمە بولمىغاچقا قايتالمىدىم. — دەپ ياغاچنى سۇغا قويۇپ بېرىپ ۋەتىنىگە قايتىش ئۈچۈن يەنە كېمە ئىزدەپ كەتتى.

قەرز بەرگۈچى ئادەم پۇل قەرز ئالغان ئادەم چۈشكەن كېمىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن دېڭىز بويىغا كەلگەندە، ئىچىگە پۇل سېلىنغان ھېلىقى ياغاچنى كۆردى، ئۇ بۇ ياغاچنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ قالاش نىيىتىدە يارغىنىدا، ئىچىدىن خەت بىلەن مىڭ دىنار چىقتى. شۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قەرز ئالغۇچى مىڭ دىنار ئېلىپ كېلىپ:

— مەن پۇلىڭنى ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان بولساممۇ، لېكىن مۇشۇ قېتىمقى كېمىدىن ئىلگىرى ھېچبىر كېمە تاپالمىدىم. — دېدى. قەرز بەرگۈچى ئادەم:

— سەن ياغاچنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئەۋەتكەن پۇلنى ئاللاھ ماڭا تاپشۇردى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن قەرز ئالغۇچى ئادەم قولىدا قالغان مىڭ دىنار بىلەن يەنە يولىغا راۋان بولدى.»

باللار پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېكايىلىرى، تارىخىي قىسسىلىرى، قۇرئاندا بايان قىلىنغان قىسسىلەر بىلەن ئىمانى روھىي مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى بۇ خىل تىپتىكى تەربىيىۋىي نەرسىلەرگە ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىمانى ساغلام ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ.

## باللار بىلەن يۈز تۇرانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش

باللار بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىش ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئوچۇق چۈشىنىشى، زېھنىدە قېلىشى، پىكىرلەرنى، چۈشەنچىلەرنى مېڭىسىدە رەتلىك ساقلىۋېلىشى ۋە ئۇنى ئېڭىدا ياخشى قوبۇل قىلىۋېلىشى، ئاڭلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىقتۇر. بۇندىن باشقا، يەنە باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ يېقىن بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە باللار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشىمىزنى، ئۇلار بىلەن يۈز - تۇرانە سۆزلىشىشىمىزنى ئۆگەتتى. تىرمىزىنىڭ ئىبنى ئابباستىن قىلغان رىۋايىتىدە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلىغىغا مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىبنى ئابباسقا: «ئى ئوغۇلچىقىم! مەن ساڭا بىر قانچە سۆز ئۆگىتىپ قوياي!...» دېگەنلىكى بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياش - ئۆسمۈرلەرگە سۆز قىلغاندا، سۆزىنى ئۇلار ئاڭقىرالمىغىدەك دەرىجىدە قىسقا ياكى ئۇلار ئاڭلاپ زېرىكىپ قالغىدەك ئۇزۇن قىلماي، تۇزلا قىلىپ ئۇلارنىڭ بىلىۋېلىشىغا پايدىلىق بولغان كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىغا دېگەن سۆزلىرىنىڭ سۆزلۈكلىرى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىسى چوڭقۇر بولۇپ، باللارنىڭ ئەقىل ئىقتىدارىغا ناھايىتى يېقىندۇر.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئۈستىدە ياخشىراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ باللارنىڭ ھازىرقى باللىق دەۋرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىمۇ ياخشى بولۇشى ئەقىدە ۋە پىكرىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە

ئۆيگىنىۋىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ دېگەنلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە قىينى تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قۇلاق سالايلى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ئاللاھنى ھىمايە قىل، ئاللاھ سېنى ھىمايە قىلىدۇ. سەن ئاللاھنى ھىمايە قىلساڭ، ئاللاھنى ئالدىڭدىنلا تاپىسەن. بىرنەرسە سورىساڭ، ئاللاھتىنلا سورا! ياردەم تىلىسەڭ، ئاللاھتىنلا تىلە! بىلگىنكى، پۈتكۈل ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسىدە پايدا بېرىش ئۈچۈن يىغىلغاندىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتىۋەتكەندىن باشقىنى بېرەلمەيدۇ. ناۋادا پۈتكۈل ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسىدە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلغاندىمۇ، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتىۋەتكەندىن باشقىدا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى.»

ياشلارغا خىتاب قىلغاندا: «ئى ياشلار!» دېيىش ئارقىلىق ياشلاردا بىر خىل روھىي جۇشقۇنلۇق پەيدا قىلغاندەك، بالىلارغا خىتاب قىلغاندىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئوغۇل!» دەپ خىتاب قىلىشى نەقەدەر يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ - ھە! ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىقى سۆزلەردەك ھەممە مەزمۇننى ئىخچام ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاز ئىبارىلىق، كۆپ ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىر باياننى كۆردىڭىزمۇ؟ بالىلارغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتىنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچىدا ئۆرنەك بولغۇدەك تەسىر قالدۇرغۇچى جۇشقۇنلۇق ھەم بالىلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس بولغان بۇنداق سۆزلەرنى ھېچ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق يۈزمۇ يۈز سۆز قىلىش ئۇسۇلى دىلدىكى ھەسەتخورلۇق، ئىچى يامانلىق، كۆرەلمەسلىك ۋە ئادەۋەتكە ئوخشاش يامان ئىللەتلەردىن يىراق بولۇشقا نەسىھەت ئۇسلۇبى بويىچە كۆرسەتمە بېرىدۇ.

تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا نەسىھەت قىلىپ: "ئى ئوغلۇم! سەن ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا (يەنى بىر كۈننىڭ ئىچىدە) كۆڭلۈڭدە ھېچبىر كىشىگە ئاداۋەت ساقلىماسلىقتا قادىر بولالىساڭ شۇنداق قىلغىن، بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى ياشاتسا، مېنى ياشاتقان بولىدۇ. كىمكى مېنى ياشاتسا، جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ" دېگەن ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىمۇ بالىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئۇنى: «ئى ئوغلۇم!» دەپ ئاتىدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ بالىغا قىلغان سۆزلىرىنىڭ بالىلىق تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېسىدە ئاسان قالدۇرۇپلىشى، دىلىدا مەھكەم ئورنىتىۋېلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن بالىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان سۆز بولغان: «ئى ئوغۇل!» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن چاقىرغان.



www.uyghurkitap.com

## بالىنىڭ ئەقلىگە مۇۋاپىق سۆز قىلىش

ھەر قانداق مەخلۇقاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۆسۈپ چىقىشقا توسالغۇ بولىدىغان بىر توساق بولغىنىدەك، ھەر قانداق بىر بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا شۇنداق بىر بۆسۈش نۇقتىسى بولىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئەقىل- ئىدراكىنىڭ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىكى بالىنىڭ خاھىشىدا ئاشكارىلىنىدۇ. ئاتا - ئانا ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارنىڭ بالىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى روھىي ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىگە ياخشى دىققەت قىلىشى، ئۇلارغا ماس بولغان ئۇسۇل ۋە مۇئامىلىلەردە بولۇشى بالىنىڭ ئەقلىي ۋە خۇلقىنىڭ توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسى بولىدۇ. چۈنكى ئاتا- ئانا ياكى تەربىيىچىلەرنىڭ توغرا ئۇسۇلدىكى ياردىمى ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكىتىدە ئۈلگە بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆرنەك ئالىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق قىلىشقا يول كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر تۆۋەندىكى دەلىلگە بىر قاراپ باقايلى:

بەدر ئۇرۇشى بولۇشتىن ئىلگىرى ساھابىلار قۇرەيشلىكلەرنىڭ مىلىنى باقىدىغان بىر بالىنى تۇتىۋېلىپ ئۇ بالىدىن دۈشمەن تەرەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى سورىدى، ئۇ بالا بۇنى دەپ بېرەلمىگەندە، ئۇلار قەستەن دەپ بەرمىدى دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ دانا پىسخولوگ ئالىمى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ بالىنى ئۇرۇشتىن توختاتتى ۋە ئۇ بالىدىن:

— قەۋمىڭ (يەنى دۈشمەن تەرەپنى دېمەكچى) كۈندە قانچە تۆگە بوغۇزلايدۇ؟ — دەپ سورىدى. بالا تېزلا:

— توققۇز ياكى ئون — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ سانى توققۇز يۈز بىلەن مىڭ ئارىسىدا ئىكەن. — دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۈنچىلىك كۆپ سانىنى بىلەلمىگىدەك ئەمەسلىكىنى، پەقەت ئونلۇق ساندىكى نەرسىلەرنىلا بىلەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنداق قىيىن تۈيۈلىدىغان سانلارنى دېيىشكە قىستىماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسان بىلىدىغان سان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تونۇشلۇق مالنىڭ ئىسمى بىلەن سوئال سورىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەبەشىستانلىق كىچىك بىر قىزغا ھەبەشىستاننىڭ

www.uyghurkitap.com



تىلىدا سۆز قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ دانالىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. ئىبنى تەيمىيە: «ئىقتىدا ئۇسسىراتىل مۇستەقىيم» (توغرا يولنىڭ تەلپى) دېگەن كىتابىدا نەقىل قىلىشىچە، دادىسى ھىجرەت قىلىپ ھەبەشىستانغا بارغاندا، شۇ يەردە تۇغۇلغان ئۇممۇ خالىد بىنتى خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئىسىملىك كىچىك بىر قىزغا بىر كۆينەك بېرىپ، ئاندىن ئۇ قىز چۈشىنىدىغان ھەبەشىستاننىڭ تىلىدا:

— ئى ئۇممۇ خالىد! بۇ سىنا، — دېگەن. «سىنا» ھەبەشىستان تىلىدا «ياخشى» دېگەنلىك بولۇپ، ناۋادا ئۇ قىزغا قىز بىلىدىغان تىلدا سۆز قىلمىغاندا بەلكىم ئۇ قىز چۈشەنمىگەن بولاتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھەبەشىستانلىقلارنىڭ مەسجىتتە نەيزىۋازلىق ئويناۋاتقىنىغا قاراپ تۇراتتىم، ھەتتا مەن زېرىككىچىلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ رىداسى بىلەن مېنى توسۇپ تۇرۇپ بەردى. يېشى كىچىك قىزچاقنىڭ ئويۇنغا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىپ بېقىڭلار! (يەنى مەن ئۇ چاغدا كىچىك بىر قىز ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن زېرىككىچىلىك رىداسى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ بەردى).»

نەسەئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قارا تەنلىك كىشىلەر مەسجىتنىڭ ئالدىدا قىلىچۋازلىق ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى. مەن ئۇلارنىڭ ئويۇننى تاكى كۆرۈشتىن زېرىككىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دولىسىنىڭ ئارقىسىدىن تاماشا قىلىپ كۆردۈم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى مىساللارنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەرنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەندە، بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ سالسا ياكى ئۆتتۈپ قېلىپ قىلمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئەيىبلىسە ياكى جازالىماقچى بولسا، كىچىك بالىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى بىلىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قويۇڭلار! ئەگەر ئۇ قىلالىغان بولسىلا، ئەلۋەتتە قىلغان بولاتتى» دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى چەكلىك بولغاچقا، ئۇلاردىن چامى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەستۇر. ئادەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بالىلار بىلەن ئوينىشاتتى. ئۇلار بىلەن ئويناشقاندا قارشى تەرەپنىڭ يېشى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىگە مۇناسىپ ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ھەم

ئۇلارغا مۇناسىپ سۆزلەرنى قىلاتتى. ھەتتا ئۇ ئەبا ئۇمەر دەپ ئاتىلىدىغان، ئۆزىنىڭ كىچىك بىر قۇشى بىلەن ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالا بىلەن ئويىنىشىپ: «ئى ئەبا ئۇمەر! قۇشۇڭ نېمە قىلدى؟» دەپ سورىغان.

ئەگەر بالىلارغا بولغان مۇئامىلىدە يۇقىرىقى قانۇنىيەتنىڭ ئەكسىچە يول تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ پەقەتلا بالىنى ئۆزىگە ماس بولمىغان نەرسىگە مەجبۇر قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا قارىتا بىلدۈرىدىغان ئىنكاسىنىڭ جېدەللىشىش، قارشىلىق قىلىش، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشتىنلا ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۆزىمىزنى مىسالغا ئالساقمۇ، ناۋادا بىرى بىزگە بىز چۈشەنمەيدىغان بىر تىلدا سۆزلىسە، بىرەر نەرسىلەرنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، بىز ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىسەك، ئۇ ئادەم ئاچچىقلاپ بىزنى ئۇرۇپ كەتسە ياكى دۈشكەللەپ كەتسە، بىزگە نىسبەتەن بۇ ئادىللىقمۇ؟ ھەرگىز ئادىللىق ئەمەس. دېمەك، ئۆسمۈرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

## بالىلار بىلەن مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىشىش

بالىلار بىلەن مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىشىش بالىلارنىڭ ئەقىل ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، چۈشىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىشكە پايدىلىقتۇر. ئۇلار بىلەن مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكەندە، يەنە ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلدۈرۈشكە ئاسان بولىدۇ. بالىلارنى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە يۈرگۈزىدىغان، سۆھبەتلىشىشكە ھېرىسمەن بولىدىغان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا قارىتا تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەربىيىلەشكە شارائىت ھازىرلىنىدۇ. چۈنكى بالىلاردا ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە پايدىلىق بولغان يۇقىرىقىدەك شارائىتلار ھازىرلانغاندا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ئۆز ھەقلىرىنى قوغدىيالىغۇدەك، بىلمىگەن نەرسىلىرىنى دادىل سورىيالىغۇدەك جۈرئەت پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تىلى راۋانلىشىپ، تەپەككۇرى ئۆتكۈرلىشىدۇ. ھەتتا چوڭلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئىشتىراك قىلغۇدەك، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئۆز پىكىرلىرىنى قاتناشتۇرالىغۇدەك ۋە پىكىرلىرى چوڭلار تەرىپىدىن نەزەرگە، ئېتىبارغا ئېلىنغۇدەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئائىلىدىكى تەربىيىلىنىش جەريانىدا چوڭلار بىلەن دادىل، روھلۇق، ئەدەپلىك سۆزلىشىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاچقا، باشقا جايلاردىمۇ شۇ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەن بالا بىلەن مۇلايىم يۇسۇندا سۆزلىشىپ، ئۇ بالىدىن ئىشەنچلىك جاۋابقا ئېرىشىشىمۇ بىزگە بىر ياخشى ئۈلگىدۇر. شۇنداقلا، يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ياشنى ئەيىپلىمەستىن، ئۇنىڭغا قاتتىق-يېرىك گەپ قىلماستىن، زىنانى ئۆزىنىڭ ئانىسىدىكى ھەر قانداق بىر ئايال كىشىگە راۋا كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ سوراش ئارقىلىق، ئۇ ياشنى ئۆمۈر بويى ھەتتا نامەھرەملەرگە قارىمايدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشى، ئۇنىڭ تەربىيىلەش بابىدا قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇلايىم ۋە سەۋرچان بىر ئۇستاز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباستىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ بالىنىڭ كىچىدە ناماز ئوقۇشقا قانچىلىك ھېرىس بولۇپ يېتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە بىرىنچى رىۋايەتتىنمۇ زىيادىرەك قىلىپ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىبنى ئابباس كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغان. ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ھامما ئاچام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ يەردە قونۇپ قالغانلىقىمنى تۇيۇپ قالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كۆزلەر ئۇخلىدى، يۇلتۇزلار پاتتى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى تىرىك ئاللاھ قېپقالدى" دېدى ۋە بۇنىڭغا ئۇلاپ ئال ئىمران سۈرىسىدىكى: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار[①]﴾ دېگەن ئايەتتىن باشلاپ بىر قانچە ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ نامازنى باشلىدى. مەنمۇ تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە نامازغا تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قولىقىمدىن تۇتۇپ، (باشقا بىر رىۋايەتتە: مېنىڭ پىشانەمنى ئارقا تەرىپىدىن چۆگىلىتىپ، - دېيىلگەن) ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تۇرغۇزدى. مەن يەنە ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ تۇردۇم. ئۇ مېنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىممۇ ئەنە شۇنداق تۇرغۇزدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: "ئى بالا! سېنىڭ مەن تۇرغۇزۇپ قويغان يەردە تۇرماسلىقىڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟" دەپ سورىدى. مەن: "سەن دېگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ سەن بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى مۇۋاپىق بولمايدۇ" دېدىم.

---

[①] سۈرە ئال ئىمران، 190 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ''ئى ئاللاھ ئۇنى دىندا ئالىم قىل! ئۇنىڭغا ئىلىمنى تەھلىل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىل!'' دەپ دۇئا قىلدى.»

ئىبنى ئابباستىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئۇ كېچىنىڭ ئاخىرىدا ناماز ئوقۇۋېتتى. مەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇردۇم. ئاندىن ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرغۇزدى. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مەندىن: ''سەن نېمە ئۈچۈن مەن تۇرغۇزغان يەردە تۇرۇشقا ئۇنىمايسەن؟'' دېدى. مەن: ''ھېچكىمنىڭ سەن بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى سەن دېگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى'' دېدىم. مېنىڭ بۇ سۆزۈم ئۇنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. ئۇ ئاللاھ تائالادىن ماڭا ئىلىم ۋە چۈشەنچ ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا قىلدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن يول بىلەن رىۋايەت قىلغان)

سەمۇرەتە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئانام تۇل قالغاندىن كېيىن مەدىنىگە كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدى. ئۇ ئۇلارغا: ''يېتىمنى كېپىللىككە ئالالىغان ئادەم بىلەن توي قىلالىمايمەن'' دېدى. بىر ئەنسارى بىلەن توي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەر يىلى ئەنسارىلارنىڭ باللىرىنى چېلىشىشقا سالاتتى، چېلىشىشتا ئۇتقانلارنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلاتتى. بىر يىلى مەنمۇ چېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشتۇم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مەن بىلەن تەڭ بىر بالىنى ئەسكەرلىككە ئالدى. مېنى بولسا ئالمىدى مەن: ''ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ مېنى ئالمىدىڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسام، ئۇنى يىڭىۋالىمەن'' دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ''ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىش!'' دېدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىڭىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلار خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەممە سۈننەتلەرنى تۇتۇپ ماڭغاندەك، باللارغا قارىتا تۇتقان يولىنىمۇ تۇتۇپ كەلدى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە بىر ئادەم بالىسىنىڭ ئۆزىنى قاخشاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى. ئۆمەر ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن بالىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە: ''سەن نېمە ئۈچۈن ئاتاڭنى قاخشاتتىڭ؟'' دەپ سورىدى. ئۇ بالا: ''ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! بالىنىڭ دادا ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟'' دەپ سورىدى. ئۆمەر: ''بالىغا ئانا بولغۇچىنى ياخشى تاللاش

ۋە بالىغا ياخشى ئىسىم قويۇش، ئۇنىڭغا كىتابنى (قۇرئاننى) ئۆگىتىش" دېدى. ئۇ بالا: "ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! دادام ماڭا ئۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمىغىدى" دېدى. ئۆمەر ئۇ بالىنىڭ ئاتىسىغا قاراپ: "بالاڭ سېنى قاخشىتىشتىن بۇرۇن سەن ئۇنى قاخشاتقان ئىكەنسەن" دېدى.»

خەلىپە ئۆمەرمۇ دائىم بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. بەزىدە مۇھىم ئىشلاردا ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىنىمۇ ئالاتتى.

ئى ھۆرمەتلىك كىتابخان! سىز ئەينى زاماندا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتنىڭ رەئىسى، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان ئۆمەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا قاراڭ. ئۇ مۇھىم ئىشلاردا ئۇلاردىن مەسلىھەتمۇ سورىغان. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئىش ئۇقمايدۇ دەپ قارىغان ئاشۇ گۆدەك بالىلار بىلەن مەسلىلىلەرنى تالاش- تارتىش قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەن مۇلايىم ھالەتتە سۆھبەتلەشكەندەك ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن. سەنمۇ خۇلەفائىرراشىدىنلارنىڭ بەشىنچىسى قۇلاق سالغان ۋە سۆزلەشكەندەك، شۇ ئۇسۇلۇر بالىلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ قويغىن!

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ خەلىپىلىككە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئەلچىلەر ئۇنىڭكى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى ھىجاز ئەلچىلىرى بولۇپ، ئۇلار خەلىپىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېشى كىچىكرەك بىر بالا ئۇلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. خەلىپە ئۆمەر ئابدۇل ئەزىز:

— سەندىن چوڭ بىرسى سۆز قىلسۇن! — دېدى. ئۇ بالا:

— ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئىسلاھ ئەتسۇن! ئىنسان پەقەت قەلبى ۋە تىلىنىڭ كىچىكلىكى بىلەنلا كىچىكتۇر. ئاللاھ بىرىگە سۆزلەيدىغان تىل، يادلايدىغان دىل بەرگەن بولسىلا، ئۇ كىشى سۆزلەشكە ھوقۇقلۇق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ. ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ناۋادا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياش بىلەنلا بولىدىغان بولسا، سەن ئولتۇرغان ئاشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا سەندىن باشقا بىرى ھەقلىق بولغان بولاتتى، — دېدى. ئۆمەر:

— سەن توغرا ئېيتىڭ، سەن دېمەكچى بولغىنىڭنى دەۋەرگىن! — دېدى. بالا:

— ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئىسلاھ قىلسۇن! بىز بولساق، تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن ئەلچىلەرمىز. ھەرگىزمۇ مۇسىبەت ئۈچۈن كەلگەن ئەلچىلەر ئەمەسمىز.

بىز ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېئمىتى ئۈچۈن كەلدۇق، بىزنىڭ سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىشىمىز ھەرگىزمۇ بىرەر نەرسىنى تەمە قىلىش ياكى سەندىن قورققانلىقتىن ئەمەس، بىرەر نەرسىنى ئۈمىد قىلدى دېگەندىمۇ بىز ئۆز يۇرتىمىزدىن كەلدۇق. لېكىن بىز سەندىن قورقۇشتىن، يەنە بىزگە ئادىل بولماسلىقىڭدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشتۇق، — دېدى. ئۆمەر:

— ئى بالا بىزگە ۋەز ئېيتىپ بەرگىن! — دېدى. بالا:

— ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئىسلاھ قىلسۇن! ئىنسانلار ئىچىدىكى بەزى ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېلىملىقى، ئۈمىدىنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنى ماختاشلىرى غەرق قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئايىغى كېتىپ، ئاخىرىدا دوزاققا لايىق بولدى. ئاللاھنىڭ ساڭا كۆرسەتكەن ئىنئامىنىڭ كۆپلۈكى، ئۈمىدىڭنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ سېنى ماختاشلىر ى سېنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويمىسۇن، مەغرۇرلانساڭلا ئايىغىڭ تېيىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سەنمۇ گۇمراھ بولغان قەۋمدىن بولۇپ قالىسەن، ئاللاھ سېنى ئۇلاردىن قىلمىسۇن، سېنى بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشىلىرىنىڭ ئىچىدە قىلسۇن!... — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئىبنى ئۆمەر بۇ بالىنىڭ يېشى ۋە نەسەبىنى سورىدى. بۇ بالىنىڭ 11 ياشقا كىرگەنلىكىنى، نەسەبىنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھۈسەيننىڭ ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۆمەر ئۇ بالىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە دۇئا قىلدى.

مۇسئەب ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئاتام مەسجىتتە ناماز ئوقۇسا، قىسقا ئوقۇيتتى ۋە رۇكۇ بىلەن سەجدىنى مۇكەممەل قىلاتتى. ئۆيدە ناماز ئوقۇسا رۇكۇ، سەجدە ۋە نامازنى ئۇزۇن قىلاتتى. مەن: ”ئى ئاتا! سەن نامازنى مەسجىتتە قىسقا، ئۆيدە ئۇزۇن ئوقۇيدىكەنسەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟“ دەپ سورىدىم، دادام ماڭا: ”ئى ئوغلۇم! بىز باشقىلار بىزگە ئىقتىدا قىلىدىغان ئىماملارمىز“ دەپ جاۋاب بەردى.» (بۇ ھەدىستى تەبەرانىي رىۋايەت قىلدى.)

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبۇردە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام ئەبۇمۇسا ئۈممۇل پەزلىنىڭ ئۆيىدىكى چېغىدا، مەن ئۇنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ ئايال چۈشكۈرۈۋىدى، ئاتام ئۇ ئايالغا جاۋاب بەردى. (يەنى ”يەرھەمۇكە ئاللاھ!“ دېدى) مەن چۈشكۈرۈۋىدىم، ئاتام ماڭا جاۋاب بەرمىدى. مەن ئۆيگە قايتقاندا بۇنى ئانامغا دەپ بەردىم. دادام ئەبۇمۇسا ئانامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئانام ئۇنىڭغا:

— بالام چۈشكۈرسە جاۋاب بەرمەي، ئۇ ئايال چۈشكۈرسە جاۋاب بېرىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاتام:

— ئوغلۇڭ چۈشكۈردى، لېكىن ئۇ: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېمىگەچكە، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم. بىراق ئۇ ئايال چۈشكۈرگەندىن كېيىن: ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”بىرى چۈشكۈرسە ۋە ئاللاھقا ھەمدى ئېيتسا، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭلار، ئەگەر چۈشكۈرۈپ بولۇپ ھەمدى ئېيتمىسا (يەنى ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ دېمىسە) ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەڭلار!“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، — دېدى. ئانام بۇنى ئاڭلاپ:

— ياخشى قىلىپسەن، ياخشى قىلىپسەن، — دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

بىر كۈنى، ئىمام ئەبۇھەنىفە لاي ئويناۋاتقان بىر بالىنى كۆرۈپ:

— ئى بالىجان! لايغا يېقىلىپ كەتمىگىن يەنە، — دېگەندە ئۇ بالا:

— سەن يېقىلىپ كەتمىگەيسەن، چۈنكى ئالىمنىڭ يېقىلىشى ئالەمنىڭ يېقىلىشىدۇر، — دېگەن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىمام ئەبۇھەنىفە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە پەتىۋا بېرىش ئۈچۈن تالىپلىرى بىلەن بىر ئاي مەخسۇس دەرس ئېلىپ بارغان.

ئەلخەتىب مەجاشى ئىبنى يۇسۇفتىن قىلغان رىۋايىتىدە، مەجاشى مۇنداق دېگەن: «مەن مەدىنىدە مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ كىشىلەرگە پەتىۋا بېرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئەبۇھەنىفەنىڭ ھەمراھى بولغان مۇھەممەد ئەلھەسەن كىردى. ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. يەنى ئۇنىڭ مالىك ئىبنى ئەنەستىن مۇۋەتتانى ئاڭلاشقا باشلاشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى. مۇھەممەد:

— مەسجىدتىن باشقا يەردە سۇ تاپالمىغان جۇنۇپ كىشىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مالىكتىن.

— جۇنۇپ مەسجىدتە كىرمەيدۇ، — دېدى مالىك.

— ئۇ ئادەم سۇنى كۆرۈپ تۇرغان ھالەتتە نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسا، قانداق قىلىدۇ؟

— جۇنۇپ مەسجىدكە كىرمەيدۇ، — دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋەردى مالىك. ئۇمۇ بۇ ھەقتىكى سوئالنى سوراۋەرگەچكە مالىك ئاخىرى، — ئۇنداقتا سېنىڭچە ئۇ ئادەم قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ئادەم ئاۋۋال تەيەممۇم قىلىدۇ، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ مەسجىدتىن سۇ

ئېلىپ چىقىپ غۇسۇل قىلىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەد.

ــ سەن نەدىن؟ ــ دەپ سورىدى مالىك. مۇھەممەد:

ــ بۇنىڭ ئەھلىدىن، ــ دەپ يەرنى كۆرسەتكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر:

ــ ئۇ ئەبۇھەنىيفەنىڭ ھەمراھى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن بولىدۇ، ــ دېگەندە مالىك:

ــ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن؟! ئۇ قانداق قىلىپ يالغان ئېيتىدۇ، ئۇ ئۆزىنى مەدىنە ئەھلىدىن دېگەندەك قىلدىغۇ؟ــ دېدى. باشقىلار:

ــ ئۇ "بۇنىڭ ئەھلىدىن" دەپ تۇپراقنى ئىشارەت قىلدى، ــ دېيىشتى ــ ماڭا ئۇنىڭ باشتىكى سوئالىدىنمۇ بەكرەك كېيىنكى ئىشى تەس تۇيۇلدى، ــ دېدى مالىك.»

## بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش

بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ مەشىقى بالىنىڭ ئىجاتچانلىق روھىنى ئۇيغىتىدۇ. بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ بالىنىڭ قولىنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ سەزگۈرلۈك تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەر بىر ئەزاسىغا تەئەللۇق بولغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ كۆرگۈسى كېلىدۇ - دە، ئاستا - ئاستا قىلىشقا باشلاپ، ئاخىرىدا مۇكەممەل قىلالايدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، يېڭىلىق يارىتىش ئىمكانىيىتى ھازىرلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىغا كۆرسەتكەن ئۈلگۈسى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بالىنىڭ قوي سويۇۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇ بالىنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىن ياخشى سويالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېڭنى تۇرۇپ قوينى سويۇشقا باشلايدۇ. ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي سويغاندىكى ھەر بىر ھەرىكىتىگە زەڭ سېلىپ قاراپ، ئۇنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.

ئەبۇداۋۇدنىڭ ئىبنى سەئىد خۇدرىدىن قىلغان بىر رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوي سويۇۋاتقان لېكىن قوينى ياخشى سويالمايۋاتقان بىر بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ بۇياقتا تۇر، مەن ساڭا كۆرسىتەي، ــ دەپ، قولىنى تېرە بىلەن گۆشنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارىلىقىغا تىقتى ۋە شۇ ھالەتتە قولى بىلەن تۇرتۇپ ھەتتا قوينىڭ قولتۇقىغىچە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ يەردىن كېتىپ جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن تاھارەت ئالمىدى.»

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆگەتكەنلىكىدەك بۇ مىسالى بىزنىڭ شۇنداق قىلىشىمىزنىڭ توغرا ۋە زۆرۈرلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## بالىنىڭ خاراكتېرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاراكتېرىدىن ئۈلگە ئالدىغان قىلىپ تەربىيىلەش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇش نىيىتىدە دادامنىڭ ھەمشىرىسى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولغان مەيمۇنەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم. كېچىدىن بىرئاز ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يەڭگىل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن نامازغا تۇردى. مەنمۇ تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم. ئۇ مېنى ئوڭ تەرىپىگە يۆتكىدى. ئۇ مەلۇم مۇددەتكىچە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن تاكى مۇئەززىن ئەزان ئېيتقىچە يېتىپ، ئەزاندىن كېيىن چىقىپ جامائەتكە ئىمام بولدى.» (بۇنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى خۇزەيمەنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: «ئاتامنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى...» دېيىلگەن ئىدى.

بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، شۇنداقلا، تەبەرانىي ۋە ئىبنى نەججار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبەرنى سۆيۈش، ئەھلى بەيتنى سۆيۈش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتكە ئۆگىتىڭلار» دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم بولىدۇ.

بالىنىڭ دىلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باغلىنىشى، ئۇنى ھەممە تەرەپتىن

مۇكەممەل بولۇپ تەربىيىلىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ زېھنى ۋە تەپەككۇرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى، ئىنسانىيەتنىڭ يولباشچىسى، رەھمان تائالانىڭ دوستى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هاياتىغا ئېچىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇيدۇ. بۇ ئۇلۇغ تارىخنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈيدىغان بولىدۇ.

بىز غەرب ئەللىرىنىڭ بالىلارنى «دەرىجىدىن تاشقىرى ئادەم» گە ئوخشاش خىيالىي ئوبرازى ئارقىلىق تەربىيىلەشكە دائىر سەپسەتىلىرىنى بىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن پەرزەنتلىرىمىزنى ھەقىقىي ئىلاھىي مۆجىزە بىلەن ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۈلگە قىلغان هالدا تەربىيىلەشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

بىزنىڭ ئەۋلادلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ هاياتىنى، تۇتقان يولىنى ۋە قىلغان غازاتلىرىنى ئۆگىتىشىمىز، پەرزەنتلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدىغان، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىدىغان ۋە شۇ پەيغەمبەرنىڭ تۇتقان يولىنى چىڭ تۇتىدىغان قىلىشىمىز يېتەرلىكتۇر. ئەكسىچە، ئۇلارنى پەسكەش بۇزۇقلارنىڭ يولىدىن يىراق قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۈچىنچى باب

## بالىنىڭ پسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار

بىرىنچى: بالىغا ھەمراھ بولۇش

ئىككىنچى: بالىنى خۇش قىلىش

ئۈچىنچى: بالىلارنى ئۆزئارا مۇسابىقىگە سېلىش ۋە ئۇتقانلارنى مۇكاپاتلاش

تۆتىنچى: بالىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش پرىنسىپلىرى

بەشىنچى: ماختاش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش

ئالتىنچى: بالىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش

يەتتىنچى: ئۇلارنى چىرايلىق يوسۇندا چاقىرىش

سەككىزىنچى: ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش ۋە رازى قىلىش

توققۇزىنچى: تەكرارلاشنىڭ بالىنىڭ پسخىكىسىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئونىنچى: تەربىيەدە بالىلار بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش

ئونبىرىنچى: رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

«تەن ياخشى تائام بىلەن قۇۋۋەتلىنىپ چوڭايغىنىدەك، بالىلارمۇ ياخشى تەربىيە بىلەن ياخشى ئۆسىدۇ. تەننىڭ چوڭىيىشىنىڭ بىر چېكى، ھالقىپ كېتەلمەيدىغان بىر چېگرىسى باردۇر، ناۋادا تەن يوغىناپ ياكى ئۆسۈپ مەلۇم بىر چەككە يەتكەندە، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيلا قالماستىن، ھەم ئارقىغا قاراپ چېكىنىشكە باشلايدۇ. ئەمما روھنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئىنساننىڭ ھاياتىغا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇ ھەتتاكى ئۆز نەپىسىدىن چىقىپ بۇ بۈيۈك ئالەمنىڭ مەدرىسىسى مەيدانىغا كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلىۋېرىدۇ.»

— شەيخ مۇھەممەد خۇدەرىل ھەسەن رەھمۇتۇللاھ

## بالىغا ھەمراھ بولۇش

بالىغا ھەمراھ بولۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئويناش ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ يېتىلىشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ خۇددى دوستىنىڭ دوستقا ئەينەك بولغىنىدەك، بالا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ھاللاردا بالىلارنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى. بەزىدە ئىبنى ئابباسنى ھەمراھ قىلىۋالسا، بەزىدە تاغىسىنىڭ ئوغلى جەفەرنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى. يەنە بەزىدە بولسا، ئەنەسنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!). دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋە كىبىرلەنمەستىن ئۇلارنى ھەمراھلىققا ئېلىۋالاتتى. بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھالەتلىرىدىكى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىشى، شەخسىيىتىنى ئەتراپلىق تەربىيىلىشى، ئەقىل-ئىدراكىنىڭ پىشىپ-يېتىلىشى، ياخشى بولغان ئادەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشى ئۈچۈن چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ھەمراھ قىلىش مەجبۇرىيىتى باردۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سىققان ۋە ئۇنىڭ كۆكسىنى يارغان ۋەقەلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەن ئويناۋاتقان پەيتتە يۈز بەرگەن...

ھاكىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «مەن، قەسەم ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇم بىلەن بىرگە ئويناۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلىغىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىزنى كۆردى ۋە: ”ئۇنى ماڭا مىنگەشتۈرۈپ قويۇڭلار!“ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا مىنگەشتۈرۈپ قويۇلدۇم. ئاندىن قەسەمگە قاراپ: ”ئۇنى ماڭا مىنگەشتۈرۈپ قويۇڭلار!“ دېدى. قەسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىغا مىنگەشتۈرۈپ قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇبەيدۇللاھنى قويۇپ، قەسەمنى مىنگەشتۈرۋالغانلىقى ئۈچۈن تاغىسىدىن ئەيمەنمىدى. ئۇ مېنىڭ بېشىمنى ئۈچ قېتىم سىلاپ تۇرۇپ: ”ئى ئاللاھ جەئفەرگە ئوغلىنى ئورۇنباسار قىلىپ بەرگىن!“ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەردىن: ”قەسەم كېيىن قانداق بولدى؟“ دەپ سورىغىنىمدا، ئابدۇللاھ: ”ئۇ شېھىت بولدى“ دەپ جاۋاب بەردى، مەن: ”ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلگۈچىدۇر“ دېدىم. ئابدۇللاھمۇ: ”شۇنداق“ دېدى.»

مانا بۇ بالا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن. ئۇ، پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامغا قەۋمىنىڭ قانداق ساھابە بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەبۇجۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەلئەبتەھ دېگەن جايدىن بىرقانچە نەپەر كىشىلەرنىڭ قاتارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمىز، سىلەر مەندىن!“ دېدى.

«نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى بارمىقىنى قۇلۇقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئەزان ئېيتتى. ئۇ ئەزان ئېيتىۋاتقاندا ئۇ يان بۇ يانغا ئۇرۇلەتتى. نامازغا تەكبىر ئوقۇلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تال ھاسىنى يەرگە سانجىدى ـ دە، شۇ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇدى.» (بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا مۇسنەدىدە سەھىي سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان)

ساھابىلارمۇ ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك باللارنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنى ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى ھەمراھ قىلىۋالاتتى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىغا كۆزى پىشسۇن، قورقماس، چىداملىق بولۇپ چېنىقسۇن، دەپ ئۇنى ئۇرۇشلارغا بىرگە ئېلىپ چىقاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ باللار بىلەن بىللە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللىق چاغلىرىدىمۇ دائىم باللار بىلەن بىرگە ئوينايتتى. ئۇ شۇنداق چوڭ بولغان ئىدى. شۇڭا ئويناۋاتقان باللارنى كۆرسە ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيتتى، ھەم ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا دەخلى قىلمايتتى بەلكى ئۇلارنىڭ جامائەت بولۇپ ئويناشلىرىغا، ئويۇنلارنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىلھام بېرەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، باللارنىڭ ھاياتىدا ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينايدىغان دوستلىرىنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىمدۇر. ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ بىللە ئوينايدىغان باللارنىڭ كىملىكىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ياخشى باللار بىلەن ئوينىشىغا تاللاش ياردىمى بېرىشى، ئۇ باللارنىڭ ئەخلاقىغا، ئىش ـ ئەمەللىرىگە دىققەت قىلىشى، دادىلار، دادىلار بىلەن، ئانىلار، ئانىلار بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى، دەرس ئۆگىنىش نەتىجىلىرى، ئەخلاق ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن يىغىلىپ تۇرۇشى ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىنىڭ جىسمىنىڭ ھالال تائام بىلەن چوڭىيىشىغا ئەھمىيەت بەرگىنىدەك مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئوينايدىغان، ھەمسۆھبەت بولىدىغان توغرا يولدىكى دوستلارنى تېپىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلار ھاياتلىقىنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن ياكى ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ

ھەۋەسلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بالىلار بىلەن كارى بولماسلىق. ئانا بولغۇچىنىڭ تۇغقىمەس باردى- كەلدى ۋە باشقا ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بالىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ناۋادا بالىلارنىڭ يامان خۇيلۇق بالىلار بىلەن دوست بولۇپ قېلىشىغا، بۇنىڭ بىلەن يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالسا، بۇنىڭدىن ئارتۇق يامان ئىش بولمايدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئامىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى جىنايەت شەكىللەندۈرگۈچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، پەرزەنتلىرىدە بۇنداق يامان بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەردىن غاپىل قالغانلىقى، خەۋەرسىز، پەرۋاسىز يۈرگەنلىكىدىندۇر.

سىز بالىڭىزنى بالىلار تۇرمىسىدە كۆرۈشنى خالامسىز ياكى ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسجىدلەردە تۇرۇشنى خالامسىز؟ ناۋادا ئاۋۋالقىسىنى خالىمىسىڭىز، بالىڭىزنىڭ يامان يولغا كىرىپ ئاشۇ ئاقىۋەتكە قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى دوست تېپىشىغا ياردەملىشىشكە ئالدىراڭ. ناۋادا بالىڭىز ئۈچۈن ياخشى دوست تېپىپ بېرىشكە ئۆزىڭىز قادىر بولالمىسىڭىز، ئۇنداقتا، بالىڭىزنى ياخشى بالىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇپ قويىدىغان ياخشى تەربىيەچى ئۇستاز تېپىشقا ئالدىراڭ.

دىن دۈشمەنلىرى بالىلىرىمىزنى قوچاقلىرىمىزدىن ئوغرىلايدىغان بولغىلى، كاپىر تەشكىلاتلار بوزۇقچىلىق جەمئىيەتلىرى، ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىنى قۇرغىلى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچىدىغان ۋاقتى تېخىچە كەلمىدىمۇ؟!

## بالىنى خۇش قىلىش

بالىلارنىڭ دىلىغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بالىلارنىڭ تەبىئىيىتى پاك، غۇبارسىز بولغانلىقى ئۈچۈن شاد - خۇراملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە چوڭلارغا خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى ۋاسىتىلەردىن بولۇپ، ئۇلار چوڭلارنىڭ خۇشال بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە كۈلۈمسىرەشنىڭ پارلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە چوڭلارنىڭ بالىلارغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقى ئۆز نۆۋىتىدە بالىلارنىڭ جانلىق ۋە جوشقۇن بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ تېز، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈر، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ توغرا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم بالىلارنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۈۋەندىكىدەك ئىشلارنى قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بالىلارنى سۆيەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينايتتى.

ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلايتتى.

ئۇلارنى كۆتۈرەتتى ۋە قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى.

ئۇلارغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەقدىم قىلاتتى.

ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى خۇش قىلىشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئۇلۇغلۇق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بالىلارنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى.

## بالىلارنى ئۆزئارا مۇسابىقىگە سېلىش ۋە ئۇتقانلارنى مۇكاپاتلاش

ئۆزئارا بەسلىشىش ۋە مۇسابىقىگە چۈشۈش ئىنساننىڭ تىرىشچانلىق يوشۇرۇن كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئامىللاردىن بولۇپ، بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت باشقىلار بىلەن ئېلىپ بارغان مۇسابىقە ۋە بەسلىشىشلىرى ئارقىلىقلا بىلەلەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ ئاجايىپ سىرلىق يوشۇرۇن كۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن دائىم بالىلارنى ئۆزئارا بەسلىشىشكە، مۇسابىقىلىشىشكە سالاتتى. ئۇنىڭ بالىلارنى بەس- مۇنازىرىگە سېلىشىمۇ بالىلارنى روھلاندۇرۇشتىكى بۇ خىل ئامىللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىگە: "ۋادىدا بىر خىل دەرەخ بار، ئۇ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى غازاڭ تاشلىمايدۇ. ئېيتىڭلارچۇ، ئۇ قايسى دەرەخ؟" دەپ بىرنى جاۋابنى تېپىشقا قىزىقتۇردى. كىشىلەر ئۇنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىنى تالاش ـ تارتىش قىلىشقا باشلىدى. مېنىڭ ئەقلىمگە: "بەلكىم ئۇ خورما دەرىخى" دېگەن ئوي كەلدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ خورما دەرىخىدۇر" دېدى.»

باشقا بىر رىۋايەتتە ئىبنى ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۇ سوئالغا نېمە ئۈچۈن جاۋاب بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى ئىدىم، شۇڭا چوڭلارنىڭ جىم ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ ئېغىز

ئىچىشقا پىتىنالمىدىم.»

دېمەك، سوئال سوراش ئارقىلىق بالىلارنىڭ زېھنىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئېگىدىكى بەزى چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. بالىلارنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان بۇنداق سوئال سوراش شام دىيارىدا تاھارەت، مىسىر دىيارىدا پەۋازىر دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقى مىسالنى قايتا تەھلىل قىلساق، ئىبنى ئۆمەرنىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزگەنلىكى، ئۇنىڭ چوڭلار بىلەن بەسلەشكەنلىكى، بىراق ئىچىمىز ئىچىشقا ئالدىرماسلىقى بولسا، ئۇنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلىگەنلىكىدۇر.

بالىلارنى جىسمانىي جەھەتتىن مۇسابىقىگە سېلىشمۇ، ئۇلارنى بەسلەشتۈرۈشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ تېنىنىڭ بەرجەس، ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە سالاتتى. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ۋە ئۇبەيدۇللاھ ۋە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ئوغۇللارنى سەپكە تىزاتتى. ئاندىن: "كىمكى مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتسە، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق- مۇنداق نەرسە بېرىمەن!" دەپ، بېرىدىغان مۇكاپاتىنىڭ نامىنى ئېلان قىلاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېگىۋالاتتى ۋە ئۇنىڭ - سول تەرەپلىرىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ يېتىۋېلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيەتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينىشاتتى.»

بالىلارنى مۇۋاپىق يوسۇندا مۇسابىقىگە سېلىش ئاتا- ئانىلارنىڭ تاللىشىغا باغلىق بولۇپ، ئاتا- ئانىلار بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسىنى چوڭايتىدۇ. ئاتا- ئانىلار خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك، ئۇلارغا: «كىم يەڭسە، مۇنداق- مۇنداق مۇكاپات بېرىمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بالىلار روھىي ئوزۇق ئالىدۇ، بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. ھەر بىر بالا غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ھەم روھىي ھەم جىسمانىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىپ چېنىقىش ۋە مەشق قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بالىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى ئاشكارا بولىدۇ.

بالىلارنى ئۆزئارا مۇسابىقىلەشتۈرۈشنىڭ يەنە شۇنداق پايدىسىمۇ باركى، ئۇ بالا مۇسابىقىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئۇنىڭدا جامائەتچىلىك ئېڭى يېتىلىدۇ. ياتسىراش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئىجتىمائىي مۇھىتنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ.

مۇسابىقىدە بەزىدە ئۇتىدۇ، بەزىدە ئۇتتۇرىدۇ. ئۇتۇش- ئۇتتۇرۇش جەريانىدا ھەر بىر قېتىملىق نەتىجە ئۇچۇن ئۆز - ئۆزىگە جاۋاب تاپىدۇ. شۇنداقلا، يەنە ھاياتنىڭ شۇنداق يېڭىش- يېڭىلىش بىلەن تولغانلىقىدەك قانۇنىيەتنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ.

## بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش

بالىلارنىڭ قىزىقىشىنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوزغاش پەرزەنت تەربىيەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. لېكىن بۇ ئۇسۇللارنى ئىشلەتكەندە نورمال بولۇشقا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە دىققەت قىلىش لازىم. قىزىقتۇرۇش بالىنىڭ شەخسىيىتىدە، ئۇنىڭ ئىش- ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىدا، ئىقتىدارىنى بايقاشتا ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن چوڭ رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇ تەربىيىلەشنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى سەپكە تىزىپ: «كىمكى مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتسە، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق- مۇنداق نەرسە بېرىمەن!» دېگەن ھەدىسى، دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى ئۆتۈشقا قىزىقتۇرغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خورما دەرىخى توغرۇلۇق سورالغان سوئالغا ئائىت ھەدىسنىڭ داۋامىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاشۇ مەجلىستىن چىقىۋېتىپ ئاتىسىغا: «ئى ئاتا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېمەكچى بولغان دەرەخنىڭ چوقۇم خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كۆڭلۈمگە كەچكەن ئىدى» دېگەندە، ئۆمەرنىڭ: «ئەمىسە، نېمىشقا دېمىدىڭ؟ ناۋادا دېگەن بولساڭ، بۇ جاۋاب بەرگەنلىكىڭ مەن ئۈچۈن مۇنداق - مۇنداق ئىشلاردىنمۇ سۆيۈملۈك بولار ئىدى» دېگەنلىكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «سەنمۇ، ئەبۇبەكرىمۇ بىرنەرسە دېمىگەچكە، مەن گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرمىدىم» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ئاتا- بالا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت كىچىكلەردىكى مەلۇم بىر بىلىم چوڭلاردىمۇ بولغاندا ئالدى بىلەن چوڭلارنىڭ ئىپتىدا ئېيتىشى كېرەكلىكىنى، ناۋادا كىچىكلەردىكى ئىلىم چوڭلاردا بولمىغان ئەھۋالدا كىچىكلەرنىڭ ئىپتىدا ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئاتىسىغا سورۇندا ئاتىسى ۋە ئەبۇبەكرىدەك ھۆرمەتلىك

زاتلارنىڭ بارلىقىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى دەپ تۇرسىمۇ، ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭ دىمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.»

ئىبنى قەييۇم بۇ ھەدىسنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىبابەتچىلىكى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق شەرھىيلەيدۇ: «بۇ ھەدىستە ئاتىنىڭ بالىسىنىڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىدىن، ئۇنىڭ توغرىلىقتا مۇۋەپپەق قىلىنغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىك ئىپادىسى كۆرۈلىدۇ.»

يەنە بىر ھەدىستە ئاتىسى بار سورۇندا بالىنىڭ بىلگەن نەرسىسىدىن ئېغىز ئېچىشىنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا، ناۋادا ئاتىنىڭ بالىسى بىلگەن نەرسىنى بىلمىگەن تەقدىردىمۇ بالىنىڭ ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئاتىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولمايدىغانلىقىغا دەلىل باردۇر.

تۆۋەندە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ئۇلارنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارنىڭ پىكىر- تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالىدۇر.

ئىبنى مۇبارەك ئۆزىنىڭ «زاھىد» دېگەن كىتابىدا، ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ۋە ھاكىملار ئۆز مۇستەدرىكلىرىدە رىۋايەت قىلىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردا كىممۇ ياقتۇرسۇنكى، ئۇنىڭ خورمىلىق، ئۈزۈملۈك، ئاستىدىن ئېرىقلار ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىللىرى بولغان بىر بېغى بولسۇن،...﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى سورۇنىدا ھازىر بولغانلاردىن سورىغاندا، ئۇلار:

— ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلگۈچىدۇر، — دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئۆمەر بۇ جاۋابتىن رازى بولماي ئاچچىقلىنىپ:

— "بىلىمىز ياكى بىلمەيمىز" دەڭلار، — دەيدۇ. بۇ چاغدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! بۇ ھەقتە مېنىڭ ئېڭىمدا بىر پىكىر بار، — دېدى.

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن ئۆزەڭنى تۆۋەن چاغلىما! — دېدى ئۆمەر.

— بۇ ئايەت بىر ئەمەل ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالدۇر، — دېدى ئىبنى ئابباس.

[1] سۈرە بەقەرە، 266 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ــ ئۇ قايسى ئەمەل؟

ــ مەلۇم بىر ئەمەل، ــ دېدى ئىبنى ئابباس.

ــ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان باي بىر ئادەمنىڭ مىسالىدۇركى، كېيىن ئاللاھ ئۇ ئادەمگە شەيتاننى ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم گۇناھلارنى ئىشلىدى ۋە پۈتۈن ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى، ــ دېدى ئۆمەر.

دېمەككى، ئاتا ـ ئانىلار ۋە پەرزەنت تەربىيىلىگۈچىلەر بالىلارنى قىزىقتۇرۇشتا. رىغبەتلەندۇرۇشتە: «ئى بالىجان ئەقلىڭگە تايان، ئۆزەڭنى تۆۋەن چاغلىما!» دېگەننى ئۆزىگە شۇئار قىلىشى كېرەك. بالىلارنى ياخشىلىققا قىزىقتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئۇلارغا مەزمۇنى ياخشى، پايدىلىق كىتابلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلىم ـ ئىرپان ئىچىدە يېتىشتۇرۇشتۇر. كاتتا ئالىم ئىبنى ئابىدىنىڭ ئوغلى ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ. ئىبنى ئابىدىنىڭ شۇنچىۋالا تېپىلغۇسىز قىممەتلىك كىتابلارنى توپلىشىغا ئۇنىڭ ئاتىسى ياردەمدە بولغان بولۇپ، ئاتىسى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خالىغان كىتابلىرىنى ئېلىپ بەرگەن ۋە: «سەن خالىغان كىتابىڭنى ئېلىۋەرگىن، مەن ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن، سەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ يولىدىن مەن ئۆلتۈرگەننى تىرىلدۇردۇڭ. ئى ئوغلۇم! ئاللاھ ساڭا ياخشى مۇكاپاتلارنى بەرسۇن!» دېگەنىكەن ۋە ئۆزىدىكى ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن.

## بالىلارنى ماختاش ۋە ئۇلارنى مەدھىيىلەش

ماختاشنىڭ بالىلارنىڭ پسىخىكىسىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغايدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر. ماختاش بالىلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان شۇنداقلا قىلماقچى بولغان ئىشىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ياخشى قىلىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنىش تۇيغۇسىدا روھى كۆتۈرۈلۈپ تېخىمۇ جانلىق ۋە جۇشقۇن بولۇپ كېتىدۇ. ھەقىقىي پىسخىك ئالىمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ تەبىئىتىگە چوڭ تەسىرى بولىدىغان ماختاشتىن ئىبارەت بۇ ئامىلنىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە بالىلارنى مۇۋاپىق يوسۇندا ماختاش ئارقىلىق رىغبەتلەندۇرۇشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار تېخىمۇ روھلىنىپ ئۆز ئەمەللىرىدە ئىلگىرىلەشكە تىرىشاتتى.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا كۆرگەن چۈشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. مەنمۇ چۈش كۆرۈشنى، كۆرگەن چۈشۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۇ تېخى مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئىدى، مەن ئۇ چاغلاردا مەسجىتتە قونۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى مەن چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئىككى پەرىشتە مېنى ئېلىپ مېڭىپ ئىچى ئوت بىلەن قاپلانغان قۇدۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلاردا مۈڭگۈزلەر بار ئىدى. ئوت ئىچىدە مەن تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. مەن قورقىنىمدىن: "ئاللاھقا سىغىنىپ دوزاقتىن پاناھ تىلەيمەن!" دېدىم. بىرگە ئۇچرىغان يەنە بىر پەرىشتە ماڭا: "قورقما!" دېدى. مەن بۇ چۈشۈمنى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا سۆزلەپ بەردىم، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئابدۇللاھ كېچىدە ناماز ئوقۇغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى" دەپتۇ.» ئابدۇللاھ شۇندىن كېيىن كېچىلىرى ناماز ئوقۇش بىلەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇخلايدىغان بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئابدۇللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم بولغان بولاتتى» دېگەن سۆزىنى: «كېچىدە ناماز ئوقۇغان بولسا» دېگەن شەرت بىلەن بىرگە كەلتۈرۈپ ماختاش ئارقىلىق ئۇنى رىغبەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىشقا، يەنى ئابدۇللاھ غاپىل قالغان ئىشقا يېتەكلىگەن. نەتىجىدە، بۇ ماختاشنىڭ تەسىرىدە ئابدۇللاھ كېچىدە ئاز ئۇخلايدىغان ئىبادەت قىلغۇچىغا ئايلانغان. دېمەك، ئۆيگۈن ماكان ۋە زاماندا قىلىنغان مۇۋاپىق ماختاش ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ.

خەندەك ئۇرۇشى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەرەبچە ۋە سۇرىيانىچە ئۆگىنىۋاتقان بىر ياش بالا توغرۇلۇق: «ئۇ، نېمىدېگەن ياخشى بالا - ھە!» دېگەن.

## بالىلار بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇلارغا بالىلارچە ھەمراھ بولۇش

بالىلار بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇلار بىلەن بالىلارچە ھەمراھ بولۇش ماختاش ۋە مەدھىيىلەش ئارقىلىق بالىلارنى روھلاندۇرۇشنىڭ رولىغا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدىغان، ئەھمىيىتى چوڭ بولغان ئىشتۇر. بالىلار بىلەن بىرگە ئوينىشىپ بەرگەندە ۋە ئۇلارغا بالىلارغا خاس خۇلقلار بىلەن ھەمراھ بولغاندا، بالىلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە بار بولغان يوشۇرۇن ئىقتىدارلىرىنى ئاشكارىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەين بىلەن ئوينىشىشى، ئۇلارنى

دۇمبىسىگە مىندۈرىشى ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆمىلەپ مېڭىشى، بۇندىن باشقا يەنە ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىششى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن شۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرىدىغان ياخشى بىر ئۈلگە ۋە ئىشارەتتۇر.

ئىبنى ئەساكىر ئەبۇ سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم، ئۇ چاغدا مۇئاۋىيە ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، ئۈستىگە چىقىرىۋالغان كىچىك ئوغۇل ياكى بىر قىز بىلەن ئوينىشىۋاتاتتى، مەن: "ئۇنى ئۈستىڭدىن چۈشۈرۈۋەتكىن!" دېدىم. مۇئاۋىيە: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمنىڭ كىچىك بالىسى بولسا، ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئويناشسۇن، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى.»

يۇقىرىقى ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بالىلارچە ھەمراھ بولۇشىنىڭ ۋە ئوينىشىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدىكى: «كىمكى باشقىلاردىن قالغان كىچىك قىزنى ئويناتسا ۋە ئۇنى سۆيۈپ قويسا...» دېگەن ھەدىس بايان قىلىنغان بابتىكى ئۇممۇ خالىد بىنتى خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرگەنىدۇق، مېنىڭ ئۇچامدا سېرىق رەڭلىك بىر كۆينەك بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىنا، سىنا!› دېدى. (ئابدۇللاھ: بۇ، ھەبەش تىلىدا "ياخشى" دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دەيدۇ.) ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئۈزۈكىنى ئويناشقا باشلىدىم، دادام ماڭا ئاچچىقلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دادامغا: "مەيلىگە قويۇپ بەرگىن!" دېدى. ئاندىن ماڭا: "چىقارغىن، كىرگۈزگىن، چىقارغىن، كىرگۈزگىن، چىقارغىن، كىرگۈزگىن!" دېدى.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىس توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «كىچىك قىزچاقلار بىلەن سۆزلىشىش ۋە ئۇلارنى ئوينىتىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇشمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى تالىپنى تىلىنى چىقىرىپ ئويناتاتتى. كىچىك ھەسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىنى چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتەتتى.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان كىتابىدا سەھىھ يول بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەنگە قانچىلىك دەرىجىدە بالىلارچە يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا بالىنىڭ ئاغزىغا ئاغزىنى تەككۈزۈپ ئويناتقان.

ھاكىم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قاچانلا بولمىسۇن، ھەسەن ئىبنى ئەلى ئەبۇ تالىپنى كۆرسەملا كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ، چۈنكى بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى مەسجىتتە كۆرگەندىن كېيىن قولۇمدىن تۇتۇپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدىم. بىز ھەتتا قەينۇقا بازىرىغا كەلگىچە ئۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بازارنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىز يەنە مەسجىتكە قايتىپ كەلدۇق، ئۇ مەسجىتتە ئارقىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن: "تاي نەدە؟ ماڭا تاينى چاقىرىپ بېرىڭلار!" دېدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئاندىن قوللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقاللىرىنىڭ ئارىسىغا تىقتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغزىنى ئاچتى، ھەسەن ئاغزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئاللاھ مەن ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ھەم ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىمۇ ياخشى كۆرىمەن" دېدى.»

تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەنگە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «"ئى ئىككى قۇلاقلىق!" دەپ چاقىردى» يەنى چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەيتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزى زەينەب بىلەن ئوينىشىپ ئۇنى: "ئى كىچىك زەينەب! ئى كىچىك زەينەب!" دەپ چاقىراتتى ھەم بۇ سۆزنى تەكرارلايتتى» دەيدۇ.

ئىبنى مەسئۇددىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ھەسەن ـ ھۈسەين ئىككىسى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەجدىگە چۈشىشى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالدى. باشقىلار ئۇلارنى بۇنداق قىلىشتىن توسىماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىشارەت ئارقىلىق توستى. نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، ئۇ ئىككىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ: "مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى بۇ ئىككىسىنىمۇ ياخشى كۆرگەي!" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا سەھى سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

www.uyghurkitap.com

## بالىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالىلارنىڭ كۈچلۈك چوڭ بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانغان:

1 ـ بالىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بالىلارنى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئىشقا كۆندۈردى: بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەنەس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنى كۆندۈرگەندەك بالىلارنى سىر ساقلاشقا كۆندۈرۈش. بالىلار سىرلارنى پاش قىلىپ قويماي ساقلاشقا كۆندۈرۈلگەندە، ئىرادىسى چېنىقىپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. يەنە بىرى، بالىلارنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش. بالىلار ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلىگەندە، ئۆز نەپسى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىرادىسىگە بولغان سۆيۈنۈشى ئېشىپ ھاياجانلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردا ھايات مۇساپىسىدە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىرادىسى كۈچىيىدۇ. شۇنداقلا، يەنە ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

2 ـ ئىجتىمائىي ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش: بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇشى، ئۆز ياش ۋە ئىقتىدارىغا مۇۋاپىق ئۆي ئىشلىرىنى بېجىرىشى، چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ قويۇشتا ئۆزلىرىدىن كىچىكلەر بىلەن جەم بولۇشى ئۇلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

3 ـ ئىلمىي ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش: بالىلار كىچىكىدىن باشلاپلا قۇرئان، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىنغاندا گۆدەكلىك مەزگىلىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ دىلىدا دىنغا بولغان مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساس بولىدۇ ـ دە، كەلگۈسىدىكى ئىلىم ئىگەللەش يولىغا نىسبەتەن توغرا نىشان ۋە كۆز قاراش شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ھەم ھەرخىل خۇراپاتلىق توقۇلمىلار، سەپسەتىلەرنىڭ تەسىرىدىن قايمۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

4 ـ ئىقتىسادىي ۋە تىجارىي ئىشەنچىنىڭ يېتىلىشى: بۇ نىشانغا يەتكۈزۈلۈش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار سودا ـ سېتىقلىرىدا، ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا بالىلارنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىۋېلىشى، بەزىبىر ئېلىم ـ سېتىملاردا شاھىت قىلىشى ۋە بۇنداق ئىشلارغا ئۇلارنى كۆندۈرۈش ئارقىلىق بولىدۇ.

بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈلگەن، يەنى مالىكنىڭ سۇلەيمان ئىبنى يەسساردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «سەئىد ئىبنى مالىك ئىبنى ۋەققاس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىبنى كىشىنىڭ بوغۇزى تۇگەپ كەتكەندە، ئۇ كىچىك بالىسىغا: "سەن ئۇيدىن بۇغداي ئېلىپ ئۇنى سات ـ دە. ئۇنىڭ پۇلىغا ئارپا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نېمە ئېلىپ كەل!" دەپ بۇيرۇغان.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ ئىككى كىچىك بالىسىنىڭ سودىسىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەن ـ ھە؟!

## ئۇلارنى چىرايلىق يوسۇندا چاقىرىش

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا ئائىت ھەدىسلىرىدە ئۇنىڭ بالىلارنىڭ دىققىتىنىڭ قوزغىلىشى، ئۇلارغا قىلىنىماقچى بولغان سۆزگە كۆڭۈل قويۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىرغاندا ياكى ئۇلارغا خىتاب قىلغاندا ناھايىتى چىرايلىق بىر يوسۇندا چاقىرغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. ئۇ بەزى چاغلاردا بالىلارنى: «ئى ئابا ئۇمەير! قۇش نوغەير نېمە قىلدى؟» دەپ ئىسمىنى چاقىرغاندەك چاقىرىپ ئويناتقان بولسا بەزىدە: «ئى بالىجان! مەن ساڭا بىرقانچە ئېغىز سۆز ئۆگىتىپ قوياي...»؛ «ئى بالىجان! "بىسمىللاھ" دېگىن»؛ «ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن» دېگىنىدە چاقىرغاندەك، ئۇلارنى بالىلىق سالاھىيىتى بىلەن چاقىرىپ خىتاب قىلاتتى. يەنە بەزىدە كۆيۈمچانلىق تەلەپپۇزىدا: «ئى ئوغۇلچىقىم! ئۆيۈڭگە كىرگەندە سالام قىل!»؛ «ئى ئوغۇلچىقىم! ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا قەلبىڭدە ھېچكىمگە ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلمايدىغان بولالىساڭ شۇنداق قىل» دەيتتى.

بىز يۇقىرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ بالىسى! ئۆزەڭنى تۆۋەن چاغلىما» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ساھابىلارمۇ ئاتىسى مۇسۇلمان بولغان بالىلارنى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!» دەپ چاقىرىشاتتى. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «ئادەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا سائىب ئىبنى ھەكەمدىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن قىلغان رىۋايىتىدە بوۋىسىنىڭ: «مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ مېنى: "ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!" دەپ چاقىردى ۋە مەندىن نەسەبىمنى سورىدى، مەن دەپ بەردىم، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاتامنىڭ تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن: "ئى ئوغلۇم! ئى ئوغلۇم!" دەپ چاقىردى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام مۇسلىم ئىسھاق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى: ”ئى ئوغلۇم!“ دەپ چاقىرغان ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مۇغىرە ئىبنى شۇئبەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە. ئۇ: «ھېچكىم دەججال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەن سورىغاندەك كۆپ سوئال سورىمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ”ئى ئوغلۇم!“ دەپ چاقىرىپ سوئالىمغا تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەردى...» دەپ ھەدىسنىڭ داۋامىنى بايان قىلغان.

ئىمام نەۋەۋىي بۇ ئىككى ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ: «بىر كىشى باشقا بىرىنىڭ يېشى كىچىك بولغان ئوغلىنى چاقىرماقچى بولسا، مەنىسى ۋە ئاڭلىنىشى يېقىملىق بولغان: ”ئى كىچىك ئوغلۇم!“ ياكى ”ئى بالام!“ دېگەندەك چاقىرىقلار بىلەن چاقىرسا بولىدۇ. مۇنداق چاقىرىقنىڭ مەنىسى: مېھرى- شەپقەت جەھەتتە سەن مېنىڭ بالامنىڭ ئورنىدا، - دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ يېشى بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولغان بىرىنى: ”ئى قېرىندىشىم“ دەپ چاقىرغان بىلەن ئوخشاشتۇر. باشقىلارنى چاقىرىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش يېقىملىق سۆزلەر بىلەن چاقىرىش لازىم» دەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ مۇسنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! شۇبھىسىزكى بۈگۈن (يەنى ئەرافات كۈننى دېمەكچى) قۇلىقى، كۆزى ۋە تىلىغا ئىگە بولالىغان ئادەمنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ تۇراتتىم. ئۇ ماڭا: ”ئى ئوغۇل!“ (ياكى ئوغۇلچاق!) مەن ساڭا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەنپەئەت بېرىدىغان بىرقانچە سۆز ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دېدى مەن: ”ماقۇل!“ دېدىم. ئۇ: ”سەن ئاللاھنى يادىڭدىن چىقارمىغىن، ئۇمۇ سېنى يادىدىن چىقارمايدۇ“دېدى» دەپ. بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىنى ئاخىرغىچە بايان قىلغان.

چاقىرىش يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەزىدە ئېنىق ئىسمى بىلەن، بەزىدە: «ئى بالا»، بەزىدە: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى» ۋە بەزىدە: «ئى ئوغۇل» دېگەندەك چاقىرىقلار بىلەن بولىدىغانلىقىنى. بالىلارنى مۇشۇنداق چاقىرىقلار بىلەن چاقىرغاندا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ چاقىرغۇچىغا قارىتا بالىدا بىرخىل يېقىنچىلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

بالىلارنى چىرايلىق ئۇسۇلدا چاقىرىشنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن يەنە بىرى بالىنى كۈنىيىتى بىلەن چاقىرىش. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىچىك بالىنى ئوينىتىپ: «ئى ئابا ئۇمەيىر! قۇش نۇغەيىر نېمە قىلدى؟» دەپ چاقىرغاندەك چاقىرىشتۇر. ئەبۇدەردا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بەقلە دەپ كۈنىيەتلەندۈردى، مەن بۇنداق كۈنىيەتلىنىشنى ياقتۇرمىغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا "ئەبا ھەمزە" دېگەن كۈنىيەتنى بەردى.» ئەبا ھەمزەنىڭ مەنىسى "بەقلە" دېگەنلىك بولاتتى.

## ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش ۋە ئۇلارنى رازى قىلىش

بالىلارنىڭ نەپسىيىتىگە ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ۋە ئۇلارنى رازى قىلىشتۇر. بولۇپمۇ، يېشى كىچىك بالىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىش لازىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر جانلىق ئۆزىنىڭ تەلىپىنىڭ ئورۇندىلىشىدىن سۆيۈنگىنىدەك، بالىلارمۇ تەلەپلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىدىن ناھايىتى سۆيۈنىدۇ. روھى كۆتۈرۈلۈپ، خۇشال بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ دىلىنى نارازىلىق ۋە غەزەپ- نەپرەت ئورۇۋالىدۇ - دە، گەپ ئاڭلىمايدىغان، قىلما دېگەننى قىلىدىغان بولۇۋالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ پىخسىكىسىغا تەسىر قىلغۇچى ئامىللارغا ئەھمىيەت بەرگۈچى دانا ئۇستاز بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئۇسۇلدىمۇ ئاجايىپ دانا پىكىرنى بەرگەن بولۇپ، ساھابىلار ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىشقان.

ئەھنەب ئىبنى قەيس مۇئاۋىيەگە بالىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ ئۇلارنى رازى قىلىشنىڭ مۇھىملىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە مۇنداق بىر مۇنازىرە بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «دادام ئەھنەب ئىبنى قەيسنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەن ئىدى، دادام ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا ئەھنەب ئىبنى قەيستىن: "ئى ئەبۇ بەھر! بالا ھەققىدە قانداق قارايسەن؟" دەپ سورىدى. ئۇ: "ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بالىلار بىزنىڭ دىللىرىمىزنىڭ مېۋىلىرى، كەلگۈسىمىزنىڭ تايانچىلىرى، بىز بولساق ئۇلار ئۈچۈن ھۆر زېمىن ۋە سايىۋەن ئاسمان، بىز ئۇلۇغ مەقسەتلىرىمىزگە پەقەت ئۇلار ئارقىلىقلا يېتىمىز، شۇڭا ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسىنى بەرگىن، غەزەپلەنسە ئۇلارنى رازى قىلغىن، شۇندىلا ئۇلار ساڭا دوستلۇقىنى

www.uyghurkitap.com

ئاتا قىلىدۇ ۋە سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. سەن ئۇلارنى ئىزگىر، بىسىم بولىدىغان ئىشلارغا زورلىما بولمىسا ئۇلار سىزنىڭ هاياتىڭدىن زېرىكىدۇ، ساڭا ئۇلۇم تىلەيدۇ هەمدە ساڭا يېقىنلىشىشتىن قاچىدۇ" دېدى.

«مۇئاۋىيە ئەهنەبكە: "ئاللاهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مېنىڭ ئالدىمغا كىرگەندە مەن يەزىدكە قاتتىق ئاچچىغلانغان هالدا ئىدىم" دەيدۇ. ئەهنەب ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەزىدتىن رازى بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىككى يۈز مىڭ دەرهەم ۋە ئىككى يۈز قۇر كىيىم ئەۋەتىدۇ. يەزىدمۇ ئەهنەبكە يۈزمىڭ دەرهەم ۋە يۈز قۇر كىيىم ئەۋەتىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئىككىسى تەڭ ئېرىمدىن بۆلۈشكەن بولدى.

ئەدىي ئىبنى هاتەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، ئۇ مەسچىدتە ئولتۇرغان ئىكەن، كىشىلەر مېنى تونۇشتۇرۇپ: "بۇ، ئەدىي ئىبنى هاتەم بولىدۇ" دېيىشتى. مەن بۇ يەرگە هېچقانداق ئامانلىق ئالماستىن ۋە كېلىشىمسىز كەلگەن ئىدىم. ئەدىي ئىبنى هاتەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەرەپكە ئىنتىرىلگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. ئۇ ئاۋال: "مەن ئاللاهتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىنى مېنىڭ قولۇمدا قىلىشىنى تىلىگەن ئىدىم" دەيدۇ، — ئۇ يۇقىرىقى ئەهۋالنى بايان قىلىشنى باشلاپ مۇنداق دەيدۇ. — پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنىڭ قولۇمنى تۇتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى- دە، مەن بىلەن ماڭدى. يولدا ئۇنىڭغا بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئۇچرىدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئۆزىنىڭ بىر هاجىتىنى دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ ئايالنىڭ هاجىتىنى بېجىرىپ بېرىپ كەلدى... » (بۇ داۋامى بار بولغان ئۇزۇن بىر هەدىس بولۇپ بۇنى ئىمام تىرمىزى غەرب هەسەن دەرىجىسىدە رىۋايەت قىلغان.)

## تەكرارلاشنىڭ بالىنىڭ روهىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى

بالىمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئۇنتۇيدۇ ۋە بىلمىدىغان نەرسىلىرىدىن غاپىل قالىدۇ. ئاللاه تائالا ئۇزى ياراتقان جانلىقلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەتلا ئىنسان بالىسىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلىپ ياراتتى. ئىنسان بالىسىنىڭ بالىلىق دەۋرى مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدىغان دەۋر بولۇپ بۇ دەۋر دەل كەلگۈسىدە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدىغان دەۋر هېسابلىنىدۇ. تاكى ئۇلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ياشقا يەتمىگىچە پەرىشتىلەرنىڭ قەلەملىرى ئۇلار ئۈچۈن هېچنېمە يازمايدۇ. بىز بۇ باسقۇچنىڭ بۇ قەدەر مۇهىملىقىنى تونۇپ

يەتكىنىمىزدە، بالىلارنىڭ بىرەر نەرسىنى ياخشى بىلىۋېلىشى، ئېسىدە چىڭ ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا تەكرارلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايمىز. تەكرارلاش پرىنسىپىنىڭ مۇھىملىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۈنىمىسا، (يەڭگىل) ئۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىسىدۇر. (بۇ ھەدىسنى ئىمام داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن ئىبارەت ئىسلامدىكى مۇھىم ئەركانغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ يىل بەلگىلەپ بەردى. ئەلۋەتتە نامازنىڭ مۇھىملىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدىمۇ ئاللاھ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن[1]﴾ دەپ بۇيرۇغان. دېمەك، بىر بالىنى نامازغا بۇيرۇش ئۈچۈن يۇقىرىقى يىللار بويى سەۋر قىلىش لازىم بولىدۇ. بىز سەۋر قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان يەتتە ياشتىن تاكى ئون ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ ئۈچ يىلنى ھېسابلىساق، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھەر بىر كۈندە بەش قېتىمدىن نامازغا بۇيرۇسا، 365 كۈندە 5475 قېتىم بۇيرۇيدۇ دېگەن گەپ. بۇ سان بۇيرۇشنىڭ قانچىلىك كۆپ تەكرارلىنىدىغانلىقىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قانچىلىك دەرىجىدە سەۋرچان بولۇشنى كېرەكلىكىگىمۇ دالالەت قىلىدۇ. دېمەك، بالىنىڭ ئوقۇمىغانلىقىدىن، گەپ ئاڭلىمىغانلىقىدىن ئاسانلا ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۇنىڭدىن بەل قويۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. بالىنىڭ قىلىشنى ياكى بىلىشى لازىم بولغان بىرەر ئىشنى ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغاندا، تەلەپ قىلغۇچى ئەلۋەتتە تەكرارلاشنى. زېرىكمەستىن قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈشنى ئېغىر كۆرمەسلىكى لازىم.

مانا بۇ، كاتتا ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بالىلارغا تەكرارلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلىرى ھەققىدە مۇنداق يوليورۇق بېرەتتى: «بالىلىرىڭلارنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن ياخشىلىق دېگەن ئادەتتىندۇر.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى سۈننىتىنى تۇتقان ئاساستا بالىلارنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارغا سالام بېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى دەلىللەپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلاتتى» دەيتتى.

بالىلار چوڭلارنىڭ ئۆزلىرىگە بىر قانچە قېتىم سالام قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ تەدرىجىي يوسۇندا بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، سالام قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالام قىلىش ئۇلارنىڭمۇ ئادىتىگە ئايلىنىدۇ.

---

[1] سۈرە تاھا، 132 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

## تەربىيەدە بالىلار بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىش

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇن ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا، (يەڭگىل) ئۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىستە بالىلارنى بىز ئۇلارنىڭ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان بىرەر نەرسىگە تەدرىجىي كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ بار بولۇپ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا، بولۇپمۇ، بالىلار تەربىيەسىدە بىرقانچە باسقۇچنىڭ بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ، دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان نامازغا بالىلارنى ھەقىقىي كۆندۈرۈشتە بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان مەزمۇن بار. بالىلارنى نامازغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچ بار:

بىرىنچى، يەتتە ياشقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچ بالا ئۈچۈن كۆزىتىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بالا بۇ مەزگىللەردە ئاتا- ئانا ۋە باشقىلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆزىتىدۇ. ئەگەر ئاتا- ئانا ئۇلارنى بۇ ۋاقىتلاردىلا ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈشكە باشلىسا، ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق بولىدۇ.

ئىككىنچى، بۇيرۇش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ يەتتە ياشقا توشقان مەزگىلدىن تارتىپ تاكى ئۇن ياشقا قەدەم قويغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، بالىلارنى ئۇرۇش ئارقىلىق مەجبۇرلاش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئاتا - ئانا ئۇن ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىغان بالىسىنى ئۇرۇش ئارقىلىق ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

ھەقىقەتەن، مۇشۇ خىلدىكى تەدرىجىي تەربىيىلەش بالىنىڭ پسىخىكىسىدا ۋە ھەرقانداق بىر ئىشنى قوبۇل قىلىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. چۈنكى بالىلار تېخى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە كۆچۈۋاتقان يۇمران نوتىلاردىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا، ئاتا - ئانا بالىلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ بېرىشى ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك!

## رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش

رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بالىلارنىڭ شەخسىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان

مۇھىم ئامىللاردىن. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوڭشاشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ئۇسۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىدىكى ئەمەلىيەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىقتۇرۇش ۋە قورقۇتۇش تەلىماتىنى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەجرى ۋە يامانلىقى، ئاسىيلىق، قاخشىتىشنىڭ ئاقىۋىتىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق بايان قىلدى. مانا بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار ئۈچۈن يولغا قويغان رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئەسلىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قوللانغان ئەڭ توغرا ۋە گۈزەل ئۇسلۇب بولۇپ قۇرئاندا جەننەت بىلەن قىزىقتۇرۇش، دوزاق بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش دائىم دېگۈدەك بىر ئورۇندا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى ھېكمەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە بىرەر نەرسىگە ئەجىر قىلىشقا، ئاندىن ئۇنىڭ ھوسۇلىنى ئېلىشقا ھېرىسمەن، بىرەر خاتا ياكى ناھەق نەرسىدىن يىراقلىششقا، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئالغان ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇش ھەرگىزمۇ جان قىيىنغۇچى قاتتىق بىر ئۇسۇل ئارقىلىق قورقۇتۇشقا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى بالىغا قارىتا ئۇنىڭ قىلغان بىرەر ئەمەلىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئۇنى ئۈمىدلەندۈرگەندەك، ياخشى بولمىغان ياكى ناھايىتى خاتا بولغان بىرەر ئەمەلىنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى



# تۆتىنچى بۆلۈم

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى قاخشىتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش

قۇرئاندىن ۋەسىيەتلەر

مۇقەددىمە

**بىرىنچى: ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلىش.**

1 ـ ياخشىلىقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋابى.

2 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز كۈپايە ئىبادەتلەرنىڭمۇ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد نىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئايالى ۋە دوستلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ھەج قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرزەنتلەرنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدىكى نەمۇنىلىك مىساللىرى.

**3** ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلماسلىق.

4 ـ ئىنسانلار ئىچىدە ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئاتا ـ ئانىدۇر.

5 ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىرلا ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا قويۇش.

6 ـ سەن ۋە مېلىڭ ئاتاڭغا تەئەللۇقتۇر.

7 ـ ئاتا ـ ئانا ھەرقانداق بىر مالدا قەرزدار بولۇپ قالسا، ئۇنى قەرزدىن قۇتۇلدۇرۇش.

8 ـ ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىشى.

9 ـ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولماسلىق.

10 ـ نەسەبىنىڭ ئاتىغا تەۋەلىكىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش.

11 ـ ئاتا ـ ئانىلار ھەج قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۇلار ئۈچۈن ھەج بەدەل قىلىش.

12 ـ ئۇلارنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنلاش.

13 ـ ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقى.

**ئىككىنچى: ئاتا ـ ئانىغا ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش.**

1 ـ ۋەدىلىرىنى ئورۇنداش ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئادا قىلىش.

2 ـ ئۇلارغا دۇئا قىلىش ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەش.

3 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرىگە ياخشىلىق قىلىش.

4 ـ ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە قىلىش.

5 ـ ئۇلار ئۈچۈن ۋاكالىتەن ھەج قىلىش.

6 ـ ئۇلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش.

7 ـ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش.

8 ـ ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنلاش.

## قۇرئاندىن ۋەسىيەتلەر

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن دېگىن﴾

—— سۈرە ئىسرا، 23 - ۋە 24- ئايەتلەر.

﴿ئىنسانىنى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن﴾

— سۈرە ئەنكەبۇت، 8- ئايەت.

﴿ئىنسانىنى ئاتا -ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى -ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى، (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا -ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾

— سۈرە لوقمان، 14 - ۋە 15- ئايەتلەر

www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

بۇ بۆلۈمنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئەھمىيىتى ئەر- ئايال ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىغاندا بىر قەدەر ئاشكارە ۋە ئوچۇقتۇر. چۈنكى، ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە. كىمكى كەلگۈسىدە بالىلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىنى، ئۆزىگە ۋاپادار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ چوقۇم مەيلى توي قىلغان ياكى تېخى قىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرىشى ياخشىدۇر.

ھاكىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى ئىپپەتلەڭلار، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئىپپەتلىك بولىدۇ، ئاتا- ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ.»

تەبەرانىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتا- ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. ئىپپەتلىك بولۇڭلار، ئاياللىرىڭلار ئىپپەتلىك بولىدۇ. بىرىڭلارنىڭ قېرىندىشى ئۇنىڭغا تىغ كۆتۈرۈپ كەلسىمۇ، ئۇ ھەقلىق بولسۇن ياكى ھەقسىز بولسۇن، ئۇنى (ياخشىلىق بىلەن) قوبۇل قىلسۇن! ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ مېنىڭ ھەۋزى- كەۋسىرىمگە يېقىن كېلەلمەيدۇ.»

بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا- ئانىلارنى نېمە سەۋەبتىن قاخشىتىدىغانلىقىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن بالىلارنى توغرا يولغا باشلاش، ئۇلارنىڭ ياخشىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشى، يۈرۈش - تۇرۇش، مىجەز - خۇلقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز، ئاتا- ئانىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتلىشىشنى تائەتنىڭ ئورنىدا كۆرۈشىمىز، ئاتا- ئانىلارنى قاخشىتىشتىن قەتئىي تۈردە ئۇزاق بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئاتا- ئانىلارغا قانداق قىلساق، پەرزەنتلىرىمىزمۇ بىزگە شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىلاھىي قانۇنى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىغىنىڭنى قىل! سەن قانداق قەرز بەرسەڭ، شۇنداق قايتۇرۇۋالىسەن» دېگەن.

(ئابدۇررازراق رىۋايەت قىلغان.)

ناۋادا ھەر بىر ئىنسان ئۆز ئەتراپىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالسا، يۇقىرىقىنى ھەدىسنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ. شۇنداقلا، ئاتا- ئانىغا ئاسىيلىق قىلغان ياكى قىلىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە ئاسىي بالىلارنى دۇنياغا كەلتۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنى پەرزەنتلەرنىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار ياخشىلىنىشى كېرەك.

خوش، ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇنچىلىك كۆپ توختالدۇق، ئۇنداقتا ياخشىلىق قىلىش زادى قايسى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئاتا- ئانىغا قىلىنىدىغان ياخشىلىق ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدا قىلىنامدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىن كېيىنمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئاتا- ئانىغا ھايات ۋاقتىدىلا ياخشىلىق قىلىش كېرەك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىش بەكمۇ مۇھىم. دېمەك، ئاتا- ئانىغا ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىن ياخشىلىق قىلىش بولسا، خۇددى ياخشىلىقنىڭ ئىككى قانىتىنى ئېچىۋاتقاندەك ئۇزۇن مۇددەتلىك، بەندىلەر ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى تولۇقلىۋالىدىغان ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدۇر.

بۇ ياخشىلىق قىلىش پەرزەنتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ۋاستىلىك قىلغان ياخشىلىقى ئارقىلىق ھەم ساۋابقا ئېرىشىش ھەم كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلىدىغان ئاسىي، يامان نىيەتلىك پەرزەنتلەردىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئالدىن خەيرلىك دەسمايە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ بىزنى ئاتا- ئانىلارنى قاخشىتىشتىن ساقلىسۇن، بۇ ھەم ئۆزىنى ھەم ئەۋلادلىرىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىشنىڭ بىر ۋاستىسىدۇر. كىشى ئۆزىگە رەھىم قىلىنىشقا سەل قارىغان تەقدىردىمۇ پەرزەنتلىرىگە زۇلۇم قىلىنىدىغان يولغا ھەرگىز ماڭماسلىق كېرەك. كىمكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولۇشىنى خالايدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن باشلىشى، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى، ئاتا ـ ئانىغا ئۇلار هايات ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلىش

### 1 ـ ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋابى

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە، هېچ شۈبهە يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ هاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناهايىتى ئېنىق مەلۇماتلار بىلەن بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنىڭ هاياتىنىڭ ياخشى بولۇشى بولسا، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتا زور تەسىرگە ئىگىدۇر. شۇنداقلا، جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش هەرگىزمۇ بىر ئىنسانىنىڭ ياخشىلىق قىلىشنى خالىسا قىلىدىغان ياخشىلىقلىرىدىن بولماستىن، بەلكى شۇ ئىنسانغا ئۇنىڭ قىلىشى ئاللاھ تەرىپىدىن يۈكلەنگەن ياخشىلىقتۇر. ئەبۇداۋۇد كۇلەيب ئىبنى مەنفەدىن، ئۇ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىر كۈنى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن كىمگە ياخشىلىق قىلىمەن؟“ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ”ئاناڭغا، داداڭغا، هەمشىرەڭگە، قېرىندىشىڭغا، ئۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتچىڭگە، بۇ هەم ۋاجىپ هەم سىلە ـ رەهىمدۇر“ دېدى.»

ئىمام ئەهمەد مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «هەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئاناڭلارنى ۋەسىيەت قىلىدۇ، هەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئاناڭلارنى ۋەسىيەت قىلىدۇ، هەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئاناڭلارنى ۋەسىيەت قىلىدۇ، هەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە داداڭلارنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. هەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ئەڭ يېقىن تۇغقانىنى، ئەڭ يېقىن تۇغقانىنى ۋەسىيەت قىلىدۇ.» (بۇ هەدىسنى يەنە ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەيياش رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان.)

ئىبنى ماجە ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: ”ئى ئاللاهنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىسى ئۈستىدىكى هەققى نېمە؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ”ئۇ ئىككىسى سېنىڭ جەننىتىڭ ۋە دوزىقىڭ“ دېدى.»

ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقى

ئاتىنىڭ رازىلىقىدا، پەرۋەردىگارىڭنىڭ غەزىپى ئاتاڭنىڭ غەزىپىدە.»

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى جاھىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سەن ئۇنىڭ بىلەن (يەنى ئاناڭ بىلەن) بىللە بول، شۈبھىسىزكى، جەننەت ئۇنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا.»

دېمەك، يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئاتا- ئانىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمىز ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ھاكىم ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتا جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىكىسىدۇر. ئەگەر خالىساڭ، ئۇ ئىشىكنى ساقلاپ قالغىن ياكى تاشلىۋەتكىن.»

## ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ دۇنيادىكى ئىپادىلىرى

**ئۆمۈر ۋە رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشى:**

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق كىشىنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشى خۇش قىلسا، ئۇ ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن ۋە سىلە- رەھىم قىلسۇن!»

ئەبۇيەئلا تەبەرانىي ھاكىم ۋە ئەلئەسفىھانىيلار مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسا، خۇش مۇبارەك بولسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى زىيادەت قىلىدۇ.»

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەقىقەتەن بىر ئادەم قىلغان گۇناھى سەۋەبىدىن رىزقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ، تەقدىرنى دۇئادىن باشقىسى قايتۇرالمايدۇ، ئۆمۈرنى ياخشىلىقتىن باشقىسى ئۇزارتالمايدۇ.» (بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

www.uyghurkitap.com

## ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاخىرەتتىكى ئىپادىلىرى

### 1 - دۇنيادىكى گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ.

تىرمىزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ناھايىتى چوڭ بىر گۇناھنى قىلىپ سالدىم، ماڭا تەۋبە بارمۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاناڭ بارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: "ياق!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىز قېرىندىشىڭ بارمۇ؟" دېدى. ئۇ ئادەم: "ھەئە" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىل" دېدى.»

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئەتا ئىبنى يەساردىن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كېلىپ: "مەن بىر ئايالغا نىكاھلىنىش توغرۇلۇق ئەلچى كىرگۈزگەن ئىدىم، ئۇ ئايال مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلدى، باشقا بىرى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىش ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزگەن ئىدى، ئۇ ئايال ئۇنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مەن قىزغىنىپ ئۇ ئايالنى ئۆلتۈردۈم، ئەمدى ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس: "ئاناڭ ھاياتمۇ؟" دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: "ياق" دېدى، ئىبنى ئابباس: "ئاللاھ ئەززەۋەجەللەگە تەۋبە قىل ۋە كۈچۈڭ يەتكىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاش" دېدى. ئاندىن مەن (ئەتا ئىبنى يەسار) بېرىپ ئىبنى ئابباستىن: "سەن نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى سورىدىڭ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "مەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئەمەلنى بىلمەيمەن" دېدى.»

### 2 - جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ.

نەسەئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جەننەتكە كىردىم، ئۇ يەردە بىر قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، مەن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىۋىدىم، ماڭا: "بۇ ھارىسە ئىبنى نوئمان" دەپ جاۋاب بېرىلدى، — دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، — ياخشىلىق دېگەن شۇنداق» دېدى. چۈنكى نوئمان ئانىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلاتتى. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ ئانىسىغا ئەڭ ياخشىلىق قىلىدىغان كىشى ئىدى» دېيىلگەن.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇرنى توپىغا مىلەنسۇن، بۇرنى توپىغا

مىلەنسۇن، بۆرنى توپىغا مىلەنسۇن. كىمكى ئاتا- ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى قېرىغان ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپمۇ، جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ بۆرنى توپىغا مىلەنسۇن!» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەدىسىدىمۇ: «ئۇ ئىككىسى سېنىڭ جەننىتىڭ ۋە دوزىقىڭ» دېگەن.

ئىمام ئەھمەد سەھىھ ئىسنادى بىلەن: «ئاتا - ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرى بىلەن ئۇلار قېرىغىچە ياشاپ، ئاندىن دوزاققا كىرسە، ئاللاھ ئۇنى ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

ئۇرۇۋە ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بەردىم، بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇدۇم، مېلىمنىڭ زاكىتىنى بەردىم، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتتۇم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى مۇشۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلسە، قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلەر بىلەن بىللە مۇشۇنداق بولىدۇ" دەپ ئىككى بارمىقىنى تىكلىدى ۋە: "ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتمىغانلا بولسا" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.)

ھەممىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئىتائەت قىلىش پەقەت توغرا بولغان ئىشلاردا بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى بىلىمىز.

## ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرز كۆپايە ئىبادەتلەرنىڭمۇ ئالدىغا قويۇش

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرزدۇر. بۇ پەرز بىلەن ئاللاھ پەرز قىلغان باشقا پەرزلەر تەڭ بولالايدۇ. يەنى پەرز ناماز، رامىزاننىڭ روزىسى، زاكات ۋە دىندا قىلىش مۇھىم دەپ بەلگىلەنگەن ئەمەللەر ۋە پەرز ئەين قاتارىدىكى جىھاد قىلىش قاتارلىقلار ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت پەرز ئەمەلگە تەڭ بولالايدۇ. پەرزەنت بولغۇچى بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ پەرزلەرنى ئادا قىلغاندا ئىككى پەرزدىن بىرىنى ئاۋۋال

ئادا قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەتتا پەرز ئەيىنىنىڭ ئالدىغا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى قويىدۇ، ئىمام غەزالى ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن: «ئالىملارنىڭ ھەممىسى ھەتتا شۈبھىلىك ئىشلاردا ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېدى.

ئەمما بۇ پەرزلەردىن بەزىلىرى بولسا، مۇسۇلمان جەمئىيىتى ئۈستىدىن ساقىت بولىدىغان ۋە قىلمىغانلارغا گۇناھ يېزىلمايدىغان كۇپايە تۈرىدىكى پەرزلەردىن ئىبارەتتۇر. ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بۇ پەرزلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلار ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشى جائىز ياكى مۇستەھەب ئىشلار بىلەن زىت كېلىپ قالغاندا، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئەلۋەتتە، ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام غەزالى: «بىرىنىڭ نەپلە ئىبادىتى ئۇنى پەرز ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويسا، ئۇ مەغرۇر بولغان بولىدۇ، بىرىنىڭ پەرز ئىبادىتى ئۇنى نەپلە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ قويسا، ئۇ ئۆزرۈرلۈك بولىدۇ» دېگەن. - دەيدۇ.

ئىمام غەزالىنىڭ بۇ سۆزى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقىدىكى ئىشلارنى جايىدا ئورۇنلىشى ۋە بىر - بىرىگە زىت كېلىپ قالغان ئىشلاردا قايسىنى ئاۋۋال قىلىشنى تاللىۋېلىشى ئۈچۈن بىر قائىدە بولۇپ قالدى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە ئۈلگىلىك مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

## 1 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش

ھاكىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «جاھىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن جىھاد قىلىشنى ئىرادە قىلدىم ۋە بۇ ھەقتە ساڭا مەسلىھەت سالغىلى كەلدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاناڭ بارمۇ؟" دەپ سورىدى، ئۇ: "ھەئە" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بول، شۈبھىسىزكى، جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا" دېدى.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئاللاھ قايسى ئەمەلنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز" دېدى، "ئاندىن قايسىچۇ؟" دېدىم، ئۇ: "ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش" دېدى، مەن "ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟" دەپ سورىسام، ئۇ: "ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش" دېدى.»

بۇ ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى ھەققىدە ئىبنى ھەجەر ئەسقىلانىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى تىين مۇنداق دېدى: ”ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى جىھاتنىڭ ئالدىغا قويۇشتا مۇنداق ئىككى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: ئۇنىڭ بىرى، ياخشىلىقنىڭ پايدىلىقراقىنى ئالدىغا قويۇش. ئىككىنچىسى، ئۇ ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلغان كىشى باشقا ئەمەل قىلغان ئادەملەرنى ئۈزىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ يەردە ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ئەسكەرتىپ قويماقچى. مەن (ئىبنى ھەجەر ئەسقىلانىي) چە، ئالدىنقى كۆز قاراش ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئىككىنچىسى، ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى جىھادنىڭ ئالدىغا قويغانلىقى جىھاد قىلىشنىڭ ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا باغلىق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئاتا- ئانىسىدىن رۇخسەت سوراش ئۇ ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئاتا- ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىش چەكلەنگەن.»

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ساڭا ھىجرەت قىلىشقا ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلىمەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتا- ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟“ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: ”ھەئە، ھەر ئىككىلىسى ھايات“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ھەقىقەتەن ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلامسەن؟“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”ھەئە“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنداقتا ئاتا- ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ، ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بول!“ دېدى.»

ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمدىن بۇ ھەقتە قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە: «بىر ئادەم كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتا- ئاناڭ ھاياتمۇ؟“ دەپ سورىغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم: ”ھەئە“ دەپ جاۋاب بەردى، بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ئۇ ئىككىسىدە جىھاد قىل“ دېدى.»

ھافىز ئىبنى ئۇمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن جىھاد قىل» دېگەن سۆزى ئۈستىدە مۇنداق دېدى: «بۇ: ”ئاتا- ئاناڭ بولسا ئۇلار ئۈچۈن ئىمكانىيىتىڭنىڭ بېرىچە ياخشىلىق قىلغىن! شۈبھىسىزكى، بۇ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقان بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە تۇرىدۇ“ دېگەن مەنىدىدۇر» دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئىمام غەزالى ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالغان ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئېنىق هارام بولمىغان ئەهۋالدىمۇ يەنىلا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، ئاتا- ئانا خاپا بولىدىغان ئەهۋالدا ئۇلاردىن ئايرىم تاماق يېمەسلىك لازىم، چۈنكى شۈبهىلىك نەرسىلەردىن ساقلىنىپ، تەقۋادارلىق قىلىشقا نىسبەتەن ئاتا- ئانىنى رازى قىلىش مۇهىمدۇر. هەتتا شەرىئەتتە جائىز سانالغان ياكى نەپلە ئىبادەت قاتارىغا كىرىدىغان بىرەر سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئاتا - ئانا بۇنىڭغا رازى بولمىسا، بۇ سەپەرگە چىقماسلىق كېرەك. ئىسلامدىكى مۇهىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولغان هەجدىنمۇ بۇرۇن قىلىش نەپلە هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنى كېچىكىپ ئادا قىلىسىمۇ بولىدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلىش ناۋادا ناماز ۋە روزىدەك پەرز ئىلىملارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولمىغىنىدا ۋە مەهەللىدە بۇنى ئۆگىتىدىغان باشقا بىرى بولغىنىدا، ئىلىم تەلەپ قىلىش نەپلە ئىبادەت ئورنىدا بولىدۇ. ئەگەر ئىسلامنىڭ ئەهكاملىرىنى ئۆگىتىدىغان ئادەم يوق بىر يەردە مۇسۇلماننىڭ ئۇنى ئۆگىنىپ كېلىشى ئۈچۈن هىجرەت سەپىرى قىلىشى ئاتا - ئانىنىڭ هەققىگە باغلىنىپ قالماسلىقى كېرەك.»

كەسائى ئۆزىنىڭ «بەدائىئ ئەسسانائىئ» دېگەن كىتابىدا: «پەرزەنت ئاتا- ئانىنىڭ ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن چىقمايدۇ، چۈنكى ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرز ئەيىن، شۇڭا پەرز كۇپايە ئۈچۈن پەرز ئەيىننى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ» دەپ يازغان.

## 2 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئايالى ۋە دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش

ئىمام تىرمىزى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلۇق قىلسۇن!) تىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ئۇممىتىم ئون بەش ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭغا بالالار يۈزلىنىدۇ. بۇلار: ئايالىغا ئىتائەت قىلىپ، ئانىسىنى نارازى قىلسا ۋە دوستىغا ياخشىلىق قىلىپ، دادىسىنى تاشلىۋەتسە...» پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «"مېنىڭ ئۇممىتىم ئون بەش خىل ئىشنى قىلسا ئۇممىتىمگە بالا كېلىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسى ئىشلار دەپ سورالدى؟" پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: "ئولجىغا ئېلىنغان مالالار (بايلار ئارىسىدا) قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان سەرمايە قىلىنسا، ئامانەت ئولجا دەپ بىلىنسە، زاكات (مالغا كەلگەن) بىر ئالۋاڭ- سېلىق دەپ قارالسا، ئەر ئايالىغا بويسۇنسا، ئانىسىنى قاخشىتىپ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، دادىسىغا

قوپاللىق قىلسا، مەسچىتلەردە ئاۋازلار كۆتۈرۈلسە، بىر مىللەتنىڭ باشلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش ئادەمدىن بولسا، بىرەر ئادەمگە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەت قىلىنسا، ھاراق ئىچىلسە، يىپەك كىيىلسە، (ئويۇن- تاماشا قىلىش ئۈچۈن) ناخشىچىلار ۋە چالغۇ- ئەسۋابلار تەييار قىلىنسا ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكىلىرى بۇرۇنقىلىرىغا لەنەت ئوقۇسا، ئۇممىتىم قىزىل شامال بىلەن يەر يۇتۇشنى ياكى سۈرىتى ئۆزگەرتىلىپ كېتىش بىلەن تاش يېغىشنى كۈتۈپ تۇرسۇن" دېدى[1].»

ئەبۇداۋۇد بىلەن تىرمىزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. ئەمما دادام ئۆمەر ئۇنى يامان كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ : "سەن ئۇنى تالاق قىلىۋەت!" دېدى. مەن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدىم، دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "ئۇنى تالاق قىل!" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «مەن: "ئىنسانلار ئىچىدە ئايال كىشىدە ئەڭ چوڭ ھەققى بار كىشى كىم؟" دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئېرى" دەپ جاۋاب بەردى، مەن: "ئەرگىچۇ؟" دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئانىسى" دەپ جاۋاب بەردى.»

تۆۋەندىكى ھەدىس بىزنىڭ غەپلەتتىكى ھالىتىمىزدىن ئويغىنىشىمىزغا كۆپايە قىلىدۇ، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد تەبەرانىينىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋفا ياكى ئۇ ئىككىسىدىن قىسقارتىپ ئالغان لەۋزىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋپا مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم كىرىپ:

— بىر ياش سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ئىدى، بىز ئۇنى "لا ئىلاھە ئىللەللاھ!" دېگىن دېسەك، ئۇ بۇ سۆزنى دېيەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ ناماز ئوقۇمامتى؟— دەپ سورىدى.

— ئوقۇيتتى، — دېدى ئۇ ئادەم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭغا:

---

[1] بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېگىن، — دېدى.

— دېيەلمەيمەن، — دېدى كېسەل.

— نېمە ئۈچۈن؟— دەپ سورىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام .

— چۈنكى بۇ بالا ئانىسىنى قاخشىتاتتى. — دەپ جاۋاب بېرىشتى باشقىلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنىڭ ئانىسى هاياتمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ئۇ هايات. — دەپ جاۋاب بېرىلگەندە، ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنى چاقىرىپ كەلتۈرۈپ:

— مەن ناھايىتى چوڭ بىر ئوت ياقسام، ئاندىن ساڭا ئوغلۇڭنى كەچۈرسەڭ، بىز ئۇنى ئوتقا تاشلىمايمىز، كەچۈرمىسەڭ تاشلايمىز، دېسەك ئوغلۇڭنى كەچۈرەمسەن؟— دەپ سورىدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنداقتا مەن ئۇنى كەچۈرەي. —دېدى ئايال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنداقتا، ئاللاھنى گۇۋاھ قىلغىن ۋە مېنى رازى بولغانلىقىڭغا گۇۋاھ قىلغىن، — دېدى.

— ئى ئاللاھ! مەن سېنى گۇۋاھ قىلىمەن! ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئوغلۇمدىن رازى بولغانلىقىمغا گۇۋاھ قىلىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى يىگىت! سەن ئەمدى "لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەھدەھۇ، لا شەرىكە لەھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ" دېگىن، — دېۋىدى، ئۇ يىگىت بۇ سۆزلەرنى دېيەلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئۇنى دوزاختىن قۇتقازغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن! — دېدى.»

## 3 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ھەج قىلىشنىڭ ئورنىغا قويۇش

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمان ياخشى قۇلغا ئىككى ئەجرى باردۇر» دېگەنلىكىنى، ۋە ئەبۇھۇرەيرەنىڭ يەنە: «ئەبۇھۇرەيرەنىڭ جېنى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە ئانامغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر بولمىسا ئىدى. مەن قۇل ھالىتىمدە ئۆلۈپ كېتىشىمنى ياخشى كۆرەتتىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەيۋھۇرەيرە ئانىسىنى قاتتىق ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن تاكى ئانىسى ئۆلۈپ كەتكىچە ھەج قىلمىغان.

## 4 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش

مانا بۇ، ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنىڭ پەزلى بىلەن پۈتۈن ساھەلەردە ئالدىدا بولۇشتەك شەرەپكە ئېرىشكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ كېلىشكە باراڭمىغان كىشىنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك ۋە ئەڭ چىرايلىق مىسالىدۇركى، ئۇ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۈچۈن نامى تونۇشلۇق بولغان ئۇۋەيس ئەلقەرەنىي دېگەن كىشىدۇر. ئاللاھ بىزنى ۋە سىزلەرنى ئۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقىدەك ياخشىلىق بىلەن رىزىقلاندۇرغاي!

ئىمام مۇسلىم ئۇسەيد ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قېتىم يەمەندىن كارۋانلار كەلسىلا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن:

— ئاراڭلاردا ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر دېگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورايتتى. بىر قېتىم كارۋان ئىچىدىكى بىرسى (ئۇۋەيس ئەلقەرنى):

— خوش! — دەپ جاۋاپ بەردى، ئۆمەر:

— مۇراد دېگەن جايدىكى قەرەن قەبىلىسىدىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— سەندە ئاق كېسەل بولۇپ، ھازىر ئۇ كېسەل ئالامىتىدىن پەقەت تەڭگىنىڭ چوڭلىقىدەك جايىلا قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر.

— شۇنداق.

— مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "سىلەرگە يەمەن ئەھلىدىن كارۋانلار كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇرادتىن ئاندىن قەرەندىن بولغان ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر ئىسىملىك بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بار بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭدىن بىر تەڭگىچىلىك يەردىن باشقىسى ساقايدى، ئۇنىڭ ئانىسى بار، ئۇ شۇ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىدۇ، ئۇۋەيس ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزەڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلدۇرالىساڭ، شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىل" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ماڭا مەغپىرەت تىلىگىن! ــ دېدى.

ئۇۋەيس ئۆمەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى. ئاندىن ئۆمەر ئۇنىڭدىن:

ــ قەيەردە تۇرۇشنى خالايسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ كۇفەدە، ــ دېدى ئۇۋەيس.

ــ مەن ئۇ يەرنىڭ ۋالىيسىغا خەت يېزىپ بېرەيمۇ؟

ــ مەن غېرىب ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇشنى بەكرەك خالايمەن، ــ دېدى ئۇۋەيس.»

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «ئىككىنچى يىلى كۇفەنىڭ مۆھتەرەم زاتلىرىدىن بىرى ھەج قىلغىلى كەلدى ۋە ئۆمەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۆمەر ئۇنىڭدىن ئۇۋەيسنى سورىدى. ئۇ ئادەم: "ئۇ ناھايىتى ۋەيرانە بىر ئۆيدە ئازراق بىر نەرسە بىلەن قىلىپ قالدى" دېدى. ئۆمەر: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: سىلەرگە يەمەن ئەھلىدىن كارۋانلار كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇرادتىن ئاندىن قەرىنىدىن بولغان ئۇۋەيس ئىبنى ئامىر ئىسىملىك بىر كىشى كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئاق كېسەل بار بولۇپ ھازىر ئۇنىڭدىن تەڭگىچىلىك يەردىن باشقىسى ساقايدى، ئۇنىڭ ئانىسى بار بولۇپ، ئۇ شۇ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان، ئۇۋەيس ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ئەگەر سەن ئۇنى ئۆزەڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلدۇرالىساڭ، شۇنداق قىل! - دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى." بۇنى ئاڭلىغان ئۇ ئادەم قايتىپ بارغاندا، ئۇۋەيسكە: "ماڭا مەغپىرەت تەلەپ قىل!" دېدى. ئۇۋەيس: "سەن مۇقەددەس سەپەردىن كەلگەن ئادەمسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا سەن مەغپىرەت تىلىگىن! سەن ئۆمەر بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟" دېدى... ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەغپىرەت تىلىدى. كىشىلەر ئۇۋەيسنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇۋەيسنىڭ بىر تونى بولۇپ كىشىلەر: "ئۇۋەيسنىڭ بۇ تونى نەدىن كەلگەندۇ؟" دېيىشەتتى.»

## 5 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى پەرزەنتلىرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئالدىغا قويۇش

تۆۋەندىكىسى بولسا، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەقىقىلەردە، جان ئۈزۈش ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق دەقىقىلەردە، ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان شۇ ياخشىلىقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىلاھىي بىر ياردەمگە ئېرىشىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان، ئىخلاسلىق ئەمەلنىڭ كەرىم پەزىلىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا دەلىل بولىدىغان ئىبرەتلىك ۋە نەمۇنىلىك بىر ھادىسە. ئاللاھ بىزنى ۋە سىزلەرنى ئاتا - ئانىلارغا

ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن!

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ''سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈچ نەپەر كىشى سەپەرگە چىقىپ قونالغۇغا چۈشۈش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، تاغدىن بىر قورام تاش يۇمىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسىۋالدى. ئۇلار:

— بىزنى بۇ تاشتىن پەقەت بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئاللاھقا قىلغان دۇئايىمىز قۇتقۇزالايدۇ، — دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى:

— ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن داۋاملىق ئاتا ـ ئانامنى باشتا غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئائىلەمدىكىلەرنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى ماللىرىمنى ئوت ـ چۆپ مول يەردە باقىمەن دەپ يىراقلاپ كېتىپ قىلىپ، بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. ئاندىن ئاتا ـ ئانامنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن ماللىرىمنى ساغسام، ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئويغىتىشنى لايىق كۆرمىدىم ۋە ئائىلەمدىكىلەرنى ھەم خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن غىزالاندۇرۇشنى ئېپىمۇ لايىق كۆرمىدىم. قاچا قولۇمدا، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. شۇ پېتى تاڭ يورۇپ كەتتى. كىچىك باللىرىم ئاچلىقتا پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. ئاندىن ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ سۈتنى ئىچتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن مۇشۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، — دېدى.

تاش ئازراق كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇلار ئۇ يوچۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. يەنە بىرى:

— ئى ئاللاھ! مېنىڭ تاغامنىڭ ماڭا ھەممە ئادەمدىن ئەڭ سۆيۈملۈك كۆرۈنىدىغان بىر قىزى بار ئىدى. (يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن ئۇنى بىر ئەر كىشىنىڭ بىر ئايال كىشىنى بەك ياخشى كۆرگىنىگە ئوخشاش ياخشى كۆرەتتىم. ـ دېيىلگەن.) مەن ئۇ قىز بىلەن بىللە بولۇشنى تەلەپ قىلسام، ئۇ مېنى رەت قىلدى. بىر يىلى قورغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، مېنىڭ قېشىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مېنىڭ تەلىپىمگە قوشۇلۇش شەرتى بىلەن 120 تىللا بەردىم، ئۇ ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئېرىششكە قادىر بولغان ۋاقتىمدا (يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا ئولتۇرۇپ بولغاندا)، ئۇ: ''ئاللاھتىن قورققىن، ئالدى بىلەن شەرئىي ئەھكاملىرىنى بېجىرىپ، ئاندىن مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولغىن'' دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا چېقىلىش نىيىتىمدىن ياندىم. ۋاھالەنكى، ئۇ قىز مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇنلاردىنمۇ كەچتىم.

ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن! — دېدى. تاش يەنە ئازراق كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمىدى.

ئۈچىنچىسى مۇنداق دېدى:

— ئى ئاللاھ! مەن بىر مۇنچە مەدىكارلارنى ئىشلەتكەن ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئالماي كەتكەن بىر ئادەمدىن باشقا ھەممىسىنىڭ ئىش ھەققىنى بەردىم. مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى سەرمايە قىلىپ ئىشلەتتىم. ھەتتا ئۇنىڭ ماللىرى كۆپىيىپ كەتتى. بىر زاماندىن كېيىن ئۇ ئادەم كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرگىن" دېدى. مەن ئۇنىڭغا: "سەن كۆرۈۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەر، يەنى تۆگە، كالا، قوي ۋە قۇل قاتارلىق ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىش ھەققىڭ" — دېدىم. ئۇ: "ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مېنى مەسخىرە قىلما" دېدى. مەن ئۇنىڭغا: "سېنى مەسخىرە قىلمىدىم" دېدىم. ئاندىن ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن ئۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن! — دېدى. تاش كۆتۈرۈلدى، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.)

## 6 - ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى نەپلە ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇش

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ئەبۇھۇرەيرەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلغان مۇنداق بىر ھەدىسى بايان قىلىنغان: «بۇرۇن ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بىر ئابىد بولۇپ، ئۇ تاغنىڭ چوققىسىدىن بىر جاينى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىدىغان جاي قىلىۋالغاندىن كېيىن دائىم شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ:

— ئى جۇرەيج! — دەپ چاقىردى.

— ئى ئاللاھ! ئانام ۋە نامىزىم.... — دەپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى ئۇ.

بۇنداق ئەھۋال ئۈچ قېتىم بولدى، ئۈچىنچى قېتىمدا ئانىسى:

— ئى ئاللاھ! جۇرەيجنى پاھىشە ئاياللارنىڭ يۈزىگە قاراتمىغىچە ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغىن! — دەپ قايتىپ كەتتى. بەنى ئىسرائىل كىشىلىرى جۇرەيجنىڭ ئىبادەتكويلىقى توغرىسىدا سۆز قىلىشتى. يولدىن ئازغان ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايال بۇلارنى ئاڭلاپ:

— سىلەر خالىساڭلار مەن ئۇنى ئازدۇرىمەن، — دېدى. دە، جۇرەيجنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئازدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى، لېكىن جۇرەيج ئۇنىڭغا قارىمىدى، ئۇ ئايال جۇرەيجنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرىدىغان بىر پادا باققۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن يامان ئىش قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولدى. بالا تۇغۇلغاندا ئۇ، — بۇ جۇرەيجدىن بولغان بالا! — دېدى.

بەنى ئىسرائىللىكلەر جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىغا كېلىپ ئۇنى ئامار ئوقۇۋاتقان يېرىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، ئىبادەت قىلىدىغان يېرىنى چېقىپ يىقىتىشتى ۋە ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇنداق قىلىسىلەر؟— دەپ سورىدى. كىشىلەر:

— سەن بىر ئازغۇن ئايال بىلەن زىنا قىلدىڭ، ئۇ سەندىن بىر بالا تۇغدى، — دېيىشتى. جۇرەيج بالىنىڭ قېشىغا بېرىپ بوۋاقنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئى بالا! سېنىڭ داداڭ كىم؟— دەپ سورىدى. ئۇ بالا زۇۋانغا كېلىپ:

— دادام پالىنى پادىچى، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران قىلىپ جۇرەيجنى سۆيۈپ ۋە سىلاپ:

— بىز سېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايىڭنى ئالتۇندىن قىلىپ ياساپ بېرەيلى، — دېيىشتى. جۇرەيج:

— ياق بۇرۇنقىدەكلا كېسەكتىن قىلىپ ياساپ بېرىڭلار، — دېدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشتى.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى بەتتال بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: "ئانىسىنىڭ بۇنداق دۇئا قىلىشىنىڭ سەۋەبى جۇرەيجنىڭ زامانىدىكى شەرىئەتتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا گەپ قىلىش جائىز ئىدى. ئۇنى بىر نەچچە قېتىم چاقىرىسىمۇ جاۋاب بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ھەققىنى كېچىكتۈرگەن بولىدۇ." ئىبنى ھەجەر: "مېنىڭچە جۇرەيجنىڭ نامازدا تۇرۇپ: ئى ئاللاھ ئانام ۋە نامىزىم، - دېگەن سۆزى پەقەت پىچىرلاش بىلەنلا دېيىلگەن، ئاۋازىنى بولسا چىقارمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئانىسىغا جاۋاب بەرمىگەن ھېسابلانغان."»

ھۇسەيىن ئىبنى سۇفيان، يەزىد ئىبنى ھۇشەيبىنىڭ ئانىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئەگەر جۇرەيج ئالىم بولغان بولسا ئىدى، ئانىسىغا جاۋاب بېرىشنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بىلگەن بولاتتى" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

## 7 ـ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىشتىن ئەۋزەل ئورۇنغا قويۇش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "مەن سەن تەرەپكە ھىجرەت قىلىشقا بەيئەت بېرىش ئۈچۈن كەلدىم، ئاتا- ئانام بولسا يىغلاپ قالدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتقىن ۋە ئۇلارنى يىغلاتقان بولساڭ، ئەمدى كۈلدۈرگىن!" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

خۇلاسە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىك ئاتا- ئانىسى ۋە قىزى فاتىمەگە ياخشىلىق قىلغانلىقى ھەققىدىكى بىر قانچە ئۆرنەك:

ئەبۇداۋۇد ئەمرى ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ باققان دادىسى[1] كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كىيىمىنىڭ بىر تەرىپىنى سېلىپ بەردى، ئۇنىڭدا باققان ئاتىسى ئولتۇردى. ئارقىدىن ئىنىك ئانىسى كەلدى ئۇنىڭغا كىيىمىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى سېلىپ بەردى. ئىنىكئانىسى ئۇ كىيىم ئۈستىدە ئولتۇردى، ئارقىدىن ئىنىلىدەش بىر تۇغقىنى كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قوچىقى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنى ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى.»

ئەبۇداۋۇد ئەبۇ تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىئرانەدە گۆش تەقسىملاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا بولۇپ، ھايۋاناتلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم، شۇ چاغدا بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا تونىنى يېيىپ بەردى. ئۇ ئايال ئۇ تون ئۈستىدە ئولتۇردى. مەن باشقىلاردىن ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى سورىدىم، ئۇلار: "ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىسى بولىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىشتى.»

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە مالىك ئەلىنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مەككە فەتھى بولغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى

[1] ئىنىك ئانىسىنىڭ ئېرىنى دېمەكچى. ــ ت.

فاتىمە توساپ تۇرغان بىر پەردىنىڭ ئارقىسىدا يۈيىنىۋاتقان ئىكەن، مەن پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ كىم؟" دەپ سورىدى، مەن: "ئەبۇ تالىپنىڭ قىزى ئۇممۇ هانى" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇممۇ هانىغا مەرھەممەت!" دېدى...» (ھەدىسنىڭ داۋامى بار).

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇھازىمدىن رىۋايەت قىلىشىچە، سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىلىنىشى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تۆت دانە ئۇدۇل چىشى سۇنۇپ كەتتى، بېشىغا كىيگەن تۆمۈر قالپىقى پارچىلاندى، قىزى فاتىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېقىۋاتقان قاننى يۇيۇۋاتاتتى، ئەلى ئىبنى تالىپ بىر تۇلۇمدىن فاتىمەنىڭ يۈيىشى ئۈچۈن سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. فاتىمە بۇنداق يۇغاندا قاننىڭ تېخىمۇ كۆپ ئېقىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، بورىدىن بىر ئاز سۆكۈپ ئېلىپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ئۇنىڭ جاراھىتىگە باستى. شۇنىڭ بىلەن، قان ئېقىشتىن توختىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقان.

## ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئەمما ئۇ ئىككىسىگە ياخشىلىق قىلىشنى توختاتماسلىق

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇغان زات ئاللاھتۇر، ئەگەر بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇ بۇيرۇقتىن پايدىلىنىشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ ئاللاھ بۇيرىمىغان ئىشلارغىمۇ بالىلىرىنى مەجبۇرىي بۇيسۇندۇرۇپ بۇيرۇسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنماسلىق ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنماسلىقنى بۇيرىدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن رەھمىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر. ناۋادا بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ پەرۋا قىلماي ئۇز خاھىشلىرىدا مەھكەم تۇرسا بالا بولغۇچى بۇ گۇناھ ئىشنى قىلماسلىق بىلەن يەنە ئۇلارغا قارىتا قىلىپ كېلىۋاتقان باشقا ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلسا بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بەزى ئىشلاردا شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇش ئىسلام ئەخلاقىدۇر. لېكىن پەرزەنت بولغۇچى ئەقىدىگە ھاقارەت ۋە تەنە قىلىش ياكى ئۇنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش، بىر بەندىنى مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىنى ئايرىيدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا بويى سۇنسا بولمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھارام ۋە مەكرۇھ تەھرىمىگە ئوخشاش گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىمۇ

ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇلمايدۇ. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى، بۇ ئىشلاردىكى ھۆكمىنى يۇمشاق تىل، خۇش مۇئامىلە ۋە ھېكمەتلىك يول بىلەن يەتكۈزۈش كېرەك. ئەكسىچە بۇ ئىشلاردا ئۇلارغا قوپال، قاتتىق قول، ئېغىر كېلىدىغان سۆز قوللىنىلسا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسانغا بويسۇنۇش پەقەت ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردىلا توغرا بولىدۇ، پەقەت ياخشىلىقتا بۇيرۇلغاندا بويسۇنۇشقا بولىدۇ» دېگەن سۆزى، بىزنىڭ بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا يېتەرلىك دەلىلدۇر.

ئىمام پەخرى رازى تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان بىرەرسىگە ئىتائەت قىلىشقا توغرا كەلسە پەقەت ئاتا ـ ئانىسىغىلا بوي سۇنۇشى كېرەك. لېكىن ئۇلارغا بولغان بوي سۇنۇشمۇ پەقەتلا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا بولۇشى كېرەك.»

ياش ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭ نۇرغۇن مىساللىرى بار. ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزىنىڭ سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان بىر رىۋايىتى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاندىكى تۆت ئايەت مەن توغرۇلۇق نازىل بولدى. ئەسلىدە سەئىدنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ تاكى سەئىد بۇ دىندىن يانمىغىچە ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەسلىك ۋە يەپ ـ ئىچمەسلىك ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ ۋە سەئىدكە: "مەن ئاللاھنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى بىلىمەن، مەن سېنىڭ ئاناڭ، مەن سېنى دىنىدىن يېنىشقا بۇيرۇيمەن" دەيدۇ. سەئىد ئانىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ھېچنېمە يېمەي ـ ئىچمەي بەكلا ئاجىزلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇمارە ئىسىملىك ئوغلى ئۇنىڭغا سۇ بېرىدۇ، ئۇ سەئىدكە بەتدۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ: ﴿ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن﴾[1] دېگەن ئايەت بىلەن: ﴿ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن،

[1] سۇرە ئەنكەبۇت، 8 ـ ئايەت.

ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن[1]﴾ دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.»

ئىبنى جەرىر، ئىبنى زىيادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ:

— ئى ئابدۇللاھ! ئاتاڭنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن!- دەپ سورىدى، ئابدۇللاھ:

— ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام نېمە دەيدۇ؟— دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ: "بىز مەدىنىگە قايتساق، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئىززەتلىك بولغان ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى چوقۇم چىقىرىدۇ" دەيدۇ، — دېدى.

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاتام ھەقىقەتەن توغرا ئېيتىپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سەن بولساڭ ئەڭ ئىززەتلىك، ئۇ بولسا ئەڭ خار ئادەمدۇر، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مەدىنىگە كەلگەن، مەدىنە ئەھلى ساڭا ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتا مېنىڭدەك بىرىنىڭ يوقلىقىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشىمگە رازى بولسا، مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى ئابدۇللاھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ياق! - دېدى.

ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى ئەبۇسەلۇلنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ مەدىنىگە كىرىدىغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ دادىسىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— "مەدىنىگە قايتساق، ئۇنىڭدىن ئەڭ ئىززەتلىك ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى قوغلاپ چىقىرىدۇ" دېگەن ئادەم سەنمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىمنىڭ ھەقىقىي ئىززەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىپ قالىسەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ئۇنىڭ سايىسىمۇ پاناھلىق بەرمەيدۇ، سەنمۇ ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىجازەت بىلەن پاناھلىق بەرمەيسەن، — دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى ئەبۇ سەلۇل:

— ھەي خەزرەجلەر! ئوغلۇم مېنى ئۆيۈمگە كىرىشتىن توسۇۋالدى... — دەپ

---

[1] سۈرە لوقمان، 15 - ئايەت.

ۋاقىرىدى. بۇ چاغدا ئوغلى:

— ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بىلەنلا كىرەلەيدۇ، — دېدى. بۇ يەرگە بىر قانچە ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپمۇ باقتى، لېكىن ئۇ، — ئۇ پەقەت ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەنلا كىرەلەيدۇ، — دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇردى.

ئۇ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى يەتكۈزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنىڭغا بېرىپ دەڭلار، ئۇ ئاتىسىنى كىرگىلى قويسۇن! — دېدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈۋىدى، ئوغلى:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازىتى بولسا كىرگىن! — دېدى.»

ھەمىدى مۇسنەدىدە مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئاتىسىغا: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ئەزىز، مەن ئەڭ خار ئادەممەن، - دېمىگىچە ھەرگىز مەدىنىگە كىرەلمەيسەن“ دېگەن. »

ئاتا - ئانىلارغا دۇنيالىق ئىشلىرىدا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا قارىتا ئەۋلادلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش بولسا، ئۇزۇل - كېسىل داۋام قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىدا ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئانام مۇشرىك ئىدى، ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان ۋاقىتتا ئانام مېنىڭ قېشىمغا كەلدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ: ”ئانام مەندىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلدى، ئۇ كاپىر بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلامدىمەن؟“ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ھە! ئۇنىڭغا سىلە - رەھىم قىلغىن!“ دەپ جاۋاب بەردى.»

ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ئىشتىن كېيىن ئاللاھ تائالا: ﴿(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

مۇسۇلمان پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا قارىتا

---

[1] سۈرە مۇمتەھىنە، 8 - ئايەت.

ھۆرمەت، مېھرى- شەپقەت بىلەن، ئىللىق مۇئامىلە ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن دەۋەت ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلەردە كۆرۈلگەن بۇ ئېسىل مۇئامىلىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئۇلاردىكى ئىسلامىي ئەخلاقتىن تەسىرلىنىدۇ - دە، ئىسلامغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئارتىدۇ، مانا بۇ ئاتا - ئانىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ ھېكمەتلىك يولى.

بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان ئۇسۇلى بىز ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈلگە بولالايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئايەتلەرنى بايان قىلغان: ﴿(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان. كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن. ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن، ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن.» ئۇ (يەنى ئازەر) ئېيتتى: «ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن، ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش- كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن.» ئىبراھىم ئېيتتى: «ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر. سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.» ئۇ ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىدىن يىراقلاشتى، ئۇنىڭغا بىز ئىسھاق بىلەن يەئقۇبنى ئاتا قىلدۇق، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرسىنى پەيغەمبەر قىلدۇق، ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نامىنى بەلەن ۋە يۇقىرى قىلدۇق[1].﴾

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسىنى دىنغا دەۋەت قىلىش يولىمۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بولالايدۇ. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئەبۇكەسىر تەمىمىدىن ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلاردىن مېنىڭ ھەققىمدە ئاڭلىغانلار مېنى ياخشى كۆردى، مەن ئانامنىڭ

[1] سۈرە مەريەم، 41 ـ دىن 50 ـ ئايەتكىچە.

مۇسۇلمان بولۇشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن ئۇ بۇنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن سۆز قىلغان بولساممۇ، ئۇ ئاڭلىمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى دېدىم ۋە ئانامنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدىن قايتىپ كەلسەم، ئانام ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقىۋاپتۇ. ئۇ: ”ئى ئەبۇھۇرەيرە! مەن مۇسۇلمان بولدۇم“ دېدى. مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدۈم ۋە: ”سەن ئانام بىلەن ئىككىمىز ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ!“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بەندەڭ ئەبۇھۇرەيرە بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ئىنسانلارغا، كىشىلەرگە ياخشى كۆرسەتكىن!“ دەپ دۇئا قىلدى.»

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككە فەتھى بولغاندا ئاتىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئالدىراشلىق بىلەن ئېلىپ باردۇ، بۇ چاغدا ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئاشقان ئىدى.

ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەككە فەتھى قىلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ جايغا چۈشكەن يىلى ئەبۇقۇھافە (يەنى ئەبۇبەكرى) ئەڭ كىچىك قىزىغا: ”ئى قىزچىقىم! مېنى ئەبۇقۇبەيسەگە باشلاپ كىرىڭ“ دېدى. ئۇ ئەما بولۇپ قالغان ئىدى، قىزى ئۇنى ئۇ يەرگە باشلاپ كىردى، ئەبۇقۇبەيس: ”ئى قىزچاق، نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىسىز؟“ دەپ سورىدى، قىز: ”سانسىز ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئادەم باش بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم“ دېدى. ئەبۇ قۇبەيس: ”ئاۋۇ ئېتىمنى ئېلىپ كېلىڭ“ دېدى، ئاندىن: ”ئى قىزىم؟ ئەمدى نېمىلەرنى كۆرىۋاتىسىز؟“ دېدى. قىز: ”ئۇ ئىنسانلارنىڭ تارقالغانلىقى كۆرىۋاتىمەن“ دېدى. ئەبۇقۇبەيس: ”ئۇنداقتا ئاتنى جايىغا قويۇپ، مېنى تېزدىن ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭ“ دېدى. ئاندىن ئۇ قىز ئۇنىڭ يېنىدىن تېزلا چىقىپ ئەبتەھ دېگەن جايدا ئولتۇردى، ئۇنىڭ بويىنىدا قەغەزدىن ياسالغان بىر بويۇن ئاسقۇلىقى بار ئىدى، بىر ئادەم ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە (يەنى ھەرەم مەسجىدىگە) كىرگەندە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇ بوۋاينى ئۆيدە ئولتۇرغۇزساڭلار، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام بولماسمىدى؟“ دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ئۇنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىشى تېخىمۇ بەكرەك ھەقلىق“ دېدى ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاپ تۇرۇپ: ”مۇسۇلمان بولغىن، سالامەت قالىسەن؟“ دېدى. ئۇ مۇسۇلمان بولدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرەكتە ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن ھالدا رىۋايەت قىلغان.)

## ئىنسانلار ئىچىدە ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئاتا ـ ئانىدۇر

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھاياتتا دوست ۋە ھەمسۆھبەت تۇتۇشتا خاتالىشىدۇ، ئۇلار ۋاپادار ۋە ئىخلاسمەن دوست تاپالماي ئۇلارنى ئىزدەشكە ناھايىتى بەك كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىدۇ، ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت كۈچ ۋە ئەقىل ـ ئەقىدە سەرپ قىلىپ تاپقان دوستلىرى ياكى ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئۇلار ئۇچۇن ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەن دوستلىرىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىدىغاندەك ئۇنچىۋالا سادىق دوستلاردىن ياكى ئىشەنچلىك، ۋاپادار دوستلاردىن ئەمەسلىكىنى سېزىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارغا قىلغان ئەقىدىسىگە ئېچىنىپ ھەسرەتلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئەۋەتكەن ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئاجىزلىقى ۋە موھتاج بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن بۇ تەرەپتىكى مېھرىبانلىقىنى، ئىنساننىڭ ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقىي دوستىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن مۇنداق يەتكۈزدى:

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئىنسانلار ئىچىدە مەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشى كىم؟“ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاناڭ“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”ئاندىن كېيىنچۇ؟“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاناڭ“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”ئاندىن كېيىنچۇ؟“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاناڭ“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”ئاندىن كېيىنچۇ؟“ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتاڭ“ دېدى.»

بەزىلەر ھاياتتا بەلكىم: مەن دوستتا ياكى سۆھبەتداشتا موھتاج ئەمەسمەن! ـ دېيىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب: مەيلى سىز بىھاجەت بولۇڭ ياكى بولماڭ، بۇ سىزنىڭ ئىشىڭىز، بىراق شۇنى ئۇنۇتماڭكى، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرىدە، ئائىلىدىكى باشقا قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئائىت ئىشلاردا سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە، ھەمسۆھبەت بولۇشقا، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا موھتاجدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈم خاراكتېرلىك جاۋابى ئىنساننىڭ ئاتا ـ ئانىغا ھەمسۆھبەت بولۇشقا ھامىنى موھتاج بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن بېشارەتتۇر.

## ئانىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىر ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالغاندا، ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدىغا قويۇش

هافىز ئىبنى ھەجەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدىكى ئارقا۔ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئانىغا ئىشارەت قىلغان ھەدىسىنى شەرھىلەپ مۇنداق دېدى: «ئىبنى بەتتال بۇ ھەقتە: "ئاتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانىغا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ياخشىلىق قىلىش كېرەك، چۈنكى، ئانا قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇتتا قىينىلىش ۋە كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ جاپاسىنى تارتىپ بۇ جاپالار ئۈستىدىن غالىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئاتا بالىنى بېقىشتا، تەربىيىلەشتە ئانىغا شېرىك بولىدۇ" دېگەنلەرنى بايان قىلىدۇ.»

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىنسانىنى ئاتا۔ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستىمۇ۔ ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا۔ ئاناڭغا شۇكۇر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر[1].﴾

ئىمام قۇرتۇبى: «بۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت شۇكى، ئانا بولغۇچى بالىسىدىن كۆپرەك ياخشىلىققا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقتۇر، ناۋادا ئاتىغا ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تەڭ ئورۇنغا كېلىپ قالغاندا ئانىغا ئاۋۋال ياخشىلىق قىلىشقا ئىشارەتتۇر» دەيدۇ.

قازى ئىياز: «ياخشىلىق قىلىشتا ئانىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا قويۇش مەسىلىسىدە كۆپ ساندىكى ئالىملار ئورتاق پىكىردە، لېكىن بەزى ئالىملار: "ياخشىلىق قىلىنىشتا ئاتا بىلەن ئانا ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە" دەيدۇ، ئۇلار بۇ پىكرىنى ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلىپ ئېلىشقان، ئەڭ توغرىسى ئەۋۋەلقىسىدۇر» دەيدۇ.

شافىئىي مەزھەبىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككىنچى كۆز قاراشنى ئالدى، لېكىن ھارىس ئەلمۇھاسىبىدىن ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىدە كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەمما مەن ئىككىنچى كۆز قاراشنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان (ئىمام مالىكتىن نەقىل قىلىنغان) كۆز قاراشمۇ ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغانلىقىدا ئىشەنچلىك ئەمەستۇر، چۈنكى ئىبنى باتال ئۇنى نەقىل قىلمىغان، ئىبنى باتال بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مالىك: مېنى ئاتام تەلەپ

[1] سۈرە لۇقمان، 14۔ ئايەت.

قىلدى، ئانام مېنى مەنئى قىلدى. - دېگەنلىكى ھەققىدە سورالغاندا: ئاتاڭغا ئىتائەت قىل، ئاناڭغا ئاسىي بولما. - دېگەن. بۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتا ئۇ ئىككىسىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا دالالەت قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا قىلغان دالالىتىمۇ ئۇنچىۋالا ئاشكارا ھالدا ئەمەس.»

ئىمام لەيس يۇقىرىقى سوئال ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: « ئاناڭغا ياخشىلىق قىل، چۈنكى ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىگە ھەقلىقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە قىلغان رىۋايەتنى ئىمام ھاكىم تەستىقلىغاندىن كېيىن، مۇنۇلارنى رىۋايەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان: «ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاناڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاناڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاناڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتاڭلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېقىنىڭلارنىڭ يېقىنلىرىدىن باشلاپ تەۋسىيە قىلىدۇ.»

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەبۇ رەمسەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭ ۋە ئاتاڭ، ئاندىن قالسا، ھەمشىرەڭ ئاكا- ئۇكا قېرىندىشىڭ، ئاندىن قالسا، يېقىنلىرىڭدىن يېقىنلىرىڭ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇشۇنداق بايان قىلغان، ئەھمەد ئىبنى خايان بولسا «ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىڭدىن...» دېگەن شەكىلدە بايان قىلغان. ئىياس: «بەزى ئۆلىمالار ھەدىستە قەيت قىلىنغىنى، بوۋىلىرى بىلەن ئەر قېرىنداشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ قېلىشقان، كۆپىنچە ئۆلىمالار بوۋىسىنى كۆزدە تۇتقان» دېگەن قاراشتىدۇر.

ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشتىن مۇتلەق تۈردە ئەلا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولسا، ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر. ئائىشە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئايال كىشىدە كىمنىڭ ھەققى ئەڭ چوڭ؟" دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئېرىنىڭ" دېدى. مەن: "ئەر كىشىدىچۇ؟" دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئانىسىنىڭ" دەپ جاۋاب بەردى.»

ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنىڭ دەلىلى ئۈچۈن ئەمرى ئىبنى شۇئەيبىنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاتىسىدىن قىلغان مۇنۇ رىۋايىتى دەلىل بولالايدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئوغلۇمنى قورسىقىمدا كۆتۈرۈپ، تۇغۇپ، ئۇنى ئېمىتىپ، ھاپاش قىلىپ بېقىۋاتقاندا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇنىڭ ئاتىسى مېنى تالاق قىلىۋەتتى ۋە ئوغلۇمنى مېنىڭدىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "باشقا بىرىگە ياتلىق بولمىغىنىڭلا، سىز بالىنى ئۆزىڭىزدە ئېلىپ قېلىشقا ھەقلىقسىز" دېدى.»

## سەن ۋە مېلىڭ ئاتاڭغا تەئەللۇقتۇر

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجەلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بىر ئوغلۇم ۋە بىرمۇنچە مېلىم بار ئىدى. ئاتام ماللىرىمنى ئېلىۋالدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ ئاتاڭغا تەئۇللۇقتۇر، پەرزەنتىڭلار ئەڭ پاك كەسپىڭلاردۇر، پەرزەنتىڭلار كەسىپ قىلىپ تاپقاننى يەڭلار" دېدى.»

ئەبۇھەنىيفە (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!) ئائىشەنىڭ رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى پەرزەنتىڭلار سىلەرنىڭ كەسپىڭلاردۇر ۋە ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ھەدىيەسىدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىگە ئەركەك، خالىغان كىشىگە قىز ھەدىيە قىلىدۇ.»

ئىمام بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەرنىڭ رىۋايىتىدە: «يېگەنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ پاكىزى، كەسىپ قىلىپ تاپقانلىرىڭلاردۇر، شۈبھىسىزكى، ئەۋلادىڭلار سىلەرنىڭ كەسپلىرىڭلاردىندۇر» دەپ بايان قىلىنغان.

ئىمام قۇرتۇبى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ئوغۇل بىلەن ئۇنىڭ ياشنىپ قالغان دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالدى، — دېدى.

— سەن ئاتاڭنى ئېلىپ كەل! ـ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئاللاھ ئەززەۋەجەل ساڭا سالام يوللىدى ۋە ساڭا: "ئۇ قېرى ئادەم كەلسە، ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ قۇلىقى ئاڭلىمىغان سۆزى بار" دەيدۇ، — دېدى.

ئۇ قېرى ئادەم كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئوغلۇڭ نېمە دەپ شىكايەت قىلىدۇ؟ سەن راستىنلا ئۇنىڭ مىلىنى ئېلىۋالماقچى بولدۇڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باق، ئۇ پەقەت ئاتىسىنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ بىرىگە ياكى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىلىرىنىڭ بىرىگە ياكى ماڭا ئاتا قىلىدىغىنى ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ئۇ قېرى ئادەم.

ــ ھەئە... بۇنى بولدى قىلايلى، سەن بىزگە ھەتتا ئۆزەڭنىڭمۇ قۇلىقىڭ ئاڭلىمىغان ئىچىڭدىكى سۆزۈڭنى دەپ بەرگىن، ــ دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىزنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ زىيادە قىلىسۇنكى، مەن ھەتتا ئۆزەمنىڭ قۇلىقىمۇ ئاڭلىمىغان بىر سۆزلەرنى ئىچىمدە دېگەن ئىدىم.

ــ قېنى سەن سۆزلە، مەن ئاڭلايمەن.

ئۇ قېرى ئادەم تۆۋەندىكى بېيىتلەرنى ئېيتتى:

ياشلىقىڭدىمۇ بولدۇم پەرۋىشكار، بوۋاقلىقىڭدىن مەن ئىدىم باققان،
يۈك بولدۇم ئەجەپ ئاقارغاندا ساچ، ئالغۇر ئىدىڭغۇ ئاجايىپ چاققان؟
گويا سەن ئىلتىپات ساھىبى ماڭا، ئەجرىمگە تامام يۇمدۇڭ كۆزۈڭنى،
مانا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئەجەل، ئۇمىدلىرىمنى قىلدىڭ سەن خازان.
ئاتا ھەققىنى ئۇنۇتتۇڭ پۈتۈن، بولدۇم ئەمدى قوشنا ــ ھەمدەمىڭ،
مۈلكۈم ئىدىڭ، ئۇنۇتتۇڭ ۋە مەن بولدۇم ساڭا ئوشۇق يۈك، ئالۋان!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئوغۇلنى ياقىسىدىن تۇتۇپ:

ــ سەن ۋە سېنىڭ مىلىڭ ئاتاڭنىڭدۇر، ــ دېدى.»

يۇقىرىدا تەبەرانىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئادەمگە: «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىغان ئاتا ـ ئانىسى ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ ئاللاھ يولىدىدۇر» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى.

شۇنىڭدەك يەنە ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىدىن بىرەرسىگە نېمە بەرگەن بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. تۆۋەندىكى ھەدىس بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ:

ئىمام تىرمىزى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر كىشىگە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلغان بولسا،

ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ، پەقەت ئاتا بالىسىغا ھەدىيە قىلغان نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، بەيھەقى، نەسەئى ۋە ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان)

تىرمىزى، نەسەئى، بەيھەقى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە بەرگەن ھەدىيەسىنى قايتۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ، پەقەت ئاتا بالىسىغا بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ، بىر نەرسىنى بىرسىگە بېرىپ بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇۋالغان كىشىنىڭ مىسالى بىر ئىتنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئىت يەيدۇ، يەپ تويغاندىن كېيىن يېگىنىنى قۇسىدۇ، كېيىن ئۇ قۇسۇقنى يەنە يەيدۇ.»

مۇھەممەد ئىبنى سىرىين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە خورمىنىڭ باھاسى مىڭ دەرھەمگە چىققان، ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۈپ خورما دەرىخىنى ئىرغىتىپ ئۇنىڭدىن چۇشكەن خورمىلارنى ئانىسىغا يېگۈزگەن، بۇنى كۆرگەن بىرسى: "نېمە دەپ ئۇنداق قىلىسەن؟ سەن بىلىسەن، خورمىلار ھازىر مىڭ دەرھەمگە چىققان تۇرسا" دېۋىدى، ئۇسامە: "ئانام مەندىن شۇنداق قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەن ئانام تەلەپ قىلغان نەرسىنى بېرىشكە قادىر بولالىسام بېرىمەن" دېدى.»

## ئاتا ـ ئانا ھەرقانداق بىر مالدا قەرزدار بولۇپ قالسا، ئۇلارنى قەرزدىن قۇتۇلدۇرۇش

بۇ ياخشىلىق ئاتا- ئانىغا قىلىنغان ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدىندۇر. قەدىمكى دەۋرلەردە ئوغۇلنىڭ قولىدا مال ـ مۈلۈك بار بولغان ھەم ئۆزى ھۆر ئادەم بولغان ئەھۋالدا، ئاتا ـ ئانىسى قۇل ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۇل- مالغا موھتاج بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. ھازىرقى دەۋرلەردە بولسا، ئاتا- ئانا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كۆپلىگەن قەرزلەرگە بوغۇلۇپ قالىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا قانداق قىلىشىمىز توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا قۇل بولۇپ قالغاندا، بالا ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ بالا ئاتىغا ھەقىقىي ئەسقاتقان بولىدۇ» دەپ ناھايىتى ياخشى كۆرسەتمە بەرگەن. ناۋادا ئاتا- ئانا قەرز ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىمۇ، بالا پۇتۇن مال- مۈلكىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى لازىم. يۇقىرىدا كەلگەن: «سەن ۋە سېنىڭ مېلىڭ ئاتاڭغا

تەئۇللۇقتۇر» دېگەن ھەدىس بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ھەج قىلسا ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەرزىنى تۆلىسە، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ياخشى كىشىلەر بىلەن بىرگە تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. (بۇ ھەدىسنى دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.)

## ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دۇئا قىلىشى

دۇئا قىلىش ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ، دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئۆزى دۇئا قىلغان قارشى تەرەپكە ئىپادىلىگەن ياخشى كۆرۈشنىڭ تاشقى ئىپادىسىدۇر، شۇنداقلا دۇئا قىلغۇچىنىڭ كۆڭۈل ياخشىلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مۇھەببەت بىلەن تولغان يۈرەك ھەمىشە دۇئا قىلىشقا ھېرىسمەن بولىدۇ، تىل دىلغا تەرجىمان بولىدۇ، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەلب مۇھەببىتى ئاشقانسېرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دۇئامۇ كۆپ بولىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى شەرتسىز قوبۇل بولىدۇ: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە قىلغان دۇئاسى.»

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ياغ ۋە خورما قويدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياغنى ياغ قاچىسىغا، خورمىلارنى خورما قاچىسىغا قايتۇرۇپ قويۇۋېتىڭ، مەن روزا تۇتۇۋالغان" دېدى، ئاندىن ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ نەپلە ناماز ئوقۇپ، ئۇممۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە دۇئا قىلدى. ئۇممۇ سەلەمە: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ كىچىككىنە تەلىپىم بار ئىدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ نېمە" دەپ سورىدى، ئۇممۇ سەلەمە: "خىزمەتچىڭىز ئەنەس ماڭا دۇنيا ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھەممە ياخشى دۇئانى قىلىدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مال ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا بەرىكەت بەرگىن" دېدى. سىلەر كۆرۈپ تۇرغاندەك، مەن ئەنسارىلار ئىچىدە ئەڭ ماللىق ئادەم بولۇپ قالدىم.» رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، ئەنەس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 120 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىمام بۇخارى ئاباھازىمدىن ئەبۇسۇررىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ ھەر قېتىم ئەبۇھۇرەيرە بىلەن ئۇلاغقا مىنگىشىپ ئۇنىڭ ئەقىقتىكى زېمىنىغا بارغاندا، ئۇ زېمىنىنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرىپلا ئاۋازىنىڭ بېرىچە: "ئى ئانا! ئاللاھنىڭ سالىمى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن!" دەيتتى، ئانىسىمۇ: "ساڭىمۇ ئاللاھنىڭ سالىمى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن!" دەيتتى. ئەبۇھۇرەيرە: "مېنى سىز كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەنىدەك ئاللاھمۇ سىزگە رەھمەت قىلسۇن" دەيتتى، ئانىسىمۇ: "ئى ئوغلۇم! سەنمۇ ماڭا چوڭ بولۇپ ياخشىلىق قىلغىنىڭدەك، ئاللاھمۇ ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن ۋە سەندىن رازى بولسۇن!" دەيتتى.» ئى ئاللاھ بىزگە ماللىرىمىزدا ۋە پەرزەنتلىرىمىزدە بەرىكەت بەرگىن!

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: "ئېرىڭىز ۋە ئىككى ئوغلىڭىزنى چاقىرىپ كېلىڭ!" دېدى. فاتىمە ئېرى ۋە ئىككى ئوغلىنى چاقىرىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىنىلغان پاختىدىن تىكىلگەن بىر كىيىمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يېپىپ، ئاندىن قوللىرىنى ئۇلارنىڭ مۈرىلىرىگە قويۇپ: "ئى ئاللاھ! بۇلار مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسى، رەھمەتلىرىڭنى ۋە بەرىكەتلىرىڭنى مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۈستىدە قىلغىن! ھەقىقەتەن سەن مەدھىيىلەشكە ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىق زاتسەن!" دېدى.» ئۇممۇ سەلىمە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرمەكچى بولۇپ، ئۇ كىيىمنى كۆتەرگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ: "سىز ياخشىلىق ئۈستىدەدۇرسىز" دېدى.» (بۇنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.)

## ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولماسلىق

ئاتا- ئانىلارنىڭ نامىغا داغ تەككۈزىدىغان بىر ئىشلارنى قىلغانلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز- ئۆزىنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان، ياكى سەن بىراۋلارغا يامانلىق قىلىپ سالغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاتا- ئاناڭنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ۋە ياكى سەن بىراۋلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنى تىللاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىنىپ، سېنىڭ ئاتا- ئاناڭنى تىللاپ سالىدىغان ھەرقانداق ئىشلاردىن ساقلىنىشىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئاتا- ئانىغا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى قانداق

سەۋەب ۋە ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاتا- ئانىلارنىڭ بىرەر تىل- ئاھانەتكە قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش ياخشى ئەمەستۇر. ئاتا- ئانىنىڭ ئىسمىنىڭ يامان تىل بىلەن ئېغىزغا ئېلىنىپ قېلىنىشتىن ساقلىنىش ياخشىلىقنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچىدۇر.

ئىبنى سۇننى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى يولدا بالىسى بىلەن بىرگە ئۇچرىتىپ، بالىدىن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدى، بالا: "بۇ مېنىڭ ئاتام" دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما، باشقىلارنىڭ ئۇنى تىللىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالما! ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئولتۇرما ۋە ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرما!" دېدى.»

ئىبنى ئەبۇدۇنيا ئەبۇمۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرا كېچىسى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا، ئەرشنىڭ نۇرىدا نۇرلۇنۇپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم. مەن: "بۇ كىم، ئۇ پەرىشتىمۇ؟" دەپ سورىدىم، ماڭا: "ياق" دېيىلدى. مەن: "ئۇنداقتا، بۇ پەيغەمبەرمۇ؟" دەپ سورىدىم، ماڭا يەنە: "ياق" دەپ جاۋاب بېرىلدى. "ئۇنداقتا، ئۇ كىم؟" دېدىم. ماڭا: "ئۇ، دۇنيادىكى چېغىدا تىلى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ توختىمىغان، قەلبى مەسجىدكە باغلانغان ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولمىغان ئادەم" دېيىلدى.»

سەھىھ رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا- ئانىسىغا لەنەت ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ» دېگەن. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىمنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «"بىر ئادەمنىڭ ئاتا- ئانىسىنى تىللىشى چوڭ گۇناھلاردىن!" دېگەندە، ساھابىلار: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىنىمۇ تىللامدۇ؟" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە، بىر كىشى باشقا بىرىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇمۇ تىللىغۇچىنىڭ ئاتىسىنى تىللايدۇ، بىر كىشى باشقا بىرىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئۇمۇ تىللىغۇچىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ" دېدى.»

## نەسەبىنىڭ ئاتىغا تەۋەلىكىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش

ئىسلام دىنى بالا تۇغۇلغان كۈنىلا بالىنىڭ نەسەبىنى جاكارلاشقا ئەھمىيەت بەردى.

شۇنداقلا بالىنىڭ نەسەبىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئەقىقىسىنى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن تېنىۋالىدىغان ياكى باشقا بىرىنى: «مېنىڭ ئاتام» دەپ ئاتىۋالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت ئىدى. ھازىرقى دەۋردە بولسا، ئازراق مەدەنىيلىشىپ قالغان كىشىلەر مەنسەپ، ئابرۇي ياكى پۇل-مېلىدىن پەخىرلىنىپ ئاتىسىدىن نومۇس قىلىدىغان، ئاتىسى خەۋەر بەرمەستىن زىيارەت قىلىپ كېلىپ قالسا، ئاتىسىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاچارغا يەر ئىزدەيدىغان ھالەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاللاھ بىزلەرنى بۇنداق رەزىللىكلەردىن ساقلىغاي! نەسەبكە تېنىش قانچىلىك دەرىجىدە كۆپۈرلۈق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئىمام بۇخارى مۇسلىم سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (بىر كىشىنىڭ) ئۆزىنىڭ ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى: "مېنىڭ ئاتام" دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ھارامدۇر.»

ئىمام بۇخارى مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتىلىرىڭلاردىن تانماڭلار! كىمكى ئاتىسىدىن تانىدىكەن، ئۇ كۇپرىلىقتۇر.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتىسىنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم يوقتۇر، بار بولغان تەقدىردە ئۇ كۇفرىدۇر. كىمكى ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى مېنىڭ دەپ دەۋا قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەستۇر. ئۇنداق ئادەم ئورنىنى جەھەننەمدىن ھازىرلىسۇن. كىمكى بىر ئادەمنى كاپىر دەپ دەۋا قىلسا ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم شۇنداق بولمىسا، بۇ سۆيەت شۇ سۆزنى دېگۈچىگە قايتىدۇ.»

## ئاتا-ئانا سالامەتلىكى يار بەرمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن ھەج قىلالمىسا، ئۇلار ئۈچۈن ھەج بەدەل قىلىش

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «ھەسئەملىك بىر ئايال قۇربانلىق كۈنىنىڭ ئەتىسى (قۇربان ھېيتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى) پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام ئۇلاققا مىنەلمىگۈدەك دەرىجىدە قېرىپ قالغاچقا، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ھەجنى ئادا قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ھەج قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلدى.)

ئىبنى رەزىندىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئاتام قېرىپ قالغاچقا ھەج ۋە ئۆمرە قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، سەپىرى ئۇچۇن مىنىدىغان ئۇلىغىمۇ يوق" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاتاڭ ئۇچۇن سەن ھەج قىل!" دېدى.» (بۇنى ئىبنى خۇزەيمە «سەھىھەين» دە رىۋايەت قىلغان.)

## ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋەدىسىنى ئورۇنداش

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىلىقىدىن ئىككى تەرىپىدىكى ئوغۇللىرىغا تايىنىپ كېتىۋاتقان بىر قېرى ئادەمنى كۆرۈپ:"بۇ ئادەمگە نېمە بولدى؟" دەپ سورىدى. ئوغۇللىرى: "ئاتىمىزنىڭ گەردىنىدە (پىيادە مېڭىپ) ئادا قىلىدىغان ۋەدىسى بار ئىدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى بوۋاي! ئۇلاغقا مىنىۋال، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سەن ۋە سېنىڭ ۋەدەڭدىن بىھاجەتتۇر" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى خۇزەيمە ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.)

## ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە جازا بېرىلىدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟" دېدى. بىز: "شۇنداق قىلىڭ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش" دېدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى، كېيىن بىردىنلا ئورنىدا رۇسلىنىپ تىك ئولتۇردى ـ دە: "تۆھمەت قىلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار! تۆھمەت قىلىشتىن ئاگاھ بولۇڭلار!..." دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەرگەچكە بىز:

"كاشكى توختاپ قالسا ئىكەن" دېدۇق.»

نەسەئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە قارىمايدۇ: ئاتا- ئانىسىنى قاخشاتقان كىشى، ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال كىشى ۋە دەييۇز (ئايال ۋە قىزلىرىنى كۈنلىمەيدىغان) كىشى، — دېدى ۋە داۋام قىلىپ، — يەنە ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئۇلار: ئاتا- ئانىنى قاخشاتقان كىشى، داۋاملىق هاراق ئىچىدىغان كىشى ۋە بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلىدىغان كىشىدىن ئىبارەتتۇر.»

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ۋە ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجەلەر ئۆز كىتابلىرىدا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئون كەلىمىنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

1 - ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى كۆيدۈرۈلىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلسەڭمۇ، ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرمە!

2 - ئائىلەڭدىن ۋە مال - دۇنيادىن ئايرىلىشقا بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ، ئاتا - ئاناڭغا ئاسىيلىق قىلما!

3 - پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتمە! پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ئۆز كېپىللىكىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ.

4 - هاراق ئىچمە! ئۇ پۈتۈن گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر.

5 - ھەرگىز گۇناھ ئىشلىمە! گۇناھ قىلغان ئادەم ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

6 - بارلىق ئىنسانلار ھالاك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچما!

7 - سەن كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرغاندا ئۇلارغا ئۆلۈم كەلسە، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە مۇستەھكەم تۇرغىن!

8 - مېلىڭدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىل!

9 - ئەدەپلەيدىغان ھاساڭنى ئۇلار ئۈستىدىن كۆتۈرمە!

10 - ئائىلەڭدىكىلەرنى ئاللاھتىن قورقۇتقىن. »

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش،

ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغاندىن قەسەم ئىچىش قاتارلىقلار چوڭ گۇناھلاردۇر.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئانىلارنى قاخشىتىشنى، ئۆزى بېرىشكە تېگىشلىك بىر نەرسىنى ئۆزى بەرمەي باشقىلارنىڭ بېرىشىگە بۇيرۇشنى، قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنى ھارام قىلدى. سىلەرگە گەپ سېتىشنى، كۆپ سوئال سوراشنى ۋە ماللارنى ئىسراپ قىلىشنى مەكرۇھ قىلدى.»

ئىمام ئەھمەد مالىك ئىبنى ئەمرى ئەلقۇشەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ''كىمكى بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ ئۇنىڭ جەھەننەمدىكى قۇتقۇزغۇچىسى بولىدۇ. قۇلنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۇچۇن قۇل ئازاد قىلغۇچىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئوتتىن ساق قالىدۇ. كىمكى ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرى قېرىغىچە ياشىسا، ئاندىن بىرەرسىنىڭ مەغپىرەت تىلىشىگە مۇيەسسەر بولالمىغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز مەغپىرىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىدىن يېتىم قالغان بىر بالىنى ئاللاھ ئۇ يېتىمنى بىھاجەت قىلغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە شېرىك قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ.''»

تەبەرانىي «ئەۋسات» دېگەن كىتابىدا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز تويلىشىپ تۇرغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ''ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار! سىلە ـ رەھىمگە بېرىلگەندەك ساۋابى تېز بېرىلىدىغان بىر ساۋاب يوقتۇر. مۇسۇلمان ھاكىمىيەتكە قارشى چىقىشتىن ساقلىنىڭلار، مۇسۇلمان ھاكىمىيەتكە قارشى چىققاندىن ئارتۇق تېز جازا بېرىلىدىغان جازا يوقتۇر. ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشتىن ساقلىنىڭلار. شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى مىڭ يىللىق مۇساپىدىنمۇ پۇرىغىلى بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقان كىشى، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشى، زىنا قىلغان قېرى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىشتىنىنى ئوشۇقىدىن ئاشۇرۇپ كىيگەن كىشى ھەرگىز پۇرىيالمايدۇ، تەكەببۇرلۇق قىلىش پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقىلا خاستۇر'' دېدى.»

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاتا ـ ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ ئەڭ

يامان كۆرۈنۈشى بولغان، ئوغۇلنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشىدۇر. ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت بىر ئادەمنىڭ قوشنىسىنى، بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ۋە ئاتىسىنى ئۆلتۈرمىگىچە قائىم بولمايدۇ.»

## ئاتا - ئانىغا ئاسىيلىق قىلىشنىڭ دۇنيادىكى جازاسى

ھاكىم ۋە ئەسبەھانى ئەبۇبەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا پۈتۈن گۇناھلاردىن خالىغىنىنىڭ ھېسابىنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەت ئاتا- ئانىنى قاخشاتقانلىقنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىلا ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ.»

## ئاتا - ئانىغا ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ ئاساسلىرى

بەزى كىشىلەر ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئاتا- ئانىسىدىن ياكى ئۇلارنىڭ بىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىززەت - ئىكرام، قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقنى قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئاتا- ئانىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسى پەرزەنتلەر كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن ياخشىلىق قىلىشنىڭ رۇكۇنلىرى قايسى؟ تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ھەدىس شەرىپتە ئاتا- ئانىغا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىق قىلىشنىڭ يەتتە رۇكنى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

## ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋەدە ۋە ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش

ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى شۇرەيد ئىبنى سۇۋەيد ئەسسەقەبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئانام ئۆزى ئۈچۈن بىر قۇلنى ئازاد قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مېنىڭ يېنىمدا ئېپپەتلىك بىر قارا دېدەك بار، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنى چاقىرغىن، — دېدى. ئۇ دېدەك چاقىرىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

— پەرۋەردىگارىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى. دېدەك:

— ئاللاھ — دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى. — دېدى دېدەك. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇنى ئازاد قىل! ئۇ مۆمىن ئايالكەن، — دېدى.

ئەبۇداۋۇد مالىك ئىبنى رەبىئە ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدۇق، بەنى سەلەمە قەبىلىسىدىن بىر كىشى كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا- ئانام ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارغا قىلىدىغان بىرەر ياخشىلىق بارمۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق. ئۇلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇش، ئۇلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش، ئۇلارنىڭ هايات چېغىدا قىلغان ۋەدىلىرىنى، بەرگەن ئەھدىلىرىنى ئورۇنلاش، ئۇلار ئۇلاپ بولالمىغان سىلە ـ رەھىملەرنى ئۇلاش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش" دېدى.»

پەرزەنتلەر بەلكىم ئاتا- ئانىنىڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا بەزىبىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىشى مۇمكىن، لېكىن ياخشىلىقنىڭ پەزلى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ئۇنىڭ ۋەسىيەتلەرنى تېز ئادا قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ: ﴿(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر. سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز[1]﴾ دېگەن. بىز بۇنىڭغا ئالاقىدار مۇنداق بىر مىسالنى دەلىل كەلتۈرىمىز:

---

[1] سۈرە نەھل، 96 ـ ئايەت.

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «تۆگە ۋەقەسى بولغان كۈنى ئاتام زۇبەير مېنى يېنىغا چاقىردى ۋە ماڭا: "ئى ئوغلۇم! بۈگۈن شەكسىزكى، زالىم ياكى مەزلۇمدىن باشقىسى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. مەن بۈگۈن ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈلىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشەم مېنىڭ قەرزلىرىمدۇر. قەرزلىرىمدىن كېيىن مېلىمدىن بىرەر نەرسە ئاشارمۇ؟ ئى ئوغلۇم! ماللىرىمنى سېتىپ قەرزلىرىمنى تۆلىگىن!" دېدى ۋە مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۈچتىن بىرىنى ئابدۇللاھلىڭنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: "قەرزىمنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىرنەرسە ئاشقىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرى بالىلىرىڭغا بولسۇن!" دېدى.»

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ھەدىسنىڭ داۋامىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام مېلىنى ۋەسىيەت قىلىپ: "قەرزلىرىمنى تۆلەشتە قىينالساڭ، خوجايىنىمدىن ياردەم سورىغىن!" دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ كىمنى دېگەنلىكىنى پەقەتلا بىلەلمىدىم ۋە ئۇنىڭدىن: "ئى ئاتا! سېنىڭ خوجايىنىڭ كىم؟" دەپ سورىدىم. ئاتام: "ئاللاھ!" دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاسلا: "ئى زۇبەيرنىڭ خوجايىنى! ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ بەرگەيسەن!" دەپ ئىلتىجا قىلدىم. دەل ئۇنىڭ دېگىنىدەك شۇ كۈنى ئاتام زۇبەير ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن ئىككى پارچە زېمىن، بىر پارچە ئورمانلىق، مەدىنىدە بىر يۇرۇش، بەسرىدە ئىككى يۇرۇش ئۆي، كۇفەدە بىر يۇرۇش ئۆي ۋە مىسىردا بىر يۇرۇش ئۆيدىن باشقا بىر دىنار ياكى بىر دەرھەممۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە قەرزدار بولغان ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇنىڭغا ماللىرىنى ئامانەت قويغىلى كەلسە، ئاتام ئۇلارغا: "ياق! بۇ ماللار ماڭا قەرز ھېسابىدا بولسۇن، مەن ئامانەتنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن مېلى قەرز ھېسابىدا قالاتتى. ئۇ ھاياتىدا بىرەر يەرگە ۋالىي بولمىغان، زاكات ياكى جىزىيە تۆلىمىنى يىغقۇچىمۇ بولمىغان. پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ خەلىپىلىكى زامانلىرىدا ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇشتىكى غەنىمەتتىن نېسىۋىدار بولغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئومۇمىي قەرزىنى ھېسابلاپ كۆرسەم، ئىككى مىليون ئىككى يۈزمىڭ چىقتى. ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچراپ: "ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىمنىڭ قەرزى قانچىلىك ئىكەن؟" دەپ سورىدى. مەن راستىنى يوشۇرۇپ: "يۈز مىڭ" دېدىم. ھەكىم: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قولۇڭدىكى ئۇ ماللىرىڭ پەقەت ئۇنىڭ توققۇزدىن بىرى چىقار" دېدى. مەن: "ناۋادا ئۇنىڭ قەرزى ئىككى مىليون بولسا، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟" دېدىم. ئۇ: "سىلەر بۇنى تۆلەپ بولالمايسىلەر، ناۋادا قەرز تۆلەشكە ئاجىز كېلىپ

قالساڭلار، مەندىن ياردەم سورائلار" دېدى.

ئاتام ھېلىقى بىر پارچە ئورمانلىقنى ئىككى يۈز يەتمىشمىڭغا ئالغان ئىدى، مەن ئۇنى بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭغا ساتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە: "كىمنىڭ زۆبەيردە ئېلىشى بولسا، ئورمانلىقتا كېلىپ ئېلىۋالسۇن" دەپ جاكارلىدىم، ئابدۇللاھ ئىبنى جەفەر كەلدى، ئۇنىڭ ئاتام زۆبەيردە تۆت يۈز مىڭ قەرزى بار ئىدى. ئۇ: "خالىساڭ مەن بۇ قەرزدىن ۋاز كېچەي" دېدى. مەن: "ياق!" دېدىم. ئۇ: "ئۇنداقتا مەن ئۇنى كېيىنچە ئالاي" دېدى. مەن يەنە: "ياق!" دېدىم. "ئۇنداق بولسا، يەردىن ئازراق بۆلۈپ بېرىڭلار" دېدى. ئۇنىڭغا زېمىندىن: "بۇ يەردىن ئۇ يەرگىچە بولسۇن!" دەپ كۆرسىتىپ بەردىم، ئابدۇللاھ بۇ يەرنى سېتىپ قەرزدىكى ھەسسىسىنى ئالدى. يەردىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە ئېشىپ قالدى. مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلدىم، مەن كەلگەندە، ئۇ ئەمرى ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۆبەير ۋە ئىبنى زەمئەلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئىكەن، مۇئاۋىيە: "ئورمانلىق قانچىگە باھالاندى؟" دەپ سورىدى. مەن: "ھەر بىر بۆلىكى يۈز مىڭغا" دېدىم. مۇئاۋىيە: "ئۇنىڭدىن يەنە قانچىلىك يەر ئېشىپ قالدى؟" دېدى، مەن: "تۆت يېرىم ھەسسە" دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۆبەير: "مەن بىر ھەسسىسىنى ئالاي" دېدى. ئەمرى ئىبنى ئوسمان: "مەن بىر ھەسسىسىنى يۈز مىڭغا ئالدىم" دېدى. ئىبنى زەمئەمۇ: "مەنمۇ بىر ھەسسىسىنى يۈز مىڭغا ئالاي" دېدى. مۇئاۋىيە: "ئەمدى قانچىلىك قالدى؟" دەپ سورىدى، مەن: "بىر يېرىم ھەسسە!" دەپ جاۋاب بەردىم، ئۇ: "مەن ئۇنى يۈز ئەللىك مىڭغا ئالاي" دېدى. مەن ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئاتامنىڭ ئوغۇللىرى مەندىن: "ئاتامنىڭ مىراسلىرىنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن!" دېيىشتى. مەن: "ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن تاكى تۆت يىل ھەج مەۋسۇمىدە: زۆبەيردە ئېلىشى بار كىشى بارمۇ؟ ـ دەپ جاكارلىمىغىچە مىراس تەقسىم قىلمايمەن" دېدىم ۋە ھەر يىللىق ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق دەپ جاكارلىدىم، تۆت يىلدىن كېيىن مىراسنى تەقسىم قىلىشقا باشلاپ، ۋەسىيەت بويىچە مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەردىم. ئاتامنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭدىن تەگدى، ئۇنىڭ بارلىق مىلى ئەللىك مىليون ئىككى يۈزمىڭغا يارىغان ئىدى.»

مانا بۇ، بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەم قىلىشقا بەل باغلىغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ كاتتا دەلىلىدۇر، ئاللاھ سىلەرنى ۋە مېنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن ـ ئامىن!!

www.uyghurkitap.com

## ئاتا ـ ئانىلارغا دۇئا قىلىش ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەش

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئەبۇ ھۇرەيرەرنىڭ قېشىدا ئىدۇق. ئۇ: ”ئى ئاللاھ! ئەبۇ ھۇرەيرەگە، ئۇنىڭ ئانىسىغا ۋە ئۇلارغا مەغپىرەت تىلىگەنلەرگە مەغپىرەت قىل!“ دېدى. بىز ئەبۇھۇرەيرەنىڭ دۇئاسىغا ئىرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا مەغپىرەت تىلەيتتۇق.»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا جەننەتتە سالىھ بەندىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى دائىم ئۈستۈن قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ”ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ دەرىجە ماڭا قەيەردىن كەلدى؟“ دەپ سورايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: ”بۇ، پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا قىلغان دۇئاسىدىن كەلدى“ دەيدۇ. (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي رىۋايەت قىلدى.)

## ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرىگە ياخشىلىق قىلىش

ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان بىر رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر ئېشىكى ۋە بىر سەللىسى بار ئىدى، ئۇ مەككىگە چىققاندا ئاتقا مىنىشتىن زېرىكسە، ئېشەككە مىنىپ راھەتلىنەتتى ۋە سەللىسىنى بېشىغا يۆگىۋالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاشۇ ئېشىكىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىدا بىر سەھرالىق ئەرەب بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىبنى ئۆمەر سەھرالىق ئەرەبتىن: ”سەن پالانىنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟“ دەپ سورىدى. ئۇ: ”شۇنداق!“ دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئېشىكىنى بېرىپ: ”بۇنىڭغا مىنگىن!“ دېدى ۋە سەللىسىنىمۇ بېرىپ: ”بۇنىڭ بىلەن بېشىڭنى ئورىۋالغىن“ دېدى. ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەمراھلىرىدىن بەزىلىرى: ”ئاللاھ ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن! سەن بۇ سەھرالىققا مىنىپ راھەتلىنىدىغان ئېشىكىڭنى ۋە بېشىڭغا ئورايدىغان سەللەڭنىمۇ بېرىۋەتتىڭ“ دېيىشتى. ئىبنى ئۆمەر: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئاتا ـ ئانىغا قىلغان ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىراۋنىڭ ئاتىسىنىڭ دوستىغا ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سىلە ـ رەھىم قىلىشىدۇر، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ ئادەمنىڭ ئاتىسى ئاتام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ دوستى ئىدى“ دېدى.»

ئىبنى ھەببان ئەبۇبۇرەدەدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەدىنىگە كەلگەن ئىدىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەر مېنىڭ قېشىمغا كەلدى ۋە مەندىن: "مېنىڭ سىزنىڭ قېشىڭىزغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلەمسىز؟" دەپ سورىدى، مەن: "ياق!" دېدىم، ئۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمكى قەۋرىدىكى ئاتىسىغا سىلە- رەھىم قىلىشنى ياخشى كۆرسە، ئاتىسىدىن كېيىن قالغان دوستلىرىغا سىلە- رەھىم قىلسۇن! - دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، سىزنىڭ ئاتىڭىز بىلەن ئاتام ئۇمەرنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بار ئىدى، شۇڭا سىزگە سىلە- رەھىم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم" دېدى.»

ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتاڭنىڭ دوستلۇقىنى ساقلا، ئۇنى ئۈزىۋەتمىگىنكى، ئاللاھ نۇرىڭنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەي!» (بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.)

## ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە قىلىش

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭغا پايدىسى يېتەمدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق" دېدى. ئۇ ئادەم: "مېنىڭ بىر دېڭىزىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ئانام ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىقىمغا سىزنى گۇۋاھچى قىلىمەن" دېدى.»

تىرمىزىدىن باشقا رىۋايەت قىلغۇچى ئىماملارنىڭ ھەممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "مېنىڭ ئانام تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلسام، ساۋابى ئانام ئۈچۈن بولامدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق!" دېدى.»

تەبەرانىي «ئەۋسات» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن سەدىقە قىلسا، ئاتا- ئانىسى مۇسۇلمان بولسا، ساۋابى ئاتا - ئانىسىغىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ

ساۋابىدىن ھېچنەرسە كەم بولۇپ قالمايدۇ.»

ئىمام مالىك ۋە نەسەئى سەئىد ئىبنى ئەمرى ئىبنى شۇرەيھبىل ئىبنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئاتىسىدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى بۇ چاغدا مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭدىن: "ۋەسىيەت قىلىڭ!" دەپ تەلەپ قىلدى. ئۇ: "نېمىنى ۋەسىيەت قىلىمەن؟ مال بولسا، سەئىدنىڭ مېلى" دېدى ۋە سەئىد ئۇرۇشتىن كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، سەئىد قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ دېگەنلىرى خەۋەر قىلىندى، سەئىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد: "مۇنداق - مۇنداق نەرسىلەر ئانام ئۈچۈن سەدىقە!" دېدى.»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئاتام ئۆلۈپ كەتتى ۋە مال- دۇنياسىنى ۋەسىيەت قىلماستىنلا قويۇپ كەتتى، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلسام، ئۇنىڭ ئۈچۈن كەففارەت بولامدۇ؟" دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شۇنداق!" دەپ جاۋاب بەردى.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.)

## سۇ ـ ئۆلار ئۈچۈن قىلىنغان سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى سەئىد ئىبنى ئۇباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايسى سەدىقىنى قىلسام، ئەڭ ئەۋزەل بولىدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سۇ!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر قۇدۇق كولاپ: "بۇ، سەئىدنىڭ ئانىسى ئۈچۈن!" دېدى.»

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى بىر قۇدۇق كولىسا، ئۇنىڭدىن ئىنسان، جىن، ھايۋان ۋە قۇشلاردىن ئىبارەت ھەرقانداق بىر ھۆل جىگەر ئىگىسى ئىچسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ساۋاب بېرىدۇ، كىمكى بىر قۇش ئۇۋىسىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك بولسىمۇ، بىر مەسجىد بىنا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان

ئىدىم.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خوزەيمە سەھىھەيندە رىۋايەت قىلدى.)

## ئۇلار ئۈچۈن ھەج قىلىش

ئەبۇرەزىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام بولسا قېرىپ قالغان ئادەم، ئۇنىڭ نە ھەج، نە ئۆمرە قىلغىدەك، ھەتتا ئۇلاغقا مىنگىدەك ھالى يوق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئاتاڭ ئۈچۈن ھەج ۋە ئۆمرە قىل!" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلغان.)

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:"ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىدا ئىسلامدىكى پەرز ھەجنى ئادا قىلالمىغان ئىدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر ئاتاڭنىڭ قەرزى قالغان بولسا، سەن ئۇنى تۆلەمتىڭ؟" دېدى. ئۇ ئادەم: "ھەئە" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەج قىلىشمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەرزدۇر، سەن ئۇنى ئادا قىل!" دېدى.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان رىۋايەتتە جۇھەينىلىك بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھ نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم بولغاچقا ھايات ۋاقتىدا ھەج قىلالمىغان ئىدى، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاتاڭ ئۈچۈن ھەج قىل! — دېدى. (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خوزەيمە «سەھىھەين» دە رىۋايەت قىلغان.)

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن ھەج قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئۇ ھەجنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ روھلىرى ئاسماندا خۇشخەۋەر قىلىنىدۇ ۋە ئاللاھ نىڭ دەرگاھىدا: "(ئاتا - ئانىسىغا) ياخشىلىق قىلغۇچى!" دەپ يېزىلىدۇ!» (بۇ ھەدىسنى دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ گەدىنىدىكى ھەج پەرزى ئادا بولمىغان ئىدى، ئۇنى مەن ئادا قىلامدىمەن؟" دەپ سورىدى، پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام: ”ناۋادا ئاتاڭ ساڭا قەرز قالدۇرۇپ كەتكەندە، سەن ئۇنى تۆلەمتىڭ؟“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”ھەئە!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتاڭ ئۈچۈن ھەج قىل!“ دېدى.“ (بۇ ھەدىسنى دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.)

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاتىسى ۋە ئانىسى ئۈچۈن ھەج قىلسا، ئۇنىڭدىن ھەجى ئادا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئون ھەج قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ.» (دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.)

## ئۆلۈكلەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىراش

ھافىز ئىبنى كەسىر (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (ئاللاھ)نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ: «ئاخىرەتتە تىرىكلەرنىڭ ئەمەللىرى ئۆلگەن خىش-ئەقرىبالىرىغا تەقدىم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر كەلگەندۇر» دەپ تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىسنى كەلتۈردى:

ئەبۇداۋۇد تەيالىسى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا تەقدىم قىلىنىدۇ، تەقدىم قىلىنغان ئەمەل ياخشى بولسا، ئۇلار خۇشال بولىدۇ. يامان بولسا: ”ئى ئاللاھ! سەن ئۇلارنىڭ ساڭا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئەمەل قىلىشىنى ئۇلارغا ئىلھام قىلغىن!“ دەيدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار ئۆلگەن خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا تەقدىم قىلىنىدۇ، ئەمەللىرىڭلار ياخشى بولسا، ئۇلار خۇش بولىدۇ. يامان بولسا، ئۇلار: ”ئى ئاللاھ سەن بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدەك، ئۇلارنىمۇ ھىدايەت قىلمىغىچە ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالمىغىن!“ دەيدۇ.»

[1] سۈرە تەۋبە، 105- ئايەت.

ئىمام ئىبنى مۇبارەك ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەمەللىرىڭلار ئۆلگەن ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭلارغا تەقدىم قىلىنىدۇ، ئۇلار ياخشى ئەمەللەر ئۈچۈن خۇش بولىدۇ، ناچار ئەمەللەر ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.» ئاندىن ئىبنى مۇبارەك: «ئى ئاللاھ! سەندىن تاغام ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ ھۇزۇرۇڭدا خورلىنىپ قالىدىغان بىر ئەمەلنى قىلىپ سېلىشىمدىن پاناھلىق تىلەيمەن» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە ئاتا- ئانىلارغا جۈمە كۈنى تەقدىم قىلىنىدۇ، ئۇلار ئۇلارغا تەقدىم قىلىنغان بۇ ياخشىلىقلاردىن خۇشال بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ نۇرلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۆلۈكلىرىڭلارغا ئەزىيەت بەرمەڭلار!»

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىننىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇگەتكەن ۋە داۋاملىق تارقىلىپ تۇرغان ئىلىم، ياخشى پەرزەنت ياكى بىنا قىلغان مەسجىد، ياكى مۇساپىرلار ئۈچۈن قالدۇرغان ئۆي، ياكى ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق- ئۆستەڭ ۋە ياكى ھايات ۋاقتىدا قىلغان سەدىقە قاتارلىقلارنىڭ ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ.»

ئىبنى خۇزەيمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچ ئەمەلىدىن باشقىسىنىڭ ساۋابى توختاپ قالىدۇ.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.)

ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە مۇشۇ ئۈچ خىسلەتنى ئاتا قىلسۇن ھەم ئاللاھنىڭ تائەتى ۋە رازىلىقىغا مۇۋەپپەق قىلسۇن!

## ئاتا - ئانىلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپ يىغلاپ، ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى، ئاندىن ئۇ: "پەرۋەردىگارىمدىن ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەشكە ئىجازەت سورىدىم، پەرۋەردىگارىم ماڭا ئىجازەت قىلمىدى، ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىجازەت سورىدىم، ماڭا ئىجازەت بەردى، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

كىشىگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ“ دېدى.»

ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدىم، مۇھەممەدكە ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا ئىجازەت بېرىلدى، ئۇنى زىيارەت قىلىڭلار! ھەقىقەتەن قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ.» (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.)

## ئۆلەرنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنداش

ئابدۇراھمان ئىبنى سەمدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاتا- ئانىسىنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنلاپ بەرسە، قەرزلىرىنى ئادا قىلسا ۋە ئۆلەرنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولمىسا، ھاياتىدا ئۆلەرنى قاخشاتقان بولسىمۇ، يەنىلا :”ياخشىلىق قىلغۇچى“ دەپ يېزىلىدۇ، كىمكى ئاتا- ئانىسىنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇنلاپ بەرمىسە، قەرزلىرىنى تۆلىمىسە ۋە ئۆلەرنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولسا، ھاياتىدا ياخشىلىق قىلغۇچى بولسىمۇ، ئۇ: ”ئاسىي“ دەپ يېزىلىدۇ» (تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.)

## ئۆلەر ئۈچۈن روزا تۇتۇش

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدەدىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىككى ئايلىق روزىسى بار ئىدى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن روزا تۇت“ دېدى. ئۇ ئايال: ”ئۇنىڭ ھەجى بار ئىدى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھەج قىل“ دېدى. ئۇ ئايال: ”مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چۆرە سەدىقە قىلدىم“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاللاھ ساڭا ئەجىر بەرسۇن ۋە ئۇنى ساڭا مىراس قىلىپ قايتۇرسۇن“ دېدى.» (ھاكىم رىۋايەت قىلدى.)

# بەشىنچى بۆلۈم

## بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىش

مۇقەددىمە

بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىش پرىنسىپلىرى

بىرىنچى: ئەدەپلەش تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر

ئىككىنچى: بالىنىڭ ئەمەلىدىكى خاتالىقىنى تۈزىتىشتىن ئىلگىرى ئېڭىدىكى خاتا پىكرىنى تۈزىتىش

بالىلارنىڭ پىكرىدىكى خاتالىقىنى تۈزىتىش

تەربىيىلەش ئىلمى تەربىيىلەش ئارقىلىق خاتالىقلارنى تۈزىتىش

ئۈچىنچى: بالىغا تەدرىجىي ھالدا ئەدەپ ئۆگىتىش

بالىلارنىڭ تاياقتا ئەدەپلىنىشى

قۇلاق سوزۇش

ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرى

1 ـ قائىدە: ئۇرۇشنى ئۇن ياشقا كىرگەندە باشلاش.

2 ـ قائىدە: ئۇرۇش ۋە ئەدەپلەش قېتىم سانى ئۈچ قېتىمدىن، قىساس ئېلىش ئۇن قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىك.

3 ـ قائىدە: ئۇرۇش ھالىتى، ماكانى ۋە ھالەت سۈپەتلىرىگە رىئايە قىلىش.

4 ـ قائىدە: ئاچچىقى (غەزەب) بىلەن ئۇرماسلىق.

5 ـ قائىدە: بالا ئاللاھنى تىلغا ئالغان زامان ئۇرۇشتىن توختاش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئائىلىسىگە كۆرسەتكەن ھەرقانداق مېھرىبانلىق ئۇلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەكسىچە، مېھرىبانلىق قىلماسلىق ئۇلارغا زىيان قىلىدۇ»

ــ تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.

ئاتىنىڭ بالىسىنى ئۇرۇشى، زىرائەتكە ئوغۇت بەرگەنگە ئوخشاشتۇر

ـــــ لوقمــــان ھـــېكىم ھېكمەتلىرىدىن.

ئى ئاللاھ! كىچىكلەر ئىسيان كۆتۈرىدىغان، چوڭلار بىر - بىرىگە قارشى چىقىدىغان، ئەجەللەرى يېقىنلىشىدىغان يامان زاماندىن ساڭا پاناھلىق تىلەيمەن!

ـــــ ھەرەم ئىبنــــى ھەببـــان رەھمۇتۇلاھى ئەلەيھى.

بالا ئۆسۈپ - يېتىلىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىگە سەل قارالسا، بالىنىڭ ئەخلاقى ناچار، يالغانچى، ئىچى يامان، ئوغرى، گەپ توشۇغۇچى، تەييارتاپ، كۆلگۈنچەك، بۇزغۇنچى ۋە دەلدۈش مىجەز چوڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭدۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى بالىغا ياخشى ئەدەب ئۆگىتىش ئارقىلىق تەربىيىلەشتۇر.

ــ ئىمام غەزالى رەھمۇتۇلاھى ئەلەيھى.

## مۇقەددىمە

يۇقىرىدىكى بابلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەش ھەققىدىكى پىكرى ۋە بالىنىڭ شەخسىيىتىگە ئالاقىدار ئۇسلۇبلىرى بايان قىلىنىپ ئۆتۈلدى، بالىلارغا قىلىنغان يۇمشاق شەكىلدىكى تەربىيە ئۇسۇلى كارغا كەلمىگەندە، بالىنى ئەدەپلەشمۇ بالا تەربىيىسىدە موھتاج بولىدىغان ئۇسلۇبلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بالا مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئەدەپلەنگەندە ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان تەربىيەسىنىڭ ۋە ئۆزلىرىگە قويغان تەلىپىنىڭ چاقچاق ئەمەس، ھەقىقەتەن جىددىي بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ، ئەدەپلەشنىڭ قاتتىق ئەلىمىنى تارتقاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسىنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى مېھرىبانلىقىنى، كۆيۈمچانلىقىنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئۇلارغا بويسۇنۇشنىڭ، ياخشى ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ، يۈرۈش- تۇرۇش، ئىش - ھەرىكەتتە ئەدەپلىك بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ.

ئەمما بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىشنىڭ ئاساسى نېمە؟ ئاتا بالىنى قانداق ئۇسۇلدا ۋە قانداق ئەھۋالدا ئەدەپلەيدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاتىنىڭ ئوغلىغا ئەدەپ ئۆگىتىشى بىر سا نەرسە سەدىقە قىلغاندىن ياخشى» دېگەن ھەدىسىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؟ بىز بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى «ئەدەپ ئۆگىتىش» دېگەن سۆزنىڭ فىقھىدىكى ھۆكمىگە قاراپ باقايلى!

كاسانى ئۆزىنىڭ «بەدائىئ ئەسسەنائىئ» دېگەن كىتابىدا: «بالىغا تەربىيە جازالاش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەدەپ ئۆگىتىش بىلەن بېرىلىدۇ، چۈنكى بالا ئەدەپ ئۆگىتىلىدىغانلار قاتارىدىندۇر، ھەرگىزمۇ جازالىنىدىغانلار قاتارىدىن ئەمەستۇر، بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار!" دېگەن ھەدىسىدۇر» دەيدۇ.

بالا تەربىيىسى ئەدەپ ئۆگىتىش ۋە پەرۋىش قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئورنىغا جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، چۈنكى جازا سادىر قىلغان جىنايەت ئۈچۈن يۈرگۈزىلىدۇ، كىچىك بالىنىڭ خاتالىقى جىنايەت تىپىگە كىرمەيدۇ. دېمەك، كىچىك بالا ئەدەپ ئۆگىنىشكە لايىق، ھەرگىزمۇ جازالىنىشقا لايىق ئەمەستۇر.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىش تەربىيەنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر

بالىنى ئەدەپلەش ھەرگىزمۇ بالىدىن ئىنتىقام ئېلىش ئەمەستۇر. ئەدەپلەش بولسا، تەربىيە قىلىشنىڭ بىر ۋاسىتىسىدۇر. ئىبنى جەززار ئەلقەيرىۋانى بالىنى كىچىكلىكىدە ئەدەپلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك بالا يولغا سېلىنىشقا ئەڭ ئاسان، قوبۇل قىلىشى ۋە بويسۇنۇشى ئەڭ تېز بولىدۇ. بىزگە كىچىك بالىلارنىڭ ئەدەپنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ ھايالىق، بەزىلەرنىڭ ھايا قىلمايدىغان، بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە نەرسە ئۆگەتكۈچىلەرگە قۇلاق سالىدىغان، بەزىلەرنىڭ قۇلاق سالمايدىغان، بەزىلەرنىڭ ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، بەزىلەرنىڭ ئۆگىنىشنى ياقتۇرمايدىغان، بەزىلەرنىڭ ئىلىمگە ھېرىسمەن، بەزىلەرنىڭ ئۇنى ياقتۇرمايدىغان، بەزىلەرنىڭ ماختىسا ئۆگىنىدىغان، بەزىلەرنىڭ ئەدەپلىمىسە، ئۇرۇپ تورمىسا ئۆگەنمەيدىغاندەك ھەرخىل مىجەزدە بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.»

بۇندىن باشقا، بەزى بالىلارنىڭ يالغان ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان، بەزىلەرنىڭ راست گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان مىجەزلىك كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بالىلارنىڭ تەبىئىتىدە يەنە بىر ـ بىرىگە زىت خاراكتېرلارمۇ كۆرۈلىدۇ. بەزىلەر يامان تەبىئەتلىك بالىلارنىڭ ئەدەپلەش ئارقىلىق ياخشى تەبىئەتلىك بولۇپ ئۆزگىرىشىگە ئىشەنمەيدۇ، ياكى ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، توغرا بەزى بالىلار ئۈچۈن ئەدەپلەش كار قىلمايدۇ، سەۋەبى بۇ بالىنىڭ ئەدەپلىنىش باسقۇچىدىن ھالقىپ يامان خاراكتېرى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنداق بالىلار ئەدەپلىنىشى زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئەدەپلەنمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. چۈنكى بالىلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتى يامانلىقلاردىن خالىي، غۇبارسىز، پاك كېلىدۇ. يامان ئادەتلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە ئائىلىلەرنىڭ سەۋەبىدىن شەكىللىنىدۇ. ۋاقتىدا ئەدەپلىنىپ تۈزىتىلمىسە، كېيىن ئۆزگەرتىش تەس بولىدۇ. پەيلاسوپلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىنئالا ئەدەپلەنمىسە، ئەخلاقى تۈزىتىلمىسە ۋە ئىستىلى ياخشىلانمىسا، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى كىچىكىدىن باشلاپلا يامانلىقلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بالىلارنى تەربىيىلەشتە كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەپلەپ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بۇيرۇلدۇق. چۈنكى، كىچىكلەردە ياخشى ئەخلاق بىلەن يامان خۇيىنى، ناچار ئادەت ۋە خاراكتېرلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يوقتۇر. ھەم ئۇلاردا بىرەر نەرسىنى قوبۇل قىلىشتا ياكى ئۇنى ئادەتلەندۈرۈشتە ياخشى ـ يامانىنى ئۆزلىكىدىن توساپ قالىدىغان ئىقتىدار ھەم يوقتۇر. شۇڭا بالا تەربىيىلىگۈچىنىڭ

بالىلارنىڭ خۇي- پەيلى ۋە ئادەت قىلىقلىرىغا يېقىندىن كۆزىتىپ دىققەت قىلىشى، يامان خاراكتېرلىك نەرسىلەرنىڭ بالىلارغا ئۆزلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇلاردا شەكىللىنىپ قېلىنىغان بەزى بولمىغۇر مىجەز- خۇلقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشى لازىم. كىچىكىدىن باشلاپ دىققەت بىلەن ياخشى تەربىيىلەنگەن بالا چوڭ بولغاندا ئەدەپلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق ئېسىل سۈپەتلىك چوڭ بولىدۇ. ئەكسىچە تاشلىۋېتىلسە، ئۇ بالا شۇ يامان خۇي - پەيلىرى، ناچار ئادەت- قىلىقلىرى بىلەن چوڭ بولۇپ ئۆزىنى بەختسىز قىلىپلا قالماي، ئاتا- ئانىسى ۋە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرگە بەختسىزلىك ئامىللىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بەلكى بۇ بالا ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبىنى كىچىكلىكىدىكى يامان خۇيلىرىدىن، ناچار ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئەدەپلىنىپ تەربىيىلەنمىگەنلىكىگە ئۆكىنىشى مۇمكىن، بىراق بۇ چاغدا ناھايىتى كېچىككەن بولىدۇ. ھەتتا ئاتا - ئانىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەشتە خاتا يول تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. بەزى ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى كىچىكلىدە بەك ئەتىۋارلاپ ئۇلارنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەنلىكلىرىگە ئېچىنسا، بەزى ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ كىچىكلىكىدىكى تەربىيىسىگە سەل قاراپ ياكى ۋاقىت ئاجرىتماي ياكى ئۇلارنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىگە پەرۋاسىز قارىغانلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ.

جەمئىيەتتىكى يامان يولغا كىرىپ قالغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىنىڭ ناچارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. دېمەك، ئادەتلىنىپ قالغان بەزى نەرسىلەر باشقىلار، ھەتتا ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يامان كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ كۆنۈپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۆزگەرتىشنىڭ ناھايىتى تەسكە توختايدىغانلىقى ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. بۇنداق ئىنسانلار ئەتراپىتىكى مۇھىتىنىڭ بېسىمى، ئۇرۇغ- تۇغقان، دوست- يارەنلەرنىڭ نەسىھىتى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بېسىمى، ھايا- نومۇس كۈچىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزگىرىشكە تىرىشقان ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزگەرگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن تولۇپ تېگىدىن ئۆزگىرىپ كېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، يۇقىرىقىدەك تاشقى ئامىلدىن كېلىدىغان بېسىملار يوق ئەھۋالدا يەنىلا ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى يامان خۇلقلاردىن يىراقتۇركى، ئۇ ئەسلىدە ئىسلام تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدىغان بولغاچقا ئىسلامغا خاس گۈزەل خۇلقلار بىلەن تەبىئەتلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا تەبىئىتىدىكى بۇ گۈزەل خۇلقلار بىلەن تەربىيىلەنسە، كېيىن يۇقىدىغان ناچار خۇلق

ھەرگىز ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كېلەلمەيدۇ. بەزىبىر تەبىئەتشۇناسلار: «ئادەتمۇ ئادەمدىكى ئىككىنچى تەبىئەت» دەيدۇ. بىراق شۇ ئىككىنچى تەبىئەتنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىنىڭ پۇتونلەي تاشقى ئامىلدىن ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمايدۇ. يۇقىرىقى يەكۈنلىرىمىز بىزگە بالىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئەدەپلىك چوڭ قىلىشقا تىرىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا ئەدەپ ئۆگىتىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەندە ياكى ئەدەپلەش ئۇسۇلىنى توغرا قوللانمىغاندا، كەلگۈسىدە ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى. مانا بۇلار، كېيىنكى كۈنلۈكتىكى پۇشايمان قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياخشى بىر تۇتقىدۇر.

شۇنىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىمكى، ئەگەر بالا قۇلىقى يۇمشاق، ئۆزى مۇلايىم ۋە زېرەك بولسا، بۇنداق بالىلارنى ئەدەپلەشمۇ ئاسان، تەربىيىلەش قولايلىق بولىدۇ. بۇنداق بالىلار ياخشى ئىش قىلغاندا ماختاش، يامان ئىش قىلغاندا مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن خاتالىقىنى تونۇتۇپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر بالا بەكرەك كەپسىز، مىجەزى چۇس، ھايا قىلمايدىغان، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان، يالغان سۆزلەشنى ئۆچ كۆرمەيدىغان تەبىئەتلىك بولسا بۇنداق بالىنى ياخشى سۆز، ماختاش بىلەنلا ئەدەپكە قايتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق بالىلارنى يامان ئىش قىلغاندا قورقىتىش كېرەك. قورقىتىشمۇ كار قىلماي يامان قىلىقىنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەندە، ئاندىن ئۇرۇش كېرەك. بالا تەربىيىلىگۈچى يەنە ئاتا- ئانىلار بالىنىڭ يۇرۇش- تۇرۇشى، يېتىش- قوپۇشى، يەپ- ئىچىشى، سۆز- ھەرىكىتى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىشى كېرەك. ھەم ئاقىل كىشىلەرنىڭ بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە قانداق تەدبىر قوللانغانلىقىدىن ئۈرنەك ئېلىپ ئۆز لايىقىدا تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىش لازىم.

## بالىنىڭ ئەمەلدىكى خاتالىقىنى تۈزىتىشتىن ئىلگىرى ئېڭىدىكى خاتا پىكرىنى تۈزىتىش

تەربىيىلەش نەزىرىيەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خاتالىقنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆتۈق ھېسابلىنىدۇ. بىر بالىنىڭ ئەمەلدىكى خاتالىقى مەيلى قايسى تەرەپتىن تەھلىل قىلىنىشىدىنىمۇ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن بولىدۇ: بىرىنچىسى، بالىنىڭ ئېڭىدىكى خاتالىق بولۇپ بالا مەلۇم بىر نەرسىنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە توغرا دەپ قارىغاچقا ئۇنى قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، بالىدىكى ئېتىقادىي خاتالىق بولۇپ، بالا ئەسلىدىلا ئۇنىڭ توغرىسىنى

قىلىپ ياقمىغان ياكى مەشىق قىلدۇرۇلمىغان، ئۆگىتىلمىگەن بولغاچقا، ئۇنى توغرا قىلالماي خاتا قىلىپ سالىدۇ. ئۇچىنچىسى، بالىنىڭ تەبىئىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خاتالىق بولۇپ، بالا بىلىپ تۇرۇپ خاتا قىلىدۇ. شۇڭا تەربىيىلىگۈچى بالىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بۇ خاتالىقنى نېمە سەۋەبتىن سادىر قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلىشى، ئاندىن كېيىنكى قاراپ، دورا بېرىش ئۇسۇلى بويىچە خاتالىقىنى توغرىلاشقا ياردەم بېرىشى لازىم.

## ئالدى بىلەن بالىنىڭ ئېڭىدىكى پىكىر خاتالىقىنى تۈزىتىش لازىم

بالا كىچىك چېغىدا، ئۇنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىلىرى بىلىدىغانلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىلمەسلىك بىر دۇشمەندۇر. شۇڭا بالىغا بىلگەن ۋە بىلىشكە يۈزلەنگەن نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى توغرا تونۇتۇش بالا تەربىيەسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بالىنىڭ بىرەر ئىشتا خاتالاشقانلىقىنى كۆرسە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بۇ خاتالىقتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان پىكرىنى تۈزەتتى. ئۇ بۇ تۈزىتىش تەربىيىسىنى يۇمشاق سۆز، مېھرىبانلىق بىلەن ئېلىپ باراتتى.

ئەبۇداۋۇد ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇئۇقبەنىڭ ئاتىسى (ئۇ ئەسلىدە پارس ئەھلىدىن بولغان قۇل ئىدى) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم، مەن مۇشرىكلاردىن بىر ئادەمنى: "ئال! مەن پارس ئەھلىنىڭ يىگىتىمەن" دەپ ئۇردۇم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "مەن ئەنسارىلارنىڭ بىر يىگىتىمەن! ـ دېگەن بولساڭكەن، بىر قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىندۇر" دېدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەتتا ئۇرۇش مەيدانىكى تەلىم بېرىشى نەقەدەر گۈزەل بولغان ـ ھە! ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئاشۇ قىسقا بىر دەقىقىدە ئىنسانىنىڭ بىر ئۆمۈر ئەستە ساقلىشى ۋە ئەمەل قىلىشىغا يەتكىدەك پىكرى تەلىمىنى بەرگەن، يەنى "بىر قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىندۇر" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "... دېگەن بولساڭكەن،..." دېگەن سۆزى نەقەدەر مېھرىبانلىق، سەممىيلىك بىلەن تولغان، نەقەدەر بىر كەمتەرانە كەيپىياتنى ئىپادىلىگەن؟! ئاللاھ نىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

بايان قىلىدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن سەدىقە قىلىنغان خورما بار يەردىن بىر تال خورمىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "تۈكۈر، تۈكۈر! ئۇنى تاشلا! سەن بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟" دېدى.» ئىمام نەۋەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تۈكۈر، تۈكۈر» دېگەن سۆزى بالىنى قولىغا ئالغان نەرسىدىن سەسكەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، چۈنكى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ چاغدا بىر كىچىك بالا بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بالىنىڭ تەبىئىتىگە يېقىن ئىبارىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇنى بۇ قىلمىشىدىن توسىغان.

بۇ ھەدىستە ھېس قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر خىل مېھرىبانلىق مۇئامىلىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "تۈكۈر، تۈكۈر!" دەپ بولۇپلا، سەدىقىنىڭ پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكىلەرگە ھارام ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى دەرھال چۈشەندۈرگەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش بالا ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك تەربىيە بولۇشىدا گەپ يوق.

تۆۋەنــدە بايــان قىلىنغىنــى بالىغــا تــاتلىق ۋە يۇمــشاق ســۆز قىلىــشقا دەلىــل قىلىنىدىغان ئۈچىنچى ھەدىستۇر. ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەر ئۈستىدە ئىدى. بۇ سەپەردە ئۇلار بىلەن بىللە يەنە ئەنجەشە ئىسىملىك بىر قارا تەنلىك بالا بولۇپ، ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئىتتىك مېڭىشى ۋە ھارماسلىقى ئۈچۈن يول بويى مۇناجات ئېيتىپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئى ئەنجەشە! ئاستىراق ئېيت! ئاياللارنى بىئارام قىلما!" دېدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىلەرنىڭ مېڭىشى تېزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، بالىنىڭ يۇقىرى ئاۋازىدىن ئاياللارنىڭ بىزار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا مۇناجاتنى ئاستىراق ئاۋازدا ئېيتىشقا بۇيرىغان.

تۆتىنچى ھەدىس بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەراپاتتا تۇرغاندا ئىبنى ئابباسقا سۆز قىلغان ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «توختا، ئى بالا! بۈگۈن كۆزىنى ھارامدىن ساقلىيالىغان ئادەم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلىنىدىغان كۈندۇر» دېگەن. (تەبرانىي رىۋايەت قىلغان.)

تىرمىزى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلىدىغان ئەفلەھ ئىسىملىك بىر بالا بار ئىدى. ئۇ سەجدە قىلسا پۈۋلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ: «ئى ئەفلەھ! يۈزۈڭنى تۇپراققا ياققىن!» دېدى.

## بالىنىڭ يېكرىنى توغرىلاشتا ساھابىلارنىڭ يولىنى تۇتۇش

ئەبۇھەكەم ئەلغەفارى چوڭ ئانىسىنىڭ تاغىسى ئەبۇرافى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «مەن بىلەن باشقا بىر بالا ئەنسارىلارنىڭ خورمىسىغا تاش ئاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "بۇ يەردىكى بالىلار خورمىلارغا تاش ئاتىدۇ" دېگەن سۆز يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ماڭا: "ئى بالىجان! خورمىلارنى نېمە ئۈچۈن چۈشۈرىسەن؟" دەپ سورىدى. مەن: "يېيىش ئۈچۈن" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "خورمىلارنى تاش ئېتىپ چۈشۈرمە! پەقەت يەرگە چۈشكەنلىرىنى يېگىن!" دېدى ۋە مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: "ئى ئاللاھ! بۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇز!" دېدى.»

بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال بالىنى ئەيىپلىمەستىن سۆز ئەگىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بالىنىڭ خورمىلارغا تاش ئېتىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۇنى يېيىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان، ئاندىن ئۇنى خورمىلارنى تاش ئېتىش ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈشتىن توسۇپ، يەرگە چۈشكەن خورمىلاردىن يېيىسە بولىدىغانلىقىغا باشلىغان، ئۇندىن كېيىن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتەك مۇلايىم، سەمىمىي ھەرىكەتتى بىلەن بالىغا تەربىيە قىلغان.

بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرى ھەققىدىكى يەنە بىر گۈزەللىك شۇكى، چوڭ ئانا تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ئاڭلىغىنىنى ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلارغا ئومۇمىيۈزلۈك كۆيۈنگەنلىكىنىڭ، بالا ـ تەربىيىلەشتە بىر ـ بىرىگە ھەمدەمدە بولۇشى كېرەكلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنداقلا، بۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىش يولى بىر ئەستە قالدۇرۇش جەريانى بولۇپ، چوڭ ئانا بۇ ھەدىسنى تاغىلىرىنىڭ ئوغلىغا ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق مەزمۇنى گۈزەل بولغان بىر ھەدىسنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەنلىكتەك بىر ياخشىلىقنى ئادا قىلغان بولىدۇ. پۈتۈن ياخشىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلارغا ۋە ئۇلارغا شېرىك بولغانلارغا بولسۇن!

ئىمام بۇخارى ۋە نەسەئى سابىت ئەلبەنانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا ئىدىم، ئۇنىڭ يېنىدا قىزى بار ئىدى، ئەنەس بىرگە سۆزلەپ: "بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى تەقدىم قىلغىلى كەلدى ۋە: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنى ئۆزۈڭگە قوبۇل كۆرەمسەن! ـ دېدى" دېگەندە، ئەنەسنىڭ قىزى: "ۋاي تۇۋا! ئۇ نېمە دېگەن ھاياسىز ئايال؟!" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنەس قىزىغا تۈزىتىش بېرىپ: "ئۇ ئايال سەندىن ياخشى، ئۇ، پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغاچقا ئۇزىنى تەقدىم قىلىشنى خالىغان" دېدى.»

سىنان ئىبنى سەلەمە بەھرەيىندىكى چېغىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن مەدىنىدىكى چېغىمدا بىر مۇنچە بالىلار بىلەن خورما ئالاتتۇق. بىرنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرۈپ قالدى، بالىلار قېچىپ كەتتى، مەن قاچماي قالدىم ۋە ئۇنىڭغا: "بۇلار پەقەت شامال ئۇرۇپ چۈشۈرىۋەتكەن خورمىلار" دېدىم. ئۆمەر: "ماڭا كۆرسەتكىن!" دېدى ۋە خورمىلارنى كۆرۈپ ماڭا: "يۈر!" دېدى. مەن: "ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! مېنى بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزۈپ قوي، بولمىسا سەن كەتسەڭ، ئۇلار مەندىن بۇ خورمىلارنى تارتىۋالىدۇ" دېدىم. ئۇ تاكى بالىلاردىن يىراقلاشقان يەرگىچە مەن بىلەن بىللە ماڭدى.» (بۇنى ئىبنى ئەبۇ «ئەددۇنيا» كىتابىدا رىۋايەت قىلدى.)

مانا بۇ ھەدىستە مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ بالىلارغا قانچىلىق كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۇلارغا ھېكمەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرىۋالىمىز. يەنە ساھابىلەرنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرەختىن ئۆزى چۈشكەن مېۋىلەرنى يېيىشنىڭ بالىلارغا جائىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھۆكمىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ بالىنىڭ مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئۆزىنى ئۆزى بىخەتەر بولىدىغان يەرگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشى، بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ نەقەدەر دادىل ئىكەنلىكىنى، چوڭلارنى بولۇپمۇ ئۆمەردەك ئەل بېشىدىكى ساھابىلەرنى ئۆزلىرىگە ياردەم بېرىدىغان كىشىلەر قاتارىدا كۆرگەنلىكى ئىسپاتلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ نەقەدەر كەمتەر، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دائىر مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئىبنى ئۆمەر كېتىۋېتىپ ئۆزلىرى تۇتىۋالغان بىر قۇشنى نەيزىلىرى بىلەن نىشانلاپ ئوينىۋاتقان بىر توپ بالىنى كۆرىدۇ، بۇ بالىلار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىدۇ، ئىبنى ئۆمەر: "بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنى قىلغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جېنى بار نەرسىنى قارىغا ئېلىپ ئويۇنچۇق قىلغان كىشىگە لەنەت قىلغان" دېدى.»

ئىمام تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتام مېنىڭ نامازدا "بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم"نى ئوقۇۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ: "ئى ئوغلۇم! بۇ يېڭىلىق، سەن دىندا يېڭىلىق پەيدا

قىلىشتىن ساقلان! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىشنى يامان كۆرگىنىدەك، بىراۋنىڭ بىر نەرسىنى يامان كۆرگىنىنى كۆرمىدىم. مەن ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلار بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، لېكىن ئۇلاردىن ھېچ بىرىنىڭ سەن ئوقۇغاندەك ئوقۇغانلىقىنى كۆرمىدىم، شۇڭا سەن ناماز ئوقۇغاندا ئۇنى نامازنىڭ ئىچىدە (ئايەت قاتارىدا) ئوقۇشتىن ساقلان! بەلكى ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىين دەپ ئوقۇغىن!" دېدى.»

بىز ئالدىنقى بابلارنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك بالىغا تاماق داستىخانىدا قانداق ئولتۇرۇپ، تاماقنى قانداق يېيىشنى ئۆگەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، بالىغا ھەر نەرسىنى، بولۇپمۇ، ئىسلامدىكى بىلىشكە تېگىشلىك ھەممە ئىلىمنى ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى بالا بىلەن سۆھبەتلىشىش. ئۇنىڭغا ھەر بىر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى، سەۋەبىنى، ئۇنىڭ خاتا قىلىنغاندا ياكى توغرا قىلىنغاندا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش بالىنىڭ شەيئىلەرگە بولغان توغرا پىكىر-قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## ئىككىنچى باسقۇچتا بالا ئۆتكۈزگەن خاتالىقنىڭ ئۆزىنى تۈزىتىش

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا چوڭلار بالىلارنىڭ ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان بىر ئىشلارنى قىلىشنى ئۇلارغا بۇيرۇيدۇ، بۇ ئىشلارنى قىلىپ باقمىغان بالا خاتا قىلىپ سالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى جازالىسا، بۇ ئۇنىڭغا بەكلا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەھۋالغا نىسبەتەن ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ تۈزىتىش ياكى ئۆگىتىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي سويۇشنى بىلمەي خاتا سويۇۋاتقان بالىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئۆزى سويۇپ كۆرسەتكەنلىكى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر. شۇنداقلا، ھەر بىر كىشىنىڭ بالىنىڭ خاتا قىلغان ئىشىدا تۈزىتىشقا تېگىشلىك ئۈلگىلىك مۇئامىلىسىدۇر.

ئەبۇداۋۇد ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوي سويۇۋاتقان بىر بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بالىنىڭ قوينى ياخشى سويالمايۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، بالىغا: "ماڭا بەر! مەن ساڭا كۆرسىتەي" دېدى، ئاندىن ئىككى قولىنى تېرە بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، قولىنى تاكى قولتۇقىغىچە تىقتى. ئاندىن كېيىن بېرىپ كىشىلەرگە ئىمام

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى، نامازدىن ئىلگىرى قوي سويغانلىقى ئۈچۈن تاھارەت ئالمىدى.»

ئۈمىدكى، ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ياكى تەربىيە قىلغۇچىلار: «ماڭا بەرگىنىڭ! مەن ساڭا ئۆگىتەي!» دەيدىغان بولسۇن. شۈبھىسىزكى، بۇ بالىغا خاتالىقىنى تونۇتىش ۋە تەلىم بېرىشتە ئەڭ توغرا يولدۇر. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئۇسۇلىنى خۇددى باشقا كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندەك ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلدە قىلغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ئەبۇشەيبە ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئۇ: "ئى ئەشئەرىلەر جەمەتى! سىلەر بىر يەرگە يىغىلىڭلار، ئاياللار ۋە باللارنىمۇ يىغىڭلار! مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى كۆرسىتەي!" دېدى. ئۇلار يىغىلدى. ئاندىن ئەبۇمالىك تاھارەت ئالدى ۋە قانداق تاھارەت ئالغانلىقىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىغا ئۆتۈپ ئەرلەرنى سەپكە تۇرغۇزدى، ئۇ سەپنىڭ ئارقىسىغا باللارنى، باللارنىڭ ئارقىسىغا ئاياللارنى سەپ قىلىپ تۇرغۇزدى.»

تۆرمۇشتىكى نۇرغۇن بىلىملەر، بولۇپمۇ ناماز، ھەج ۋە روزىغا ئوخشاش ئىسلام ئەركانلىرى باللارنىڭ ئۆز كۆزلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرۈپ ئۆگىنىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئېڭىغا مۇستەھكەم ئورنايدۇ.

## باللارغا تەدرىجىي ھالدا ئەدەپ ئۆگىتىش

بالىغا پىكرىي جەھەتتىكى ياكى ئەمەلىي جەھەتتىكى تونۇتىش كار قىلمىسا ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈشنى يەنىلا داۋام قىلسا، بۇنداق ئەھۋالدا بالىنى ئەدەپلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ھەقلىق بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەدەپلەش خاراكتېرىدىكى جازا تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ:

## بىرىنچى باسقۇچ: بالىغا تاياق كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قورقۇتۇش

بو تەدبىر بىلەن بالىنى قورقۇتۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى باللار قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جان ئاغرىتىدىغان نەرسىلەردىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۇنداق نەرسىلەرنى

كۆرگەن ھامان خاتالىقنى داۋام قىلىشتىن توختايدۇ ۋە ياخشى تەرەپكە بۇرۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ.

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەرگە قامچا ئېسىشقا بۇيرىدى» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئابدۇررازاق ۋە تەبەرانىيمۇ ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قامچىنى ئۆيدىكىلەر كۆرەلەيدىغان جايغا ئېسىڭلار، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەدەپتۇر!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ھاساڭنى ئۆي ئۆيدىكىلەردىن كۆتۈرمىگىن» دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە ۋە ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجەلەر ئۆز سەنەدلىرىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قامچىنى ئۆيدىكىلەر كۆرەلەيدىغان بىر جايغا ئېسىڭلار!» دېگەنلىكىنى رىۋايە قىلىدۇ. دېمەك، بالىنىڭ قەستەنلىك بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىن، بولۇپمۇ، خاتالىقنى داۋام قىلىشىدىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۆيدە ئۇلارنى ئەدەپلەيدىغان تاياق ياكى قامچىدەك نەرسىلەرنى ئۇلار كۆرۈپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇپ قويۇشمۇ، ئۇلارنى ئەدەپلەشنىڭ بىر ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدۇر.

## ئىككىنچى باسقۇچ: قۇلاق سوزۇش

بۇ باللارغا قارىتا يۈرگۈزۈلىدىغان جىسمانىي جازانىڭ بىرىنچىسىدۇر. باللار قۇلىقى سوزۇلغاندا، ئۇزىنىڭ خاتا قىلغانلىقى ياكى خاتالىقنى قەستەن داۋام قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تېتىيدۇ ۋە خاتالىقىغا قارىتا ئەدەپلەنگەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي «ئەزكار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئىبنى سۇننىينىڭ كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مازىنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىدىن ھېكايە قىلىپ: "بىر كۈنى ئاتام ماڭا بىر سېۋەت ئۈزۈمنى كۆتەرتىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بېرىشكە ئەۋەتتى، مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ ئۈزۈمدىن يېدىم، قايتىپ كەلگەندە، ئاتام مېنىڭ قۇلىقىمنى سوزۇپ تۇرۇپ: ئى خائىن! ـ دېدى."»

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باسقۇچ: ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ قائىدىلىرى

بالىنى ئەدەپلەشتە تاياق، قامچا كۆرسىتىپ تەھدىت سېلىش ۋە قولاق سوزۇشتەك ئۇسۇللار پايدا بەرمىسە، بالا يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىۋەرسە، ئۈچىنچى باسقۇچنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدا ئاتا - ئانا ۋە بالا تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ ئۆز خاھىشلىرى بويىچە ئۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بالىنى ئۇرۇشنىڭمۇ چەكلىمىسى، شەرتلىرى ۋە قائىدە - تەرتىپلىرى بار.

## بىرىنچى قائىدە، بالا ئون ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئۇرۇش

بۇنىڭ دەلىلى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ئۇلارنى ئۇرۇڭلار!» دېگەن ھەدىسىدۇر. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامدىكى ئاساسلىق ئەركان بولغان نامازدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەمەلنى قىلمىغان بالىنىمۇ ئون ياشتىن بۇرۇن ئۇرۇشتىن چەكلىدى. دېمەك، نامازدىن ئىبارەت شۇنداق مۇھىم بىر ئەمەلدە ئون ياشتىن ئاشقىچە ئۇنى قىلمىغان بالىنى ئۇرۇش جائىز بولمىغان يەردە تۈرمۇشتىكى ئەخلاق ۋە باشقا جەھەتلەردە خاتالىق سادىر قىلغان بالىلارنى ئون ياشتىن بۇرۇن ئۇرۇش تېخىمۇ چەكلىنىدۇ. چۈنكى تەربىيەدىكى ھەرقانداق بىر قاتتىق تەلەپمۇ نامازدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ، ھەر قانداق ياخشى نەرسىگە دەۋەت قىلىنغان تەربىيەمۇ نامازغا قىلىنغان دەۋەتتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر، ئەلۋەتتە!

ئۇنداقتا ئون ياشتىن بۇرۇنقى ئۇرۇش ئۇسۇلى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئون ياشتىن بۇرۇن بالىغا بېرىلىدىغان ئۇرۇش جازاسىنىڭ ئورنىغا سەۋرچان بولۇش، بالىغا كۆيۈمچانلىق بىلەن تەربىيە قىلىش ئېلىپ بېرىلىشى زۆرۈردۇر.

ئىسمائىل ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمام ئەھمەد (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تىن بالىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇرۇش ھەققىدە پەتىۋا سورىدىم. ئۇ: ”ئۇرۇش ئون ياشقا كىرگەندە“ دەپ جاۋاب بەردى.» ئەبا ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: «يېتىم بالا ئەدەپلىنىدۇ ۋە پەقەت يېنىكلا ئۇرۇلىدۇ.» ئەسرەم مۇنداق دېگەن: «ئەبا ئابدۇللاھتىن مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى ئۇرۇشى ھەققىدە سورالغاندا: ”ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆتكۈزگەن

گۇناھلىرىنىڭ ئىغىر- يېنىكلىكىگە قاراپ ئۇرۇلىدۇ، لېكىن ئۇرۇش بەك تەۋسىيە قىلىنمايدۇ، ئۇرغاندىمۇ قاتتىق ئۇرۇلمايدۇ، ئەقلى توشمىغان كىچىك بالا بولسا ئۇرۇلمايدۇ" دېگەن.»

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى بالىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئاتا- ئانىلار ۋە تەربىيىچىلەر پەقەت بالىغا نىسبەتەن ئەقىل ۋە تەدبىر ئىشلىتىشكە مەجبۇركى ئۇرۇشقا ياكى ئۇرۇشقا ئالدىراشقا بولمايدۇ. ئەگەر بىر بالا تېخىچە جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن يېتىشۋاتقان مەزگىلدە بولسا، بالىنى كۆپ ئۇرۇش بالىنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ نورمال يېتىلىشىگە زىيان يەتكۈزۈشى ۋە ياكى بالىنىڭ ئەقلىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇشى، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنىڭ نورمال شەكىللىنىشىگە، روھىي كەيپىياتىنىڭ نورمال بولۇشىغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن. ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇرۇشنى تاماقتىكى تۇزغا ئوخشىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تاماقتا سېلىنغان ئازغىنە تۇز تاماقنىڭ تەمىنى ياخشىلىغىنىدەك، تەربىيىلەش جەھەتتىكى يەڭگىل ئۇرۇشمۇ بالىنىڭ ئەدەپلىنىشىدە بەزىدە ئىجابىي رول ئوينىشى مۇمكىن. يەنىمۇ تەكىتلەش مۇمكىنكى، ئۇرۇشتىكى مەقسەت تەربىيىلەشتە يەتمەكچى بولغان مەقسەت ئۈچۈن پەقەت ياردىمى بولۇشى ئۈچۈندۇركى، ھەرگىزمۇ ئاتا- ئانا ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارنىڭ بالىدىن ئىنتىقامىنى ئېلىۋېلىشى ۋە ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن ئەمەستۇر.

ئاتا- ئانا ۋە بالا تەربىيىلىگۈچىلەر ئۇنۇتماسلىقى كېرەككى، بالىنى كۆپ ئۇرۇش، ئۇرۇشنى تەربىيىلەش ۋە ئوڭشاشنىڭ بىر ۋاستىسى قىلىۋېلىش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ، ھۆرمىتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، تاياقنىڭ كۈچى تەسىر قىلمايدىغان، ئەقلىي ۋە پىكرى جەھەتتە ناتوغرا ئاڭ پەيدا بولىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

دارۇ قۇتنىنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمۇسا ئون ئۈچ ياشتا ئۇرۇڭلار!» دېگەن ھەدىسىگە قايتساق، بالىنى ئۇرماسلىق مۇددىتىنىڭ ھەتتا 13 ياشقا سوزۇلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى بۇ مۇمكىن بولغىنىچە ئۇرماسلىق، ئۇرۇش لازىم بولغاندىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۇزۇنى تۈتۈۋېلىش، سەۋر قىلىش ۋە ئاچچىقى بىلەن ئۇرماسلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## ئىككىنچى قائىدە، ئۇرۇشنىڭ سانى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۈچ قېتىمدىن، قىساس ئۈچۈن ئون قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىك

تەربىيىلەش ياكى قىساس ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ قېتىم سانى ھەرقانداق ئەھۋالدا ئون قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم. بۇنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ھەد جازالىرىدىن[1] باشقا ھەرقانداق ئەھۋالدا بىراۋغا ئوندىن ئارتۇق قامچا ئۇرۇشتىن توساتتى» دېگەن ھەدىسىدۇر. ئابدۇررازاقنىڭ مۇسنەدىدە: «ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ھەد جازالىرىدىن باشقا ھەر قانداق بىر جازا ئۈچۈن ئون قامچىدىن ئېشىپ كېتىش يوق» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر بىراۋنى ئۇرۇش ئۈنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە بەلگىلەنگەن ھەد كېلىدىغان جازا بولمىغانلا بولسا، ئۇنى ئون قامچىدىن ئارتۇق ئۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بىر بالا ئېھتىلام بولمىغان يەنى بالاغەتكە يەتمىگەنلا بولسا، شەرىئەتتىكى ھەد جازاسىمۇ ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ، پەقەت كېيىنكى زامانلاردا يەنە بۇنداق جىنايەتلەرنى سادىر قىلماسلىقى ئۈچۈن ئەدەپلەش تەربىيەسى بېرىلىدۇ. قازى شۈرەيھ: «خۇددى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈچ قېتىم سىققىنىدەك قۇرئان ئۆگەتكۈچىمۇ ئۆگەنمىگەن بالىنى پەقەت ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرماسلىقى كېرەك» دەيدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزمۇ ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ۋالىيلارغا: «مۇئەللىملەر بالىلارنى ئەدەپلەشتە ئۈچنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئۇرۇش بولسا، پەقەت بالىلارنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈندۇر» دەپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. زەھھاكتىن قىلىنغان رىۋايەتتە بۇ ھەدىس: « مۇئەللىم ئۈچتىن ئارتۇق ئۇرمىغاي، ئۈچتىن ئارتۇقىنى قىساستۇر» دېگەن شەكىلدە بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بالىنى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇرغاندا ئۈچتىن ئارتۇق، بىراۋدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۇرغاندا ئون قېتىمدىن ئارتۇق ئۇرۇلمايدۇ. پەقەت شەرئى ھۆكۈمدە ھەدكە بۇيرۇلغان كىشىلەرلا بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنى ھەددە بەلگىلەنگىنى بويىچە ئۇرۇلىدۇ.

---

[1] زىنا ۋە تۆھمەتخورلۇققا ئوخشىغان جىنايەتلەرگە دەررە ياكى قامچا بىلەن بېرىلىدىغان جازا ھەد دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇرغاندىمۇ باللار ئارىسىدا ئادىل بولۇش لازىمدۇر. ھەسەندىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ: «مۇئەللىم باللار ئارىسىدا ئادىللىق قىلمىسا زالىملار قاتارىغا يېزىلىدۇ» دېگەن.

ئاگاھلاندۇرۇش كېرەككى، بەزى نادان ياكى ئەخمەق كىشىلەر ئۇرۇشنى ئۆز خاھىشى بويىچە رەھىمسىزلىك ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىلىپ بارىدۇ. گويا ئۇرۇش ئۇلارنىڭ تەربىيىلەشتىكى بىردىنبىر ۋاسىتىسىدەك ئۇنى خالىغانچە قوللىنىدۇ. بۇ ھەقتە شەيخ مۇھەممەد خىزىر ھەسەن ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالايلى، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ: «مەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئاماز ئەسىرگە ئەزان ئېيتىلغاندا بارغانىدىم، مەسجىد سالىمى (تەھىييەتۇلمەسجىد) نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن قۇرئان ئۆگىنىۋاتقان ئىككى گۇرۇھ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ قالدىم. ئارىدىن بىر مۇئەللىمنىڭ قىلىقىدىن يۈرىكىم ئەپسۇسلىنىشتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ قولىدىن تاياق چۈشۈرمىگەن ھالدا دەرس بېرەتتى. ئۇنىڭدىن تاياق يېگەن بالا ئۇرۇلغان تاياقنىڭ قاتتىق زەربىسىدىن سەكرەپ كېتەتتى. تاياققا چىدىيالمىغانلىرى مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىن ئۆزىنى ئاززاقلا تارتقىدەك بولسا، مۇئەللىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قامچىلايتتى. مەن يېنىمدىكى بىر ئەزھەرلىككە: "بۇلار بىلەن بىللە تۇرغان كىشىلەرمۇ چوقۇم ئۇزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدىكەن" دېدىم. ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن بەنزىرۇت دېگەن شەھەردە قارىلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا خۇتبىدە «ئەل مەدخەل» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئورۇنلاشتۇرغان: "باللارغا مەرھەمەتلىك بولۇش. ناۋادا مۇئەللىم ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۈچتىن ئارتۇق ئۇرماسلىق. ئۇرۇشتا قۇرۇق بادام ياغىچى، ئۇرۇك ياغىچىنىڭ تايىقىدەك نەرسىلەر بىلەن ئۇرماسلىق" دېگەن مەزمۇنلارنى كىرگۈزدۈم. مەن بۇ تۆردىكى ئەدەپلەش مەزمۇنلىرىمنى سۆزلىگىنىمدە، بەزى مۇئەللىملەر ماڭا خەت ئەۋەتىپ: "بۇ تالىپلارنىڭ بىزگە قارشى جاسارەتلىرىنى ئاشۇرغانلىق" دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇ خىل ئەدەپ مەزمۇنلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىدى.»

ئاتا- ئانىلار ۋە تەربىيىچىلەر باللارنى ئۇرۇپ ئەدەپلەشتە ئۇرۇشنىڭ كەيپىياتى، ھالەتلىرى، ماكانى ۋە ئۇسۇلىنى بىلمەسلىكى سەۋەبىدىن، ئەدەپلەشنى تەربىيە قىلىش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ياخشىلاشقا يېتەكلەش ئۈچۈن بىر ۋاسىتە قىلماستىن، بەلكى ئۇنى دەردىنى چىقىرىۋېلىش ۋە ئىنتىقام ئىېلىش ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ ئەھۋاللارنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرۈشنى بىر مەجبۇرىيەت دەپ قارايمىز.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى قائىدە، ئۈرۈشنىڭ ھالەتلىرى، ئورنى ۋە ئۇسلۇبىغا رىئايە قىلىش

ئۈرۈشنىڭ ھالەتلىرى، ئورنى ۋە ئۇسلۇبىغا رىئايە قىلىش بولسا، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋە تەربىيىچىلەرنىڭ نادان ۋە ھاماقەتلىكلىرىنى مەلۇم بىر قائىدىگە سالىدۇ ۋە ئۇلارنى بۇلارغا رىئايە قىلماسلىقنىڭ نەتىجىسى بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇكى، ئۇلار بۇ قائىدىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن قىلغانلىرىنىڭ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئىنتىقام ئېلىش ۋە شەپقەتسىزلىك قىلىشتىنلا ئىبارەت بولغانلىقىنى بىلىدۇ. بىز بۇ سۆيەتلەرنى بىلدۈرۈشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلىگەن ھەدلىرىدىن بىرىگە سېلىشتۇرساقلا، تەربىيىلەش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇش جازاسىنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ھەدكە نىسبەتەن نەقەدەر يەڭگىل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بەزى ئاتا-ئانىلار ياكى باللا تەربىيىلىگۈچىلەر باركى، ئۇلار باللارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ھەتتا ئاللاھنىڭ شەرىئەتتە جازالاشقا لايىق بولغان ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ھەد ئارقىلىق جازالاش ئۇسۇلىدىنمۇ ئاشۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانا ۋە تەربىيىچىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىنى توغرا بولغان بىر قائىدىگە سېلىش ئۈچۈن ئەدەپلەشنىڭ بەزى قائىدىلىرىنى تىزىملىق ئوتتۇرىغا قويۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

**1 - ئۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان نەرسىلەر**

بۇ ھەقتە ئەبۇئەلا مەۋدۇدى «زىنا ھەددىنى ئادا قىلىشتا قوللىنىلىدىغان قورالنىڭ تۈرى» دېگەن بابتا مۇنداق دەيدۇ: «زىنا ئۈچۈن ئۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قورالنىڭ قامچا ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىشتا قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە تايىنىلىدۇ. قۇرئاندا "فاجلدوا" (يەنى قامچىلاڭلار) دەپ بۇيرۇغان، "الجلد" دېگەنلىك ئەرەبچىدىكى گىرامماتىكىلىق يەشمە بويىچە بولغاندا، ئىنسان جىسمىنىڭ تاشقى قىسمىدىكى تېرىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭلاشقا تەپسىرشۇناس ۋە لۇغەتشۇناس ئالىملار: "قامچىلاشتا قامچا پەقەت تېرىنىڭ تاشقى يۈزى قىسمىغىلا تېگىشى، تېرە ئاستىدىكى گۆش قىسمىغا تەگمەسلىكى، تاياقنىڭ گۆشلەرنى ئېزىۋەتمەسلىكى، ياكى تېرىنى شىلىپ گۆشنى تىتىۋەتمەسلىكى لازىمدۇر، ئۇنداق بولمىغاندا، قۇرئاندىكى مەنىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ" دەيدۇ.»

ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق ياكى قامچىنىڭ قاتتىق-يۇمشاقلىقى، ئىنچىكە-توملۇقى، نورمال بولۇشى كېرەك. ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» دا زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ

كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنى قامچا كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ئۇنىڭغا سۇنۇق بىر قامچا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ياخشىراقىنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا مېۋىسى ئۈزۈلمىگەن بىر دەرەخ چىۋىقى كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىرەك بىر نەرسىنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، بىرتال چىۋىق كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى قامچىلاشقا بۇيرىدى.»

ئەبۇ ئوسمان ئەننەھدى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاتتىق چىۋىق كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇنىڭدىن سەل يۇمشاقراقىنى“ دېدى. ئۇنىڭغا يۇمشاق بىر چىۋىق كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇنىڭدىن سەل قاتتىقراق بولسۇن!“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بەك قاتتىقمۇ ئەمەس ۋە بەك يۇمشاقمۇ ئەمەس بىر چىۋىق كەلتۈرۈلدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇر!“ دەپ بۇيرىدى.»

ئۇرۇش ئۈچۈن تاياق ياكى باشقا چىۋىقتەك نەرسە تاللىغاندا ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇختىقى، چومىقىدەك نەرسىلىرى بولماسلىقى كېرەك. مەشھۇر فىقھشۇناس ئالىم شەيخ شەمسىدىن ئىنبانى بالىلارنى ئەدەپلەش قوراللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چىۋىق ياكى نوتىدا تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىشى لازىم:

بىرىنچى، ھەجمى نورمال بولغان نوتا ياكى تاياق بولۇشى. ئىككىنچى، تاللانغان تاياقنىڭ قۇرۇق- ھۆللىكى نورمال بولۇشى، يەنى بەك قۇرۇق ياكى بەك ھۆلمۇ بولماسلىقى، بەك ئېغىر بولماسلىقى لازىم. ئۈچىنچى، ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسە چوقۇم مۇئەييەن بىر نەرسىگە بېكىتىلىپ قېلىنماستىن، نورمال بولسىلا قامچا، چىۋىق، نوتا، كەش ۋە بىر ئۈچى باغلىنىپ بىر ئاز قاتتىقلاشتۇرۇلغان كىيىم بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.»

### 2 ـ ئۇرۇش ئۇسۇللىرى

ئۇرۇش ئۇسۇلى بەك قاتتىقمۇ ياكى بەك يەڭگىلمۇ بولماسلىقى لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىراۋنى ئۇرۇپ ئەدەپلىمەكچى بولغان كىشىگە: «ئۇرغاندا قولتۇقىڭنى كۆتۈرمە!» دەيتتى. بارلىق فىقھشۇناس ئالىملار بۇنىڭدىن ئۇرۇشنىڭ قاتتىق بولماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا بىردەك كۆز قاراشتىدۇر.

مەشھۇر فىقھشۇناس ئالىم شەمسىدىن ئىنبانى «رىسالەتۇل رىيادىياتۇل سىبيان» (بالىلارنى چېنىقتۇرۇش رىسالىسى) دېگەن كىتابىدا بالىنى قانداق ئەدەپلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1. ئۇرغاندا بىرلا يەرگە تەكرار ئۇرۇۋەرمەستىن باشقا ـ باشقا يەرگە ئۇرۇشى.

2. بىرىنچى بىلەن ئىككىنچى تاياقنىڭ ئارىلىقىدا، بىرىنچى تاياقنىڭ ئاغرىقى ئازراق پەسەيگىچە ۋاقىت ئۆتۈش كېرەك.

3. ئۇرغۇچى قولى بىلەن ئۇرغاندا، قولىنى قولتۇقى كۆرۈنىدىغان دەرىجىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرماسلىق.»

دېمەك، ئۇرۇش ئۇچۇن قويۇلغان بۇ سىستېمىلىق قائىدە ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئەدەپلەشنىڭ پەقەتلا بالىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشى، بالىنىڭ يامانلىقتىن ياخشىلىققا يېنىشى، بارغانسېرى چېكىنمەستىن، بەلكى ئالغا ئىلگىرىلىشى، ناچار خۇلقتىن ئېسىل خۇلققا قاراپ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

### 3 ـ ئۇرۇلىدىغان ئورۇنلار

ئۇرغاندا مۇقىم بىر ئورۇنغىلا ئۇرماي بەلكى بەدەننىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىگە ئۇرۇش لازىم.

پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىچىدە يۈز قىسمى بىلەن جىنسىي ئەزا قىسمىدىن باشقا ھەممە يەر جازانىڭ تەمىنى تېتىشى لازىم. ھەنەفىي مەزھەبىنىڭ قارىشىدا: باش قىسمىغا ئۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ـ دېيىلگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بىرى كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭغا لازىم بولغان ھەد جازاسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇن: «ئۇر! بەدەندىكى ھەر بىر ئەزانىڭ جازادا ھەققى بار. پەقەت يۈز ۋە جىنسىي ئەزالىرىغا ئۇرۇپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىل!» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ: «سىلەردىن بىرى بىراۋنى ئۇرغاندا، يۈز قىسمىغا ئۇرۇپ سېلىشتىن ھەزەر قىلسۇن!» دېگەن. (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.)

ئىبنى سەھنۇن «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆكۈملىرى» دېگەن رىسالىسىدە نەقىل قىلىنغىنىدەك، ئىككى ئاياقتا ئۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ، ھەمدە ئۇ: «بالىنىڭ باش قىسمىغا ۋە ياكى يۈز قىسمىغا ئۇرۇپ قىلىشتىن ساقلانغاي!» دەيدۇ. سەھنۇن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «باشقا ئۇرۇشقا بولمايدۇ، باشقا ئۇرۇش مېڭە قىسمىنى زەھمىلەندۈرۈپ قويۇشى ياكى كۆزگە زەرەر بېرىپ قويۇشى ياكى باش قىسمىدا بىرەر يامان جاراھەت ئىزىنى قالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنى ئۇرغاندا يۈز بىلەن باش قىسمىغا ئۇرۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئىككى پاچاقتا ئۇرغاندا، ئاغرىققا چىداش ۋە سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىككە پايدىلىقتۇر.»

شەمسىدىن ئەلئىنبانى ئۇنىڭغا: «يۇزىگە ۋە ئاسان ئۆلۈپ قالىدىغان يېرىگە ئۇرماسلىق لازىم» دېگەن مەزمۇننى قوشۇپ قويىدى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇجەملەتەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سۇلايمان ئىبنى سەئىد مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ئابدۇلمەلىكنىڭ ۋەلىد ۋە سۇلايمان ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنى تەربىيىلەيتتى. ئابدۇلمەلىك بىر كۈنى سۇلايمانغا: «ئى سۇلايمان! باللىرىمنىڭ يۈزىگە ئۇرمىغىن!» دېگەن. سۇلايمان ئەخلاق تەربىيىسىدە قاتتىق قول ئادەم ئىدى.

مەرۋان ئىبنى شۇجائىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «ئىبراھىم ئىبنى ئەبۇئەبلە ئابدۇلمەلىكنىڭ ئوغلى ۋەلىدنىڭ ئوغلىنى تەربىيىلەيتتى. ۋەلىد بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇنىڭ بىر قىز بالىنى باشقا بىر بالىغا ھاپاچ قىلدۇرۇپ قويۇپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: "ئى ئىبراھىم! توختا، قىزلارنىڭ دۈمبىلىرىگە ئۇرۇلمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ۋە ئالقانلىرىغا ئۇرساڭ بولىدۇ" دېگەن.»

يۇقىرىقىلاردىن ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتقا ئۇرسا بولىدىغانلىقىنىڭ ھۆكمى كۆچلۈكرەكتۇر.

## تۆتىنچى قائىدە: ئاچچىقلانغاندا ئۇرماسلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانغا ئاچچىقلىماسلىقىنى، ئاچچىغلىنىشتىن مۇمكىن بولغىنىچە يىراق تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى! ماڭا نەسىھەت قىل!" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاچچىقلانما!" دېگەن ھەم بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ئاچچىقلىنىشنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئاچچىقلانغان ئادەم يامان سۆز قىلىش ياكى بالىنى يامان كۆرسىتىدىغان تىللارنى ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلقابىسى «ئەتتەربىيەتۇ فىل ئىسلام» دېگەن رىسالىسىدە ئاچچىقلىنىشتىن يىراق تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ خاتالىقى كۆپ بولغاندا، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بالىنى يالغۇز قالدۇرۇش، بۇمۇ كار قىلمىغاندا يامان تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھالدىكى ئەدەپ- قائىدىلىك تىللار بىلەن بالىغا كايىش كېرەك. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مۆمىن

بالىغا: ”ئى ھايۋان! ئى مايمۇن!“ دېگەندەك ئىنساننىڭ ئىززىتىنى تېپىشكە ئالايىق، بىزەپ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىشى تۈپتىن خاتادۇر.»

ئاللاھ شۇنداق ئادەملەرنى مەغپىرەت قىلسۇن ۋە شۇنداق ئادەتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىسۇنكى، يامان سۆزلەر ئاچچىقنى باسالمايدىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قازىنىڭ ئاچچىقلانغان ھالدا بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم قىلىشىدىن توسقان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بىر ئادەمنى ئۇرۇشقا بۇيرۇپ بولۇپ ئارقىدىنلا: «ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار!» دېگەن. ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «مەن ئۇنى ئۇرۇشقا بۇيرۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئۆزەمنىڭ ئاچچىقلانغان ھالەتتە ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم ۋە ئۇ ئادەمنى ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇرۇشقا بۇيرۇشنى ياخشى كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەبۇھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «مانا مۇشۇنىڭدەك مۇئەللىم بولغۇچىمۇ بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئىش كۆرۈشى كېرەك. ئۇلارنى ئەدەپلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى لازىم. بالىلارنى ئۇرۇش ھەرگىزمۇ مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقىنى يوقاتمايدۇ، ئۇرۇش ئارقىلىق مۇئەللىمنىڭ دىلى راھەتلىنىپمۇ قالمايدۇ. بۇنداق ئۇرۇش بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسىنى ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشتىن ئىبارەت شەخسىي راھىتى ئۈچۈنلا ئۇرغان بولىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئادىللىق تېپىدىن ئەمەس.»

## بەشىنچى قائىدە: ئاللاھنى تىلغا ئالغان بالىدىن قولنى قايتۇرۇۋېلىش

ناۋادا سىز بالىڭىزنى پاكى تەربىيىڭىز ئاستىدىكى بىرىنى تاياق بىلەن ئەدەپلەۋاتقان بولسىڭىز ياكى ئەدەپلىمەكچى بولسىڭىز، ئۇ بالا ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ پاناھ تىلىسە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قالسا، سىز دەرھال ئۇنى ئۇرۇشتىن قولىڭىزنى تارتىڭ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بالا يا قىلغان يامان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنى تۈزىتىش قارارىغا كەلگەندىلا، ياكى تاياقتا چىدىيالماي ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىدەك ھالغا كەلگەندە ۋە ياكى بولمىسا ئىچىدە قاتتىق قورقۇنچ پەيدا بولغاندا، ئاللاھتىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بالا مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە دۇچ كېلىپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھالدىمۇ ئۇنى ئۇرۇشنى داۋام قىلىش بولسا، ئۇنىڭغا ئاشكارا زۇلۇم قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يەنە داۋاملىق ئۇرۇش ئۇرغۇچىنىڭ مەلۇم غەرەزدە ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ياكى

ئىنتىقام ئېلىشتىن باشقا ئىش قىلمىغان بولىدۇ.

تىرمىزىنىڭ ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەردىن كىمىكى خىزمەتچىسىنى ئۇرسا، ناۋادا ئۇ ئاللاھنى زىكىر قىلسا، ئۇنىڭدىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار» دېگەن.

بەلكىم بەزىلەر: «بالىلار ئاللاھنى زىكىر قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنى تاياقتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن بۇنى ۋاستە قىلىۋالامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. جاۋابى شۇكى، بۇ ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇش ئەلادۇر. شۇنداقلا، بۇ بالىلارنىڭ قەلبىدە ئاللاھنى ئۇلۇغلاشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇرغۇچىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ۋاقتىدىكى ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشى ئۈچۈن بىر داۋادۇر.

بىز ئاللاھنىڭ بالىلارنى ھۆرمەتلەشكە بۇيرىغانلىقىغا ئېتىبار بىلەن قارىمايدىغان ئىمانى سۇس ئادەملەرگە ئاللاھنىڭ بالىلارنى قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆرمەت قىلىپ تەربىيىلەشكە بۇيرىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭمۇ ھەر ۋاقىت ئاچچىقلىنىشقا قادىر تۇرۇپ بەندىلىرىنى كەچۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئى ئاللاھ! بىزنى بالىلىرىمىزغا سەن رازى بولىدىغان شەكىلدە تەربىيە قىلىشىمىزغا مۇۋەپپەق قىلغىن!

ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن بىز بۇ كىتابنىڭ ئاۋۋالقى قىسمىدا ئاتا- ئانىلار ۋە تەربىيە قىلغۇچىلارنى تەييارلاشقا ئائىت مەزمۇنلارنى بايان قىلدۇق، نۆۋەتتىكى قىسمىدا بولسا، ئاللاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ روھى ئارقىلىق بالىنى ئىسلامىي ئەخلاقتا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئائىت مەزمۇنلارنى بايان قىلىمىز. ئاللاھ مۇۋەپپىقىيەت قازاندۇرغۇچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئىككىنچى قىسىم

## بالىنىڭ ئىسلامىي شەخسىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش

مۇقەددىمە
بىرىنچى: بالىدا ئەقىدە ئاساسىنى تۇرغۇزۇش
ئىككىنچى: ئىبادەت ئاساسىنى تۇرغۇزۇش
ئۈچىنچى: ئىجتىمائىي نوپۇزىنى تۇرغۇزۇش
تۆتىنچى: ئەخلاقىنى بەرپا قىلىش
بەشىنچى: ھېس- تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىش
ئالتىنچى: ئىلمىيلىكىنى بەرپا قىلىش
يەتتىنچى: جىسمانىي مەۋجۇتلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش
سەككىزىنچى: ساغلاملىقىنى قولغا كەلتۈرۈش
توققۇزىنچى: جىسمانىي خائىشلىرىنى تەرتىپلەشتۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«”ھەرقانداق بىر بالا ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى يا ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ يا خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ، بۇ خۇددى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ بالىسىنى مۇكەممەل شەكىلدە تۇغقىنىغا ئوخشاشتۇر، سىلەر ئۇنىڭدا بىر كەمتۈكلۈكنىڭ بارلىقىنى سەزدىڭلارمۇ؟“ ئاندىن ئەبۇھۇرەيرە: ”خالىساڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھ نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾ (سۈرە رۇم 30 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار“ دېدى.»

— سەھىھۇل بۇخارىدىن

# مۇقەددىمە

ئۆزگە ئىشەنچ تۇرغۇزالايدىغان خاراكتېردىكى كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا زور تەسىرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق خاراكتېر ھەر تەرەپتىن پەرۋىش قىلىنغاندا ۋە ھەممە تەرەپتىن تەربىيىلەنگەندىلا، ئاندىن ئاشۇنداق تەسىرگە ئىگە بولىدىغان مۇكەممەللىككە ئىگە بولىدۇ.

تارىخقا قاراپ باقىدىغان بولساق، بىر ئادەمنىڭ ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن كىشىلىك شەخسىيىتىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاللاھنىڭ يولىدىن چىققان ناچار ھالەتنى پەقەتلا زورلۇق كۈچى ئارقىلىقلا ئۆزگەرتەلەيدۇ، بۇنداق كۈچ بولسا ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كەلمەيدۇ، مەيدانغا كېلىشى بولسا تەييارلىقسىز، ئەمەلىيەتسىز، تەربىيەسىز بولمايدۇ، بىر ئادەمنى بۇنداق كۈچلۈك بىر شەخسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن دەۋرى دەل شۇ ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرىدۇر.

ھەممىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ بالىلىق دەۋرى ھاياتلىقلارنىڭ يېتىلىش مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بىر دەۋردۇر، شۇنداقلا ھەرقانداق نەرسىنى ئېگى ۋە ھەرىكىتىدە ئەڭ تېز قوبۇل قىلىدىغان دەۋرىدۇر. ئۇ يەنە پاك- غۇبارسىز، سەمىمىي بىر خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئالىيجاناپ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر دەۋرىدۇر. بالا تەربىيىلىگۈچىلەر، ياكى ئاتا- ئانىلار بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە بالىغا خالىغان نەرسىلىرىنى ئۆگىتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ نىشانى بويىچە ماڭدىغان قىلالايدۇ ۋە ئۇلاردا بار بولغان تالانت ۋە ئىقتىدارلارنى بايقىيالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بالىنىڭ قانداق تەربىيىلەنسە ۋە ياكى قانداق بىر تەربىيىلەش مۇھىتىغا ئېرىشسە، كەلگۈسىدە نامايەندە قىلالايدىغان ئىقتىدارىنىمۇ، ئەگەر تەربىيەسىز، پەرۋىشسىز ۋە ئېتىبارسىز تاشلىۋېتىلسە، كەلگۈسىدە قانداق بىر ئادەم بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ. ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا تەربىيىلەشنىڭ يوللىرىنى، كەلگۈسىدە كېلىپ چىقىدىغان ناچار ئاقىۋەتلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالدىن ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مانا بۇلار، بىر ئادەمنىڭ مۇكەممەل كىشىلىك شەخسىيىتىنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلىشىدە ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىشلاردۇر. شۇڭا ئاتا- ئانىلار ياكى بالا تەربىيىلىگۈچىلەر بالىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بالىلىق دەۋرىدىن تەربىيىلەشكە باشلايدۇ، بۇنىڭغا دائىر مەزمۇنلارنى كىتابنىڭ ئالدىنقى

قىسمىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بۇ يەردىمۇ ئازراق بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇق.

لايىقىدا كەلتۈرۈلگەن مۇۋاپىق مىساللار مەنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، شۇنداقلا مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىقتۇر. شۇڭا ئالدىنقى قىسىمدا مەقسەتلىرىمىزنى مىساللار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقىنىمىزدەك ھازىرمۇ بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشنى لايىق كۆردۇق. مەقسەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بايان قىلغان سۆزلىرىمىزنىڭ ئۇزىراپ، چۇۋالچاق بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نەزىرىيىۋي سۆزلەرنىڭ، پەلسەپۋي قاراشلارنىڭ بايانىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن بايان قىلىنىشىدىن ئامال بار ساقلاندۇق. ھەر ئىش ياخشى نىيەتلىك بولۇشنى شەرت قىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئىجازەت بىلەن مۇۋەپپىقىيەتلىك بولىدۇ.

ئىبنى سىنا «سىياسەت» دېگەن كىتابىنىڭ «بالىلارنى دەسلەپكى باسقۇچتا تەربىيىلەش» دېگەن بۆلۈمىدە مۇنداق دەيدۇ: «بالا سۈتتىن ئايرىلغان ھامان، ئۇنىڭغا ناچار ئەخلاقلار سىڭىپ بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ بالىغا ئەدەپ ئۆگىتىش ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلاش كېرەك!» ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە ئاساسلانغاندا بالا سۈتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ھەر خىل ناچار خۇلق- مىجەز ۋە ئەخلاقلارنىڭ ئۇنىڭ ئېڭى ۋە ھەركىتىدە مۇقىملىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇلقىنىڭ تەربىيەسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. بالىنىڭ سۈتتىن ئايرىلىش ۋاقتى دەل ئۇنىڭغا ياخشى- يامانني، توغرا- خاتانى، چۈشەندۈرىدىغان، توغرىنى تونۇتۇپ ياماندىن توسىدىغان، ياخشىلىق تەرەپكە دىلىنى مايىل قىلىپ، يامان ۋە ناچار خاھىشلاردىن نەپرەتلىنىشكە ئۆگىتىدىغان دەۋرىدۇر. بىز تۆۋەندە بالىنىڭ كىشىلىك شەخسىيىتىنى تىكلەشنىڭ ئاساسلىرى ھەققىدە بايانىمىزنى باشلايمىز، ھەم ئاللاھتىن مۇۋەپپىقىيەت تىلەيمىز.

# بىرىنچى بۆلۈم

## بالىدا ئەقىدە تۇرغۇزۇش

بىرىنچى: بالىغا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆگىتىش

ئىككىنچى: ئاللاھنى سۆيۈشنى ۋە ئاللاھ نىڭ دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئاللاھتىن ياردەم سوراشنى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىش

ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئۇلۇغ ساھابىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىش

تۆتىنچى: قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش

بەشىنچى: ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئۆگىتىش

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى، ياكى «ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساۋاب بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟» دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ (گۇمراھلىقتىن، ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەگىشىشتىن) قايتىشلىرى ئۈچۈن، ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز[1].﴾

---

[1] سۈرە ئەئراف، 172 ـ دىن 174- ئايەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

ئىسلام ئەقىدىسى دېگىنىمىز ــ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى- يامانلىقى ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. خوش! بۇ ئەقىدە بالىلارغا قانداق ئۇسۇلدا تەقدىم قىلىنىشى كېرەك؟ بالىلارغا بۇلار قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ بۇ سوئاللار قارىماققا كىشىنى بىرئاز گاڭگىرىتىشى مۇمكىن، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا مۇئامىلە قىلىش يولى بىلەن بەش ئاساسىي رۇكۈنى بىلدۈرگەنلىكى ياكى بىلدۈرۈشكە يېتەكلىگەن يولى بىزگە ئۈلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىزگە يۇقىرىدا ئۆتكەن بەش ئاساسىي رۇكىنىنى بالىلارنىڭ قەلبىگە مۇستەھكەم ئورنىتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىمام غەزالى بالىنىڭ ئەقىدە ئاساسىدا چوڭ بولۇشى ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنىڭغا ئەقىدە كەلىمىسىنى ئۆگىتىشكە ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەقىدىنى بالىغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆگىتىش، ئۇنىڭ ئېسىدە قالدۇرۇش لازىم. كىچىكلىكىدە زېھنىگە ئورنىغان ئەقىدە تەلىماتى بالا چوڭايغانسېرى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىدە نامايەندە بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى بولسا، ئېسىدە يادقا تۇتۇش، مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭدىكى مەنىلەرنىڭ توغرىلىقىغا ئېتىقاد ۋە ئىشەنچ قىلىش ھەم ئۇنى تەستىقلاشتەك ئەمەلىيەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ نەرسىلەر بالىنىڭ تەبىئىتىدە ھېچقانداق بىر دەلىل كۆرسىتىش ياكى ئىسپاتلاش مىساللىرىنى كەلتۈرۈشتىن بىھاجەت ھالەتتە ھاسىل بولىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن بالىنىڭ ئىمانلىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈن ئەقىدىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، دەلىل ھۆججەتلەرنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت قالمايدۇ.»

غەزالى يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن كېيىن ئەقىدىنى بالىلارنىڭ دىلىغا ئورنىتىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر بالىنىڭ ئەقىدىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭ دىلىغا ئەقىدە تەلىماتىنى مۇستەھكەم ئورنىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا نەزىرىيە ئارقىلىق تەلىمات بېرىش، ئۇنىڭ بىلەن بەس- مۇنازىرە ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەپسىرلىرىنى ئوقۇش، ھەدىس ۋە ئۇنىڭ شەرھلىرىنى بىلىش، ئىبادەتنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ئادا قىلىشتەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئۆگىتىلىدۇ. ئەمەلىي ھاياتتا قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان قۇرئان

تىلاۋەتلىرى، كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئىجرا قىلىنغان بۇيرۇقلىرى، ئادا قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرۇشى بىلەن بالىنىڭ ئەقىدىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشكە باشلايدۇ.» چۈنكى ھەر قانداق بىر بالا ئىسلامنى تونۇش ئەقىدىسى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم باللىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: «مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟» دېدى (يەنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم باللىرىنى ئىقرار قىلدۇردى، ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى). ئۇلار: «ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق» دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: «بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز» دېمەسلىكلىرى... ئۈچۈندۇر[1].﴾

ئىمام مۇسلىم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قۇددۇسىدا بۇ نۇقتا تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، مەن بەندىلىرىمنى دىنىنى تونۇش ئەقىدىسى بىلەن ياراتتىم، ئاندىن شەيتان كېلىپ ئۇلارنى دىنىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارغا مەن ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغۇزدى.»

شەيخ موللا ئەلى قارى ئەبۇھەنىيفە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇسنەدىگە قىلغان شەرھىسىدە: «ھەر بىر بالا فىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ» دېگەن ھەدىسنى كەلتۈرگەندە، بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بۇ يەردىكى فىترەتنىڭ مەنىسى ئاللاھنى بىر دەپ بىلىدىغان ئىسلام فىترىتى بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئىنسانىنىڭ تۇغۇلغان ھالىتىدىكى خۇلقىنىڭ تەبىئىتىگە دەخلىسىز قويۇپ بېرىلسە، ئۇ ئىمانىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىدىن باشقىنى تاللىمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر شەكىلدە يارىتىلغاندۇر. ناۋادا ئىنسان ئاشۇ تەبىئىتىگە قويۇپ بېرىلگەندە، ئۇ تا ئەبەدكىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلماي شۇ تەبىئەت بىلەن ياشىغان بولاتتى دېگەنلىكتۇر» دەيدۇ.

بەزىلەر: «بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، ھەر بىر يېڭى تۇغۇلغان بالا ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھنى ئېتىراپ قىلىش، ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىيىتى ئاللاھنىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ھالدا بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ سۆز ئەبۇھەنىيفەنىڭ: «ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىشىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 171 ـ ئايەت.

ئەقلىي ئاللاھنى تونۇشى لازىمدۇر» دېگەن سۆزىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە توختالساق، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىنسان ئەۋلادلىرىنى توغرا ئەقىدىگە يېتەكلەش ئۈچۈن ناھايىتىمۇ كۆپ ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالاملار بۇنىڭ بىر مىسالىدۇركى، قۇرئاندا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق ئايەتلەر كەلگەن: ﴿ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى[1].﴾ ئىسمى قۇرئاندا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان زات لوقمان ھېكىمنىڭ ئوغۇللىرىغا قانداق نەسىھەت قىلغانلىقىنى قۇرئاندا مۇنداق بايان قىلىپ كەلدى: ﴿(لوقمان ئېيتتى) «ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر[2].»﴾ بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئاندىكى ئىخلاس سۈرىسى ئېتىقادنىڭ ئەقلىي تەرىپىنى، كافىرۇن سۈرىسى ئېتىقادنىڭ ئەمەلىي تەرىپىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ ئىككى سۈرە قۇرئان كەرىمدە ئەقىدىگە ئائىت ئەڭ قىسقا سۈرىلەردىن بولۇپ، ئاسان ۋە قىسقا نەرسىلەرنى يادقا ئېلىشقا يېشى مۇناسىپ كېلىدىغان بالىلار ئۈچۈن يادقا ئېلىش ئاسانلىق قىلىدىغان بىر ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا، بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ناھايىتى بەك ئېتىبار بەرگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. ئۇ بۇ جەھەتتە، يەنى يېڭى بىر ئەۋلاد ئىسلام ئىز باسارلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى بەك ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان دەسلەپكى مەزگىلىدىلا يېشى تېخى ئونغىمۇ توشمىغان ئەلى ئىبنى ئالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئۇ كېسەل بولۇپ قالغان بالىلارنى يوقلىغاندىمۇ ئۇلارنى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى.

ئىمام ئابدۇررازراقنىڭ مۇسنەدىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس بايان قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي قوشنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ

---

[1] سۈرە بەقەرە، 132 - ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان، 16 - ئايەت.

ئەخلاقى بەك ناچار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئۇنى يوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟" دېدى. بالا ئاتىسىغا قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئوغلىغا: "ئۇ دېگەننى دېگىن" دېدى. ئۇ كېسەل بالا شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆزلەرنى دېدى ۋە جان ئۈزدى. ئۇنىڭ جىنازە ئىشلىرىغا يەھۇدىيلار ئىگە بولماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا بىز بەكرەك ھەقلىق" دېدى ۋە بالىنى يۇيۇپ كېپەنگە ئالدى، باش ـ ئايىغىنى بوغۇپ نامىزىنى چۈشۈردى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىز باسارلىرى بۇ ئىشتىمۇ ئۇنىڭ يولىنى تۇتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدىكى ۋاقتىدا پۈتكۈل ئەرەب دىيارىدا ياشىغۇچى ھېچقانداق بىر يەھۇدىي ۋە خرىستيانىنىڭ بالىسىنى ئىسلامدىن باشقا دىندا قىلىشقا قەتئىي يول قويمايتتى. تەغلىب قەبىلىسىدىن بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇ: «سىلەرنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنلا نېسىۋەڭلار بار ئىدى، ئىسلامدىمۇ نېسىۋەڭلارنى ئېلىڭلار!» دەپ ئۇلارنىڭ باللىلىرىنى خرىستيان قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۇلاردىن ئالىدىغان باجنىڭ مىقدارىنى ئازايتىشقا كېلىشتى.

يۇقىرىقى ئىشنى خەلىپە ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەغلىب قەبىلىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى خرىستيان قىلماسلىقلىرىغا كېلىشكەن كېلىشىمدە گۇۋاھچى قىلىنغان ئىدىم. ناۋادا ئۇلار بالىلىرىنى خرىستيان قىلسا، ئۇلار كېلىشىمگە ۋاپا قىلمىغان بولىدۇ، مەن (ئەلى) ھازىرقى ئىشىمنى تۈگەتسەم، ئەلۋەتتە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن.»

مۇجاھىد ئۇزىنىڭ خرىستيان خىزمەتچىسىگە: «ئى جەرىر! مۇسۇلمان بولغىن» دېدى. ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىن، ئۇلارغا شۇنداق دېيىش ئومۇملاشتى، ـ دەيدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەمەلىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىدە باشقا ئېتىقادتىكى ئادەم بولۇپ كەتمەسلىكى، كاپىر ۋە باشقا دىندىكىلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كۆيۈنۈپ ئېھتىيات قىلغانلىقىدۇر. شۇنداقلا، ئۆزلىرىدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن ياخشى بىر ئۆرنەك بولۇشىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بالىغا تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۆگىتىش

ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارنى "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" دېگەن سۆز ئۈستىگە ئېغىز ئاچتۇرۇڭلار، ئۆلۈش ئالدىدا "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" دېگەن سۆزنى دېگۈزۈڭلار!...»

ئابدۇررازراق يەنە بىر رىۋايەتتە: «شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بالىلىرىنىڭ تىلى چىقىشى ھامان ئۇلارغا يەتتە قېتىم "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" دېگەن سۆزنى ئۆگىتەتتى، شۇنىڭ بىلەن، بالىلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ دەيدىغان سۆزى بۇ بولاتتى» دەيدۇ.

ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!) «تەھكامۇل مەۋلۇد» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېگەن: «بالىلار گەپ قىلالايدىغان ۋاقتىغا كەلگەندە، ئۇلارغا: "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر" دېگەن سۆزنى ئۆگەتسۇن، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ تۇنجى ئاڭلايدىغان سۆزلىرى ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭ تەۋھىدى، ئاللاھنىڭ ئەرش ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقى، ھەر ۋاقىت ھەر نەرسىنى كۆرۈپ ۋە قاراپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقى، ئۇلار قايسى جايدا بولسا، ئۇلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرسۇن. ئىسرائىل ئۇممىتى ئەۋلادلىرىغا ئىلاھىمىز بىز بىلەن بىللە دېگەننى چۈشەندۈرەتتى. ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈنگەن ئىسىمنىڭ ئابدۇللاھ (ئاللاھنىڭ بەندىسى) ۋە ئابدۇراھمان (راھماننىڭ بەندىسى) بولۇشى بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىلىپ چوڭ بولغاندا، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشى مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈندۇر.»

ئابدۇررازاق مۇسەننەفىدە ئابدۇكەرىم ئىبنى ئەبۇئۇمەييەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ھاشىمنىڭ بالىلىرىدىن گەپ قىلىشنى بىلگۈدەك بولغانلىرىغا ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇسانا بالىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج بولمىغان) ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن﴾[①] دېگەن

---

[①] سۈرە ئىسرا، 111 - ئايەت.

ئايىتىنى يەتتە قېتىم ئۆگىتەتتى.»

ئىبنى زەفەر رىۋايەت قىلغان قىسسىسىدە بالىنىڭ ئىككى شاھادەت، يەنى: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن! ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلىغانلىقى بىلەن يۈز بەرگەن ئاجايىپ بىر قىسسە باردۇركى، ئۇ بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئەبا سۇلايمان داۋۇد ئىبنى نەسىر ئەتتائى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بەش ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئۇنى تەربىيىلىگۈچىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرئان ئۆگىنىشنى باشلىغان، ئۇ ناھايىتى تېز ئۆگىنىدىغان بالا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىنسان (ئانىسىنىڭ قورسىقىدا) بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزدى، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنىدىغان نەرسە بولمىدى[1]﴾ دېگەن ئايەتنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئۇنى ياد ئالغاندا ئانىسى ئۇنىڭ تام تەرەپكە قاراپ قولى بىلەن بىر نېمىلەرگە ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئانىسى ئۇنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن چارچاپ بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ:

— ئى داۋۇد! بېرىپ بالىلار بىلەن ئوينىغىن! - دېدى. لېكىن بالا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك بۇرۇنقى ھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئانىسى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئاھ - ۋاھلاشقا باشلىدى. ئانىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن بالا:

— ئانا سىزگە نېمە بولدى؟— دەپ سورىدى.

— ئى داۋۇد! سېنىڭ ئەقلىڭ نەدە؟— دېدى ئانىسى.

— ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بىلەن بىللە.

—ئۇلار نەدە؟

— ئۇلار جەننەتتە.

— ئۇلار جەننەتتە نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ﴿ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقنىمۇ، قاتتىق سوغۇقنىمۇ كۆرمەيدۇ[2]﴾ — دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى بالا جاۋابەن. ئاندىن ئايەت ئوقۇشنى خۇددى بىرنەرسە ئۇستىدە ئويلىنىۋاتقان كىشىدەك بىر ھالەتتە

---

[1] سۇرە ئىنسان، 1 - ئايەت.

[2] سۇرە ئىنسان، 13 - ئايەت.

داۋام قىلىپ: ﴿شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى﴾[1] دېگەن يەرگە كەلگەندە، — ئانا! ئۇلارنىڭ مېھنىتى نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئانىسى ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، — سىز يېتىمدىن قويۇپ كېتىڭ، مەن ئۇلار بىلەن بىللە سەيلە قىلىۋالاي، — دېدى. ئانىسى بالىنىڭ ئاتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ بولغانلاردىن ئۇنى خەۋەردار قىلدى.

— ئى داۋۇد! ئۇلارنىڭ مېھنىتى: "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر!" دېگەنلىكلىرىدۇر، — دېدى ئاتىسى ئۇنىڭغا. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دائىم بۇ سۆزنى دەپ يۈرىدىغان بولدى.»

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلغان ۋەسىيىتىدە ئۇنىڭغا: «ئائىلەڭگە ئىمكانىيىتىڭنىڭ يېتىشىچە نەپىقە بەرگىن، ئۇلارغا قارىتا ئەدەپلەش ھاساڭنى چۈشۈرۈپ قويمىغىن، ئۇلارنى ئاللاھتىن قورقۇتقىن!» دېگەنلىكىنى ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە، ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجەلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇسنەدلىرىدە رىۋايەت قىلىشقاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلۇشى بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىدىن ھېچ ۋاقىت ئۆتكۈزمەستىنلا بالىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا تۇتۇش قىلدى، ئۇ دەۋەتنى قىلىش ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئالدىغا باردى، بۇ چاغدا ئەلى تېخى ئون ياشقىمۇ توشمىغان بالا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى، ئۇ ئىمان ئېيتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ مەككىدىكى ئادەمسىز خالىي جايلارغا بېرىپ ئائىلىسىدىكىلەردىن، ھەتتا ئاتا- ئانا بولغۇچىلاردىنمۇ يوشۇرۇن ھالدا چىقىپ ناماز ئوقۇغۇچىلارغا قوشۇلىدىغان بولدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن زادى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى تاغا! بۇ ئاللاھنىڭ دىنى، پەرىشتىلەرنىڭ دىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى، ئاتىمىز ئىبراھىمنىڭ دىنى، ئاللاھ مېنى بەندىلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. سەن بولساڭ، مېنىڭ نەسىھەت قىلىشىمغا، ھىدايەتكە دەۋەت قىلىشىمغا ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىمغا ئەڭ ھەقلىق بولغان ئادىمىمسەن، شۇنداقلا سەن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلىشتا ۋە ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن يار- يۆلەك بولۇشتا ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇرسەن» دېدى...

---

[1] سۈرە ئىسرا، 22 ـ ئايەت.

قۇللاردىن تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغۇچى زەيد ئىبنى ھارىسە بولۇپ، ئۇ، خەدىچە ئانىمىزنىڭ تاغىسى ھەكىم ئىبنى ھىزام ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن شام دىيارىدىن ئەسىرگە ئېلىپ كېلىپ خەدىچە ئانىمىزغا سوۋغات قىلغان خىزمەتكار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى كېلىشتىن بۇرۇن خەدىچە ئانىمىز بىلەن توي قىلغاندا، خەدىچە ئانىمىز زەيدنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا قىلغانىدى. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئازاد قىلىپ، ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋالغان ۋە ئۇنى ئۆز بالىلىرى قاتارىدا تەربىيىلىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇشنىڭ دەۋىتىنى ئېلىپ بېرىشتا بالىلارغا قارىتا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەردىكى، ئۇلارنى دەۋەت قىلىش ئىشلىرىدا ھەممىشە ئۇلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىققان كېچىسى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرۇۋەتسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياقىدا يېتىپ، كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلىقىدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك مۇقەددەس بىر قوغدىغۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئىسلام ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچان، قورقماس ئەزىمەتلەردىن بولۇپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جانلىق تەربىيىلەشنىڭ ئۆرنىكى بولدى.

## بالىغا ئاللاھنى سۆيۈشنى، ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىنى، ئاللاھتىن ياردەم سوراشنى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆگىتىش

ھەر بىر بالىنىڭ شەخسىيىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ياكى مەكتەپ ھاياتىغا) مۇناسىۋەتلىك بىرەر قىيىنچىلىقى بار. بۇ ئەھۋاللاردىكى قىيىنچىلىقلىرى بىر بالىنىڭ يەنە بىر بالىغا قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى بىر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھېسسىياتلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ياكى ھېسسىياتسىز بىر شەكىلدە ئۇقتۇرىدۇ. ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن، بالىلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە قايسى يوللار ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ ئېنىقكى، ئۇنىڭ بۇ قىيىنچىلىقلىرى ئۇنىڭ ئاللاھتىن ياردەم تىلىشى، ئاللاھنىڭ شەيئىلىرىنى ئىبرەت

www.uyghurkitap.com

كۆزى بىلەن كۆزىتىشى، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھتىن ياردەم سورىشى، قازا-قەدەر، ياخشىلىق ۋە مۇسىبەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى بىلەن ھەل بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەن ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن يولىدۇركى، ھېچقانداق بىر ئىنسان بۇندىن باشقا بىر يول ئارقىلىق قىيىنچىلىقىنى يېڭىشتە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئۆزى ئۈچۈن ياردەم سورىشى، دىلىدا پەقەت ئاللاھتىنلا ئۈمىد كۈتۈشى، قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىشى قاتارلىقلار ھازىرقى بالىلىق دەۋرىدە بالىلار ئۈچۈن بىردىن بىر نىجاتلىق يول بولسا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تەربىيىلىنىشى، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ماڭىدىغان يولىنى توغرا تاللىشىدىكى ۋە ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرالىشىدىكى چېنىقىش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان پەرۋىشلىنىش يولىدۇر.

## بالىلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەش يولىدىكى مىساللار

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەھلىڭىدىكىلەردىن ھاسىلىنى چۈشەرمىگىن، ئۇلارنى ئاللاھتىن قورقۇتقىن!» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم، ئۇ ماڭا: "ئى بالىجان! مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قويىمەن، سەن ئاللاھنى ياد ئەتكىن! ئۇ سېنى ھىمايە قىلىدۇ. سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، ئۇنى ئالدىڭدىلا ئۇچرىتىسەن. بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، پەقەت ئاللاھتىنلا سورىغىن. ياردەم تەلەپ قىلساڭ، پەقەت ئاللاھتىنلا تەلەپ قىل! بىلگىنكى، بارلىق ئىنسان ۋە جىنلار ساڭا بىرەر نەرسىدە پايدا بەرمەكچى بولۇپ بىر يەرگە يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ ساڭا بېرىشنى پۈتۈۋەتكىنىدىن باشقىسىنى بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بارلىق ئىنسان ۋە جىنلار ۋە ئىنسانلار ساڭا بىرەر ئىشتا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە كەلسىمۇ، ئۇلار ساڭا پەقەت ئاللاھ ساڭا يېزىۋەتكىنىدىن ئارتۇق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، ۋاراقلار قۇرىدى" دېدى.»

باشقىلارنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇلارنىڭمۇ دېيىلگەنلىكى بايان قىلىنغان: «سەن ئاللاھنى ياد ئەتكىن، سەن ئۇنى ئالدىڭدىلا كۆرىسەن. سەن ئاللاھنى بەختىيار چاغلىرىڭدا تونىغىن، ئۇ سېنى سەن قاتتىقچىلىقتا قالغان ۋاقتىڭدا تونۇيدۇ. بىلگىنكى، سېنى خاتالاشتۇرغان نەرسە ساڭا زىيان بېرەلمەيدۇ، ساڭا زىيان بەرگەن نەرسە

سىنى خاتالاشتۇرالمايدۇ. بىلگىنكى، سەۋر بىلەن ئۇتۇق، مۇسىبەت بىلەن ئازادلىك، مۇشكۇللۇك بىلەن ئاسانلىق بىللىدۇر.»

ناۋادا ھەر بىر بالا مۇشۇ ھەدىسنى ياد ئېلىپ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنسە، بۇ بالىنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق بىر قىيىنچىلىق قالمايدۇ، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ھېچبىر توسالغۇ بولمايدۇ.

بۇ ھەدىس مەنىۋي جەھەتتە ئاللاھتىن ياردەم سوراش، ئاللاھقىلا يۆلىنىش، قازا ۋە تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ پەزىلىتى بىلەن بالىنى ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ، ساھابىلارنىڭ پەرزەنتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىماتىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ھاياتىدا يولۇققان ھەر قانداق بىر ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم سورايتتى، ھەر قانداق بىر ئىشتا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلاتتى، ئاللاھتىن باشقا قۇدرەتلىك زاتنىڭ يوقلىقىغا، مۇسىبەت بىلەن ئازادلىكنىڭ، مۇشكۇللۇك بىلەن ئاسانلىقنىڭ بىللە ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. تۆۋەندە بىز سىزگە بۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى بايان قىلىمىز:

ئىبنى رەجەپ ھەنبەلى «جامىئۇل ئۇلۇم ۋەلھىكەم» دېگەن كىتابىدا ئادەم ئىبنى ئەبۇئىياسنىڭ تەپسىرىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن قىلغان تۆۋەندىكى رىۋايىتىنى مۇنداق بايان قىلغان: «مالىك ئەشجەئىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئوغلۇم ئەۋف ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "سەن ئوغلۇڭغا ئادەم ئەۋەتكىن، ئەۋەتىلگەن ئادەمنىڭ ئوغلۇڭغا: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنى: "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ" (يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى يوق) دېگەن سۆزنى دېيىشكە بۇيرىدى› دېسۇن!، - دېدى." ئەۋەتىلگەن ئادەم ئۇ ئوغۇلغا بۇ سۆزنى يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ سۆزنى توختىماي تەكرارلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئەسىرگە ئالغۇچىلار ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلىۋەتكەن بولۇپ ئاخىرى بۇ ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى. باغلانغان يېرىدىن بوشىنىپ چىققىنىدا ئالدىغا بىر تۆگە ئۇچرىدى، ئۇ تۆگىگە ئەمدىلا مىنىپ تۇرۇشىغا ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ باغلىغان كىشىلەر كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا تۆگە شۇنداق قاتتىق بىر ئاۋازدا بوزلىدىكى، كەلگەنلەر ئارقىلىرىغا قاراپ قېچىپ كېتىشتى. ئۇ بۇ يەردىن تاكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتىسىنى چاقىرغىچە ئاتا- ئانىسى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمىدى. ئاتىسى ئۆيدىن چىقىپ: "ئەۋف كەپتۇ، ۋاي! كەبىنىڭ رەبگە شۈكۈرلەر بولسۇن!" دېدى. ئانىسى: "ۋاي ئاللاھ! بالام قامچىنىڭ دەستىدىن قانداق بولۇپ كېتىپتۇ- ھە!" دېدى. ئۇلار ئىشىككە يۈگۈرۈشتى، ئىشىكنى خىزمەتچى ئاچقىنىدا

ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئېگىزلىكى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تاقاشقىدەك زور بىر تۆگىنى كۆردى. ئەۋف بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاتا- ئانىلىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئاتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئوغلىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئوغلۇڭغا سەن ياخشى كۆرگىنىڭنى قىل! ئۇ تۆگىمۇ ئۆز تۆگەڭگە قىلغان ياخشىلىقنى قىل!" دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.»

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان ئىدى: «ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئوتتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان، ئوت توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاڭلىسىلا قورقۇپ يىغلايتتى. ھەتتا ئۆيدىنمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ جان ئۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "دوستۇڭلارنى تەييارلاڭلار. ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ جىگىرىنى پارچىلىدى" دېدى.» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

تۆۋەندىكىسى بولسا، سەلەپ- سالىھلارنىڭ ئىمانى ۋە ئۇنىڭ ھالاۋىتىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى بىر مىسالى بولۇپ، بۇ ھالاۋەتكە ئېرىشىش پۈتۈنلەي قازا ۋە قەدەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدىن ھاسىل بولغاندۇر. بىز بۇ يەردە سەلەپ- سالىھلارنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى ئەڭ مۇشكۇل ئەھۋالدىمۇ باللارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئىمام ئەھمەد ۋەلىد ئىبنى ئۇبادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « ئاتام ئۇبادە كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەن ئۇنى يوقلاپ كىردىم ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: "ئى ئاتا! ماڭا ۋەسىيەت قىلغىن!" دېدىم. ئاتام: "مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار!" دېدى. ئاتامنىڭ يېنىدىكىلەر ئۇنى ئولتۇرغۇزۇشتى، ئۇ ماڭا: "ئى ئوغلۇم! شۈبھىسىزكى، سەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگىچە ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيالمايسەن، ئاللاھنى ھەقىقىي بىلەلمەيسەن"

[1] سۈرە تالاق، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر.

دىدى. مەن: "ئى ئاتا! ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيمەن؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "ئى ئوغلۇم! بىلگىنكى، سېنى خاتالاشتۇرغان ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ساڭا زىيان يەتكۈزگەن سېنى خاتالاشتۇرالمايدۇ. ئى ئوغلۇم! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹ئاللاھ تائالا دەسلەپتە قەلەمنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: ياز! ـ دېدى، ئاندىن قەلەم شۇ سائەتتىن تارتىپ تاكى قىيامەتكە قەدەر بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى يازدى› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئى ئوغلۇم! سەن مۇشۇ ئەقىدىدە بولماي ئۆلۈپ كەتسەڭ، دوزاققا كىرىسەن!" دېدى.» (تىرمىزى رىۋايىتى.)

## سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆلگىلەر

«مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر يولدا كېتىۋېتىپ ئويۇن ئويناۋاتقان بىرمۇنچە بالىلارنى ئۇچراتتى، ئۇنى كۆرگەن باللار دەرھال ھەر تەرەپكە قېچىشتى، پەقەت بىر بالا قاچماي قېلىپ قالدى. ئۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىدى. خەلىپە ئۆمەر ئۇنىڭ قاچماي قالغانلىقىدىن ئەجەپلىنىپ، ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: "سەندىن قاچقىلى گۇناھكار ئەمەسمەن، سەندىن قورقمىغاچ ھەتتا ساڭا يول بوشاتمىدىم" دېدى.»

«ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەردە كېتىۋېتىپ بىر بالىنىڭ قوي بېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ بۇ بالىدىن: "بۇ قويلارنىڭ بىرىنى سېتىپ بېرەمسەن؟" دېدى. ئۇ: "قويلار مېنىڭ ئەمەس" دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "قوينىڭ ئىگىسىگە: ئۇ قويلاردىن بىرىنى بۆرە ئالدى، ـ دەپ قويمامسەن؟" دېۋىدى، ئۇ بالا: "ئاللاھ نەدە؟!" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ئۆمەر خېلى بىر زامانلارغىچە ئۇ بالىنىڭ: "ئاللاھ نەدە؟!" دېگەن سۆزىنى تەكرارلاپ يۈردى.»

«ئالىملاردىن بىرىنىڭ بىر قانچە ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى مۇئامىلە قىلماي، بىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئوقۇغۇچىلىرى بىر كۈنى ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىغا: "مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن" دەپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قۇش بېرىپ، ئۇلارنى بۇ قۇشنى ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بوغۇزلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچىدىن باشقا ھەممىسى ئادەم كۆرمەيدىغان بىر يەرلەرنى تېپىپ قۇشنى بوغۇزلاپتۇ، ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قۇشنى تىرىك قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى: "سەن نېمە ئۈچۈن بوغۇزلىمىدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچى: "سەن: ھېچكىم كۆرمەيدىغان يەردە بوغۇزلاڭلار! ـ دېگەن ئىدىڭ، لېكىن مەن مەيلى نەگىلا بارماي ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ـ دە، شۇنىڭ

بىلەن بۇ قۇشنى بوغۇزلىيالمىدىم" دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ: "مانا بۇ، مېنىڭ ئۇنى ئارتۇق كۆرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبى" دەپتۇ.»

ئىمام غەزالى «ئىهيائۇلئۇلۇم» دا مۇنداق بىر ئاجايىپ قىسسىنى هېكايە قىلغان:

بۇ قىسسىدە سەهل ئىبنى ئابدۇللاھ تەستەرى مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈچ ياشلىق ۋاقىتلىرىم ئىدى. مەن كېچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتامنىڭ قېرىندىشى مۇهەممەد ئىبنى سۇۋارنىڭ ناماز ئوقۇغىنىغا قارايتتىم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: "سېنى ياراتقان ئاللاھنى زىكىر قىلمامسەن؟" دېدى. مەن: "ئۇنى قانداق زىكىر قىلىمەن؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "سەن ياتقان ئورنۇڭدا ھەر بىر قېتىم ئۆرۈلگىنىڭدە ئۈچ قېتىم: ئاللاھ مەن بىلەن بىللە، ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرغۇچى، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرغۇچى، - دېگىن!" دېدى. مەن ئۇ سۆزلەرنى بىر قانچە كېچە شۇ بويىچە دېگەندىن كېيىن، بۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۇنىڭغا دەپ بەردىم. ئۇ ماڭا: "ھەر كېچىدە يەتتە قېتىم دېگىن" دېدى. بۇنىمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك، بىرقانچە كۈن قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدىم، ئۇ: "ھەر كېچىدە 11 قېتىم دېگىن" دېدى. مەن شۇنداق قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ دىلىمغا بۇ زىكىرنىڭ ھالاۋىتى بىلىندى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاتامنىڭ بۇ قېرىندىشى ماڭا: "مەن ساڭا ئۆگەتكەن قويغىنىمنى يادلىۋالغىن، ھەتتا ئۇنى قەبرىگە كىرگىچە داۋام قىلغىن، بۇنىڭ ساڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدۇ" دېدى. مەن بۇنداق قىلىشنى بىرقانچە يىل داۋاملاشتۇردۇم ۋە ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى كۆردۈم. ئۇ يەنە ماڭا: "ئى سەهل! ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ۋە ئۇنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشتىن قەتئىي ساقلان!" دېدى.

مەن دائىم ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇشنى خالايتتىم، مېنى مەدرىسكە ئېلىپ بېرىشقا بىرى كېلىپتۇ، مەن: "ھېممىتىمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن" دېدىم. لېكىن مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر سائەت بېرىپ، ئۇنى قايتىپ كېتىشكە شەرت قىلدى. مەن شۇنداق قىلىپ مەدرىسكە باردىم ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ ئۇنى ياد ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇ چاغلاردا مەن پەقەت ئالتە ياكى يەتتە ياشلاردا ئىدىم. بۇ كۈنلەردە مەن كۈندە دېگىدەك روزا تۇتاتتىم. ئىسمىدە قېلىشىچە، ئون ئىككى يىل ئارپا نېنى يېگەنىدىم.»

ئىبنى زەفەر ئەلمەككى «ئىپسىلزادە بالىلارنىڭ قىسسىلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر قىسسىنى هېكايە قىلغان: «هارىس ئەلمەهاسەبى بالىلىق ۋاقتىدا بىر خورمىچىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقان بىر قانچە بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تويۇقسىز ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى، قورۇنىڭ ئىگىسى خورما

ئېلىپ چىقىپ، ھارىسقا: "يېگىن!" دېدى. ھارىس: "ماڭا بۇ خورمىلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى دەپ بېرەمسەن ؟" دېدى. خورمىچى: "مەن بىر قېتىم بىر ئادەمدىن خورما سېتىۋالغان ئىدىم، بۇ خورمىلار ئۇنىڭدىن چۈشۈپ قالغانىدى" دېدى. ھارىس: "سەن ئۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟" دېدى. خورمىچى: "ھەئە" دېدى. ھارىس ئويناۋاتقان باللارغا قاراپ: "بۇ ئادەم مۇسۇلمانمۇ؟" دەپ سورىدى. باللار: "ھەئە" دېدى. ھارىس خورمىلارنى تاشلاپ يولىغا ماڭدى، بۇ چاغدا خورمىچى ئارقىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مېنىڭ ھەققىمدە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىڭنى ماڭا دېمىگىچە، مەن سېنى ھەرگىز قويىۋەتمەيمەن" دېدى. ھارىس: "ئى بوۋاي! ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ، ئۇ خورمىلارنىڭ ئىگىسىنى ئىزدە، ئۇ خورمىلاردىن قۇتۇلغىن، سەن ئۇ ئادەمنى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئادەم ئىزدىگەندەك ئىزدە. ئى بوۋاي! سەن مۇسۇلمان تۇرۇپ مۇسۇلماننىڭ باللىرىغا ھارامنى يېگۈزەمسەن؟" دېدى، بوۋاي: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ دۇنيالىقىم ئۈچۈن تىجارەت قىلمايمەن" دېدى.»

ئىبنى زەفەر مەككى كىتابىدا يەنە بۇ قىسسىنى زىكىر قىلىدى: «مۇھەممەد ئەنئۇرىنىڭ ئوغلى ئەبۇھۇسەين قۇرئان ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئاتىسى ئۇنى: دۇككاندا تۇرىسەن، - دەپ مەجبۇرلىدى. بىراق ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا قەغەز قەلىمىنى ئېلىپ، قۇرئاندىن بىلەلمىگەن يەرلىرىنى سوراپ بىلىش ۋە ئۇنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن ماڭاتتى. قايتىپ كەلگەندە بولسا، ئاتىسى ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاچچىقلايتتى، ئەتىبىھ بىرەتتى ھەتتا بەزىدە ئۇراتتى. ئاتىسى ئۇنى بىرەر يەرگە بىرەر ئىش ئۈچۈن ئەۋەتسە، ئۇ تاختىينى بىللە ئېلىۋېلىپ يولدا ئۇچرىغان ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوئال سوراپ يازاتتى. ئاتىسى بەزىدە ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈنمۇ ئۇراتتى. بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشتىكى مەقسىتىڭنى بىر بىلسەم، — دېدى.

— مەن ئاللاھنى تونۇشنى ۋە ئاللاھ بىلەن تونۇشۇشنى خالايمەن، — دېدى ئۇ.

— ئاللاھنى قانداق تونۇيسەن؟— دەپ سورىدى ئاتىسى.

— مەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى ۋە توسقىنى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تونۇيمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونىشىسەن؟

— ئۇنىڭ ماڭا ئۆگەتكىنىگە ئەمەل قىلىش بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى:

— بولدى، هاياتلا بولسام، مەن سېنى ھەرگىز ئوقۇشتىن توسمايمەن، — دېدى.»

بىز بۇ ئۆلگىلىك مىساللارنى ئىمام ئەھمەدنىڭ بالىلىق چېغىدىكى تەقۋالىقىغا ئائىت بىر ۋەقەلىك بىلەن تاماملايمىز:

ئۇنىڭ تاغىسى باغدادنىڭ ئەھۋاللىرىنى خەلىپىگە خەۋەر قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ۋالىيلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىلىپ تۇرۇلىدىغان كىشى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ بىر پارچە مەكتۇپنى قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بولغان ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئارقىلىق يوللايدۇ، خەتنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغان ئەھمەد زۇلۇمغا شېرىك بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خەتنى سۇغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دانالىقى نۇرغۇن ئىلىم ـ ھېكمەت ئەھلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەققىدە ھەتتا ھەيسەم ئىبنى ھەنبەل: «ئەگەرده بۇ يىگىت يەنە كۆپرەك ياشىغىنىدا زامانىنىڭ ھۆججىتى بولۇپ قالار ئىدى» دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئۇلۇغ ساھابىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئۆگىتىش

بالىلارغا بۇ مەزمۇندا تەلىم بېرىش دەل «بىر ئاللاھتىن باشقا ئاللاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن ۋە مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنىڭ ئىككىنچىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن تەستىقلاشنى ئۆگىتىش باسقۇچىدۇر. ساھابىلار ۋە سەلەپ ـ سالىھلار دەل مۇشۇ يول بويىچە يول تۇتقان ۋە ئۇلار بۇنى بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا، ئېڭىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن شۇنچىكىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدىكى بالىلارنىڭ پۈتكۈل ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىيىتى ئىككىنچى شاھادەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۇنى بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈشنىڭ بالىنىڭ دىققەت، نىشانىنى بۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن سەلەپ ـ سالىھلار بالىلارنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى، چۈشىنىشىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى پۈتكۈل ھەرىكەتلىرىدە نامايەندە قىلىشى، ھەرقانداق بىر توسالغۇ ۋە مۇشكۇلاتقا يولۇققاندا، ئۇنى بۇ ئارقىلىق ھەل قىلىشى ئۈچۈن بالىلارنى شۇ ئۇسۇلدا تەربىيىلەشكە ناھايىتىمۇ بەك ئېتىبار بېرىپ كېلىشكەندى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانىنىڭ تەبىئىيىتى ئەتراپىتىكى مۇھىتىنىڭ

تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ مېڭىش- تۇرۇش، ئىش- ھەرىكەت ۋە ئەمەللىرىنى دورايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. ئىسلام پىسخىكىسى باللارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىشتا باللارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر ئۈلگە، ئۇنىڭ ھايات ئەمەلىيەتلىرى ئىلاھىي بۇيرۇق ئاستىدا تاۋلانغان ئاجايىب مۇكەممەل بىر ئوبراز بولۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن تاللىغان پەيغەمبەرلىرى ئىچىدىمۇ ئەڭ ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە زاتتۇر.

كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە يولۇققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا قىيىنچىلىقلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلالماي، توغرا بولغان چىقىش يولى تاپالماي تېگىرقاپ يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك مۇكەممەل بىر ئۈرنەكتىن ئۈلگە ئالمىغانلىقى ياكى ئۈلگە ئېلىشنى بىلمىگەنلىكى سەۋەبلىرىدىندۇر. ئىنسانىيەت دۇنياسىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، نۇرغۇن باللارنىڭ ھەر بىر دۆلەت، ھەر بىر مىللەت ۋە ھەر بىر ئېقىمدىكى قۇرۇق پەلسەپىچى تەربىيىچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەۋلاد تەربىيىلەش مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغان بىر تۈركۈم ئازغۇن كىشىلەرنىڭ يات- ياتلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان پىكىر يەكۈنلىرىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، باللارغىمۇ شۇ بويىچە تەربىيە بېرىدىغانلىقىنى، باللارنىڭ ئەۋلادىن- ئەۋلادقىچە مۇشۇنداق ئازغۇنلۇق ئىچىدە تۇرۇپلا بىرەر شەخسنىڭ پىكرىنى، تۇرۇپلا بىر ئىشتا ئۇتتۇق قازانغان كىشىنىڭ يولىنى ياكى بولمىسا شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان چولپانلارنىڭ ياشاش يوللىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدىغان. نېمىنى مودا دەپ ئاڭلىسا، شۇنى دوراپ باقىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئۇ باللار بىر بولسا، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنلا ماشىنا ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقسا، بىرلىرى ئۇ دۇنيالىقتىكى ماددىي مەنىۋىي ھاياتنى بەربات قىلىدىغان، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر تۈركۈم كېرەكسىز ئادەملەر بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتلەر ئىنسان بالىسىنىڭ ھەقىقەتەن كىچىكىدىنلا ئۆزىگە ھەقىقىي ئۈرنەك بولغىدەك، مۇنتىزىم ئۈلگىلىك شەخسكە نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئۇنى ياراتقان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىنمۇ ئارتۇق مۇكەممەل ئۈرنەك بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!

## بالىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ھەققىدە:

تەبەرانىي، ئىبنى نەججار ۋە دەيلەمىنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئەلى: «بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بالىلىرىڭلارنى پەيغەمبىرىڭلارنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تەۋابىئاتىنى سۆيۈش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت بىلەن تەربىيىلەڭلار!" دېگەن ئىدى» دەيدۇ (مەناۋىي: «بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايىتى زەئىپ» دېگەن).

ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "قىيامەت قاچان بولىدۇ؟" دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟" دېدى. ئۇ ئادەم: "ھېچنېمە، بىراق مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىللە بولىسەن!" دېدى.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، ئەبۇبەكرىنى ۋە ئۆمەرنى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.» ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئون يېشىدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى ئون يىل قىلغان.

## قانداق قىلغاندا، بالىلارنىڭ دىلىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ئىشتىياقىنى ئورناتقىلى بولىدۇ؟

بىز ساھابىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ بالىلارنىڭ ھاياتىنى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ياخشى كۆرۈشىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم بولغانلىقىنى بىلسەك، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىيەتلىرىنىڭ سوئالىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى جاۋابى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

**ئۇنىڭ دەۋىتىنى تېز قوبۇل قىلىش ۋە بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنلاش**

تېز قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ دەۋەت قىلغۇچىغا نىسبەتەن مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ھېچ بىر ئىنسانغا مەسلىھەت سېلىشىنىمۇ ئويلاشماي تېز قوبۇل قىلغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. بولۇپمۇ ئەقىدە ۋە پرىنسىپ مەسىلىسىدە شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە خاس ئىنتىلىش ۋە تاللاش يولى باردۇر. ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا مەيلى ئۆزى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئىسلامنى ئېتىراپ قىلىدىغان بىر خاراكتېر بولىدۇ. قاچانكى بۇ ئەقىدە ئۆز ئىپادىسىنى ئاشكارا تاپقاندا، ئۇنىڭ دىلىدا قورقۇنچ ۋە ئەندىشە يوق بولىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن خەدىچە ئانىمىز مەككىنىڭ بىر چېتىدە مەخپىي ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەلىيمۇ ئۇزلىگىدىن كېلىپ ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى، بۇ ئۇنىڭ سەككىز ياشلىق ۋاقتى ئىدى. بۇ كىچىك بالا ئۆزىدىكى ئەقىدىنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئاتىسى ئەبۇتالىپ ئۇنى كۆرۈپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالمىغانىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئويۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغانلىقى، ئۇنىڭ دەۋەتلىرىنى قوللاپ، بۇيرۇغانلىرىنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى، پۈتۈن جان- دىلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەقەدەر ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن باللار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ماڭا سالام قىلدى، ئاندىن مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى بۇيرۇدى... »

ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قەلبىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش شۇنچىلىك دەرىجىدە ئورناپ كەتكەنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق بىر ھاجىتىنى ئۆزلىكىدىن ئادا قىلىشقىمۇ شۇنچىلىك ئالدىرىشاتتى. ئىمام بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان مۇنۇ رىۋايىتى دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر.

رىۋايەتتە ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا

قىلىش ئۈچۈن خالاغا كىردى، مەن ئۇنىڭ تاھارىتى ئۈچۈن سۇ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇنى كىم قويدى؟" دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا مېنىڭ قويغانلىقىم ئېيتىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئاللاھ! ئۇنى دىنىڭدا ئالىم قىلغىن!" دېدى.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەتا ئىبنى ئەبۇ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن خالاغا كىرەتتى، مەن ئەنسارىلاردىن بولغان بىر بالا بىلەن ئۇنىڭغا تاھارىتى ئۈچۈن سۇ ئاپىراتتۇق، ئۇ بۇ سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى.»

## كىچىك ساھابىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىنى تېز قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر

ئىمام مۇسلىم، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير ۋە فاتىمە بىنتى مۇنزىر ئىبنى زۇبەير (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) لەردىن ئۇلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققاندا، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھامىلدار ئىدى. ئۇ مەدىنىدىكى قۇبا دېگەن يەرگە كەلگەندە يەڭگىدى، يېڭى تۇغۇلغان بۇ بوۋاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقنى ئەسمانىڭ قولىدىن ئېلىپ، خورما بار - يوقلىقىنى سۈرۈشتۈردى (بۇ ھەدىسنىڭ باياندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: "بىز تاكى خورما تېپىلغىچە بىرەر سائەتچە ئولتۇردۇق" دېگەنلىكى بايان قىلىنغان). خورما تېپىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ خورمىنى چايناپ بالىنىڭ ئاغزىغا ئېغىزى بىلەن سالدى، بۇ بالىنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىز سۈيى بولدى. بۇ ھەقتە ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇنداق دەيدۇ: "بالىنى ئېغىزلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سىلىدى، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىنى تىلەپ بالىغا ئابدۇللاھ دەپ ئىسىم قويدى، ئوغلۇم ئابدۇللاھ يەتتە ياكى سەككىز ياشلار ئەتراپىدىكى چېغىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى ئاتىسى زۇبەير بۇيرىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلدى، ئاندىن ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى."»

دېمەك، ساھابىلارنىڭ بالىلىرى ئاتا- ئانىلارنىڭ بۇيرىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى.

ئېنىقكى، باللار قانداق نەرسىگە كۆندۈرۈلسە، تاكى قېرىغىچە شۇ نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي بۇ ھەدىسكە بەرگەن شەرھىسىدە: «ئۇنىڭ بەيئەتنى مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش بەيئەتتى بولماستىن، بەلكى بالىنى مۇبارەكلەندۈرۈش ۋە شەرەپلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان بەيئەتتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ يېشى چوڭلار بەيئەت قىلىپ ئۈستىگە مەسئۇلىيەتلەرنى ئالىدىغان دەرىجىدە ئەمەستۇر» دېگەن. رىۋايەتلەر قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەين، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن باشقا باللاردىن بەيئەت ئالمىغان.

**باللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەن ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى**

ئىمام بۇخارى قىلغان رىۋايەتتە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرى ئۇرۇشىنىڭ جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان: «ئۇرۇش مەيدانىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان بىر بالا ئۇنىڭغا: ”ئى تاغا! سىز ماڭا ئەبۇجەھىلنى كۆرسىتىپ قويۇڭ“ دەيدۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئۇنىڭدىن: ”ئۇنى سەن نېمە قىلىسەن“ دېگەندە ئۇ: ”ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن ئەزىيەتلەرنى بەرگەن، ناۋادا مەن ئۇنى تۇتىۋالسام، ئۇ ھەرگىزمۇ مەندىن قۇتۇلالمايدۇ“ دەيدۇ. شۇ چاغدا، ئابدۇراھماننىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان بالىمۇ ئۇنىڭدىن ئەبۇجەھىلنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇرۇش باشلىنىپ تازا ئەۋجىگە چىققان چاغدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بۇ ئىككى بالىغا قاراپ: ”ئەنە ئاۋۇ ئادەم ئەبۇجەھىل بولىدۇ“ دەيدۇ، بۇنى ئاڭلىغان باللار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمىنىگە بىرىنچى بولۇپ قىلىچ ئۇرۇش شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېتىلىدۇ. دە، ھەر ئىككىلىسى زەرب بىلەن قىلىچ ئۇرىدۇ، ئەبۇجەھىل شۇ ھامان يەرگە يىقىلىدۇ، ھەر ئىككى بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: ”ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم“ دېسە، يەنە بىرى: ”مەن ئۆلتۈردۈم“ دېيىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”قىلىچىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار!“ دەيدۇ، ئۇلار قىلىچلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قىلىچتىكى قان يۇقلىرىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئۇنى ھەر ئىككىڭلار ئۆلتۈرۈپسىلەر!“ دەيدۇ.» بۇ بىر باشلانغۇچ بولۇپ، شۇندىن كېيىن ساھابىلارنىڭ باللىرىنىڭ ھەر بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەن ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلىگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ جاجىسىنى بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇيتتى.

شۇھابىدىن ئەبشىھىي مۇستەترىف «فىي كۇللى فەننىن مۇستەزرىف» دېگەن كىتابىدا ناھايىتىمۇ تەسىرلىك بولغان تۆۋەندىكى قىسسىنى بايان قىلغان ئىدى.

«بەھرەيىنلىك بىر توپ بالا كىرىكىت- ھوكەي توپى ئويناش ئۈچۈن يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار توپ ئويناۋاتقاندا بەھرەيىنىنىڭ بىر خرىستىيان ئالىمى ئۇلارنىڭ ئويۇنغا قاراپ ئولتۇرغان. ئوينىلىۋاتقان توپ ئۇچۇپ بېرىپ ئۇ كىشىنىڭ قۇچىقىغا چۈشكەندە، ئۇ توپنى ئېلىۋالغان. باللار توپنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەن. باللاردىن بىرسى: "ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن سەندىن سورايمەن، ئۇنى بىزگە قايتۇرۇپ بەرگىن!" دېگەندە، ئۇ خرىستىئان ئالىمى (ئاللاھ ئۇنىڭغا لەنەت قىلسۇن!) توپنى قايتۇرۇپ بەرمەكتە يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغان. شۇنىڭ بىلەن، باللارنىڭ ھەممىسى كىرىكىت توپىنىڭ كالتەكلىرى بىلەن تاكى ئۇ تاياق دەستىدىن ئۆلگىچە ئۇرغان. بۇ خەۋەر ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندە، ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، بىرەر جايىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ياكى ئېلىنغان بىرەر غەنىمەتمۇ ئۇنى بۇ دەرىجىدە خۇرسەن قىلمىغان ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئىسلام ئەمدى ئىززەتلەندى، كىچىك باللار پەيغەمبىرىنىڭ تىللانغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئاندىن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكتى، ئۇلۇغ ۋە پاك ئاللاھ ھەممىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر" دېدى.»

مۇسۇلمان باللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگۈچىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۈچى يەتمەي قالسا، ئۇ پاسىق ۋە مۇناپىقلارنىڭ قىلغان سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىنلەرگە يەتكۈزەتتى.

تەپسىر كىتابلىرى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) : مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۆمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دېيىشىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايىتىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە يۇنۇس ئىبنى بۇكەير مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن مۇھەممەد ئىبنى يەھيا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكر ۋە ئاسىم ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەنى مۇستەلەھ قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەدىنىگە قايتىش يولىدا، سۇ بار بىر يەردە چۈشكۈن قىلدۇق. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خىزمەتكارى

---

[1] سۇرە مۇنافىقۇن، 8 - ئايەت.

جىھجاھ ئىبنى مەسئۇد دېگەن كىشى بىلەن سىنان ئىبنى ۋەبەر دېگەن كىشى سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، سىنان: "ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ماڭا ياردەم قىلىڭلار!" دەپ توۋلىدى. جىھجاھمۇ: "ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! ماڭا ياردەم قىلىڭلار" دەپ توۋلىدى. زەيد ئىبنى ئەرقەم ۋە بىر قانچە نەپەر ئەنسارىلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ يېنىدا ئىدى. ئابدۇللاھ سىناننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: "ئۇلار بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىزگە قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ مىسالىمىز بىلەن بۇ قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قەلەندەرلىرىنىڭ مىسالى خۇددى بىر شائىرنىڭ: ئىتىڭنى سەمرىت، ئۇ سېنى چىشلىسۇن، - دېگەن گېپىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ" دېدى. ئاندىن يېنىدىكى ئۆز قەۋمىدىن بولغان ئادەملەرگە بۇرۇلۇپ: "سىلەر ئۇزەڭلارغا ئۆزەڭلار قىلدىڭلار، ئۇلارنى يۇرتۇڭلارغا يەرلەشتۈردىڭلار، مال-مۈلكىڭلارنى ئۇلار بىلەن تەڭ بۆلۈشتۈڭلار. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇلارنى تەمىنلىمىگەن بولساڭلار، ئۇلار چوقۇم سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلاردىن باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەن بولاتتى" دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاڭلاپ دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى، ئۇ تېخى گۆدەك بالا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ئۆمەر رەزىيەللا ئەنھۇ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەبباد ئىبنى بەشىرنى ئۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغىن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئۆمەر! كىشىلەر: مۇھەممەد ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، - دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ئى ئۆمەر! سەن قوشۇنىڭغا دەرھال يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەرگىن" دېدى. ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ ئۆزى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ كەلگەن سۆزلىرىنى ئۆزىنىڭ دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. قەۋمىمۇ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! زەيد دېگەن بۇ بالا ئېيتقان بۇ سۆزلەر خاتا سۆز بولۇشى، بۇ ئابدۇللاھنىڭ شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن" دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىڭقى چۈش مەزگىلىدە يولغا چىقتى، ھاۋا بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇ بۇنداق ۋاقىتتا سەپەرگە چىقمايتتى. ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇچراپ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرگە قىلىنىدىغان سالام بىلەن سالام قىلدى. ئاندىن: "ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئىبادەتتە سېپىڭ قىلمايدىغان بىر ۋاقىتتا يولغا چىقىپسەنغۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەمراھىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن سېنىڭ خەۋرىڭ يوق ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلجىرلىشىچە، مەدىنىگە بارغاندا ئەڭ ئەزىز ئادەم ئەڭ خار ئادەمنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتكىدەكمىش" دېدى.

ئۇسەيد: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەزىز ئادەم سەن، خار ئادەم ئۇ ئادەمدۇر" دېدى. ئاندىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى ئەپۇ قىلغىن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنىڭغا تاج كىيگۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان بىر پەيتتە ئاللاھ سېنى بىزنىڭ ئارىمىزغا كەلتۈردى. ئۇ سېنى پادىشاھلىقنى مەندىن تارتىۋالدى دەپ قارايدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچە كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن، چاشكا ۋاقتى بولغاندا بىر جايغا چۈشكۈن قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەم ئالماي مېڭىشى ئوتتۇرىغا چىققان بۇ پىتنە سۆزلەرنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىدى. ئادەملەر چۈشكۈن قىلغان يەرگە كېلەر- كەلمەيلا ئۇيقۇغا كېتىشتى ۋە بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈرە مۇنافىقۇن نازىل بولدى.»

## ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، جاھىلىيەتنى يامان كۆرگەنلىكى توغرىسىدا

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد (بۇ بۇخارىنىڭ لەۋزى) ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە (كىيىم) تىككۈچى بىر بالىنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىچىگە قاپاق كاۋا سېلىنغان گۆش شورپىسى قويۇپ، ئاندىن ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شورپىنىڭ ئىچىدىن قاپاق كاۋىنى ئىزدىگىلى تۇردى، مەن قاپاقكاۋىلىرىنى ئىلغاپ تېپىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قاپاق كاۋىنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.»

## ساھابە ۋە سەلەپ ـ سالىھىن بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى يادلايدىغانلىقى

ئىمام بۇخارى، مۇھەممەد ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن بەش ياش ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چېلەكتىن سۇ ئېلىپ، ئۇ سۇنى يۈزۈمگە پۈركۈپ چاچقان ئىدى.»

تىرمىزى ئەبۇئەلھەۋرائ ئەسسەئدى رەبىئە ئىبنى شاباننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا ئېسىڭدە قالغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ دېسەم، ئۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا: سەندە شەك پەيدا قىلىدىغانلىرىنى تەرك ئەت! راستچىللىق خاتىرجەملىكتۇر، يالغانچىلىق شەكتۇر، ـ دېگەن سۆزىنى ئېسىمدىن ھېچ چىقمايدۇ" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئەھمەد ۋە باشقىلارمۇ رىۋايەت قىلدى.)

مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرى ئەسسەقەفىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مىنادىن ئەرافاتقا ماڭغان ۋاقتىمدا تەلبىيە ئېيتىش ھەققىدە: "سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قانداق قىلاتتىڭلار؟" دەپ سورىدىم، ئەنەس: "تەلبىيە ئېيتىدىغانلار تەلبىيە ئېيتسا، ئۇ ئۇلارنى توسمايتتى، تەكبىر ئېيتىپ ماڭغانلارنىمۇ ئىنكار قىلمايتتى" دېدى.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە سەمىرە ئىبنۇ جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر كىچىك بالا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى ياد ئالاتتىم، يېشى مەندىن چوڭ بولغان كىشىلەردىن باشقىلىرى مېنى سۆز قىلىشىمدىن توسۇيالمايتتى.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئانامنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا قونۇپ قالدىم، مۇئەززىن ئەزان ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا چىقىپ كېتىۋېتىپ: "ئى ئاللاھ! قەلبىمنى نۇرلۇق قىل! ئارقامنى نۇرلۇق قىل! ئالدىمنى نۇرلۇق قىل! ئۈستۈمنى نۇرلۇق قىل! كۆزۈمنى نۇرلۇق قىل! ئاستىمنى نۇرلۇق قىل! ئى ئاللاھ! ماڭا كاتتا نۇر ئاتا قىل!" دېگەن ئىدى.» (ئىبنى جۇھەيمە «سەھىھەين» دە بۇ ھەدىسنى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

ئەبۇجۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلارنىڭ كىچىكلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئۇ تېخى بىر نارەسىدە بالا ئىدى. ئۇ بۇنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ مەككىدىكى ئەبتەھ دېگەن بىر جايدىكى ئەدەم دېگەن دەرەختىن ياسالغان بىر قىزىل گۈمبەز ئىچىدە ئىكەن. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئالغىلى چىقتى، ئۇ سۇ ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دانە قىزىل رەڭلىك كۆتەرگىنىچە چىقتى، مەن ئۇنىڭ ئىككى پاچىقىنىڭ ئاقلىقىغا قارىدىم، ئاندىن ئۇ تاھارەت ئالدى، بىلال ئەزان ئېيتتى، مەن ئۇ- يەر بۇ يەرگە قاراشقا باشلىدىم، بىلال ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە گەۋدىسىنى بۇراپ "ھەييا ئەلەسسەلاھ ھەييا ئەلەلفەلاھ" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر نەرسە قويۇلدى (يەنى ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامازنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇشىنى توسۇش ئۈچۈن بەلگە توساق قويۇلدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدى، ناماز ئوقۇۋاتقاندا توسىقىدەك چوڭ بىرنەرسە بولمىغاچقا، ئېشەك ۋە ئىتلار ئۆتىۋەردى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆتۈشى ھەم توسالمىدى، ئاندىن كېيىن ئۇ تاكى مەدىنىگە قايتىپ كەلگىچە نامازنى شۇنداق ئىككى رەكئەت ئوقۇدى.»

باشقا بىر رىۋايەتتە ئەبۇجۇھەيفىنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چۈش ۋاقتىدا تاھارەت ئالغىلى چىققاندا كۆرگەن. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ ئاشقان سۇيىنى ئېلىۋېلىشقان. ئاندىن كېيىن پېشىننى ئىككى رەكئەت، ئەسرنى ئىككى رەكئەت ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئالدىغا ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن توسالغۇ بەلگىسى قويۇلغان.

ئەمدى بىز سەردار يىگىت، دانا قوماندان ۋە قەيسەر مۇجاھىدنىڭ ئاللاھنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئېرىشىدە قالغان ئاجايىب بىر قىسسىسىنى بايان قىلىمىز. ھافىز مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئابدۇل ھادى «ئەلئۇقۇدۇ دارىيە مىن مەناقىبى شەيخ ئەلئىسلام ئىبنى تەيمىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بايان قىلغان: «دەمەشىق ئەھلى ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، زېھنىنىڭ ئوچۇقلىقى، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىدىن ھەيران قېلىشقانىدى. ھەتتا ھەلەپتىكى بەزى ئۆلىمالار دەمەشىققە ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارماقچى بولۇشقان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى دەمەشىققە كېلىپ: "مەن بۇ شەھەردە يادلاش سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېزلىكى بىلەن نام چىقارغان ئەھمەد ئىبنى تەيمىيە ئىسىملىك بىر بالىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنى كۆرگىلى كەلدىم" دېدى. ئۇنىڭغا كىيىم تىككۈچى دۇكىنىدىكى بىر ئۇستا: "مانا ماۋۇ ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىپ- كېلىشتە ئۆتىدىغان يولى، ئۇ ھازىرغىچە بۇ يەردىن ئۆتمىدى،

سىز بىزنىڭ يېنىمىزدا بىرئاز ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، ئۇ مەدرىسكە بېرىش ئۈچۈن بۇ يەردىن ئۆتىدۇ“ دەيدۇ. ھەلەپلىك شەيخ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىرنەچچە بالا بۇ يولدىن ئۆتىدۇ. ماشىنچى ئۇستا: ”ئەنە ئاۋۇ چوڭ تاختا كۆتۈرۈۋالغان بالا ئەھمەد ئىبنى تەيمىيە“ دېدى. شەيخ ئۇنى چاقىردى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى تاختىنى ئېلىپ: ”ئوغلۇم سەن بۇنىڭدىكىنى ئۆچۈر، مەن ساڭا بىر نەرسە دەپ بېرەي، سەن ئۇنى يېزىۋال!“ دەيدۇ. ئەھمەد شۇنداق قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ شەيخ ئۇ تاختىغا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مەتنىلەردىن ئون بىر ياكى ئون ئۈچ ھەدىسنى يېزىپ تاختىنى بالىنىڭ قولىغا بېرىپ: ”ئۇنى ماڭا ئوقۇپ بەرگىن!“ دېدى. بالا تاختىغا بىر ئاز قاراپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن خۇددى بۇنى بۇرۇن يادلاپ بولغاندەكلا تاختىغا قارىماي سۇدەك يادلاپ بەردى. ئاندىن شەيخ ئۇنىڭغا: ”ئوغلۇم، ئەمدى بۇنى ئۆچۈر!“ دېدى ۋە ئۆچۈرۈلگەن ئۇ تاختىغا قايتىدىن ئۆزى خالىغان بىرقانچە راۋىيلارنىڭ ئىسىملىكىنى دەپ، ئۇنىمۇ ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بالا بولسا ئاۋۋالقىسىدەكلا تاختىغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ سۇدەك يادقا دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ: ”ئەگەر بۇ بالا ياشىسا، ئۇنىڭ شەنى ئۇلۇغ بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئوخشىغان بىرى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىدى“ دېدى.»

## ھەدىس يادلىغان بالىلارنى مۇكاپاتلاش

خەتىيب ئەلباغدادى «شەرەپۇ ئەسھابۇل ھەدىس» دېگەن كىتابىنىڭ 10ـ بېتىدە نەزر ئىبنى ھارىسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «مەن ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ”ئاتام ماڭا: ئوغلۇم! ھەدىس ئۆگەنگىن! قايسىلا بىر ھەدىسنى ئاڭلاپ ئۇنى ياد ئالساڭ، ساڭا بىر دەرھەم بېرىمەن، ـ دېگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەدىس يادلاشقا باشلىدىم.“»

## سەلەپ ـ سالىھىن بالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەدىس ئۆگەتكۈچى ئالىملارغا خىزمەت قىلغانلىقى

سۇفىيان ئىبنى ئۇيەينە «ئەلمۇھەددىسۇلپاسل» دېگەن كىتابىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ زىكىر قىلىشىچە، ئۇ مۇنۇ رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مېنىڭ ئاتام كۇفىدا سەرراپلىق قىلاتتى. ئۇ قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، بىز مەككىگە كۆچۈپ

باردۇق. بىز پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە باردۇق. مەسجىدكە ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىمىزغا ئېشەككە مىنىۋالغان بىر بوۋاي كېلىپ ماڭا: "ئۇقىي بالا! مەن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇپ چىققىچە بۇ ئېشەكنى تۇتۇپ تۇر!" دېدى. مەن ئۇنىڭغا: "سەن ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەرمىسەڭ، تۇتۇپ تۇرمايمەن" دېدىم. ئۇ: "ۋاي سېنى! سەن ھەدىسنى نېمە قىلىسەن؟" دەپ مېنى كىچىك كۆرگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. مەن يەنە: "ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بەر!" دېدىم. ئۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن... دەپ باشلاپ سەككىز ھەدىس سۆزلەپ بەردى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ ئېشىكىنى تۇتۇپ تۇرغاچ، ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىشقا باشلىدىم. ئۇ مەسجىدتىن قايتىپ چىققاندا: "مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسلەر ساڭا قانداق مەنپەئەت يەتكۈزدى؟" دېدى. مەن: "سەن ماڭا ماۋۇ، ماۋۇ ھەدىسلەرنى سۆزلەپ بەردىڭ" دەپ ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسلەرنى ئۇنىڭغا تەكرارلاپ بەردىم. ئۇ بوۋاي: "ئاللاھ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ئەتە سەن مېنىڭ مەجلىسىمگە كەل!" دېدى. ئەتىسى بىلسەم، بۇ بوۋاي ئەمرى ئىبنى دىنار ئىكەن.»

## سەلەپ- سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشى ۋە سەپەر قىلىشى

خەتىيب ئەلبەغدادى ئەلى ئىبنى ئاسىمدىن ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق تەلەپتە بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ: «ئاتام ماڭا يۈزمىڭ دەرھەم بېرىپ: "يۈزمىڭ ھەدىس ئېلىپ كەلمىگىچە مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرمەي!" دېگەن ئىدى.»

ئەلى ئىبنى ئاسىم ئۆزىنىڭ ھەدىس ئۆگىنىش يولىدىكى سەپىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۇشەيىم بىلەن بىللە مەنسۇر بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ۋاسىتتىن كۇفەگە قاراپ يولغا چىقتۇق، بىرقانچە كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، بىزگە مۇئاۋىيەمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ ئەيتاۋۇر بىرى يولۇقتى، مەن ئۇنىڭدىن:

— نەگە ماڭدىڭ؟— دەپ سورىدىم.

— قەرزىم بار ئىدى، ئۇنى تۆلىگىلى ماڭدىم، — دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن بىلەن قايت، مەندە ھازىر تۆت مىڭ دەرھەم بار، مەن ساڭا ئۇنى بېرەي، — دېدىم. ئاندىن ئارقامغا قايتىپ ئۇنىڭغا ئىككى مىڭ دەرھەم بەرگەندىن كېيىن، قايتا سەپەرگە ئاتلاندىم، ھۇشەيىم كۇفەگە ئەتىگەن كىردى، مەن كەچ تەرەپتە كىردىم، ھۇشەيىم

ئەتىگەن بىرىپ مەنسۇردىن قىرىق ھەدىس ئاڭلاپتۇ، مەن كەچتە بىرىپ ئاۋۋال مۇئچىغا چۈشۈپ، ئەتىسى ئەتىگەندە مەنسۇرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارسام جىنازا كۆرۈلدى، مەن كىشىلەردىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدىم، كىشىلەر:

— بۇ مەنسۇرنىڭ جىنازىسى، — دېدى. مەن ئولتۇرۇپ يىغلىغىلى تۇردۇم، ئۇ يەردىكى بىر بوۋاي:

— ھەي يىگىت! نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ شەيختىن ھەدىس ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، — دېدىم.

— مەن ساڭا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ تويىغا قېتىلغان بىرىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ (يەنى بۇنىڭدىنمۇ ئالىم كىشىنى دېمەكچى)، — دېدى بوۋاي.

— خوش!

— يازا - دېدى بوۋاي، ئاندىن ماڭا، — ئىكرىمە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىدۇ،...— دەپ ھەدىس سۆزلەشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن بىر ئاي ھەدىس يازدىم، كېيىن:

— ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن! سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— سەن بىر ئايدىن بېرى مەندىن ھەدىس يازدىڭ، تېخىچە مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەن بولسام ھۇسەين ئىبنى ئابدۇراھمان، مېنىڭ ئىبنى ئاببباس بىلەن كۆرۈشۈشكە بېرىشىم ئۈچۈن يەتتە ياكى توققۇز دەرھەمگە ئېھتىياجىم بار ئىدى، ئۇنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئىكرىمە بېرىپ ئاڭلاپ كېلىپ، ئاڭلىغىنىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى، — دېدى.»

قاراڭ! ئاللاھنىڭ بۇ ئىنايىتىگە، بۇ ياش ھەدىس تەلەپ قىلىش سەپىرىدە ئانا يۇرتىدىن مېلىنىڭ يىرىمىدىن ئايرىلىپلا قالماي، كىچىكىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن مەنسۇر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىنمۇ ئايرىلدى، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا شەيخلەرنىڭ شەيخى ۋە ئاشۇ دەۋردىكى ئۇستازلارنىڭ بىرى بولغان ھۇسەين ئىبنى ئابدۇراھماننى ئۇچراشتۇردى. دېمەك، بۇ بىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارغا، شۇنداقلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئۆگىنىشكە ئىخلاس قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېئمەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەدىسلەرنى يېزىش ۋە يېزىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى تەكشۈرۈش

ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاتام ماڭا: يازدىڭمۇ؟ - دېدى، مەن: ھەئە، - دېدىم، ئۇ: كۆزدىن كەچۈردىڭمۇ؟ - دېدى. مەن: ياق، - دېدىم. ئاتام: ئۇنداق بولسا يازماپسەن، - دېدى.

يېزىشقا بۇيرۇش، شۇنداقلا يازغاننى ئەسلىدىكىگە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بۇيرۇش بولسا، يېزىلغان نەرسىنىڭ توغرا- خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ئەڭ توغرا ئۇسۇلى بولۇپ، ئىسلام تارىخىمىزدا ئۆلىما ئالىملارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ۋە ئۆگەنگەن نەرسىدىن مەنپەئەتلىنىشكە نەقەدەر ھېرىسمەن بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنداقلا، ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىدە بالىلىرىنىڭ ئىلىمنى توغرا ئۇسۇلدا قوبۇل قىلىشىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## قىزلارنىڭ ھەدىس يادلىشى

زۇبەيدى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام مالىكنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇ قىز ئاتىسىنىڭ ئىلمىنى (يەنى «مۇۋەتتا» نى) يادلىغان ئىدى. ئىمام مالىك دەرس بېرىۋاتقاندا، ئۇ قىز ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، قايسىبىر ئوقۇغۇچى دەرسنى خاتا دەپ قويسا، ئىشىكنى تاقىلدىتاتتى. ئىمام مالىك بۇنى چۈشىنىپ، ئوقۇغۇچىنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتەتتى.»

## بالىلارنىڭ ھەدىس رىۋايەت قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى

بەغدادىي «ئەلكىفايە فى ئىلمى رىۋايە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: "ئوغلۇم! سېنىڭ مەندىن ھەدىس يېزىپ قايتقىنىڭدىن كېيىن، ئۇنى قايتا تەكرار قىلىدىغانلىقىڭ توغرىسىدا خەۋەر يەتتى" دېدى. ئۇرۋە: "مەن سىزدىن بىر ھەدىسنى ئاڭلىغاندا، ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن بىر نەرسىنى چۈشەنسەم، قايتىپ كېلىپ تەكرار قىلغاندا يەنە بىر خىل مەنىسى بارلىقىنى

چۈشىنىمەن" دېدى. ئائىشە: "سەن بۇ ئىككى خىل چۈشەنچەڭنىڭ ئارىسىدا زىتلىق باردەك ھېس قىلامسەن؟" دېدى. ئۆرۋە: "ياق!" دېدى. ئائىشە: "ئۇنداق بولسا، چاتاق يوق" دېدى.»

## بالىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشى ۋە ئۇنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى

ساھابىلەر ۋە سەلەپ ئەھلىلىرى بالىلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىتىشكە شۇنچىلىك ھېرىسمەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇلار بۇ ئىلىمنى ئۇلارنىڭ قۇرئاننى ئۆگىنىشىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەتەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ياردەمدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرئاننىڭ ئىنسانلارنى گۇمراھلىق، جاھىللىق قوينىدىن توغرا يولغا ئېلىپ چىقىپ، ھەقىقىي بىر دۇنيا ئاخىرەتلىك بەختلىك ھاياتقا، دۇنيا- ئاخىرەتلىكتىكى ئالىي دەرىجىلەرگە يەتكۈزۈدىغان مۇقەددەس ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقارغان جانلىق شاھىتىنامىدۇر.

ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاتام بىزگە ئەينى چاغدىكى غازاتلارنى، غازات ئۇچۇن قىلىنغان يۈرۈشلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە: "ئى ئوغلۇم! بۇلار ئاتىلىرىڭلارنىڭ شەرىپىدۇر، ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس تارىخلىرىنى ھەرگىزمۇ زايە قىلىۋەتمەڭلار" دەيتتى.»

زەينۇل ئابىدىن ئىبنى ھۇسەين ئىبنى ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازات تارىخلىرىنى قۇرئاننىڭ سۈرىلىرىنى ئۆگەنگەندەك ئۆگىنەتتۇق.»

سەمئانى مۇنداق دېگەن: «ئاتا- ئانىلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇغۇلۇپ، بارلىق ئىنسانلار ۋە جىنلارغا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكى، مەدىنىدە ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئۆگىتىشى ۋاجىپتۇر.» (مەنناۋىنىڭ «پەيزۇلقەدىر» دېگەن كىتابىنىڭ 226- بېتىدىن.)

www.uyghurkitap.com

بىز ئەمدى سۆھبىتىمىزنى ناھايىتى كىچىك پېئىل بولغان ئۇلۇغ ئالىمىمىز ئەبۇ ئەلھەسەن ئەننەدۋى ھەققىدە يۈتكەيلى. ئۇ «مەدىنىگە يول» دېگەن كىتابىنىڭ «پەزلىتى ئۇنتۇلمايدىغان كىتاب» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى، پاك نەسەبىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تەرجىمىھالىدىن ئىبارەت بۇ كىتابىنىڭ ئۇنى قانداق قىلىپ شۇنچىلىك يۇقىرى ئىلىملىك ئالىم ۋە مۇجاھىد، دەۋەتچىلىك مەرتىۋىسىگە ئېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«مەن بۈگۈن بۇ يەردە مېنىڭ ئۈچۈن ھىممىتى ناھايىتى كاتتا بولغان ۋە ئاشۇ ھىممىتىنىڭ تەسىرى ماڭا ھازىرغىچە داۋام قىلغان بىر كاتتا كىتاب ھەققىدە سۆزلەيمەنكى، مەن بۇ كىتابنىڭ بۈيۈك باغچىسىغا ھەر زامان رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ ماڭا ئاتا قىلغانلىرى ئىماندىن قالسىلا، ماڭا ئاتا قىلىنغان ئەڭ بۈيۈك نېئمەتتۇر. شۇنداقلا بۇ ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. بۇ مۇبارەك كىتاب مۇھەممەد سۇلايمان مەنسۇر پەۋرى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ «ئالەملەرگە رەھمەت بولغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىدۇر. بۇ كىتاب بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا مۇنداق بىر ئۇنتۇلماس قىسسە بار:

"ئاتام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن (ئۇ چاغدا مەن ئەمدىلا توققۇز ياشتا ئىدىم) مېنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش ئىشىنى چوڭ ئاكام (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇ مېنىڭ كىچىكلىكىمدە ئوقۇشقا ھېرىسمەن كىتابلىرىم بىلەن تەمىنلىگۈچى بولدى. ئۇ ماڭا تۇنجى بولۇپ ھىندىستانلىق بىر يازغۇچى يازغان «ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچىنىڭ سىرى» دېگەن كىتابنى تەقدىم قىلدى. ئۇ مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى كۆپ ئوقۇشۇمنى بەك ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى بۇ كىتابنىڭ مېنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىمانلىق بولۇشۇمدا ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ تەۋسىيەسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن مەن كىچىكىمدىنلا تەرجىمىھال كىتابلارنى سۆيىدىغان، ئۇنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولۇپ چوڭ بولدۇم. مەن كىتاب ئوقۇغاندا ئالدى بىلەن كىتابلارنىڭ كىرىش سۆز ۋە مۇندەرىجە، كىتابلارنىڭ تىزىمكىلىي بار قىسىملىرىغا بەكرەك دىققەت قىلاتتىم. بىر كۈنى كۆزۈم «ئالەملەرگە رەھمەت» دېگەن كىتابنىڭ ئىسمىگە چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن خەت يازدىم. بۇ چاغدا بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىمۇ بېسىلىپ چىققان ئىدى. ئەمما قولۇمدىكى پۇل ئۇنى سېتىۋېلىشقا يەتمەي قالدى. بۇ چاغدا مەن 11 ياشتا ئىدىم. ئادەتتە بۇ ياشتىكى بالىلار

كىرىم- چىقىم ۋە ئىقتىسادىي ئىلىملىرىنىڭ قانۇنلىرىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەي، بەلكى ئۆز خاھىشلىرى بويىچە خىراجەت قىلىشىدۇ. پوچتىكەش بىزنىڭ كىچىك يېزىمىزغا خەت- چەكلەر بىلەن كىتابنى كۆتۈرۈپ كەلدى. مېنىڭ بۇ كىتابنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا يەتكۈدەك پۇلۇم يوق ئىدى. دائىم يېتىم ئوغلىنى رازى قىلىشنى ئويلاپ يۈرىدىغان ئانام (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئىش ئۈچۈن رازىلىق بەرمىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئانامنىڭمۇ قولى قىسقا ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغىمىز، ئۇلۇغلىرىمىزدىن بىرى بولغان كىچىك ئۆمەر ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدا سېغىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا ئىجازەت ئالغان شاپائەتچىدىن باشقا ھېچبىر شاپائەت قىلغۇچى ۋە ياردەم قىلغۇچىنى تاپالمىدىم. ئۇ شاپائەتچى ياش ئاققۇزۇش بولۇپ، ئۇ يەنى تاكى ھازىرغا قەدەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرىنىڭ نەزىرىدە كەسكىن بىلىنىدىغان چىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان ياش ئىبىقتىش ئىدى. مەنمۇ ياش ئېقىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەقىقەتەن ئانام مېنىڭ يىغامغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. بىر ئاماللار بىلەن كىتابقا يەرگۈدەك پۇل تېپىپ، ئۇ كىتابنى ماڭا ئېلىپ بەردى.

كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدىم، كىتابنىڭ مەزمۇنلىرى مېنىڭ قەلبىمنى تەۋرىتىشكە تۈرتكە بولدى، قەلبىمنىڭ بۇ تەۋرىنىشى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا يېقىمسىز تۇيۇلىدىغان تەۋرىنىش بولماستىن، بەلكى خۇددى ھۆل ياپراق ئۈستىدىكى شەبنەمنىڭ تىترىگىنىدەك يېقىملىق بىر تەۋرىنىش بولدى. كىتابلاردا يېزىلغان باتۇرلار، ئۇرۇش قوماندانلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ پەرقى شۇكى، ئالدىنقىسىنىڭ مەزمۇنلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى دەككە- دۈككىگە سېلىپ بىئارام قىلسا، ئىككىنچىسى دىلغا ئارامبەخش ئاتا قىلىپ، ئادەمنىڭ تۇيغۇلىرىنى راھەتلەندۈرۈشتۇر.

كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا مېنىڭ دىلىم خۇددى بۇ كىتاب بىلەن بۇرۇنلا باغلىنىشلىقى باردەك لەززەتلىك بىر تۇيغۇنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ تۇيغۇ شۇنچە لەززەتلىك ئىدىكى، بۇ ھەرگىزمۇ كىچىكىمدىن بېرى ھېس قىلىپ باققان ھېچقانداق بىر لەززەتكە ئوخشىمايتتى. ھېس- تۇيغۇلىرىم نورمال، ئەقلىي ھوشۇم جايىدا ئىدى. بۇ لەززەت قانداق بىر لەززەت؟ بۇ لەززەت ھەرگىزمۇ ئاچ قالغان كىشىنىڭ يېمەككە ئېرىشكەندىن كېيىنكى لەززىتىگىمۇ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمنىڭ قانغۇدەك ئارام ئالغان چېغىدىكى لەززىتىگىمۇ، بايرام كۈنىدە يېڭى

كىيىم كىيگەن چاغدىكى خۇشاللىق لەززىتىدىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق قاتناشقان مۇسابىقىدە ئۇتقان چاغدىكى لەززەتكىمۇ، ئۇزۇن زاماندىن بىرى كۆرۈشمىگەن تەشنا بولغان دوست ياكى بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى لەززەتكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر لەززەت ئىدى.

ئۇ شۇنداق بىر لەززەت ئىدىكى، مەن ئۇنى تەرىپلەشكە ھازىرمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ لەززەتنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇۋاپىق سۆز تاپالمىدىم. مېنىڭ پەقەت ۋە پەقەت دېيەلەيدىغىنىم: ئۇ، روھ ھېس قىلغان مەنىۋى لەززەت ئىدى. ئۇنداقتا بالىلاردا روھ يوقمۇ؟! ئۇلار روھى جەھەتتىكى تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلاردا روھ بار، بەلكى بالىلارنىڭ روھىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى چوڭلارغا قارىغاندا ئاجىز بولسىمۇ، ئۇلاردا روھنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە سېزىمچانلىرى بار.

بۇ كىتابتا ئاجايىپ ۋەقەلىكلەر، قورەيشلەردىن مۇسۇلمان بولغان، ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبىدىن باشلىرىغا كەلگەن تۈرلۈك ئېغىر ئازاب- ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئىماننىڭ لەززىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرى، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن بەختلىك دەپ سانالغان ناھايىتى باي ۋە كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ لەززەتنىڭ بەدىلىگە ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى، ئېغىر تاياق، ئېغىر كەمبەغەللىكلەرگە بۇ لەززەت ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىپ دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىش، ھەقنى ئوچۇق بايان قىلىشتىن ھېچ بىر يانمىغانلىقىغا ئائىت ۋەقەلىكلەرنى ئوقۇدۇم. شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ لەززەتنى ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم تېتىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىسسىسىنى ئوقۇدۇم. مەن بۇ قىسسىدىنمۇ تەسىرلىكرەك بىر قىسسىنى ئوقۇپ باققىنىمنى بىلمەيمەن، بۇ قىسسىدە شۇنداق بىر كۆرۈنۈشلەر تەسۋىرلەنگەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ، يولغا تەلمۈرۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرلۈپ كېلىشىپ، چىن ساداقەت ۋە ئىخلاسلىرى بىلەن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە تەشرىپ قىل! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!" دېيىشكەنلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنى (تۆگىسىنى دېمەكچى) ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار! ئۇ ئاللاھقا بۇيرۇلغاندۇر" دېگەنلىكى، تۆگە ئاخىرىدا ئەبۇئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يەرگە، يەنى بىرىنچى تونۇشلۇق بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئورنىغا چۆككەنلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، قىسسىدە ئەبۇئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئىنتايىن خۇشاللانغانلىقى، بۇ شەرەپتىن چەكسىز سۆيۈنگەن ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈك- تاقىتىنى چۈشۈرۈپ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. مەن ھىچقاچان ئەبۇئەييۇب ئەنسارىدەك خۇشال بولغان، بۇ مۇقەددەس مېھماننى ئۇچۇن ئۆنىگدەك جان پىدا بولغان بىرى توغرىسىدا ئاڭلىمىغان ئىدىم. مېنىڭ كۆزلىرىم بۇ تەسىرلىك ۋەقەلىكلەرنى ئوقۇش بىلەن قەلىمىم بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى يېزىش بىلەن، قەلبىم بۇلاردىن لەرزىتلىنىش بىلەن مەدىنىگە يەنى ئەبۇ ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلدى.

مەن بۇلارنى ئوقۇپ، يېزىپ ۋە تۇيغۇلىرىم بىلەن ھېس قىلغىنىمچە بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلاردا ئوقۇغان، پادىشاھ خان، شاھزادىلەرنىڭ تەكەببۇرانە سىماسى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇشامەتكە تولغان خىزمەتلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىلار كۆز ئالدىمدا نامايەندە بولاتتى.

كىتابتىن يەنە ئۇھۇد قىسسىسىنى ئوقۇدۇم، ئۇ شۇنداق بىر تەسىرلىك قىسسە ئىدىكى، تارىختا ئۇنىڭدىن مۇبارەك، ئۇنىڭدەك تەسىرلىك، ئۇنىڭدەك ئىنسانىنىڭ روھىيىتىگە باتۇرلۇق بىلەن ۋاپادارلىق، ئىمان بىلەن ئىخلاسمەنلىك، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچ ۋە تەۋەككۇلچىلىك، گۈزەل ئەخلاقلار مۇجەسسەملەشكەن بىر قىسسىنى ئوقۇمىغان ئىدىم. قىسسىدە بايان قىلىنغان باشقىلار: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلدى“ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ بوشىشىپ ئولتۇرغاندا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، سىلەر ياشاپ نېمە قىلىسىلەر؟ سىلەرمۇ ئۇرۇش قىلىپ ئۇنىڭ ئارقىدىن كەتمەمسىلەر!“ دەپ ئۇرۇش مەيدانىغا چۈشكەنلىكى، باشقا بىر ساھابىنىڭ باشقىلار جەڭدىن چېكىنىپ قېچىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ: ”مەن جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ئۇھۇد تەرىپىدىن ئېلىۋاتىمەن“ دەپ جەڭ قوينىغا كىرىپ شېھىت بولغىچە جەڭ قىلغانلىقى، ساھابىلار ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئاپارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئاخىرقى نەپەسلىرىنى بېرىشى ئارقىلىق، ئاخىرقى ئارزۇسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا بولۇشنى خالاشتەك ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى، ئەبۇدەجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۈمبىسىگە شۇنچىلىك كۆپ ئوق تەگسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلىشتا مۇستەھكەم تۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر-بىرىدىن تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مېنىڭ قەلبىپ تارىمنى لەرزىگە سالدى. مەن قىسسىلەرنى ئوقۇپ كېتىۋېتىپ بەزىدە يىغلاپ سالسام، بەزىدە خۇشاللىقمدىن يايراپ كېتەتتىم.»

## ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەرىكەت ئۇمىد قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزلىرىنى ساقلاشقا ھېرىسمەن بولۇشى

ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇممۇ سەلەمە يوق ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتاتتى. بىر كۈنى، ئۇممۇ سەلەمە يوق چاغدا كېلىپ، يەنە ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ياتتى. ئۇممۇ سەلەمە قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يوق چاغدا كېلىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇممۇ سەلەمە ئۆيىگە كىرىپ، ئۇخلاپ ياتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاققان تەردە ھۆل بولغان يەرنى كۆردى-دە ئۇ يوپۇقنى ئېلىپ، ساندۇقىدىكى قىممەتلىك بىر قاچىغا ئۇ يوپۇقتىكى تەرنى سىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ: "نېمە قىلىۋاتىسەن؟" دەپ سورىۋىدى. ئۇممۇ سەلەمە:"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەۋلادلىرىمىزغا بەرىكەت بولسۇن، ئۈچۈن سىنىڭ تەرلىرىڭنى بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە سېپىپ قويىۋاتىمەن" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "توغرا قىپسەن" دېدى.»

ئەقىللىق ئانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قاتتىق ئىشتىياقى، مۇھەببىتى، پاك ساداقىتى سەۋەبىدىن ئەۋلادلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتىنى قالدۇرۇش ئارزۇسىدا شۇنداق قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «توغرا قىپسەن» دېگەنلىكى بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

### ساھابىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى يادقا ئېلىشى:

سالىھ ئىبنى مەسئۇد (بۇ كىشى تابىئىن ئىدى) تىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇجۇھەييەگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋاقىتلاردا ئۇ تېخى ئۆمەر ئىبنى ئابباسنىڭ كىچىك بىر گۆدەك بالا ئىدى): "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنچۇ" دېدىم. ئۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقال - بۇرۇتىغا ئاق چۈشكەن ئاق ئادەم ئىدى" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئەبۇ يەئلا سەھىھ سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلدى.)

ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن ئەبۇجۇھەيفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ساقىلى بىلەن لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىكى تۈك ئاقارغان ھالدا كۆرگەن ئىدىم. سورىغۇچى ئۇنىڭدىن: "سەن ئۇ ۋاقىتتا قانچە ياشلاردا ئىدىڭ)؟" دېۋىدى ئۇ: "مەن ئۇ چاغلاردا ئاپلارنى كىرىپ رەيلەيتتىم" دېدى.» (ئەبۇ يەئلا

رىۋايەت قىلغان.)

قازى ئەبۇل پەزلى ئىياز ھەسەن ئىبنى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن قىلغان رىۋايىتىدە ھەسەن ئىبنى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئانامنىڭ قېرىندىشى ھىند ئىبنى ھالەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە سورىدىم. ئۇ، سۈپەتلەشكە ماھىر، سۆزمەن ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ ھېلىقى سوئالنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇ گەپ باشلاپ مۇنداق دېدى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى گەۋدىلىك، يوغان، يۈزى ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويىدىن سەل ئېگىزرەك، ئېگىز ئادەملەردىن بىر ئاز پاكارراق، چاچلىرى تۈز ۋە مايلىقراق ئىدى. ئۆزلىكىدىن ئىككى تەرەپكە ئايرىلسا، ئىككى تەرەپكە ئايرىپ قويۇپ بېرەتتى، ئۆزلىكىدىن ئايرىلمىسا، ئۆزى ئايرىمايتتى. چاچلىرىنى ئۆزارتقاندا چاچلار ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن ئاشاتتى. رەڭگى بەكمۇ ئاق ۋە پارقىراق ئىدى. يەنى نۇرانە بىر ئاقلىقتا ئىدى. پېشانىسى كەڭرى ئىدى. قاشلىرى گويا ھىلال ئايغا ئوخشاش ئەگىم ۋە بىر- بىرىگە يېقىن ھەم قويۇق ئىدى. بورنىمۇ ساپ مەرمەردىن ياسالغان ھەيكەلنىڭ بورنىدەك پارقىراق ئىدى. ۋۇجۇدىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بىر- بىرىگە خوپمۇ ماس كەلگەن ناھايىتى قامەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسى بىلەن قورساق قىسمى تۈز، كۆكسى ۋە ئىككى مۈرە ئارىسى كەڭرى، سۆڭەكلىرى يوغان، بەدىنىنىڭ تۈك ئۈنمىگەن ھەرقانداق بىر يېرى پارقىراق نۇرلۇق، بويىنى بىلەن تاكى كىندىكىنىڭ ئارىلىقىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر تۈكلۈك سىزىقى بار، ئىككى كۆكسىنىڭ ئەتراپىمۇ تۈكلۈك، ئىككى بىلىكى ۋە مۈرىسى ھەم كۆكسىنىڭ ئۈستى تەرەپ قىسىملىرى تۈكلۈك، بىلەكلىرى كۈچلۈك، ئالقانلىرى كەڭ، ئالقىنى ۋە پۇتىنىڭ تاپىنى پاختىدەك يۇمشاق، ئۇنىڭ ئەتراپ قىسمى مايلىشاڭغۇ، ئاياقلىرى ۋە بارماقلىرى ئۇزۇن، پۇتىنىڭ كىرىچلىرى ئورۇق، تاپىنى تۈز ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى تاپىنىنىڭ ئاستىدىن سۇ چىقىدىغان ئىدى. يول ماڭغاندا خۇددى ئېگىز بىر يەردىن چۈشۈۋاتقاندەك تەمكىن ۋە سالماقلىق بىلەن قەدەم ئېلىپ ماڭاتتى. بىر تەرەپكە قارىسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارايتتى. يۈزىنى پەسكە قارىتىپ تۇراتتى. يەرگە قارايدىغان ۋاقتى ئاسمانغا قارايدىغان ۋاقتىدىن ئۇزاقراق ئىدى. نەزىرى ئۆتكۈر، سەزگۈر، چېچەن ئىدى. ساھابىلارغا ھەر ئىشتا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇچرىغانلارغا ئالدى بىلەن سالام بېرەتتى" دېدى.

مەن يەنە ئۇنىڭغا: "سەن ماڭا ئۇنىڭ سۆز قىلىشتىكى سۈپەتلىرىنى سۈپەتلەپ بەرگىن!" دېدىم. ئۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم غەمكىن بىر قىياپەتتە سۆز قىلاتتى. توختىماستىن پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇزۇن- ئۇزۇن سۈكۈناتتا تۇراتتى. بىر نەرسە

ھەققىدە گەپ ئاچسا، ئۇنىڭ ھەر بىر تارماقلىرىغىچە قالدۇرماي تاماملايتتى. ھەرقانداق سۆزنىڭ مېغىزىنى ۋە خۇلاسىسىنى قىلاتتى. سۆزلىرىدە باشقىلارنى رەنجىتىدىغان مەزمۇنلارغا ۋە ئۇششاق تەپسىلاتلارغا كىرمەيتتى. كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان مەزمۇنلاردا سۆز قىلمايتتى بەلكى ئاز ۋە ئاددىي ئىبارىلەر بىلەن كۆپ ۋە مول مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى. ئاچچىقلانغان ياكى ئاچچىقلانمىغان ئەھۋاللاردا پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈنلا ھەق سۆزنى قىلاتتىكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز نەپسى ئۈچۈن سۆز قىلمايتتى. ئۆزى ئۈچۈن غەزەپلەنمەيتتى. ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئاچچىقلانمايلا قالماستىن، ئۆزى ئۈچۈن ئۆتتۈق قازىنىشقا ئۇرۇنمايتتى. بىرەر نەرسىگە ئىشارەت قىلسا، ئالىقانلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. بىرەر نەرسىدىن ئەجەپلەنسە، ئالىقىنىنى ئۆرۈيتتى. سۆز قىلغاندا، ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقىنى سول قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇراتتى. ئاچچىغلانغاندا ئاچچىقىدىن يېنىپ سالماقلىشىۋالاتتى. خۇشال بولسا ئۆزىنى تۇتىۋالاتتى، يەنى ئاغزىنى بولۇشىغا كىرىپ كۈلمەستىن تەبەسسۇم قىلىش بىلەن كۇپايىلىنەتتى. شۇم سۆزلەرنى ياقتۇرمايتتى" دېدى.»

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ سۈپەتلەرنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئىنىم ھۈسەيىندىن مەخپىي تۇتتۇم. كېيىن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگىنىمدە، ئۇنىڭ مەندىن بۇرۇنلا ئاتىسى يەنى ئاتىمىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرىش- چىقىشلىرى، ئولتۇرۇپ- قوپۇشلىرى ھەققىدە سوراپ ئۆگىنىپ، ھېچنېمىنى كەم قويمىغانلىقىنى بىلدىم.»

قارى ئىياز يۇقىرىقىلارنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ، تېخىمۇ بەكرەك ئىزدەنگۈچىلەر بۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

## بالىغا قۇرئان ئۆگىتىش

بالا تەربىيىلىگۈچىلەر ۋە ئاتا- ئانىلار بالىغا بولغان تەربىيىسىنى قۇرئان ئۆگىتىش بىلەن باشلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى ياراتقان پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا، دىلىدا قۇرئان روھى، پىكىر، ئىدراك ۋە ھەۋەسلىرىدە قۇرئاننىڭ نۇرىنىڭ پارلىشى، دىلىدا قۇرئانغا نىسبەتەن ھەۋەس ۋە ئىشتىياقنىڭ بولۇشى، قۇرئاننىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى، توسقانلىرىدىن يىراق بولۇشى، قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشى ۋە قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشى

بىلەن چوڭ بولۇشى ئۇچۇندۇر.

ھافىز ئەسسۇيۇتى مۇنداق دېگەن: «بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر. مۇشۇنداق بولغاندا بالىلار دىنىي فىترەت ئۈستىگە چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ھاۋايى- ھەۋەسنىڭ، ئاسىيلىق ۋە گۇمراھلىقنىڭ يامان تەسىرلىرى يېقىنلىشىشتىن بۇرۇن قۇرئاننىڭ ھېكمەتلىك نۇرلىرى ئورنىغان بولىدۇ.»

ئىبنى خەلدۇن مۇشۇ چۈشەنچىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاتا- ئانا ۋە تەربىيىچىلەرنىڭ بالىلارغا قۇرئاننى ئۆگىتىشى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام مىللىتى ئەسىرلەردىن بېرى بۇ يولنى تۇتۇپ كەلدى، چۈنكى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ۋە ھەدىسنىڭ مەتنلىرى ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ دىللارغا بۇرۇن ئورنىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇرئان كەرىم بالىلارغا دىنىي تەربىيەنىڭ ئاساسى ۋە ئەسلى بولۇپ قالدى.»

ئىبنى سىنا مۇنداق دېگەن: «بالا سۆزنى ئاڭلاشقا ۋە چۈشىنىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئۆگىتىشنى باشلاپ ھىجا ھەرپلىرى سىزىپ بېرىلىدۇ ۋە دىن تەلىماتلىرى ئۇنىڭغا بىر- بىرلەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.»

## بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

تەبەرانىي ۋە ئىبنى ئەننەججار، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارغا، پەيغەمبىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتنى ئۆگىتىڭلار، شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى ياد ئالغانلار قىيامەتتىكى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى، ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىلىرى بىلەن بىر ئورۇندا بولىدۇ.»

«تەپسىرى ئىبنى كەسىر» دە ھافىز ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئەبۇزۇبەيدەگە ئىسناد قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى كېسىلىدە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— شىكايەت قىلىدىغان بىرەر ئىشىڭ بارمۇ؟— دېدى. ئابدۇللاھ:

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگىنى ئادرىسى

— گۇناھلىرىمدىن شىكايەت قىلىمەن، — دېدى.

— يەنە ئارزۇيىڭ بارمۇ؟

— ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئارزۇ قىلىمەن.

— دوختۇر چاقىرتايمۇ؟

— دوختۇر مېنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ.

— باشقا ھاجىتىڭ بارمۇ؟

— ھېچنېمىگە ھاجىتىم يوق.

— سەندىن كېيىن قىزلىرىڭغا قالار. — دېدى ئوسمان.

— قىزلىرىمنىڭ يوقسۇل بولۇپ قېلىشىدىن قورقامسەن؟ مەن قىزلىرىمغا ھەر كېچە سۈرە ۋاقىئەنى ئوقۇشنى ۋەسىيەت قىلدىم. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمكى كېچىدە سۈرە ۋاقىئەنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ھېچ پېقىرلىق يەتمەيدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى ئابدۇللاھ.»

ساھابىلار باللىرىنى قۇرئان بىلەن تەربىيىلەشكە ناھايىتى بەك ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، باللىرىنىڭ قۇرئانغا ئائىت ئىشلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، قىلمۇاتقانلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى بىلىش ئۈچۈن بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزەتتى، مەسىلەن:

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئوغلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئوغلۇم كۈندۈزدە قۇرئان ئوقۇيدۇ، كېچىدە ياتىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا كايىمىغىن، ئوغلۇڭ كۈندۈزدە زىكىر قىلىپ، كېچىدە سالامەت ياتىدىكەن" دېدى.»

ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن باللىرىغا قۇرئان ئۆگىتىشكە ئاتلانغان ئىدى. مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەنلىرىڭلاردۇر» دېگەن. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ بۇ ھەدىسنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ، قولۇمدىن تۇتۇپ مۇشۇ ئولتۇرغان يېرىمگە ئولتۇرغۇزۇپ: "ئوقۇ!" دېگەن ئىدى.» (ئەبۇيەئلا مۇسنەدىدە زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، لېكىن ھەدىسنىڭ مەتنى توغرا، ئۇنى ئىمام ئەھمەد،

بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە دارىمىي قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان.)

ساھابىلارنىڭ كىشىلەرگە قۇرئاننى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ۋە باللىرىنى قۇرئاننى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ئۇنى تىلاۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئاساسىدا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە زىكىر قىلىشىچە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر ئادەمگە: «ساڭا بىر ھەدىيىنى تەقدىم قىلايمۇ؟!» دېگەندە، ئۇ ئادەم: «شۇنداق قىلغىن» دەيدۇ. ئىبنى ئابباس: «سۈرە مۈلكنى ئەھلىڭگە، ئائىلەڭدىكى باللىرىڭغا، قوشنىلىرىڭنىڭ باللىرىغا ئۆگەتكىن. شۈبھىسىزكى، بۇ سۈرە ئۇنى ئوقۇغان كىشىنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزغۇچىدۇر. قىيامەت كۈنى ئۇ بەندە ئۈچۈن رەببى بىلەن جېدەللەشكۈچىدۇر، ئۇ رەببىدىن بۇ بەندىنى دوزاق ئازابىدىن ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن قۇتقۇزىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ سۈرىنىڭ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!" دېگەن ئىدى» دېدى.

ساھابىلار باللىرىنىڭ قۇرئان بىلەن باغلىنىشى ۋە باللىرىغا قۇرئاننىڭ بەرىكىتىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ بەرىكەتلىرىنىڭ چۈشىدىغان پۇرسىتىنى كۈتەتتى. تەبەرانىي، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە دېيىشىچە، ئۇ ھەر قېتىم قۇرئاننى خەتمە قىلسا، باللىرى ۋە ئەھلىنى يىغىپ ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۆزىنىڭ ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا قۇرئاننى ياد ئالغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئىبنى كەسىر قۇرئاننىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباسنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان يىلى مەن ئون ياشتا ئىدىم، بۇ چاغدا مەن قۇرئاننى يادلاپ بولغان ئىدىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

باللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئۇستىگە چۈشىدىغان بالايى ـ قازانى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ھۇزەيفە ئەلياماني رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا بىر قەۋمگە مۇتلەق ھۆكۈم بىلەن ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن ئۇ قەۋمدىكى بىر بالا مەدرىستە قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئاللاھ تائالا بۇنى ئاڭلاپ، بۇ بالىنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ قەۋمدىن ئازابنى قىرىق يىل كۆتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن.

سەلەپ ـ سالىھلارمۇ بۇنىڭدا بەئەينى ساھابىلارنىڭ يولىنى تۇتقان ئىدى. ئىبنى سەھنۇننىڭ «مۇئەللىملەر» كىتابى دېگەن كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «تەقۋادار قارى ئىسا ئىبنى مىسكىن قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرىنى ئوقۇتاتتى. قارى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: "ئۇ ئەسىرنى ئوقۇپ بولغاندا، ئىككى قىزىنى ۋە بىر تۇغقان

قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سەقەلىيەنىڭ فاتىھى ئەسەد ئىبنى پىراتمۇ قىزى ئەسماغا قۇرئان ئۆگىتەتتى. ھەتتا ئەسما ئىلىمدا يۇقىرى دەرىجىلەرگە يەتكەن ئىدى.“»

## ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قۇرئان ئۆگەتكەنلىكىنىڭ ساۋابى

ھاكىم بۇرەيدەنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا، ئۆگەتسە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى بۇ ئاتا- ئانىغا يورۇقلۇقى كۈننىڭ نۇرىدەك پارلاق بولغان تاج كىيدۈرۈلىدۇ. ئاتا- ئانىنى شۇنداق ئېسىل تون بىلەن زىننەتلەيدۇكى، ئۇنىڭ دۇنيادا ھېچ تەڭدىشى يوقتۇر. ئاندىن ئۇلار: ”بىز بۇنىڭغا قانداق ئېرىشتۇق؟“ دەپ سورىشىدۇ. ئۇلارغا: ”سىلەر بالىلىرىڭلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ئارقىلىق ئېرىشتىڭلار“ دېيىلىدۇ.»

ئەبۇداۋۇد سەھل ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىغا نۇرلۇقلىقى كۈننىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق بولغان بىر تاج كىيگۈزىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مېنى ۋە سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى تاج كىيىشكە ۋە ئاتا- ئانىمىزغا كىيدۈرۈشكە تىرىشىدىغانلاردىن قىلسۇن ـ ئامىن!!!»

## بالىنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىشى

قۇرئاننىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە قەلبىنى يورۇتۇشى ئۈچۈن بالا تەربىيىلىگۈچىلەر ۋە ئاتا- ئانىلار بالىلار ئۇنى ئوقۇغاندا ئۇلارغا ئوقۇغانلىرىنىڭ مەنىسىنى ئاددىي ۋە قىسقا ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئۇلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈش تېخى بالدۇر دەپ قارالمىسۇن. كۆپىنچە ئىنسانلار تەرىپىدىن: ”كىچىك، ئەقلىي- ھوشى تېخى تولۇق يېتىلىپ بولۇنمىدى“ دەپ ئەھمىيەتسىز قارالغان بالىلارنىڭ كاللىسىغا ھازىرقى زاماندىكى كومپيۇتېرلارغا قاچىلانغان مەلۇماتتىنمۇ كۆپ نەرسىنى قاچىلىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئۈچۈن بىز مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىمىز:

ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«مەندىن ئىسا سۈرىسىنى سورىدى، مەن ئۇنى تولۇق ئوقۇپ بەردىم، مەن بولسام بىر كىچىك بالا ئىدىم.» (هاكىم بۇنى: ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق، - دېدى. لېكىن ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلمىغان.)

ئىبنى جەرىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇرەيشلىك بىر بالا سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: "ئى سەئىد! بۇ ھەرپ قانداق؟ (يەنى بۇ ھەرپنىڭ مەزمۇنى نېمە؟) ماڭا چۈشەندۈرۈپ قوي! مەن قاچانلا قۇرئان ئوقۇپ: ﴿ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن) يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا، ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى[1]﴾ دېگەن ئايەتكە كەلگەندە: مۇشۇ سۈرىنى ئوقۇمىسام بوپتىكەن، - دەپكېتىمەن" دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير: "بولىدۇ، مەن بۇ ئايەتنى: ھەتتا پەيغەمبەرلەر قەۋمى تەرىپىدىن تەستىقلىنىشتىن ئۈمىدسىزلەنسە ۋە ئۇلار پەيغەمبەرلەر يالغان ئېيتتى، دەپ ئېتىقاد قىلسا، - دەپ چۈشىنىمەن" دېدى.»

ئىبنى ئابدۇلبىر مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ قۇرئاننى چۈشەنمەي ئوقۇغىنى گۇمراھلىقىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئۇنى كىچىك بالىغا، قۇلغا، ئايالغا ۋە چۆرىسىگە ئۆگىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىلەر ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئىلىم ئەھلى بىلەن جېدەل قىلىدۇ.»

ئەيۇبىئلا مۇسنەدىدە مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاتامغا: "ئى ئاتا! ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾ ئايىتى ھەققىدە سەن قانداق قارايسەن؟ قايسى بىرىمىز خاتالىق ئۆتكۈزمەيمىز، قايسىبىرىمىز ناماز ۋاقتىدا پىكىرسىز قالىمىز؟" دېدىم. ئاتام: "بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى نامازنىڭ ئىچىدىكى سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نامازدىن غاپىل بولۇشتۇر" دېدى.»

بىز يەنە بالىلارنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنىڭ مەنىلىرىنى بىلىشكە قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرەيلى: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەئمۇن ئۇستازى ئەلكاسائىغا كىچىك ۋاقتىدا قۇرئان تىڭشىتىدىغان ئىدى، مەئمۇن قۇرئان ئوقۇغاندا ئەلكىسائى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئوقۇشتا خاتا ئوقۇغىنىنى سەزگەن ھامانلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارايتتى، مەئمۇن خاتالىقىنى تۈزىتىۋالاتتى.

[1] سۈرە يۇسۇف، 110 - ئايەت.

بىر كۈنى مەئمۇن سۈرە سەففنى ئوقۇپ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)[1]﴾ دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئەلكىسائى مەئمۇنغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەئمۇن ئايەتنى تەكرار ئوقۇپ ئۆزىنىڭ ئاۋالقى قېتىم خاتا ئوقۇمىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئوقۇشىنى داۋام قىلدى. ئەلكاسائى قايتقاندا مەئمۇن ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ: "سەن ئەلكاسائىغا بىر نەرسە توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەنمىدىڭ؟" دېدى. ئاتىسى: "ئوغلۇم! سەن بۇنى قانداق بىلدىڭ؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئاتىسىغا قۇرئان ئوقۇغاندا بولغان ئىشنى، شۇ سەۋەبلىك بىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئاتىسى ئوغلىنىڭ هوشيارلىقىغا ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.»

## قۇرئان بالىنىڭ ئېڭىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

قۇرئان كەرىم تەسىرىنىڭ يۈتكۈل ئىنسانلارغا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئۇنىڭ تەسىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، قەلبىنى مايىللاشتۇرىدۇ. ئىنسانىنىڭ دىلى قانچىلىك پاك بولسا، ئۇنىڭ قۇرئانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. باللار بولسا ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ پاك بەندىلەردۇر. شەيتانىنىڭ ئۇنى ئازدۇرۇشى تېخى باشلانمىغان باسقۇچتىدۇر. بىز مەككىدە نازىل بولغان قىسقا ئايەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ئۇ ئايەتلەرنىڭ باللارنىڭ قوبۇل قىلىش تەبىئىتىگە ناھايىتى ماس كېلىدىغان قىسقا ئايەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ قىسقا سۈرىلىرى قىسقا، يادا قىلىشقا ئاسان ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، باللارنىڭ يادا ئېلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىنىدۇ. ئەدىبىياتشۇناس يازغۇچى مۇستەفا سادىق ئەررافىئى بۇنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىسقا سۈرىلەرنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ، قۇرئاننىڭ شۇنداق بولۇشىدا ئالاھىدە بىر ھېكمەت بار. بۇ ئىنسان تەبىئىتىگە بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان ئاجايىباتلارنىڭ ئاجايىبلىرىدىن، ئۇلار ئىنسان تەبىئىتىدە ئىلاھىي مۆجىزىنىڭ دەلىللىرىنى ئورنىتىدۇ.» قۇرئان ئىلىمىدە بايان قىلىنغىنىدەك، قۇرئاندىكى ھەر بىر سۈرە ھەرگىزمۇ ھازىرقى

---

[1] سۈرە سەف، 2 ـ 3 ـ ئايەتلەر.

تەرتىپ بويىچە رەتلىنىك ھالدا نازىل قىلىنمىغان. مەسىلەن، قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولمىغان، ھەم ئەڭ ئالدىدىمۇ نازىل بولمىغان، بىز بۇنىدىن باشقا قىسقا سۈرىلەرنى ساناپ چىقساق، ھەممىسى بىر پارە مىقتارىغا يەتمەيدۇ، ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئۆزى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە رەتلىنىشىنى خالىغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئاسان قىلىشى بىلەن سۈرە يادلاشقا باشلىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇ سۈرىلەر يادا ئېلىشقا ئاسان كېلىدۇ. بۇ سۈرىلەرنىڭ ھەر بىرى قىسقا. قىسقا بولسىمۇ، ھەر بىرسى بىردىن مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن سۈرىدۇر. ئۇلارنى يادلاشتا، بىرىنچىدىن، بۇنى ئوقۇغان بالا زېرىكىپ قالمايدۇ. ئىككىنچىدىن، سۈرە بىلەن سۈرە ئارىسىدىكى ئايرىملىق ئۇلارنىڭ ئېسىدە ئاسان قالىدۇ. بالىلار بۇ سۈرىلەردىن بەزىلىرىنى ھەتتا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋاتقان باسقۇچتا ئۆگىنىپ بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، قۇرئان ئوقۇشى تېزلەشكەنسېرى، بۇ سۈرىلەر تېخىمۇ ئاسان بىلىنىدۇ. ھەر بىر سۈرىنىڭ خاسلىقلىرى ئۇلارغا ئېنىق بىلىنىپ يادا قىلىشى ۋە يادا قىلغانلىرىنى ئېسىدە ساقلىشى ئاسان بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى توغرىسىدا ئاللاھ تائالا: ﴿بىز مۆمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)﴾[1] دېگەنلىكىنىڭ مەنىسىدۇر.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان رەھمەت شۇنداق بىر رەھمەتتۇركى، بۇنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغانلار قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىر سۈرىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ باقسا بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بالىلار ئەڭ ئىلگىرى يادلايدىغان سۈرە ناس سۈرىسىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ قايسى نىزامغا تەۋە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلساق، مۇنۇلارنى بىلەلەيمىز: ھەر بىر ئايىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەلىمىسى «س» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ ھەرپ ئىككى لەۋ ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قاتتىق ھەرپتۇر، شۇنداقلا بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى ئەڭ ياخشى تېزگىنلىنىدىغان ھەرپتۇر. سۈرىنىڭ ھەر بىر ئايىتى سۆز قىلىشنى ئەمدىلا باشلىغان ھەر قانداق بىر بالىنىڭ ئۆگىنىشى، تەلەپپۇز قىلىشى ئۈچۈن تەسكە توختىمايدىغان دەرىجىدە يەڭگىلدۇر ۋە قاپىيەلىكتۇر. ھەرپلىرىنىڭ تىزىلىشىدا بىر-بىرىگە جىپسىلىشىپ كەلگەندۇر.

بۇ ئاجايىبلىق بىلەن تەرتىپلەنگەن سۈرىنىڭ تاماملىنىشى قانداق بولىدى؟ بۇنىڭ

---

[1] سۈرە سەف، 2 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قانداق بولغانلىقىنى بالىلارغا قۇرئان ئۆگەتكەن ياكى ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرگەن ھەر بىر ئىنسان بالىلارنىڭ بۇ سۆزلەرنى يادا ئالغاندا بالىلارنىڭ سۈرىنى ناھايىتى چىرايلىق بىر رىتىمدا ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ.

تۆۋەندە بىز بالىلارنىڭ قۇرئاندىن تەسىرلىنىشىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىي مىسالنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمىز. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاقتىن ساقلاڭلار[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلغاندا، ئۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كېچە (يەنە بىر رىۋايەتتە بىر كۈن) ئوقۇدى. ئاندىن بىر بالا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى بالىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈستىگە قويدى، يۈرەك تېخى ھەرىكەتتىن توختىمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئى يىگىت! لا ئىلاھە ئىللەللاھ ـ دېگىن!" دېدى، بالا شۇنداق دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بالىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ساھابىلار: "ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىنمۇ؟" دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿بۇ (يەنى غەلىبە) مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇشتىن (يەنى سوراققا تارتىلىشتىن) ۋە ئازابىمدىن قورققانلار ئۈچۈندۇر[2]﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇمىغانمىدىڭلار؟" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سەھىھ دېدى. ئىمام مۇسلىم بىلەن بۇخارىلار رىۋايەت قىلمىدى، ئىمام زەھەبى توغرىلىدى.)

قۇرئاننىڭ بالىلارغا تەسىر قىلىشىنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى، ئەگەر بالا قۇرئاننى ئوقۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ ھاياتىدا ئېتىقادىي ۋە شەخسىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر باسقۇچلىرىدا يولۇقىدىغان ھەرقانداق بىر توسالغۇلىرىنى ئۆزلىكىدىن ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاقى ياخشى، ئۇسال قىلىقلاردىن يىراق، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ نەزىرىيىمىزگە دەلىل سۈپىتىدە ئەللامى شەيخ ئابدۇلۋاھابنىڭ تۆۋەندىكى قىسسىسىنى سىزلەرگە بايان قىلىمىز.

قىسسىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ كىچىك ۋاقتلىرىم ئىدى. بىر كۈنى، مەن

---

[1] سۈرە ئىسرا، 82 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ئاللاھنىڭ تەسەۋۋۇرىنى خىيالىي ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، ئاندىن كېيىن ئەقلىي- ھوشۇمنى يىغىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئېسىمگە ئالغان ھامان خىيالىمدىكى بۇ خاتالىقنى تۈزىتىۋالدىم.»

## بالىلارنىڭ قۇرئان يادلىشىدىن مىساللار

ئاتا- ئانىلارنىڭ ئۈلگە ئېلىپ بالىلىرىنى قۇرئاندىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ سۆزىنى يادلىتىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش، بالىلىرىنى بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئىسلامنىڭ بۇ كاتتا نېئمىتىدىن مەنپەئەتلەندۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئەقىل- زېھنىلىرىنى قۇرئان ئارقىلىق ئېچىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى مىساللارنى بايان قىلىمىز:

ئىمام شافىئى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەن يەتتە يېشىمدا قۇرئاننى يادلاپ بولغان ۋە ئون ياشقا كىرگىچە "مۇۋەتتا" نى يادلاپ بولغان ئىدىم» دەيدۇ.

سەھل ئىبنى ئەتتەستەرى: «مەن قۇرئان ئوقۇشنى ۋە ئۇنى يادلاشنى باشلاپ، ئۇنى ئالتە ياكى يەتتە يېشىمدا يادلاپ بولدۇم» دەيدۇ.

ئىبنى سىنا بولسا، ئون يېشىغىچە قۇرئاننى يادلاپ بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ مەنىلىرىنىمۇ بىلىپ بولغان.

شەيخ ياسىن ئىبنى يۈسۈف ئەلمەراكەشى ئىمام نەۋەۋى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ شەيخنى ناۋا دېگەن جايدا ئون يېشىدا كۆرگەن ئىدىم، بالىلار ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن ئويناشقا زورلايتتى، ئۇ بولسا ئويناشتىن قاچاتتى. بالىلارنىڭ مەجبۇرلاشلىرىغا تەڭ كېلەلمىسە يىغلايتتى. ئۇ شۇ ھالەتتىمۇ قۇرئان ئوقۇيتتى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئاتىسى ئۇنى دۇكانغا قويدى. لېكىن ئۇ پۇتۇن دىققىتىنى قۇرئانغىلا بەرگەچكە ئېلىم- سېتىمغا تازا كۆڭۈل بەرمەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇستازىغا: "بۇ بالا بۇ زامانىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسى، ئەڭ تەقۋاسى ۋە كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مەنپەئەتدار ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن" دېدىم. ئۇستازى:

[1] سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

"سەن پالچىمۇ؟" دەپ سورىدى، مەن: "ياق! ئاللاھ تائالا مېنىڭ دىلىمغا مۇشۇ سۆزنى قىلىشنى سالدى" دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇستازى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇلارنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنىڭغا تاكى قۇرئاننى خەتمە قىلىپ بولغانغا قەدەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.»

## قۇرئان يادلىغان نەمۇنىلىك بالىلار

دوكتۇر ئابدۇلھەي ئەلفەرماۋى مۇھەممەد ئىبنى ئەلجەزەرىنىڭ «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەدەتكارى ۋە تالىپلارنىڭ رەھبىرى» دېگەن كىتابىغا يازغان كىرىش سۆز قىسمىدا مۇئەللىپنىڭ ھاياتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «تارىخ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەتى بىلەن ئوغلىنى دىندا تەربىيىلەش ۋە تەقۋادار قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە تىرىششقا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى ئۆز بەتلىرىدە خاتىرىلىگەن. ئىبنى جەزەرى مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئون ئۈچ يېشىدا قۇرئاننى يادا ئېلىش، ھەدىسنى ئۆگىنىش، قىرائەتلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا يەتتە ئىمامنىڭ قىرائىتىنى، شامدىكى قىرائەت ئىماملىرىنىڭ ئەڭ ئالىمى شەيخى ئىبنى لۇببانىنىڭ ھۇزۇرىدا بىلىم ئېلىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولدى. بۇنچىلىك كۆپ ئىلىم بۆلاقلىرىدىن سۇ ئىچىپ بولغاندا، ئۇ تېخى ئون يەتتىگىمۇ تولۇق توشمىغان ئىدى.»

تۆۋەندە ئالىملاردىن قۇرئان ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن بالىلار توغرىسىدا بىر مىسال كەلتۈرىمىز. شەيخ موھەممەد ئەلا ئۇۋدىن ئابىدىن (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ شەرھىنى يازغان ئىبنى ئابىدىن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئاتىسى ئۇلۇغ شەيخ مۇھەممەد ئەمىين ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ناھايىتى كىچىك يېشىدا قۇرئاننى يادلاپ بولغان بولۇپ، ئاتىسىنىڭ دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناتونۇش بىر ئادەم دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقان قۇرئاننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندى ۋە ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئىنكار قىلىپ: " قۇرئاننى بۇنداق ئوقۇشۇڭ جائىز ئەمەس. جائىز ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، دۇكان دېگەن تىجارەت ئورنى، ئىنسانلار سېنىڭ قىرائىتىڭنى ئاڭلىمايدۇ، بۇ سەۋەب بىلەن ئۇلار گۇناھكار بولىدۇ. يەنى سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئۇلار گۇناھكار بولىدۇ، سەنمۇ گۇناھكار بولىسەن. ئىككىنچىدىن، سېنىڭ بۇ قىرائىتىڭ بولسا، تەغمىلىنىگەن بىر قىرائەت" دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن

تۇرۇپ قىرائەتتە ئەڭ ئالىم كىشىنى ئىزدەش ئۈچۈن چىقتى، بىر كىشى ئۇنىڭغا ئەينى زاماندىكى قارىلارنىڭ شەيخى سەئىد ئەلھەمەۋىنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭدىن قىرائەت ۋە تەجۋىد ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ئىدى. ئاندىن ئۇ ”ئەلمەيدانىيە“، ”ئەلجەزەرىيە“ ۋە”شاتىبىيە“ قاتارلىق تەجۋىد ئەھكاملىرى ھەققىدىكى كىتابلارنى يادلىدى، ئۇ ئىلىملەرنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئوقۇپ قىرائەت پەنلىرىنىڭ ئۇستىلىرىغا ئايلاندى.»

## قۇرئان يادلىغان ئاجايىپ بالىلار

ئىبراھىم ئىبنى سەئىد ئەلجەۋھەرى مۇنداق دېگەن: «خەلىپە مەئمۇننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن تۆت ياشلىق بىر بالىنى كۆردۈم، ئۇ بالا قۇرئان ئوقۇيالايدىكەن ۋە چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىكەن، بىراق ئۇ بالا قورسىقى ئاچسا يىغلايدىكەن.»

ئەبۇمۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان ئەلئەسپەھانى مۇنداق دېگەن: «مەن قۇرئان كەرىمنى بەش يېشىمدا يادلاپ بولغان ئىدىم. مەن تۆت ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا، مېنى قارى ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا قىرائىتىمنى تىڭشىتىش ئۈچۈن ئاپارغانىدى. ئۇ جايدا ھازىر بولغانلار: ”ئۇنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىماڭلار، ئۇ تېخى كىچىك“ دېيىشتى. قارىنىڭ ئوغلى: ”تەكۋىر سۈرىسىنى ئوقۇ!“ دېدى. مەن ئۇنى ئوقۇپ بەردىم، ئۇ: ”باشقا سۈرە ئوقۇ!“، ”مۇرسەلات سۈرىسىنى ئوقۇ!“ دېدى. ئۇلارنىمۇ ئوقۇدۇم ھەمدە ھېچ خاتالاشمىدىم. قارىنىڭ ئوغلى: ”ئۇنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاڭلار، ۋابالى بولسا ماڭا بولسۇن“ دېدى.»

## بالىلار قۇرئان ئوقۇشنى قاچان باشلىشى لازىم؟

بۇ ھەقتە ئەبۇ ئاسىم مۇنداق دېگەن: «مەن ئوغلۇمنى ئۈچ ياشلىق ۋاقتىدا ئىبنى جەرىرنىڭ قېشىغا ھەدىس ۋە قۇرئان ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىدىم، بالىلار بۇ ياشلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىس ئۆگەنسە بولىدۇ.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىغا مۇكاپات بېرىش

ئەبۇھەنىيفە (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئوغلى ھەممەاد سۈرە فاتىھەنى يادلىغاندا ئەبۇھەنىيفە ئۇنىڭ ئۇستازىغا بەش دەرھەم بەرگەن. ئۇ چاغلاردا بىر دەرھەمگە بىر قوچقار ئالغىلى بولاتتى. ئۇستازى بۇ بىر سۈرە ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن بۇ ساخاۋەتنى كۆپ كۆرگەندە، ئەبۇھەنىيفە: «بالامغا ئۆگەتكىنىڭىزنى كىچىك كۆرمەڭ! بىزدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسە بولسا ئىدى، قۇرئاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىمۇ بەرگەن بولاتتۇق» دېگەن.

ئەمما قۇرئان ئوقۇغان بالىنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا مۇجاھىد، قوماندان سالاھىددىن ئەييۇبى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇرۇش جەريانىدا ئەسكەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، كىچىك بىر بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ بالىنىڭ قىرائىتى سالاھىددىن ئەييۇبىغا ياراپ كەتكەچكە، ئۇنى يېنىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تامىقىدىن ئۇنىڭغا بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئۆز ئىلكىدىكى شەخسىي زېمىندىن بىر پارچە يەرنى ۋەقپە قىلىپ بېرىدۇ.

## ئىسلام دىيارىدىكى قۇرئان مەدرىسلىرى

### بالىلارنىڭ قۇرئان مەدرىسلىرىگە قىلغان يۈرۈشى

بىر زامانلاردا مەسجىدلەر قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ- تاشقان ئىدىكى، ئۇلارنى تەربىيىلىگۈچى بولغان مۇئەللىم زەھھاك ئىبنى مەزاھىم مەدرىسىگە يىغىلغان ئۈچ مىڭدەك بالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئېشەك مىنىپ ئايلىنىشقا توغرا كەلگەن ئىدى، ئۇ بۇ خىزمىتىگە ھەق ئالمايتتى.

بالىلار قۇرئان مەدرىسلىرىدە باشقا ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنەمدۇ؟

ئىبنى خەلدۇننىڭ دېيىشىچە، بۇ ھەقتە ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تۈزگەن ئوقىتىش نىزامنامىسى پەرقلىق بولۇپ، بەزى دۆلەتلەر قۇرئان مەدرىسلىرىگە قوشۇمچە ئۆگىنىدىغان نەرسىنىمۇ كىرگۈزىدۇ. بەزى مەملىكەتلەر قۇرئان بىلەن باشقا نەرسىنى بىرگە ئۆگىنىشنى توغرا دەپ قارىمايدۇ.

بىز ياشاۋاتقان مۇھىتنى ئېلىپ ئېيتساق، قۇرئان ئوقۇش بىلەن باشقا ئىلىملەرنى

بىرگە ئۆگىنىشنىڭ ئۆزگىچە رولىنى يوق، چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئەقلى- ئېتىقادى ھەرخىل ئىلىملەرنى ئېلىشقا ئۈيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا كۆپ خىل بىلىمنى بىرلىكتە ئېلىش ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئىلىملەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، بىر-بىرىنى مەسىلىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ پەقەت ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈندۇر. ئەمما دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئالدى بىلەن قۇرئان ئوقۇشتىن باشلاش لازىم. چۈنكى ئۇ ئەقىلنى ئىنسانىنىڭ روھى ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىنى ئۇرۇقلاندۇرىدۇ.

## ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئۆگىتىش

ئەقىدە ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن پىداكارلىق بىلەن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىدۇ. پىداكارلىق كۆرسىتىش دائىرىسى كۆچەيگەنسېرى، ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ئىرادىسىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بۇ، راستچىللىقتا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە مۇسۇلمان باللار ئەقىدىدە ۋە باشقا ئاڭ - قاراشلاردا ئۇرغۇنلىغان توسالغۇلارغا، ئۇلارنى ئىسلامدىن چىقىرىش ئۈچۈن دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان سۈيىقەست پىلانلىرىنىڭ توزاقلىرىغا ئۇچرىماقتا. ئۇ بۇلارغا تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئەقىدىسى مۇستەھكەم، ئىرادىسى تەۋرەنمەس، ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا پىداكار بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ، ئۆزىدىكى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ئارقىلىق مۆمىنلەردە بولۇپ كېلىۋاتقان ۋە بولۇشقا تېگىشلىك پىداكارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى پىداكارلىقلىرىدا ئۇلارنى ئۈلگە قىلىدۇ.

بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇسۇلمان باللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆمىنلەرنىڭ باللىق دەۋرىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار قىسسىلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن ياخشى ئۈلگە ئېلىشى، ساھابىلارنىڭ باللىرىنىڭ يوللىرىنى تونۇشى، ئىمان يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، دىن يولىدا مالامەت يەتكۈزگۈچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقى كېرەك.

## بالىلار ئۆلگىسى ئۇخدۇد ۋەقەلىكى

ئىمام ئەھمەد سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ىسلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگەرى بار ئىدى. ئۇ سېھىرگەر قېرىغاندا پادىشاھقا: "مەن قېرىپ قالدىم. ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى ئۆگەتسەم" دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بارغىچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن. سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە، سېھىرگەر ئۇنى: كېچىكىپ قالدىڭ، ـ دەپ ئۇرىدىكەن. ئۇ بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا: "ئەگەر سەن سېھىرگەردىن قورقساڭ، ئۇنىڭغا: مېنى ئۆيدىكىلەر كېچىكتۈرۈپ قالدى، ـ دېگىن. ئەگەر ئۆيۈڭدىكىلەردىن قورقساڭ: مېنى سېھىرگەر كېچىكتۈرۈپ قويدى، ـ دېگىن" دەپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يوغان بىر ھايۋان تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "راھىبنىڭ يولى توغرىمۇ ياكى سېھىرگەرنىڭ يولى توغرىمۇ، بۈنى بۈگۈن بىلىمەن" دەپتۇ ـ دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ: "ئى ئاللاھ! ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ھايۋانىنى ئۆلتۈرگىن، كىشىلەر يولىغا ماڭسۇن" دەپ تاشنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ بۇ ئىشنى راھىبقا ئېيتىپ بېرىپتۇ. راھىب ئۇ بالىغا: "ئى ئوغلۇم! سەن بۈگۈن مەندىن ئېشىپ كېتىپسەن. سەن بۇ دەرىجىگە يېتىپسەن. سەن ھەقىقەتەن سىناققا دۇچ كېلىسەن. ئەگەر سەن سىنالساڭ، مېنى ئاشكارىلاپ قويمىغىن" دەپتۇ.

ئۇ بالا قارىغۇ، ئاق كېسەللەرنى ۋە باشقا كېسەللەرنىمۇ داۋالايدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان يېقىنلىرىدىن بىرى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيىلەر بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭغا: "ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن" دەپتۇ. ئۇ بالا: "مەن ھەقىقەتەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ تائالا ساقايتىدۇ، ئەگەر سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، سېنى ساقايتىپ قويسۇن" دەپتۇ. ئۇ كىشى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپتۇ، ئاللاھ ئۇنى ساقايتىپتۇ.

ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

"سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟" دەپتۇ. ئۇ: "رەببىم" دەپتۇ. پادىشاھنىڭ (غەزىپى كېلىپ): "سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ؟" دەپتۇ. ئۇ: "ئاللاھ سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئالغاندا، ئۇ ئاخىرى بالىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. ئۇ بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا: "ئى ئوغلۇم! سەن سېھىرگەرلىكتە ۋايىغا يېتىپ، قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالىغۇدەك ۋە مۇنداق - مۇنداق ئىشلارنى قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىپسەن" دەپتۇ. ئۇ بالا: "ياق، مەن ھېچكىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ساقايتىدۇ" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇنىمۇ قىيناپتۇ، ئاخىرى ئۇ بالا راھىبنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. راھىب كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭغا: "دىنىڭدىن يان" دەپتۇ. ئۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ھەرىدىن بىرنى ئەپكېلىپ ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ بېشىنى ھەرىدىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

ئاندىن پادىشاھنىڭ يېقىنىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا: "دىنىڭدىن يان" دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ ئوتتۇرىغا ھەرىنى قويۇپ، بېشىنى ھەرىدەپتۇ. ئۇمۇ ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئاندىن ئۇ بالىنى ئەكېلىپ ئۇنىڭغا: "دىنىڭدىن يان" دەپتۇ. ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: "سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار" دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ ئېگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بالا: "ئى ئاللاھ! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن" دەپتۇ. شۇ چاغدا، تاغ تىترەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: "سەن ئېلىپ كەتكەنلەر قېنى؟" دەپتۇ. ئۇ بالا: "ئاللاھ مېنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇردى" دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: "سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، ئەگەر ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، يانمىسا ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار" دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ بالا: "ئى ئاللاھ! سەن خالىغان يول بىلەن مېنى ساقلاپ قالغىن" دەپتۇ. شۇ چاغدا، كېمە داۋالغۇپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: "ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟" دەپتۇ. ئۇ بالا: "ئاللاھ مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى" دەپتۇ. ئۇ بالا پادىشاھقا: "تاكى سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغىچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن" دەپتۇ. پادىشاھ: "ئۇ نېمە

ئىش؟“ دەپتۇ. ئۇ بالا: ”سەن كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپ، مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن ئوقدانىدىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ : بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ـ دەپ تۇرۇپ (ئوقنى) ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلغىنىڭدا مېنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرەلەيسەن“ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ كىشىلەرنى بىر دۆڭگە يىغىپتۇ. ئۇ بالىنى بىر خورما شېخىغا ئېسىپتۇ. ئاندىن ئوقدانىدىن ئوقنى ئېلىپ ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ : ”بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن“ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر: ”بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق“ دەپ ۋاقىرىشىپتۇ. بىرسى پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ”ھەزەر قىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن قورققان نەرسە يۈز بەردى. ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىمان ئېيتتى“ دەپتۇ.

ئاندىن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا ئورەك كولاپ ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوت ئۇلغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ: ”كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار ياكى ئۇلارغا: (ئوتقا) چۈشۈڭلار! ـ دېيىلسۇن“ دەپتۇ. ئاندىن ئۇلار شۇنداق قىپتۇ. ھەتتا كىچىك بالىسى بار بىر ئايال تىرەجەپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ بالىسى زۇۋانغا كېلىپ: ”ئى ئانا! سەۋر قىل. چۈنكى، سەن ھەقنىڭ ئۈستىدەدۇرسەن“ دەپتۇ.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىممۇ شۇنداق رىۋايەت قىلدى.)

ئابدۇررازاقنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى﴾[1] دېگەن ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكتۇر» دېدى.

---

[1] سۈرە بۇرۇج، 4 ـ 8 ـ ئايەتلەر.

## سەلەپ- سالىھلارنىڭ پىداكارلىقى ۋە جىھادى

### ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى جىھادقا ئۈندىشى

ئىبنى ئەبۇشەيبە شەئبىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغاندا بىر ئايال ئوغلىغا بىر قىلىچ بەردى، بالا ئۇنى كۆتۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئايال قىلىچقا يىپ ئۆتكۈزۈپ بالىسىنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويدى ۋە بالىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ مېنىڭ ئوغلۇم، بۇ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئوغلۇم! بۇنى ئاۋۇ تەرەپكە كۆتۈر، ئى ئوغلۇم! بۇنى ئاۋۇ يەرگە كۆتۈر!" دېدى. ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇ يارىلىنىپ يىقىلدى، باشقىلار ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئوغلۇم! بەلكىم، قورققان بولۇشۇڭ مۇمكىن" دېدى. ئۇ بالا: "ياق! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدى.»

### بالىلىرىنىڭ شېھىت بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەن ئانىلار

ئىمام ئەھمەد ۋە بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «هارىسە ئىبنى رەبىئە بەدرى كۈنى كۆزەتچى بولغان ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى بىر كىچىك بالا ئىدى. بىرتال غايىپ ئوق ئۇنىڭ بويىنغا تېگىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. ئانىسى كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن هارىسەنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئەگەر ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن سەۋر قىلىمەن، ئۇنداق بولماي قالسا، ئاللاھ مېنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى كۆرىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى هارىسەنىڭ ئانىسى! ئۇ پەقەت جەننەتكىلا ئەمەس، جەننەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇ هازىر فىردەۋس جەننىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل يېرىدە" دېدى.»

### بالىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشى

ئىمام بۇخارى قىلغان رىۋايەتتە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدرى ئۇرۇش كۈنى مەن ئۇرۇش مەيدانىدا ئىدىم. قارىسام، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمدە ئەنسارىلاردىن ئىككى كىچىك بالا تۇرۇپتۇ. مەن ئۇ ئىككىسىدىن كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بولسام بوپتىكەن دەپ ئۈمىد قىلىپ قالدىم. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككىسىدىن بىرى مېنى نوقۇپ: "ئى تاغا! سەن ئەبۇجەھلىنى تونۇمسەن" دېدى. مەن: "هەئە، ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭ بار، ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى!" دېدىم. ئۇ: "مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭ قولۇم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات

www.uyghurkitap.com



بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن ئۇنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنى ئۆلتۈرمىگىچە قويۇپ بەرمەيمەن" دېدى. مەن بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ تۇرسام، يەنە بىرىمۇ مېنى نوقۇپ ئالدىنقىسىغا ئوخشىشىنى دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەبۇجەھلىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇ ئىككىسىگە: "كۆردۈڭلارمۇ، سىلەر سورىغان ئادەم ئاۋۇ شۇ" دېيىشىم بىلەنلا، ئۇ ئىككىسى ئېتىلىپ بېرىپ قىلىچ سالدى ۋە ئۇنى تەڭلا ئۆلتۈرىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇ ئىشنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار" دەپ سورىۋىدى. ھەر ئىككىسىلا: "مەن ئۆلتۈردۈم" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قىلىچىڭلارنى سۈرتىۋەتتىڭلارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "ياق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ بېقىپ: "ئۇنى ئىككىڭلار تەڭ ئۆلتۈرۈپسىلەر" دېدى ۋە ئەبۇجەھلىنىڭ قورال - ياراقلىرىنى مۇئاز ئىبنى ئەمرىل جەمۇھقا بېرىشكە ھۆكۈم قىلدى.»

### باللارنىڭ جىھادقا چىقىش ئۈچۈن يىغلىشى ۋە ئۇلارنىڭ سەپ ئارقىلىرىغا مۆكۈنىۋېلىشلىرى

ئىبنى ئەساكىر سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تۇغقان قېرىندىشىم ئۇمەير ئىبنى ئەبۇۋەققاسنى كىچىك كۆرگەنلىكتىن بەدرىگە چىقىشىنى رەت قىلغانىدى، ئۇمەير كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلدى. مەن ئۇنىڭ قىلىچىنى بويىنىغا ئېسىپ قويدۇم، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ يۈزۈمگە ئارانلا بىر تال تۈك چىققان ئىدى، مەن پات- پات ئۇنى سىلاپ قوياتتىم.» (يەنى ساقال- بۇرۇت چىقىش يېشىغا يەتمىگەن ۋاقتىم ئىدى. - دېمەكچى)

ئىبنى سەئد سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بەدرى كۈنى ئۇرۇشقا چىقىدىغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزدىن كەچۈرگىلى تۇرغاندا ئىنىم ئۇمەير ئىبنى ئەبۇۋەققاسنىڭ يوشۇرۇنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: "ئى ئۇكام! ساڭا نېمە بولدى؟" دېدىم. ئۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرۈپ قېلىپ كىچىككەنسەن دەپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ مۆكۈنىۋالدىم، مەن بۇ ئۇرۇشقا چىقىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. ئاللاھ بەلكىم ماڭا بۇ جەڭدە شېھىتلىكنى نېسىپ قىلىپ قالار" دېدى.» سەئىدنىڭ رىۋايىتىنىڭ داۋامىدا ئۇنىڭ: «ئىنىمنىڭ بويى كىچىك بولغاچقا، مەن قىلىچىنىڭ سۆرۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بويىنىغا باغلاپ قوياتتىم» دېيىلگەن، بۇ كىچىك مۇجاھىد ئۇرۇشتا شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ، ئۇ

چاغدا ئۇ ئەمدىلا 16 ياشتا ئىدى.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقىدىغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا چىقماقچى بولغانلارنىڭ ئىچىدىن، مەن، بەرا ئىبنى ئازىب، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىق بىرقانچەيلەننى كىچىك كۆرگەن ئىدى.»

## بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى جىھادقا تەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقلىرى

ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇرۇشقا چىقىشنى خالايمەن، بىراق مېنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشقا ھېچبىر تەييارلىقىم يوق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن پالانىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان ئىدى، بىراق ئاغرىپ قالدى" دېدى. ئۇ بالا ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ كىشىگە: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا سالام يوللىدى ۋە سېنىڭ تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى بۇيرىدى" دېدى. ئۇ ئادەم ئايالىغا: "سەن ئۇنىڭغا مەن تەييارلىغان نەرسىلەرنى بەرگىن! ھېچنېمىنى ئېلىپ قالمىغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئېلىپ قالمىساڭ، ئاللاھ بىزگە ئۇنىڭدا بەرىكەت بېرىدۇ" دېدى.»

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئەنسارىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بالاغەتكە يەتكەنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا تاللايتتى. بىر يىلى ئۇرۇشقا چىقىشقا كۆرسىتىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئالماي باشقا بىرىنى قوبۇل قىلدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىپ مېنى قوبۇل قىلمايسەن؟ ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسام، ئۇنى چوقۇم يېڭەلەيمەن" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭ بىلەن چېلىش باق" دېدى. مەن ئۇنى يىقىتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى قوبۇل قىلدى.»

## ئاتىلارنىڭ باللىرىنى ئۇرۇشقا بىللە ئېلىپ چىقىشى

ئىمام بۇخارى زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئۇرۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتام زۇبەيرنىڭ تېنىدە ئۈچ دانە جاراھەت ئورنى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرى بويىنىدا ئىدى. مەن بەزىدە بارماقلىرىمنى ئۇ جاراھەتنىڭ ئويمان بولۇپ قالغان يەرلەرگە تىقىپ ئوينايتتىم. يەرمۇك ئۇرۇشى بولغان كۈنى ساھابىلار ئاتامغا: ”ھۇجۇمغا ئاتلانمامسەن؟ بىزمۇ سەن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەيلى!“ دېدى. ئۇ: ”مەن ھۇجۇمغا ئاتلانسام، سىلەر يالغانچى بولۇپ قالىسىلەر“ دېدى. ئاندىن ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە ئاتلىنىپ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ساھابىلار ئۇنىڭغا يېتىشەلمىگەچكە، ئۇ ئۆزى يالغۇز كېتىپ قالغان ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئارقىغا قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىككى يېرى يارىلانغان ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بەدرى ئۇرۇشىدا قالغان بىر جاراھەت بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ بولدى.»

يەرمۇك ئۇرۇشى بولغاندا، زۇبەيرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئەمدىلا ئون ياشتا ئىدى. ئۇ ئاتىسى بىلەن ئۇرۇشقا چىققان بولۇپ، ئۇنى ئاتقا مىنگۈزۈپ بىر ئادەمگە تاپشۇرغان ئىدى.

ئىبنى جەرىر تەھرىبىل ئاساردا ئۆزىنىڭ خاتىرىسىگە كۆرە، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خەندەك ئۇرۇشى كۈنى مەن ئەمىر ئىبنى ئەبۇسەلەمە بىلەن خەندەك ئىچىدە ئىدىم. ئۇ بېشىنى ئېگەتتى، مەن ئۇرۇشنى كۆزىتەتتىم، مەن بېشىمنى ئەگسەم، ئۇ ئۇرۇشنى كۆزىتەتتى. مەن ئاتامنىڭ ھېلى بۇ يەرگە، ھېلى ئۇ يەرگە يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. كېيىن مەن ئۇنىڭدىن ئۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: ”بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئاتا- ئانىسىنى پىدا قىلدى، يەنى: ساڭا ئاتا- ئانام پىدا بولسۇن! - دېدى.“»

ئۇنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە، ئۇ: «”ئى ئوغلۇم! مېنى كۆردۈڭمۇ؟“ دېدى. ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير: ”ھەئە“ دېدى. ئۇ: ”سەن مېنى كۆرگەن شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ھۇجۇم قىل! ئاتا- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! - دەپ ئاتا- ئانىسىنى ماڭا پىدا قىلغان ئىدى“ دېدى.»

ساھابىلار ئوغۇللىرىنى شۇنداق تەربىيىلەيدۇكى، ئۇلار ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىش دېگەنلەرنى ئەسلا بىلمەيتتى، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى كىچىك كۆرۈپ ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقماسلىقىدىن بەكلا ئەنسىرىشەتتى ۋە قوبۇل

قىلىتىپ قىلىشى ئۈچۈن ھەر خىل يوللارنى ئىزدىنىشەتتى. ئۇلار جىھاد قىلىپ كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان، مەڭگۈ تۈگەپ كەتمەيدىغان نازۇ- نېئمەتلىك جەننەتلەرگە كىرىشنى، ئۇ يەردە مەڭگۈ قىلىشنى بەكمۇ ئىزدەيتتى.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، كەمچىلىكلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن! بىزنىڭ قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە بىزگە كاپىر قەۋمنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلغىن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى



# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئىبادەت

مۇقەددىمە

بىرىنچى، ناماز

نامازغا بۇيرۇش

بالىغا ناماز ئۆگىتىش

ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئۇنىمىسا ئۇرۇش

بالىلارنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈش

بالىلارغا كېچىدە ناماز ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇش

بالىلارنى ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

بالىلارنى ھېيت نامىزىغا بىللە ئېلىپ بېرىش

ئىككىنچى، بالىلار ۋە مەسجىد

بالىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىش

بالىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش

ئۈچىنچى، روزا

تۆتىنچى، ھەج

بەشىنچى، زاكات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

﴿(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۇممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر.﴾

— «قۇرئان كەرىم» سۈرە تاھا، 132 ـ ئايەت

## مۇقەددىمە

ئىبادەتنى بىنا قىلىش ــ ئەقىدىنى بىنا قىلىشنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئۆزىنىڭ روھى بىلەن ئەقىدىنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە، ئىبادەت ـ ئەقىدىنىڭ شەكلىي ئاساسىدۇر. ھەر بىر بالا پەرۋەردىگارىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي تۇيغۇ بىلەن ماسلىشىپ، ئۇنىڭدا بىر خىل ئازادىلىك ۋە خۇشھال كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ.

دوكتۇر سەئىد رامىزان ئەلبوتى بۇ توغرىسىدا مۇنداق مەنىدىكى سۆزلەرنى قىلغان: «ئەقىدىنىڭ مايىسىسى ھەر تۈرلۈك ئىبادەت بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئوغۇتلىنىپ قۇۋەتلىنىشى كېرەككى، دىلدىكى ئەقىدە مايىسىسى شۇ ئارقىلىق ياشنايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باراقسانلىشىدۇ. شۇندىلا، ھايات مۇساپىسىدە ئۇچرايدىغان تۈرلۈك بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ مۇستەھكەم تۇرىدۇ.»

بالىلىق مەزگىلى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەزگىل بولماستىن، كەلگۈسىدە ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتلەر ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان، چېنىقتۇرۇلىدىغان ۋە تەربىيىلىنىدىغان مەزگىلدۇر. بالىلىق مەزگىلىدە دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپلا ئادا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى كىچىكىدىن باشلاپ مەشىق قىلسا، كېيىن بۇنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئادا قىلىشتا ھاياتىنىڭ ھېچقانداق بىر توسالغۇسى ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسى تولۇپ- تاشقان، جەسۇرلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالەتتە بولىدۇ. بالىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى ئۇنىڭ دىلىدا خۇددى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئېرىشكەندەك بىر تۇيغۇنى ھاسىل قىلىدۇ. ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلىش، غەزەپ، ئۆچمەنلىك تۇيغۇلىرىنى ئېزگۈنلەشتە ئەقىدىسى شۇنچىلىك ياخشى رول ئوينايدۇكى، ئۇنى تۇز يولدىكى سالماق تەبىئەتلىك بىر ئادەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئاللاھقا بولغان ئىبادەت بىلەن ياشارتىلغان ئىكەن، ئۇنىڭدىكى شەھۋەتكە، ھاۋايى- ھەۋەسكە بېرىلىش تۇيغۇسى ئاجىزلاشقان، ئاللاھ نىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش قىزغىنلىقى كۈچلۈك بولغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ روھى كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، دىلى ئازادىچىلىك ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ دىلى قۇرئان ئوقۇشنى ياكى ئاڭلاشنى، ياكى بولمىسا نامازلارنىڭ قىيام، رۇكۇ، سەجدىلىرىدە تۇرۇشنى خالايدۇ، روزا تۇتۇپ ئىپتار ۋاقتىنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدا ئاڭلىغان ئەزان ئاۋازى

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، بۇ خىلدىكى ئىبادەتلەر بالىنىڭ ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چىڭ، دىنىنى قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بالىلارنى كىچىكىدىن ئىبادەت بىلەن تەربىيىلەشنى باشقا خىل ئۇسۇلدا تەربىيىلەشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن چوڭ بولغان بالىلارغا ئاجايىپ كاتتا خۇشخەۋەرنى بەرگەن بولۇپ، تەبەرانى ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئىبادەت ئۈستىدە چوڭ بولغان ھەر بىر ئۆسمۈرگە 99 سىددىقنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. بۇ ئەجىر تاكى ئۇلارغا ئۆلۈم يېتىپ كەلگىچە داۋاملىشىدۇ». يەنە ئىبنى ئابدۇلبەر مۇسنەدىنىڭ كىرىش سۆزى قىسمىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە: «بالىغا ياخشىلىقلىرىلا يېزىلىدۇ، يامانلىقلىرى يېزىلمايدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەلىماتىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە ئاساسقا دىققەت قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز:

## ناماز

بۇ مۇنداق بىرنەچچە باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ.

## نامازغا بۇيرۇش

بالا ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرگىدەك بولغان ھامان، ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش ئارقىلىق نامازنىڭ ئەمرلىرىنى كۆرستىشنى باشلايدۇ. تەبەرانى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىبىدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بالا ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئۇنى نامازغا بۇيرۇڭلار» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەبۇداۋۇد مۇئازدىن، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبىب ئەلجۇھەنىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بەرگۈچى ھىشام ئىبنى سەئىد مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردۇق، ئۇ ئايالىدىن: "بالا قاچان ناماز ئوقۇيدۇ؟" دەپ سورىدى. ئايالى: "بىزدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن بۇ توغرىلىق سورىغاندا، ئۇنىڭغا: ئۇ ئاق - قارىنى

پەرقلەندۈرەلىسە، ئۇنى نامازغا بۇيرۇڭلار! - دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن" دېدى.»

## بالىغا ناماز ئۆگىتىش

ئاتا- ئانىلار بالىلىرىغا ناماز ئۆگىتىش باسقۇچىدا ئۇلارغا نامازنىڭ رۇكۇنلىرىنى، ۋاجىپلىرىنى ۋە ئۇنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىش باسقۇچىنىڭ ئەڭ دەسلەپكىنى يەتتە ياش دەپ توختاتتى.

ئەبۇداۋۇد سەبرە ئىبنى مەئبەد ئەججۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىنى يەتتە ياشقا يەتكەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا يەتكەندىمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا، بالىنى ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلاپ ئۇرۇڭلار!» دېگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە بولسا: «بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇلىدۇ، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ئوقۇمىسا ئۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن.

دارۇ قۇتنىنىڭ رىۋايىتىدە: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئونغا كىرگەندىمۇ ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا ئۇلار نامازدا بىلىشكە تېگىشلىك تەرەپلەرنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۆگەتەتتى. مەسىلەن:

ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋىتىردا: "ئى ئاللاھ! مېنى سەن ھىدايەت قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ھىدايەتكە باشلىغىن! ئەپۇ قىلغان كىشىلىرىڭ قاتارىدا ئەپۇ قىلغىن! سەن ئۆزەڭ ئىگە بولغان كىشىلىرىڭنىڭ قاتارىدا ماڭا ئىگە بولغىن! ماڭا ئاتا قىلغان نەرسەڭدە بەرىكەت بەرگىن! تەقدىر قىلغان نەرسىنىڭ شەررىدىن مېنى ساقلىغىن! ھەقىقەتەن سەن ھەقنى تەقدىر قىلغۇچىسەن، ساڭا تەقدىر قىلىنمايدۇ، شۈبھىسىزكى، سەن ئىگە بولغان كىشى خار بولمايدۇ، رەببىمىز! سەن مۇبارەكتۇرسەن! ئۈستۈندۇرسەن!" دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەنىدى.»

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ نامازدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى تۈزىتەتتى

ئىمام تىرمىزى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئەپلەھ ئىسىملىك بىر بالىمىزنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا پۈۋدەيدىغان ئادىتىنى كۆرۈپ قىلىپ: ”ئى ئەپلەھ! يۈزۈڭنى تۇپراققا تەككۈز!“ دېدى.»

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا ئەزان ئېيتىشنى ئۆگىتەتتى

ئەبۇمەھزۇرە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئون نەچچە بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە چىققان ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ئادىمىمىز ئىدى. ساھابىلار ئەزان ئېيتتى. بىزمۇ ئۇلارنى مازاق قىلىپ ئەزان ئېيتىشقا باشلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاۋۇ بالىلارنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!“ دېدى. بىز ئېلىپ كېلىنگەندە: ”ئەزان ئېيتىڭلار!“ دېدى. بىز ئەزان ئېيتىشقا باشلىدۇق، ئەزان ئېيتقان بالىلار ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ: ”بۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن چىرايلىق؟! ماڭ، سەن بېرىپ مەككىلىكلەرگە ئەزان ئېيتىپ بەر!“ دېدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ)! (ئىككى قېتىم)، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ! (ئىككى قېتىم)، ھەييە ئەلەس سالاھ! (ئىككى قېتىم)، ئەييە ئەلەل فەلاھ! (ئىككى قېتىم)، ئاللاھ ئەكبەر! ئاللاھ ئەكبەر! لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ـ دېگىن، بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتقاندا: ئەسسالاتۇ خەيرۇ مىنەنەن نەۋم![1] (ئىككى قېتىم)، دېگىن. نامازغا تەكبىر ئوقۇماقچى بولساڭ: قەد قامەتىسسالاھتى ئىككى قېتىم دېگىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟“ دېدى.» بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بالا يەنى ئەبۇمەھزۇرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشانىسىنى سىلىغانلىقى ئۈچۈن پېشانە تەرەپتىكى چېچىنى يا چۈشۈرمەيتتى ياكى قىسقارتمايتتى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە بۇنىدىن باشقا تۆت ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان.)

---

[1] مەنىسى: ئۇيقىدىن ناماز ياخشىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر نامازدىن ئىلگىرى بالىلارنى ئارقا سەپتە سەپكە تۇرغۇزاتتى

ئىمام مۇسلىم ئەبۇمەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بىزنىڭ دولىلىرىمىزنى سىلاپ: ”تۈز تۇرۇڭلار، قالايمىقان تۇرماڭلار، دىلىڭلار قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. بالاغەتكە يەتكەنلەر نامازدا ماڭا يېقىن تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن كىچىكلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىنمۇ كىچىكلەر تۇرسۇن!“ دەيتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا نامازدا ئۇلۇغ ـ سول تەرەپلەرگە قارىماسلىق تەلىماتىنى بېرەتتى. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا نامازنى قانداق ئوقۇشنى ئۆگىتىشكە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئوغلۇم! نامازدا (ئوڭ ـ سول) قاراشتىن ساقلان! نامازدا قاراش ھالاكەتتۇر، قارىمىسا بولمايدىغان ئىش بولسا، پەقەت نەپلە نامازدا قارا، پەرز نامازدا قارىمىغىن!“ دېگەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا پەرز ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدۇ، ساھابىلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تۇتۇپ بالىلىرىغا نامازغا دائىر ئەھكاملىرىنى ئۆزلىرى ئۆگىتىشكە باشلىغان. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپمۇ ئوغلى ھۈسەين (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئوغلىنىڭ تاھارەت ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەنلىكى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

ئەبۇداۋۇد ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتام مېنى تاھارەت قاچىسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. ئاندىن ئۇ تاھارەت ئېلىشقا باشلاپ، ئالدى بىلەن ئىككى قولىنى، تاھارەت سۈيى بار قاچىغا تىقىشتىن بۇرۇن ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئاغزىغا سۇ ئېلىپ ئۈچ قېتىم غار-غار قىلىپ چايقىدى، ئاندىن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى مەز- مەز قىلدى، ئاندىن يۈزىنى ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن ئۇڭ قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇدى، ئاندىن سول قولىنى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇدى، ئاندىن بېشىغا بىر قېتىم مەسھى قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم، ئارقىدىن سول پۇتىنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ ئۈچ قېتىم يۇدى، ئاندىن تاھارەتتىن ئېشىپ قالغان سۇنى ئۆرە تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئېچىۋەتتى، مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىدىن ھەيران بولدۇم. ئاتام مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ: "ھەيران بولما! ھەقىقەتەن مەن بۇۋاڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەتنى خۇددى مەن ئالغاندەك ئېلىپ، تاھارەتتىن ئاشقان سۇنى ئىچكەنلىكىنى كۆرگەن" دېدى.»

كىچىك باللارنىڭ چوڭلارنىڭ تاھارەت ئېلىشىنى كۆرۈشى، ئۇنى ئەمەلىيەتكە توغرا تەتبىقلاشنىڭ جانلىق دەرسىدۇر. ئابدۇررازاق مۇسەننەدىدە مالىكتىن، ئۇ نافىئىدىن قىلغان رىۋايىتىدە نافىئى مۇنداق دېگەن: «مەن كىچىك ۋاقتىمدا سانىيە بىنتى ئەبۇئۇبەيدىنىڭ تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ بېشىغا مەسھى قىلماقچى بولغاندا ياغلىقىنى سېيرىۋەتتى.»

سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاتام بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلاپ ئېسىدە تۇتۇۋالغان مۇنداق بەش دۇئانى ئۆگىتەتتى: "ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ساڭا سىغىنىپ بېخىللىقتىن، قورقۇنچتىن، ھەددىدىن زىيادە قېرىپ كېتىشتىن، دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ۋە قەبىر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن!"» (ئەبۇيەئلا مۇسەننەدىدە سەھىھ سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.) بىز باللارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەت بۇ باسقۇچقا ئائىت بايانلىرىمىزنى ئۇلۇغ ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتا-ئانىلارغا قىلغان مۇنۇ نەسىھىتى بىلەن تاماملايمىز. تەبەرانىيدىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلارغا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «بالىلىرىڭلارنىڭ نامىزىنى ھىمايە قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈڭلار. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىق ئادەتتۇر.» (بۇنى بەيھەقى «سۇنەن كەبىر» دە رىۋايەت قىلغان)

## ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئوقۇمىسا ئۇنى ئۇرۇش

بۇ باسقۇچ بالا ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا ياكى نامازغا سەل قاراپ سۇسلۇق قىلسا ۋە ياكى نامازدا قەستەن كەمچىللىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئادا قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلسا، ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدىكى ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقى ۋە شەيتاننىڭ يولىغا ماڭغانلىقى بىلەن ئۇز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئەدەپلەپ ئۇرسا، جائىز بولىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ بۇ ياشتىكى مەزگىلى تەبىئىتىدە مەۋجۇد بولغۇچى تەبىئىي فىترەتكە رىئايە قىلىدىغان مەزگىلىدۇر، شۇنداقلا رەببىگە بويسۇنۇشنى تەبىئىتى قوبۇل قىلغان ھالەتتىكى مەزگىلىدۇر. چۈنكى

بۇ باسقۇچتا تۇرغان بالىنىڭ قەلبى يارتىلىشتىكى پاك، گۇناھسىز تەبىئەتتىكى پاك ھالىتىدە بولۇپ ئۇنىڭغا قارىتا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى تېخى كۈچلۈك تەسىر قىلمىغان باسقۇچتۇر. ئۇنىڭ نامىز ئوقۇماسلىقى بولسا، شەيتاننىڭ ئۇنىڭغا تەدرىجىي يېقىنلاشقانلىقىنىڭ تەسىرىدۇر. بۇنىڭ داۋاسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن داۋا بولۇپ، بۇ داۋا تاياقتىن ئىبارەتتۇر. بالىنى ئۇرغۇچى بالىنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق بۇيرىغانلىقىنى بالىغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى دۇرۇستۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالاڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇڭلار. ئون ياشقا كىرگەندىمۇ ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار.» (ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايىتى)

شەيخ ۋەلىيۇللاھ ئەددەھلەۋى بۇ ھەدىس ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بالا ئىككى جەھەتتە بالاغەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭ بىرى روھى جەھەتتىن، يەنى بىرى جىسمانىي جەھەتتىندۇر. بالىنىڭ روھى جەھەتتىكى بالاغەتكە يېتىشى بولسا، ئەقىل بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەقىلنىڭ ئاشكارىلىنىشى يەتتە ياشتىن باشلىنىدۇ. بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ قانداقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئوپئوچۇق ئاشكارا بولىدۇ. شۇنداقلا، بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلىدۇ. ئون ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئەقلىلىق ياكى ئەمەسلىكى، ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ دەرىجىسى تولۇق ئايان بولىدۇ. ئون ياشقا كىرگەن بالىنىڭ مىجەز- خۇلقى نورمال بولسىلا، ئەقلىي ساغلام ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بالا پايدا- زىياننى بىلىدۇ، تىجارەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا ماھارەتكە ئىگە بولالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ جىھاد، قانۇن- نىزام، چەكلىمىلەرنى چۈشىنىپ يېتىشى، جازالاش ۋە ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئىگەللەش، مەدەنىي ۋە مىللىي سىياسەت ساھەلىرىدە ئورۇن ئېلىشى، توغرا يولدا مېڭىشى قاتارلىق ئىقتىدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنىڭ تەڭ يېتىلىشىگە باغلىق بولۇپ، بۇ بالا ئون بەش ياش ياكى ئۇنىڭدىنمۇ سەل يۇقىرى ياشتا ھەقىقەتلىنىشىدۇ. بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى بالاغەتكە يېتىشىنىڭ ئالامىتى بولسا، ئېھتىلام بولۇش ۋە ئەۋرەتكە تۈك چىقىشىدۇر.

ناماز ــ بەندە بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى باغلىغۇچى ۋە شۇنداقلا بەندىلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر ھالاكەت گىرداۋىغا چۈشۈپ كەتكۈچىلەرنى قۇتقۇزغۇچى ۋاسىتە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئادا قىلىش ئەقلىي جەھەتتە بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى

بولغان يەتتە يېشىدىن باشلاپ بۇيرۇلدى. نامازنىڭ ئادا قىلىنىشى بالىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئادا قىلمىسا، گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلىش باسقۇچىنى يەتتە ياش بىلەن ئون ياشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ ئارىسىغا بېكىتتى.

## بالىلارنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈش

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىكەن، مۇساپىر، قۇل، كىچىك بالا (بالاغەتكە يەتمىگەن)، ئايال كىشى ۋە كېسەلدىن باشقىلارغا جۇمە ئوقۇش ۋاجىپ بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ ياكى ئىش ـ ئوقەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ تاشلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولىدۇ، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن (بەندىلىرىدىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر!»

ئىمام كاسانى «بەدائى» دە بۇ ھەدىس ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ يەردە دېيىلگەن: "كىچىك بالا بولمىسىلا" دېگەندىن مەخسەت: "كىچىك بالا ناۋادا جۇمە نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى نەپلە ناماز ھېسابىدا بولىدۇ" دېگەن مەنىدىدۇر» دەيدۇ.

بالىنى جۇمە نامىزىغا بېرىشقا ئادەتلەندۈرگەندە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچىلىغان پايدىلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ:

(1) جۇمە نامىزىنى ئوقۇش پەرز بولغىدەك بالاغەت يېشىغا يەتكۈچە جۇمە نامىزىغا بېرىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ بولغان بولىدۇ.

(2) خۇتبىلاردىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەر بالىغا تەسىر قىلىدۇ، چۈنكى بالىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئىمان ھەققىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىكى، ئاللاھنىڭ بۇيرىغان توسقان ئىشلىرى ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن كېلىدۇ، شۇڭا خۇتبە ئۇنىڭغا بىر ياخشى دەرس مەيدانى ھېسابلىنىدۇ.

(3) مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان جەمئىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاتىسى تونۇغان كىشىلەرنىمۇ تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

(4) جۈمە كۈنىدىكى خۇتبە ئوقۇلغان ۋاقىت دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىت دېگەن

كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا بولسا، بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيىدىن زىكىر قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مۇبارەك ۋاقىتقا ھازىر بولغان بولىدۇ.

(5) بىر جۈمەدىن يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق بەشۋاخ نامازنى ئادا قىلىشقا روھىي ۋە ئىمانىي ئوزۇق تەييارلايدۇ.

(6) جۈمە نامىزىغا بېرىش ئارقىلىق مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ ئالىملىرى ۋە پېشۋالىرىنى تونۇيدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىلمى ۋە تەقۋالىقى كىچىكلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

(7) جۈمە نامىزىنى ئوقۇش بىلەن شۇنداق بىر مۇكەممەل كىشىلىك خاراكتېر يېتىلىدۇكى، ئۇنىڭدا ئەقىدىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللاردىن باشقا، ئىبادەتنىڭ تولۇق ئادا بولۇشى، ئىجتىمائى ئالاقىنىڭ قويۇق بولۇشى، ئىلىمنىڭ كۆپ بولۇشى، تېنىنىڭ ساغلام بولۇشى، خاراكتېرىنىڭ مۇلايىم ۋە چىقىشقاق بولۇشىدەك ئېسىل ئامىللارنىڭ يېتىلىشىگە شەرت-شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

## بالىلارغا كېچىدە ناماز ئوقۇشتا ئۈلگە بولۇش

ساھابىلارنىڭ بالىلىرى بەش ۋاخ نامازنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنىدەك كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇشقىمۇ ئادەتلەنگەن ئىدى. ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئانامنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنە بىنتى ئىبنى ھارىسەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان كېچىدە ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆيىگە كېلىپ تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن ئۇخلىدى، بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ: "كىچىك ئۇخلىدى" ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامازغا تۇردى، مەنمۇ تۇرۇپ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇردۇم، ئۇ مېنى ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى، ئۇ ئالدى بىلەن بەش رەكئەت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئارقىدىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن يېتىپ ئۇخلىدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇدا خورەك تارتقىنىنى ياكى پۇشۇلدىغىنىنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بامدات نامىزىغا چىقتى.»

www.uyghurkitap.com

ئىبنى خۇزەيمە سەھىھىسىدە ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن ئانامنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنە بىنتى ھارىسەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم، مەن ئۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇردى، مەنمۇ تۇرۇپ سول تەرىپىدە تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى تۇتۇپ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئۇنىڭدىن دىن ئۆگىنىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكى شۇنچىلىك بولغان بۇ بالىنىڭ ئەينى بىر چاغدا يېشى تاھايىتى كىچىك بىر بالا ئىكەنلىكىگە ھەيران قالمىدىڭىزمۇ، ئۇنىڭ گۆدەكلەرگە خاس شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇشقا كەلگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالامسىز؟ بۈگۈنكىدىن باشقا يەنە، ئىنسانلارنىڭ يولباشچىسى بولغان ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارغا چوڭلارغا قىلغاندىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ، ئۇنى ئوڭ تەرەپكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق نامازدىكى بىر ئەمەلنىڭ يولىنى ئۆگەتكەنلىكى سىزنى تەسىرلەندۈرمىدىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق گۈزەل خۇلق ۋە دىنغا سادىق بولۇش خاراكتېرىغا ئىگە ئىنسانكى، ئۇ ھەتتا چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ نامازلىرىدا ئۆزىدىن ئۈلگە ئېلىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنەس ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە، ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن بىرلىكتە ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرۇپ، ئەنەسنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى، ئۇ ئىككى ئايالنى بولسا، ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقا بۇيرىدى.» (بۇنى ئىمام شافىئىيمۇ رىۋايەت قىلغان.)

ئىنى زەفەر ئەلمەككى ئىنسان ئەقلىنى تەسىرلەندۈرۈپ لال قىلىدىغان مۇنداق لاتاپەتلىك گۈزەل قىسسىلەردىن بىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكىسى كىچىك بالا ئەبۇيەزىد تافغۇر ئىبنى ئىسا ئەلبۇستامىنىڭ ئاتىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدۇر: «مەن ئاڭلىغان رىۋايەتتە ئەبۇيەزىد تافغۇر ئىبنى ئىسا ئەلبۇستامى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئى كىيىمگە يۆگىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر)! كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە ـ دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى

[1] سۈرە مۇزەممىل، 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر.

يادلىغاندا ئاتىسىغا: "ئى ئاتا! ئاللاھ تائالا بۇ سۆزنى كىمگە قارىتىپ قىلغان؟" دەپ سورىدى، ئاتىسى: "ئى ئوغلۇم! بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان" دېدى. ئوغلى: "ئى ئاتا! ئۇنداقتا، سەن نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلمايسەن؟" دېدى. ئاتىسى: "ئوغلۇم! كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس قىلىنغان، ئۈممەتكە ئۇنداق پەرز ئەمەس" دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالا جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن ئۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغانلار (يەنى ساھابىلەر) دىن بىر توپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايەتنى يادلىغاندا ئۇ: "ئى ئاتا! مەن كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر توغرىسىدا ئاڭلاۋاتىمەن، ئۇلار كىملەر؟" دېدى. ئاتىسى: "ئوغلۇم! ئۇلار بارلىق ساھابىلاردۇر" دېدى. بالا: "ئى ئاتا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىلغان ئىشىنى تەرك ئېتىشتە نېمە ياخشىلىق بار؟" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى: "راست ئېيتتىڭ، بالام!" دېدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئاتىسى ھەر كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. ئەبۇيەزىد بىر كېچىسى ئويغانسا، ئاتىسى ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، ئۇ: "ئى ئاتا! ماڭا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويغىن، مەنمۇ سەن بىلەن ناماز ئوقۇي" دېدى. ئاتىسى: "جىم يات! سەن تېخى كىچىك" دېدى. بالا: "ئى ئاتا! كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدىغان كۈندە مەن پەرۋەردىگارىمغا: ئاتامغا سەن بىلەن ناماز ئوقۇشۇم ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويغىن، ـ دېسەم، ئۇ ئۇنىماي: يات، سەن تېخى كىچىك، ـ دېدى، ـ دەمدىمەن؟ سەن مۇشۇنداق دېيىشىمنى ياقتۇرامسەن؟" دېدى. ئاتىسى: "ياق، ئى ئوغلۇم!" دەپ ئوغلىغا تاھارەت ئېلىشنى ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇ بالا ئاتىسى بىلەن كېچىدە ناماز ئوقۇيدىغان بولدى.»

## بالىلارنى ئىستىخارە نامىزى ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

ئىبنى سۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئەنەس! سەن بىر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، ئۇ ئىش ھەققىدە پەرۋەردىگارىڭغا يەتتە قېتىم ئىستىخارە سالغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن قەلبىڭگە نېمە بۇرۇن كەلسە، شۇنى

[1] سۈرە مۇزەممىل 20 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

قىلغىن. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىق ئۇنىڭدا بولىدۇ.»

## بالىلارنى ھېيت نامىزىغا بىللە ئېلىپ بېرىش

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيتتا فەزل ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەلى، جەئفەر، ھەسەن، ھۈسەين، ئۇسامە ئىبنى زەيد، زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەيمەن ئىبنى ئۇممۇ ئەيمەن قاتارلىقلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ۋە تەھلىل ئېيتقان ھالدا ناماز ئوقۇيدىغان جايغا قەدەر تۆمۈرچىلەر كوچىسىدىن مېڭىپ باراتتى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندا بولسا، تاكى ئۆيلىرىگە يېتىپ بارغىچە ئاياقچىلار كوچىسىدىن قايتاتتى.» (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمە سەھىھىدا رىۋايەت قىلدى.)

## بالىلار ۋە مەسجىد

### بالىنى مەسجىدكە ئېلىپ بېرىش

مەسجىد ــ ئەۋلادىمۇ ئەۋلاد مۇسۇلمان يېتىشتۈرىدىغان بىر مەيداندۇر. بۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى، كەلگۈسىدىمۇ ھەم شۇنداق بولغۇسى. ئۇ ئۆزىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزىدۇر. ساھابىلارنىڭ بالىلىرى مەسجىدلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بالىلىق دەۋرىنى بىزگە مۇنداق سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرىنچى ناماز، يەنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇم، كېيىن ئۇ ئائىلىسىنىڭ قېشىغا چىقتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. ئۇنى ئىككى بالا قارشى ئالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىنى بىر- بىرلەپ سىلىدى، ئۇ مېنىڭ مەڭزىمنىمۇ سىلىدى، مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ ئەتىر كۆپىدىن چىققاندەك پۇراقلىق ۋە سوغۇق ئىكەنلىكىنى سەزدىم.»

مەسجىدلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بالىلار ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان،

ئۇستىۋېشىنى كىرلەتمەيدىغان، ئائىلىدە ئۆزىنىڭ چوڭ- كىچىك تاھارىتىنى ئۆزى ئادا قىلالايدىغان، غەلۋە قىلمايدىغان، يۇگۇرۇپ ئوينىمايدىغان، ئايىغىنى ئاياق قويىدىغان يەرگە ئۆزى قويالايدىغان، نامازدا چوڭلارنى قىستىمايدىغان، نامازنىڭ ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلالايدىغان ھالەتتىكى باللار بولۇشى كېرەك.

بىر ئادەم ئىمام مالىكتىن: «بالىنى مەسجىدكە ئېلىپ بارسا بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەدەپلىك بولسا، قالايمىقانچىلىق چىقارمىسا ھېچقىسى يوق، لېكىن ئۆزىنى بىلمەي قالايمىقان قىلسا، مەن بۇنداق باللارنى ئەكېلىشنى ياقتۇرمايمەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن ئىماملارنى نامازلارنى قىسقا ئوقۇشقا بۇيرىغان. بۇ باللارنىڭ مەسجىدلەرگە بېرىشىغا ۋە چوڭلار بىلەن ناماز ئوقۇشىغا بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئوقبە ئىبنى ئەمىرىلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:«بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "پالانى نامازنى بەك ئۇزارتىۋەتىدىغان بولغاچقا، مەن بامداتقا كېلەلمەيمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: "ئى ئىنسانلار، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان كىشىلەر بار، كىمكى كىشىلەرگە ئىمام بولسا، نامازنى قىسقا ئوقۇسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كەينىدە كىچىك باللار، قېرىلار ۋە ھاجەت ئىگىلىرى بار" دېدى، مەن ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئاچچىقلاپ سۆزلىگىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم.»

بالا مەسجىدكە كېلىش ئارقىلىق نامازنىڭ رەكئەت سانىنى ئېنىق ئېسىدە تۇتالايدۇ.

ئىبراھىم ئىبنى سۇۋەيدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلقەمە پېشىن نامىزىدا بىزگە ئىمام بولۇپ بەش رەكئەت ئوقۇدى. ئۇ سالام بەرگەندە جامائەت:

— ئى ئەبا شۇبەل! بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، — دېيىشتى.

— ياق! ئۇنداق قىلمىدىم، — دېدى ئۇ. جامائەت بولسا:

— شۇنداق قىلدىڭ، — دېدى. مەن كىچىك بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن نامازدا سەپنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىدىم.

— توغرا! بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ، — دېدىم مەنمۇ.

— سەنمۇ شۇنداق دەمسەن؟

— ھەئە، — دېدىم مەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىككى سەجدە قىلغاندىن كېيىن سالام بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللاھ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندە بەش رەكئەت ئوقۇغان ئىدى. جامائەت ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەرگە نېمە بولدى؟" دېدى، بىز: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى! ناماز زىيادە قىلىندىمۇ؟" دەپ سورىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ياق!" دېدى. جامائەت: "نامازنى بەش رەكئەت ئوقۇدۇڭ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىككى سەجدە قىلغاندىن كېيىن سالام بېرىپ بولۇپ: "مەنمۇ بىر ئىنسان، سىلەر ئۇنۇتقاندەك مەنمۇ ئۇنۇتىمەن" دېگەن ئىدى، — دېدى.»

سوئال: بالىلار جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا سەپتە قانداق تۇرىدۇ؟

جاۋاب: ئابدۇللاھ ئىبنى غەنەمدىن ئەبۇمالىك ئەلئەشئەرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق قىلغان ھەدىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت رەكئەتنىڭ ھەممىسىدە قىيام ۋە قىرائەتنى باراۋەر قىلاتتى ۋە نامازغا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنىڭ يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئەۋۋەلقى رەكئەتنى ئۇزۇنراق ئوقۇيتتى. سەپتە ئەرلەرنى ئالدىغا، بالىلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا، ئاياللارنى بالىلارنىڭ ئارقىسىغا تىزاتتى.»

ئەبۇداۋۇدنىڭ قىلغان رىۋايىتىدە ئابدۇللاھ ئىبنى غەنەمى: «مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ نامازغا تۇردى، ئەرلەرنى سەپكە تىزدى، بالىلىرىنى ئۇلارنىڭ كەينىگە تىزدى، كېيىن ئۇلارغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى» دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىزىنى زىكىر قىلدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «مەن ۋە بىر يېتىم بالا ئۆيىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان ئىدۇق، بىزنىڭ ئارقىمىزدا ئانام ۋە ئۇممۇ سەلەمە تۇرغان ئىدى» دېگەن. (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا (نامازدا) بالاغەتكە يەتكەنلەر ۋە ئاقىل بولغانلار يېقىن تۇرسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن كىچىكلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىنمۇ كىچىكلەر تۇرسۇن، سەپتە قالايمىقان تۇرماڭلار، قەلبىڭلار قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ، بازارلاردا غەۋغا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!» (بۇنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇغان ئىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزنىڭ كەينىمىزدە ئىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇيتتىم.» (ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.)

## بالىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش

بالىنىڭ دىلىنى مەسجىدكە باغلاش بولسا، بالىلارنى بۇزغۇنچى ئازغۇنلارنىڭ ئازدۇرۇش مېكىرلىرىدىن قۇتقۇزىدىغان بەدەلسىز بىر ئۇسۇلدىكى نەزەرىيەدۇر.

بۇ نەزەرىيەنىڭ توغرىلىقىنى تارىخ بىزگە ناھايىتى ياخشى ئىسپاتلاپ بەرگەن. ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، تۇنۇس دۆلىتى ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ قالغان رايونلىرى بۇرۇن ئىلاھلىق داۋاسى قىلغان ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ مۇستەبىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ناۋادا ئۇلار غالىپ كەلگىنىدە، پۈتكۈل ئىسلام دىيارلىرى خارابىلىققا ئايلانغان بولاتتى. لېكىن، ئاللاھ تائالا بۇ مۇستەبىتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن 413 - يىلى ۋاپات بولغان ئۇلۇغ تەربىيە پېشۋاسى مەھرەز ئىبنى خەلەف ئەسسىدىقنى مۇيەسسەر قىلدى، ئۇنىڭ تەلىمىي غايىسى ھەرگىزمۇ پەقەت بالىلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تەربىيىلەش ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى يىراققا نەزەر سالغان، بالىلارنى ھەقىقىي مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ھەقىقىي سالىھلارنىڭ تەربىيىسى ئىدى. ئۇنىڭ تەربىيىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بالىلارغا ئىسلامنى سۆيدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەربىيە ئىكەنلىكىنى ئەبۇئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەب زەيد ئەلقەيراۋانى ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىسلامغا ئومۇمىيۈزلۈك مەنپەئەت قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان «ئىبنى ئەبۇ زەيد ئەلقەيرىۋانى رىسالىسى» دېگەن مەشھۇر رىسالىسىدە ئىشارەت قىلغان ئىدى. ئۇ رىسالىنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ئاللاھ تائالا بىزلەرگە ۋە سىزلەرگە ئۆزىنىڭ ئامانەتلىرىگە رىئايە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتلىرىدىن بىزگە تاپشۇرغانىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا ياردەمچى بولسۇن! سىز مەندىن، دىيانەت ئىشلىرىنىڭ ۋاجىپلىرىنى تىللار سۆزلەيدىغان، دىللار ئېتىقاد قىلىدىغان، ئەزالار ئەمەل قىلىدىغان ۋە ئۇلاردىن ۋاجىپلارغا ئالاقىسى بولغانلىرىنى خۇددى سىز ئۇلارغا قۇرئان ئۆگەتكىنىڭىزدەك ئۆگىتىشىڭىزدىكى ھېرىسمەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئەتلىرىدىن ئۇلارغا بەرىكەت ۋە ئاقىۋىتى ئۈمىدلىك بولغانلارنى سىڭىش ئىشقىڭىز ھەققىدە قىسقىچە بىر جۈملە سۆز يېزىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز. مەن بۇ خېتىمدا سىزگە جاۋاب بېرەي، ئاللاھ سىزگە ۋە ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىنىي تەلىم بەرگەنىنىڭ ساۋابىنى ئاتا قىلغاي!»

بىلىڭكى، دىللارنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشىلىققا ئەڭ مۇناسىپى ۋە لايىقى ياخشىلىقتىن بۇرۇن يامانلىق ئورۇن ئالمىغىنىدۇر. نەسىھەت قىلغۇچىلار ۋە ساۋابقا رىغبەتلەندۇرگۈچىلەرنىڭ رىغبىتى ئەسلى ياخشىلىقنىڭ مۆمىنلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ دىلىدا ئورۇن ئېلىشى، شەرئەتنىڭ مەنىلىرىنى ئۇلارغا ئۇلار رازى بولغىدەك دەرىجىدە بايان قىلىپ بېرىش ئىدى.

بالىلارنى مەسجىدتە تەربىيىلەش خۇددى شەيخ ئەنۋەر ئەلكەشمىرى دېگەندەك ھەقسىز بولۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنى بىلسەك، ئەگەر ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتماي، قىزىقتۇرسا ئۇلارنى يامان كۆرسەتمەي ياخشى كۆرسەتسە، خارلىماي ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرسە، ئۇ ساھابە ۋە سەلەپلەرنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئوخشىشىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىشقا قادىردۇر.

شۇنىڭدەك، چوڭلار مەسجىدكە كەلگەن بالىلارغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ رولىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىشى، ئۇلارغا ئوچۇق- يورۇق، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىشى، ئۇلارنىڭ مەسجىدكە يەنە كېلىشى، مەسجىدتە دەرس ئېلىشلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا كەمتەر، سەمىمىي بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ تەقۋا ئەۋلادلىرىنى، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بولىدۇ. كۆپ ساندىكى ياشانغان كىشىلەر مەسجىدكە كەلگەن كىچىكلەرگە ۋارقىراش، ئۇلارنى مەسجىدلەردىن ھەيدەش، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش ئارقىلىق كىچىكلەرنىڭ مەسجىدتىن بىزار بولۇشىغا سەۋەبكار بولماقتا. بۇ ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن بىر مۇسىبەتتۇر. مەسجىدنىڭ ئىماملىرى بۇنداق كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشى، ھەممە كىشىلەرنىڭ بالىلارنى مەسجىدكە قىزىقتۇرۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى لازىم.

## روزا

روزا تۇتۇش ـ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتتۇر. بالىلار روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىشنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بالا قورسىقى ئاچ تۇرسىمۇ تاماقتىن يىراق بولۇش، ئۇسسىسىمۇ ئۇسسۇلۇقتىن يىراق بولۇشتەك روھىي ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇشنى قوبۇل

قىلىپ، سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىدۇ، جاپاغا چىداشقا ئادەتلىنىدۇ. ساھابىلارمۇ بالىلىرىنى روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرگەن ئىدى. ئىمام بۇخارى «سەھىھۇلبۇخارى» دا «بالىلارنىڭ روزىسى» دېگەن ماۋزۇدا بىر باب ئاجراتقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رامىزاندا روزا تۇتمىغان نەشۋان ئىسىملىك بىرىگە: «ساڭا ۋاي! بالىلىرىمىز روزا تۇتۇۋاتقان تۇرسا، سەن نېمە ئۈچۈن روزا بۇزىسەن؟» دەپ، ئۇنى ئۇرغانلىقى بايان قىلىنغان.

ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام بۇخارىنىڭ "بالىلارنىڭ روزىسى" دېگەن سۆزى شەرئىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بالىلار روزا تۇتامدۇ ياكى تۇتمامدۇ دېگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.» كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بالىلار بالاغەتكە يەتمىگىچە ئۇلارغا روزا ۋاجىپ بولمايدۇ» دەيدۇ. سەلەپ ئۆلىمالىرىدىن ئىبنى سىرىن، زۇھرى ۋە شافىئى قاتارلىق بىر بۆلۈك ئالىملار: «ئۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار تاقەت قىلالايدىغانلا بولسا، روزا تۇتۇشقا بۇيرۇش لازىم» دەيدۇ. بۇ ئالىملار: بالىلارنىڭ مەشق قىلىش ئورنىدا تۇتىدىغان روزىنى بالىلارنىڭ نامازغا بۇيرۇلغان يېشى، يەنى يەتتە يېشى بىلەن ئون ياش ئارىلىقىدا، ـ دېدى. ئىسھاق ئىبنى راھاۋىيە: ئون ئىككى ياش، ـ دېدى. ئىمام ئەھمەد: ئون ياش، ـ دېدى. ئىمام ئەۋزائى: «بالا ئۈچ كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن روزا تۇتالىسا ۋە ئاجىزلاپ كەتمىسىلا روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ» دەيدۇ. بىرىنچى جۇمھۇر ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مالىكىيە مەزھىبىدە مەشھۇر بولغىنى: «روزا كىچىكلەرگە ۋاجىپ ئەمەستۇر.» ئىمام بۇخارى بۇ بابنىڭ باش قىسمىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى كەلتۈرۈپ تولىمۇ ياخشى قىلغان. چۈنكى، ھەدىسلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زىتلىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ تايانچىسى ئەھلى مەدىنىنىڭ ئۇنىڭغا خىلاپ ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىشتۇر. باشقا زامانلاردا قىلىنغان ئەمەللەر دەلىل قىلىنىش جەھەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدىكى ۋاقىتىدا قىلىنغان ئەمەلدەك كۈچلۈك بولالمايدۇ. چۈنكى ئۆمەر خەلىپىلىك قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ساھابىلارنىڭ ئەمەللىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ رامىزاندا روزىسىنى بۇزغۇچى بىرىگە: «بالىلىرىمىز روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالىغان يەردە، سەن قانداقمۇ روزىنى بۇزىسەن؟» دېگەن. ئىبنى مەجۇسىنىڭ مالىكىلەردىن: «بالا روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالىسا، ئۇنى روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلاڭلار، ئۆزرىسىز روزىسىنى بۇزسا، ئۇنىڭغا قازاسى كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىشى تولىمۇ غەلىتە بىر ئىشتۇر.

ساھابىلار بالىلىرىنىڭ روزا تۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئۇزاقلىقىنى ھېس قىلمىسۇن ۋە مەشغۇل بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنى ئوينىتاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رۇبەييە بىنتى مۇئەۋۋەز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا كۈنىنىڭ ئەتىگىنى ئەنسارىلارنىڭ يېزىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ: ”كىمكى روزا تۇتقان بولسا، روزىسىنى تاماملىسۇن. كىمكى روزا تۇتمىغان بولسا، ھازىردىن باشلاپ روزا تۇتۇۋالسۇن!“ دەپ ئۇقتۇراتتى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن روزا تۇتىدىغان بولۇپ، كىچىك بالىلىرىمىزنىمۇ روزا تۇتقۇزىدىغان بولدۇق. مەسجىدلەرگە باراتتۇق، روزا تۇتقان بالىلىرىمىز ئىپتار ۋاقتى بولغىچە يىغلىسا، يۇڭدىن توقۇلغان نەرسىلەردە ئويۇنچۇق ياساپ بېرەتتۇق.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى توغرىسىدا توختىلىپ: «بۇ ھەدىس بالىلارنى چېنىقتۇرۇشنىڭ جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ئۇ بالىلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولغان بالىلار ئەمەس. ئۇلارنى پەقەت روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىشقان» دەيدۇ.

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مۇبارەك ۋاقىت بولغان ئىپتار ۋاقتىدا بالىلىرىنى يىغىپ دۇئانىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتى.

ئەبۇداۋۇد تايالىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ”روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. شۇڭا ئابدۇللاھ ئىپتار قىلغاندا ئائىلى ۋە بالىسىنى چاقىرىپ دۇئا قىلاتتى.» ئەقىللىق بالىلار رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى ئېتىكاپ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش بالاغەتكە يەتكەن بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، چۈنكى بالىلارمۇ ئىبادەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىمام كاسانىينىڭ «بەدائى» دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنغىنىدەك، كىچىك بالا نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلسا ساۋاب ئالغىنىدەك، ئېتىكاپتا ئولتۇرسىمۇ، ساۋاب ئالىدۇ.

## ھەج

ھافىز ئىبنى ھەجەرنىڭ دېيىشىچە، ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: «پەتىۋا ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى ھەجنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن بالىدىن ساقىت بولىدىغانلىقى، ناۋادا ھەج قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن نەپلە ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدى.»

ھەجمۇ خۇددى روزا ۋە نامازلارغا ئوخشاشلا بالىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىگە كۆندۈرىدىغان، ئىبادەتتە ئىخلاسمەن، سەۋرچان بولىدىغان قىلىپ چىنىقتۇرىدۇ. كىچىكىدىن بۇ خىل ئىبادەتلەر بىلەن چىنىقتۇرۇلغان بالىلار ئۈچۈن كەلگۈسىدە قىلىشى بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىپ ئەمەللىرىنى ئادا قىلىش ئادەتتىكى ئاسان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ھەج ئىبادىتى ئىبادەتنىڭ بارلىق ھۆرۈرلىرى، شۇنداقلا پۈتكۈل مۇشەققەتلىرى توپلانغان بىر ئىبادەتتۇر. ئەگەر بالا ھەج قىلسا، كەلگۈسىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ياشايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر ئېشەككە مىنىپ يېتىپ كەلگىنىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنادا ئالدىدا ھېچ بىر توساق يوق ھالىتىدە كىشىلەر بىلەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، مەن سەپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئېشەكتىن چۈشتۈم- دە، ئېشەكنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ، سەپكە كىرىپ ناماز ئوقۇدۇم. ئۇ چاغلار مېنىڭ بالاغەتكە يېتىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، ھېچكىم ماڭا بىرەر توسقۇنلۇق سۆزى قىلمىدى.»

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەرەپاتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم.» (ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلغان.)

ئىسلامدىكى ھەج بالىلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئاندىن ئۇلارغا پەرز بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھەج ئۇلارغا پەرز ئەمەستۇر. ھەرقانداق بىر پەرز ئىبادەتلەر بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ئۈچۈن پەرز ئەمەستۇر، ئەگەر بالىلار قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن نەپلە ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر بالا بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئون قېتىم ھەج قىلسىمۇ، لېكىن بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ.»

ھاكىم مۇستەدرىكىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا ھەج قىلسا، بۇ ھەج ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكىچىلىك ۋاقتىغىچە ھېساب بولىدۇ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قايتا بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ.»

ئەلخەتىيب «تارىخ» كىتابىدا، زىيا ئەلمەقدىسى «مۇختارە» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق بىر بالا ھەج قىلسا، كېيىن بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭ يەنە باشقىدىن ھەج قىلىشى لازىم.»

ئىبنى ئەدى «كامىل» دېگەن كىتابىدا، بەيھەقى «جەمئىل جاۋامىئ» دېگەن كىتابىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالا ھەج قىلسا، بالاغەتكە يەتكەندە يول تاپالىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ» دېگەن.

بالىلار ھەج پائالىيەتلىرىنى قىلىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسىرلىك سۆزلىرى، مېھرىبان مۇئامىلىسى بىلەن تەلىم بېرىپ يول كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەرەپات كۈنىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە (يەنى ئەراپات كۈنىدە) كىمكى قۇلىقى، كۆزى ۋە تىلىغا ئىگە بولالىسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

بەيھەقىنىڭ «ئىمانىنىڭ قىسىملىرى» دېگەن بابىدىكى رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە كىمكى كۆزىگە قاراش ھەق بولمىغان نەرسىدە ئىگە بولالىسا، قۇلىقىغا ئاڭلاش ھەق بولمىغان نەرسىدە ئىگە بولالىسا، تىلىغا سۆزلەشكە ھەقلىق بولمىغان نەرسىدە ئىگە بولالىسا، ئۇ كىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن. يەنى ئەراپات كۈنىدە قايسى بىر ئادەم ھەق بولمىغان ئىشلاردىن كۆزىنى، قۇلىقىنى ۋە تىلىنى ساقلىسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

## بالىنىڭ ھەجىنىڭ فىقھى ھۆكۈملىرى

1 ـ ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام ئەلكاسانى «بەدائى» دا مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن بىر بالا ئەراپاتتا تۇرۇشتىن بۇرۇن بالاغەتكە يەتكەن بولسا ۋە شۇ ئېھرامى بىلەن ھەج پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرسا، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ قارىشى بويىچە يەنىلا نەپلە ھەج قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» شافىئىي مەزھىبىنىڭ قارىشىدا، بۇ بالا ھەجنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يېتىپ بولۇپ ئەراپاتتا تۇرسا ۋە ئۇ ھەجنىڭ باشقا شەرتلىرىنى ئورۇندىغان بولسا، لېكىن بۇ ھەجىدە نەپلە ھەجنى

نىيەت قىلغان بولسا، بۇ ھەج نەپلە ھەج ھېسابلىنىدۇ، بۇمۇ ھەنەفىي مەزھەبىنىڭ قارىشىدۇر. شافىئى مەزھىبىنىڭ قارىشىچە، بۇ بالا شۇنداق نىيەت قىلغان تەقدىردىمۇ يەنىلا پەرز ھەجنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەراپاتتا تۇرۇشتىن ئىلگىرى بالاغەتكە يەتكەن بالا باشتا باغلىغان ئېھرامىنى قايتىدىن يەڭگۈشلىسە، تەلبىيە ئېيتىپ پەرز ھەجنىڭ نىيىتىنى قىلسا، ئاندىن ئەراپاتتا تۇرسا، زىيارەت تاۋىپىنى قىلسا، ئۇنىڭ ھەجنىڭ پەرز ھەج ھېسابلىنىشىدا ھېچقانداق بىر ئىختىلاپ پىكرى يوقتۇر.

2ـ ئىمام شافىئى ھەج پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى بابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئۇزىنىڭ كەرەملىك پەزىلىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، مۆمىنلەرگە ئەۋلادلىرىنى ئۇلارغا ئەگەشتۈرۈشى ۋە ئەمەللىرىنى ئۇلارغا تەۋە قىلىشى بىلەن ھەسسىلەندۈرۈپ بەردى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز. ھەر ئادەم ئۇزىنىڭ قىلمىشىغا مەسئۇلدۇر.[①]﴾ ئەۋلادلارغا ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن نېئمەت قىلغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ھەجدە قىلغان ياخشىلىقىنىمۇ ئەۋلادلىرىغىمۇ تەۋە قىلىش نېئمەتلەندۈرىدۇ، گەرچە ھەج پەرز بولمىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا شۇنداق بولىدۇ.»

## ساھابىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا دائىر مىساللار

ئىمام مۇسلىم، مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېقىن رەۋھائى دېگەن بىر جايدا بىر توپ ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلاردىن: ''سىلەر كىم بولىسىلەر؟'' دەپ سورىدى، ئۇلار: ''بىز مۇسۇلمانلار بولىمىز، سەن كىم بولىسەن؟'' دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!'' دېدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن بىر ئايال بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ: ''بۇنىڭغا ھەج بارمۇ؟ (يەنى ئۇ ھەج قىلسا بولامدۇ؟)'' دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''ھەئە! ساۋابى ساڭا بولىدۇ'' دېدى.»

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ

---

[①] سورە تۇر، 20 ـ ئايەت.

ئەنهۇنىڭ: «مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن ۋىدا ھەججىنى بىللە قىلغان ئىدىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

نەسەئى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش، قېرى ئادەم، كىچىك بالا، ئاجىز ئادەم ۋە ئايال كىشى ئۈچۈن جىهادتۇر.»

ئىبنى سۇننى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا: "ئى بالا! ئاللاھ ساڭا تەقۋالىقنى زىيادە قىلسۇن! سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن خالاس قىلسۇن!" دېدى. بالا بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا جاۋاب قايتۇرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا يەنە: "ئى بالا! ئاللاھ ھەججىڭنى قوبۇل قىلسۇن! گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن، سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن ساقلىسۇن!" دېدى.»

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بالىلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلغان.

سوئال: بالىلار ھەج پائالىيىتىدە خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا كەففارەت كېلەمدۇ؟

جاۋاب: يەھيا ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇھەنىيفە ۋە ئۇنىڭ پىكرىي ھىمايىچىلىرىنىڭ قارىشىدا، بالا ئېهرامدا قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلسا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي تۈردە كەففارەت كەلمەيدۇ، بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان شەپقەتتىندۇر. ھەمدە ئۇنىڭ خاتالىقى ئۇنىڭ قىلغان ھەججىنى بىكارمۇ قىلىۋەتمەيدۇ.»

## زاكات

ئەبۇداۋۇد ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ ئاتىسىدىن ۋە ئۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ ئايالنىڭ قېشىدا بىر قىز بار ئىدى، قىزنىڭ بىلىكىدە ئىككى توم ئالتۇن بىلەيزۈك بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: "ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرەمسىز؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: "ياق!" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: "ئۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ

تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئۆتتىن ئىككى بىلەيزۈك تاقاشنى خالامسىز؟" دېدى. ئۇ ئايال ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى چىقىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە: "ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن!" دېدى.»

## فىتىر ـ زاكات

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، مالىك، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر ـ زاكاتنى قۇل، هۆر ۋە چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىگە خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر ئۆلچەك (2.176 كىلو گىرام) پەرز قىلىپ بېكىتكەندى.»

يۇقىرىقى مىسال ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ بالىلار ئۈچۈن نەپلە ئىبادەت ھېسابلانماستىن بەلكى پەرز ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ماللارنى زاكىتىنى ئايرىش ئارقىلىق پاكلاشقا نەقەدەر ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن[1].﴾

[1] سۈرە تەۋبە، 103 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆگىتىش

كىرىش سۆز

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆگىتىش ئۇسۇللىرى

بالىنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىش

بالىلارنى ئىش بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىش

بالىلارنى سالام بېرىشتىن ئىبارەت سىنەتكە كۆندۈرۈش

بالىلار ئاغرىپ قالغاندا يوقلاش

بالىلارغا بالىلاردىن دوست تۇتۇپ بېرىش

بالىلارنى سودا- سېتىققا كۆندۈرۈش

بالىلارنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇراسىملەرگە قاتناشتۇرۇش

بالىلارنى سالىھ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىدە قوندۇرۇش

خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسىدىن ئەمەلىي مىساللار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

«ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قانچە بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلغانىدىن كېيىن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان" دېگەن ئىدى.»

— ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم

# كىرىش سۆز

بالىنى پائالىيەتچان، چىققىشقاق قىلىپ يېتىلدۈرۈش بولسا، بالىنىڭ كىشىلىك شەخسىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇنىڭ دوستلىرى، ئۆزىدىن چوڭلار ۋە تەڭتۇشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش مۇھىتىنى يارىتىش، بالىنىڭ قورقۇمچان، خىجىلچان، جۈرئەتسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گەپ ـ سۆزدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە ئەدەپلىك بولغان، ئېلىم ـ بېرىم، ئىشلىرىدا دادىل بولغان، جەمئىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياشىيالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مەقسىتىدۇر. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بالىنىڭ كىشىلىك شەخسىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇنداق بىر نەچچە خۇسۇسىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## بالىنى چوڭلارنىڭ سورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بالىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىغا قاتنىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بار سورۇنلارغا ۋە ياكى چوڭلار ياخشىلىق ئۈستىدە يىغىلغان سورۇنلارغا ئېلىپ كېلەتتى. تۆۋەندە بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ماڭا بىر دەرەخنىڭ قايسى دەرەخ ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىڭلار، ئۇ دەرەخ خۇددى مۇسۇلمانغا ئوخشايدۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھەر زامان مېۋە بېرىدۇ ۋە ياپرىقى چۈشمەيدۇ" دېدى. مېنىڭ كۆڭلۈمگە: "بۇ چوقۇم خورما دەرىخى" دېگەن ئوي كەلدى، مەن ئەبۇبەكرى ۋە ئاتام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بار يەردە ئېغىز ئېچىشنى راۋا كۆرمىدىم، ھېچكىم بىرنېمە دېمىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ دەرەخ خورما دەرىخىدۇر" دېدى. مەن ئاتام بىلەن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: "ئى ئاتا! مېنىڭ كۆڭلۈمگە بۇ دەرەخنىڭ خورما دەرىخى ئىكەنلىكى كەچكەن ئىدى" دېدىم. ئاتام: "سېنى ئۇنى دېيىشتىن نېمە توستى؟ ناۋادا سەن ئۇنى دېگەن بولساڭ، بۇ ماڭا مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلاردىنمۇ ياخشى كۆرۈنگەن بولاتتى" دېدى. مەن: "ئەبۇبەكرى ۋە سېنىڭ گەپ قىلمىغىنىڭغا قاراپ گەپ قىلىشنى

ياخشى كۆرمىدىم“ دېدىم.» (يەنە بىر رىۋايەتتە: ”مەن كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كىچىكى بولغانلىقىم ئۈچۈن جىم تۇردۇم“ دېگەن.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارغا ئارىلىشىپ ياشايتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر باللار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايتتى، ھەتتا ئۇ مېنىڭ ئۇكامغا: ”ئى ئۇمەير! ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟“ دېدى. ئۇ قۇش بولسا، ئۇكام ئوينايدىغان قۇش ئىدى. بىز ئۈچۈن يەرگە بىر تەرسە سېلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز باللارنى ئارقا سەپتە تۇرغۇزۇپ ناماز ئوقۇدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلدى.)

باللىنى چوڭلارنىڭ سورۇنىغا، مەجلىسلىرىگە ئېلىپ بارغاندا باللىنىڭ كەمچىلىكلىرى، تەربىيىلەشكە ئېھتىياجلىق ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ. تەربىيە قىلغۇچى ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى قانداق ۋە قايسى ئۇسۇلدا تولۇقلاشقا يۈزلىنىدۇ. باللىنى سوئال سورىغاندا، سوئالغا جاۋاب بېرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەدەپ - ئەخلاق يۈزىسىدىن سوئاللارغا ئىجازەت بېرىلمىگىچە، ئالدىراپ جاۋاب بەرمەيدۇ، چوڭلارنىڭ سورۇنىغا قاتنىشىشى بىلەن كۆز، قۇلىقى پىشىدۇ، ئەقلىي بارا - بارا چوڭلايدۇ، تىلى راۋان، ئىنكاسى كۈچلۈك بولىدۇ، چوڭلارنىڭ سۆز تېمىسى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا تەدرىجىي ھاياتنى ۋە جەمئىيەتنى تونىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئاتا - ئانا ۋە تەربىيىلىگۈچىنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن بالا تەدرىجىي تەربىيىلىنىدۇ، قىزلارنىڭ تەربىيىلىنىشىمۇ دەل ئوغۇل باللارنىڭ ئاتىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇلغاندەك ئانىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

ئىبنى سەئىد، ئىبنى جەرىر، ئىبنى مۇنزىر، تەبەرانىي، ئىبنى مەردەۋىيە ۋەئەبۇ نەئىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان چوڭ - چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىللە ئۆز سورۇنىغا قاتناشتۇراتتى. بۇنىڭغا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— بىزنىڭ بۇنىڭ يېشىدا باللىرىمىز تۇرسا، (بىزنىڭ باللىرىمىزنى كىرگۈزمەي) نېمە ئۈچۈن بۇنى بىز بىلەن بىللە كىرگۈزىسەن؟ — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئۇ بولسا، سىلەر كىملىكىنى بىلىدىغان كىشىلەردىندۇر، — دېدى. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى چاقىرتىپ، مېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كىرىشكە بۇيرىدى. بۈگۈن ئۆمەرنىڭ مېنى چاقىرتىشىدىكى مەقسىتى، مېنىڭ قانداقلىقىمنى ئۇلارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۆمەر ئۇلارغا:

— سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ نىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن﴾ دېگەن

سۈرىسى (يەنى سۈرە فەتھ) نى قانداق چۈشىنىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى:

— ئاللاھ تائالا بىزگە غەلىبە ئاتا قىلغان ۋاقىتتا، بىزنى ئۇنىڭغا ھەمدى ئېيتىشقا ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇدى، — دېدى. بەزىلىرى ھېچنەرسە دېمەي شۈك تۇردى. ئاندىن ئۆمەر ماڭا:

— ئى ئاببالسنىڭ ئوغلى! سەنمۇ (بۇ سۈرىنى) شۇنداق چۈشىنەمسەن؟— دەپ سورىدى.

— ياق.

— (ئۇنداق بولسا) سەن قانداق چۈشىنىسەن؟— دەپ سورىدى ئۆمەر.

— ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجىلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويدى، دەپ قارايمەن ۋە مەن بۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە...﴾ دېگەن ئايىتى بولسا، مانا بۇ، سېنىڭ ئەجىلىڭنىڭ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. (شۇڭلاشقا سەن) "رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر" دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ چۈشىنىمەن، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ بۇ سۈرىنى سەن چۈشەنگەندەك چۈشىنىمەن، — دېدى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.»

ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ساھابىلارنىڭ كىچىكلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىدى. ئۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئۇ يېنىدىكى ئادەمگە: "يۆلىنىپ تۇرۇپ تاماق يېمىگىن!" دېدى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى ۋە ئەبۇ يەئالا مۇسنەدىدە سەھىھ سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

دېمەك، بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورۇنلىرىغا ئەنە ئاشۇنداق قاتنىشىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى ھەمراھ قىلغاندا، ئۇلارنى ھەمراھ قىلغانلىقىدىن ھېچبىر بىزارلىق ياكى مالاللىق ھېس قىلمايتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇلاغقا مىنگەشەتتى. بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى ئاببالس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدىم، ئۇ ماڭا: "ئى بالىجان!..." دېدى...» دەپ، داۋامى ئۇزۇن ھەدىسنى بايان قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىدا چوڭلارنىڭ سورۇنىغا قاتناشقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بالىلىق ۋاقتىمدا ئانامنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ قارار چىقىرىش مۇراسىمىگە قاتناشقان ئىدىم، مەن ئۇ سورۇننى مېنىڭ قىزىل تۆگەم بولۇشىدىنمۇ ياخشىراق كۆرەتتىم. چۈنكى قىزىل تۆگە قولۇمدىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.» (ئىمام ئەھمەدمۇ رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بار سورۇنغا قاتناشقان چوڭلارنىڭ سورۇننىڭ ئەدەپىگە دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. تەبەرانىي سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەجلىستە كىشىلەر ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن!» دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن سورۇنلاردا بىرگە بولۇشى، بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنىڭ ئاتىلىرى بىلەن سورۇنلارغا بېرىپ ئوغۇل قىزلارنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ يەنە بىر پايدىسى بولسا، چوڭلارنىڭ بىر - بىرلىرىنىڭ قىز ئوغۇللىرىنى تونۇشى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قۇدا- باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىشىغا ياكى نارەسىدە قىزلارنى كۆرگەن كىچىك بالىلارنىڭ ئۇ قىزنى ۋە قىزنىڭ ئاتىسىنى تونۇپ، كەلگۈسىدە نىكاھلىق بولۇش ئۈچۈن كۆڭلىگە سېلىپ قويۇشىغا پايدىلىقتۇر.

ئىمام ئابدۇررازاق مۇسەننىفىدە ئىبنى جۇرەيجىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: "بالاغەتكە يەتمىگەن قىزلارنى ئاشكارىلاڭلار، بەلكىم ئۇلارنىڭ تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇلارغا نىسبەتەن كۆڭلىدە سان قالدۇرۇشى مۇمكىن[1]" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.»

بالىلارنىڭ چوڭلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى شۇكى، بالىلار چوڭلار بىلەن بىرگە بولغاندا، ئۇلار بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشى، ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىشى، توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىشىگە پايدىلىق

---

[1] ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە ئوغۇل - قىزلار بالاغەتكە يەتكەن ھامان بىر - بىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى چەكلەيدۇ، شۇڭا قىزلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولمىسۇن ــ دېمەكچى ت.

بولىدۇ.

ئابدۇررازاقتىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئىبنى سىرىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «بىز بالا چېغىمىزدا بىزنىڭ سورۇنىمىزغا بىر كىشى كېلىپ ئولتۇردى ۋە بىزگە: ''ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پالانى بىر ۋاقىتدا بىزگە خەت يېزىپ: ئىشتان كىيىڭلار، كىيىم كىيىڭلار، ئاياق كىيىڭلار، كەشلىرىڭلارنىڭ ئالدى تەرىپىنى بارماق پۇتلىرىڭلارغا باغلىۋېلىڭلار، ياخشى هايات ياشاڭلار، بەتخەجلىك قىلماڭلار، ئەجەملەرنىڭ كىيىمىنى كىيىشتىن ساقلىنىڭلار! ـ دېگەندى'' دېدى.» سەلەپ-سالىهلار بالىلارنىڭ كەلگۈسى هاياتىدا كېرەكلىك بولغان نەرسىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان سورۇنلاردا نەسىهەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆگىتەتتى.

## بالىنى ئىش بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىش

بۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئىشقا پۇختا بالا بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا پايدىلىق بولغان بىر ئامىلدۇر. ئۇي ئىشلىرىنى ياكى ئاتا- ئانىنىڭ ئىشلىرىدىن بىرەرىنىڭ ئىشىنى بېجىرىش بالىنىڭ مەنىۋىيىتىدە چوڭ رول ئوينايدۇ، بۇ بالىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ هاياتلىقتىكى هەرخىل مۇناسىۋەت ئامىللىرىنى، ئىش بېجىرىشنىڭ يوللىرىنى ۋە رولىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان ئىنسان بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىر هېس قىلىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا بارا- بارا ئىشلارنىڭ مۇرەككەپلىشىپ بېرىشىدىن ئىبارەت باسقۇچنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كەلگۈسىدە ئالدىغا ئۇچرايدىغان قىيىن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئىمام ئەهمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئىدىم، ئىشىم تۈگىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەلكىم چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئويناۋاتقان بالىلارغا قاراپ تۇردۇم، بىرئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېلىپ بالىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشىم ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا تاكى مەن قايتىپ كەلگىچە سايىدا ئولتۇرۇپ تۇردى، مەن ئەسلىدە ئانامنىڭ بىر ئىشى ئۈچۈن كەتكەن ئىدىم، ئانامنىڭ ئىشىغا كېچىكىپ قالدىم. ئانام مەندىن: ''نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟'' دەپ سورىدى. مەن: ''پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مېنى

www.uyghurkitap.com

بىر ئىش ئۇچۇن ئەۋەتكەن ئىدى“ دېدىم. ئانام: ”ئۇ نېمە ئىش ئىدى؟“ دېدى. مەن: ”بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرلىرىدىن بىرى“ دېدىم. ئانام: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ساقلىغىن!“ دېدى.» سابىت مۇنداق دەيدۇ: «ئەنەس ماڭا: ”ئەگەر ئۇ ئىشنى ئىنسانلاردىن بىرەر ئىنسانغا سۆزلەپ بېرىشنى خالىغان بولسام، ئەلۋەتتە ساڭا سۆزلەپ بېرەتتىم“ دېدى.»

بالىنى ئائىلىدە چېنىقتۇرۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بالىلارنى داستىخان راستلاشقا ئۆگىتىشتۇر. بالىلار داستىخانغا نەرسىلەرنى قويۇش ئارقىلىق نەرسىلەرنى قانداق رەتلەشنى ئۆگىنىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈھۇر ۋاقتىدا بىلال بىرىنچى ئەزاننى ئېيتىپ بولغاندا ماڭا قاراپ: ”ئى ئەنەس! مەن روزا تۇتماقچى، ماڭا يەيدىغان بىر نەرسە كەلتۈرگىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا بىر قاچىدا سۇ ۋە بىر ئاز خورما ئېلىپ كەلدىم، ئۇ يەنە: ”ئى ئەنەس! چىقىپ قاراپ باققىن، مەن بىلەن بىللە تاماق يەيدىغان بىرى بارمىكىن“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن چىقىپ زەيد ئىبنى سابىتنى چاقىردىم، ئۇ كېلىپ: ”مەن روزا تۇتماقچى، مەن تالقان شورپىسى ئىچىشنى خالايمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”مەنمۇ روزا تۇتماقچى“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى بىرلىكتە سوھۇرلۇق يېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن مەسجىدكە نامازغا چىقتى.»

مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەقىقىي تەربىيە ئۆرنىكى بولىدۇكى، بالىلار بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ قالماستىن ئېسىدە ساقلاپلا قالماي، يەنە ئۇنى كېيىنكىلەر ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆپلەپ بېشىدىن كەچۈرگۈچىلەر قورقماس، ئادىل، دادىل بولىدۇ. تارتىنچاق، جۈرئەتسىز بولمايدۇ، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلايدۇ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز تەۋرىتەلمەيدۇ.

## بالىلارنى سالام بېرىشتىن ئىبارەت سۈننەت ئەمەلگە كۆندۈرۈش

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان سالام بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان ئىسلامىي سالام (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم) دۇر. بالا ھاياتتا ئۇچرىغان ئىنسانلار بىلەن

ئۆچۈرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئاچقۇچىنى بىلىشكە موھتاجدۇر. سالام بېرىش بولسا، ھەرقانداق بىرى بىلەن سۆزلىشىشنىڭ ئاچقۇچى بولالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار بالىنىڭ تەبىئىتىگە سالام بېرىشنى ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىب گۈزەل بىر ئۇسلۇبنى قوللانغان بولۇپ بىز ئۇنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ئۇسلۇبتا چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە ئالدى بىلەن سالام قىلغانلىقىنى بىلىمىز. دېمەك، ئۇلار سالامنى بالىلارغا ئورنىتىش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئالدى بىلەن سالام بېرىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۈرنەك بولۇشقان. چوڭلاردىن بۇنى ئۈرنەك ئالغان بالىلار بۇ خۇلقنى ناھايىتى ئاسان ئۆزلەشتۈرۈلالايدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بالىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىشقان.

يۇقىرىدا يەنە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا سالام بەردى» دېگەن ھەدىسىمۇ بايان قىلىنغان.

ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بابتىكى ھەدىس، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەدىس نەسەئىنىڭ جەئفەر ئىبنى سۇلايماننىڭ يولى بىلەن سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بولۇپ، تۆۋەندىكىسى بولسا، ئۇنى تېخىمۇ تولۇق بايان قىلغان لەۋزىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا سالام قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى ھەم ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا سالام بەرگەنلىكى توغرىسىدا كەلگەن يۇقىرىقى ھەدىستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق سالام قىلىشنىڭ بىر قېتىملا ئىكەنلىكى ھېس قىلىنىدۇ. ئەمما بىز ھەدىس بايان قىلغان بالىلارنىڭ ئىسمىلىكلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە ئۇنىڭ بىر قېتىم ئەمەس، بىر قانچىلىغان قېتىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بالىلارمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە چوڭلارغا، بولۇپمۇ، ئۆيگە كىرگەندە سالامنى ئىلگىرى قىلىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك!

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلاغ ئۇستىدىكى ئادەم پىيادە ماڭغۇچىغا، ماڭغۇچى

ئولتۇرغۇچىغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىدۇ» دېگەن. (ئىمام بۇخارىنىڭ يالغۇز رىۋايىتىدە: «كىچىك چوڭغا» دېگەننى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.)

تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، سالام بېرىپ كىرگىن! بۇ ساڭا ۋە ئۆيىڭدىكىلەرگە بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن. (بۇ ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن، «سەھىھ» دېگەن.)

## بالىلار ئاغرىپ قالغاندا، ئۇلارنى يوقلاش

بالىلار كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنى يوقلاپ بېرىش ئۇلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە باغلاشنىڭ يەنە بىر ئۈنۈملۈك يولىدۇر. كېسەل بولۇپ قالغان بالىلار يوقلانسا، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ناھايىتى بىر ياخشى ئادەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ ۋە بۇنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ ئاغرىق ئازابى پەسلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ناۋادا بالىنى يوقلاش بالىنى ئىمانغا، گۇناھلاردىن مەغپىرەت تىلەشكە، ئىسلامغا بولغان دەۋەت قىلىشقا بىرلەشكەندە ئۇنىڭدىن ئېرىشىلىدىغان مېۋە ھوسۇللۇق، ساۋابى ھەسسىلەپ بولىدۇ. بۇنىڭغا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلىيىتىدىن بىر مىسال كەلتۈرىمىز.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ باردى ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ: "مۇسۇلمان بولغىن" دېدى. ئۇ بالا يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىسىغا قارىدى. ئاتىسى: "ئەبالقاسىم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) غا ئىتائەت قىل!" دېدى. بالىسى ماقۇل بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: "ئۇنى دوزاقتىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن!" دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن بالىلارنىڭ ھەر بىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇچراتسا، ئۇلارغا ياخشى نەسىھەت قىلىشقا، ياخشىلىقنى ئۆگىتىشكە، ياخشى ئادەتكە ئادەتلىنىشكە كۆپ سەرپ قىلاتتى.

## بالىلارغا بالىلاردىن دوست تۇتۇپ بېرىش

سۆھبەتلىشىش، دوستلۇق رىشتىسى باغلاش، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش، ئۆزىنى بىرەر گۇرۇھ ياكى بىرەر جامائەتكە تەۋە قىلىپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش، ئۇلار بىلەن قېرىنداشلارچە ياشاش ئىنسان تەبىئىيىتىدىندۇر.

بالىلارمۇ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقىدەك خۇلق ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاتا- ئانا بالىلىرىغا ياخشى بالىلارنى دوست قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىجتىمائى ئالاقە باغلاشقا شارائىت يارىتىپ بېرەلىسە، بالىنىڭ ياخشى بىر مۇھىتتا تەربىيىلىنىشىگە بىر ئىشىك ئاچقان بولىدۇ.

بالىلارنىڭ ھاياتىنىڭ دوستىسىز بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا بالىلارغا ياخشى بىر دوست تۇتۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم بولىدۇ. بالىغا بالىنىڭ ئىمانىنىڭ مۇستەھكەم، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا ۋە توغرا يولدا تەۋرەنمەي مېڭىشتا ھەمنەپەس بولىدىغان بىر دوست تېپىپ بېرىش ئاتا- ئانىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

يۇقىرىقى ھەدىس ۋە مىساللاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا سالام قىلغانلىقى ۋە ياكى ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ نېمە ئويناۋاتقانلىقىنى سورىغانلىقى، ئۇلارغا ھېچقانداق بىر ئەيىپلەش پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرمەي، ئۇنىڭ بۇ بالىلارنىڭ ئۇزۇن بولۇپ ئوينىغانلىقىنى قوللايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## بالىلارنى سودا- سېتىققا كۆندۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە تەڭ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ساھابىلارنىڭ بۇ يولنى تۇتۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېلىم- سېتىم ئىشلىرى بالىنى پائالىيەتچان، ئىشچان قىلىدۇ، بۇ خىل ھاياتنىڭ كەيپىياتىغا كۆنىدۇ. ۋاقتىنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ ھەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىنمۇ باللىق ئەركىلىكنى تاشلاپ، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ. ئەدە باللار ئۇچراشسا، ئۇلار بىلەن ئويناپ ۋە بىھۇدە سۆزلىشىپ،

ھە دېسىلا، ئويۇن- تاماشىغا يۈگۈرەيدىغان ئادىتىنى تاشلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق باللارنىڭ ئىش- ھەرىكىتىدە، تىجارىتىدە بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلغان.

ئەبۇيەئلا ۋە تەبەرانىي ئەمرى ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: "ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ سېتىشى ياكى تىجارىتىگە بەرىكەت بەرگىن!" دېدى.» بۇ بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن، يەنى شۇنداق بىر شەرەپلىك، نەسەبلىك كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى تۇرۇپمۇ تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق خىجىللىق ھېس قىلماستىن ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان. كاشكى بۇ ئۈممەت بۇنى چۈشەنسە، توغرا قاراشتا بولسا ئىدى، قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى.

## باللارنى شەرئەتكە ئۇيغۇن مۇراسىملەرگە قاتناشتۇرۇش

توي- تۆكۈن ۋە باشقا بىر مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ھەرخىل مۇراسىملار باللار ئۈچۈن يېڭى بىر مۇھىت بولۇپ، باللار بۇنداق يەرگە بارغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەرنى، بەزىلىرىنىڭ كىملىكىنى، باشقا باللارنى كۆرۈدۇ ۋە تونۇيدۇ. چوڭلاردىكى سالاپەتلىك، ئېسىل خۇلقلارنى، ئۇلارنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى، ئېسىدە قالدۇرىدۇ. ئۆزى ۋە ئائىلىسى تەۋە بولغان بۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا بولغان قىزىقىشى، ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ھېرىسمەنلىكى ئاشىدۇ. روھى كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلىك شەخسىيىتىدە يەنە بىر يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر توي مۇراسىمىغا ئېلىپ كېلىنگەن باللارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىگە قارشى ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگەنلىكى، بۇ سورۇندا ھازىر بولغانلار ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىدىن كىچىكلەرنىڭمۇ نېسىۋىلەنگەنلىكى، باللارنى بۇنداق سورۇنلارغا ئېلىپ كېلىشنى دۇرۇسلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇلئەزىز ئىبنى سۇھەيبتىن، ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرمۇنچە باللار ۋە ئاياللارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: "ئۇلار تويدىن كەلدى" دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا: "ئى ئاللاھ! ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغان كىشىلەر. ئى ئاللاھ! ئۇلار ئىنسانلار

ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغان كىشىلەر، ئى ئاللاھ! ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغان كىشىلەر" دېدى.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى بىلەن ئەنسارىلارنى كۆزدە تۇتماقچى بولغان ئىدى. بۇ سۆزدىن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى يېتىلگەن بىر مۇكەممەل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئۇنى چوڭ- كىچىك ئاممىۋى سورۇنلارغا، يىغىلىش، توي- تۆكۈن مۇراسىملارغا ئېلىپ بېرىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## بالىلارنى سالىھ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قوندۇرۇش

بالىلارنىڭ ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر ئۇرۇغ- تۇغقان ۋە يېقىنلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشى بالىلارنىڭ باشقا بىر ئائىلىنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇشىنىڭ، يەنى يات بىر ھاياتنى بىلىشىنىڭ بىر تەجرىبە مەشغۇلاتىدۇر. بۇ ئارقىلىق بالا ئۇ تۇغقان ياكى يېقىنلىرى بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلاردا بولغان ئىلىم، ئىبادەت ۋە تەقۋالىق... قاتارلىق ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇرۇغ- تۇغقان ۋە يېقىنلار بىلەن بولغان سىلە- رەھىمنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۇلاشقا ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ ئەۋلادتىن- ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ئاساس يارىتىلىدۇ. كىچىكلىكىدە ئېسىدە قالغان بۇ ئىرىپ- كېلىش ۋە يېقىنلىق تۇيغۇسى تاكى ئۇلارنىڭ ھاياتى بويىچە ئەسلەپ، ئۇنىڭ ياخشى خاتىرىسىنى قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ناۋادا ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا قويغاندا، ئۇلاردىن ياخشىلىقلارنى، تەقۋالىقلارنى ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلسا، بۇ ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق بولغان بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمەلىيىتى بولسا، بالىلارنىڭ ياخشى تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى مىسالىدۇر.

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئانامنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا قونۇپ قالغان ئىدىم...» بۇخارىدىن قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى كۆزىتىش ئۈچۈن قونۇپ قالغان ئىدىم» دەپ بايان قىلىنغان. بۇخارىنىڭ لەۋزىدىكى رىۋايەتنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە قايتا توختالمايمىز.

ئەمما ئىبنى خۇزەيمىنىڭ سەھىھەيندىكى رىۋايىتىدە: «ئۇ ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا قونۇپ قالغان بولۇپ، ئۇ كۆرپىنىڭ كەڭ تەرىپىدە، ئۆيدىكىلەر بولسا، ئۇزۇنلىقى تەرىپىدە ياتقان. ئۇ يېرىم كېچىگىچە ياكى يېرىم كېچىدىن سەل بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە ئۇخلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويغىنىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىغاندىن كېيىن، ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئون ئايەتنى ئولتۇرغان ھالەتتە ئوقۇپ، ئاندىن تۇرۇپ ئېسىپ قويۇلغان تۇلۇمدىكى سۇ بىلەن ئەڭ كامىل تاھارەت شەكلىدە ئالغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇشقا باشلىدى.» ئىبنى ئاببىاس مۇنداق دەيدۇ: «مەنمۇ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىنى بېشىمغا قويۇپ ئوڭ قۇلىقىمنى تۇتۇپ، مېنى ئۆزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يۆتكەپ قويدى. ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىدكە چىقىپ كەتتى.»

## خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا ئىجتىمائىي مۇئامىلە قىلىشىدىن ئەمەلىي مىساللار

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىدا بولۇشىدىكى تۈلگىلىك مىسالىرىنى دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىش بىلەن بۇ بۆلۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىسى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇئۇمەير ئىسىملىك بىر ئىنىم بار ئىدى، ئۇ تېخى ئەمدىلا سۈتتىن ئايرىلغان ئىدى، ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئەبۇئۇمەير! ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟" دەيتتى. بەزىدە ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، يەرگە سېلىنغان بورىنى سۈپۈرۈشكە بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇنى يۇۋدىگەندىن كېيىن قىيامدا تۇراتتى، بىز ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى.»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئەمدى سىزگە ھەدىس شەرھلىگۈچىلەرنىڭ ئەڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى ھەجەر ئەلئەسقالانىينىڭ بۇ ھەدىسكە قىلغان مۇكەممەل بىر شەرھىسىنى سۇنماقچىمىز. ئۇ بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى شۇنداق شەرھلىگەنكى، بىز بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قاچانكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ

(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشتىكى يولىنى تەرك ئېتىپ، قانداقتۇر بىر جورج ياكى ئانتونلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلىغانلىقى، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەش ساھەسىدە مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېس قىلىمىز.

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى ھەدىستە بىرمۇنچىلىغان پايدىلار باردۇركى، بۇ پايدىلار ئىبنى ئەلقاس نامى بىلەن مەشھۇر بولغان شافىئىي مەزھىبىنىڭ فىقھى ئالىمى ۋە بىر پارچىلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى ئەبۇل ئاببباس ئەھمەد ئىبنى ئەبۇ ئەھمەد تەبەرى تەرىپىدىن جەملەنگەن ئىدى. ئۇ بۇ كىتابىنىڭ بېشىدا مۇنداق دېگەن: ”بەزى كىشىلەر ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى: بۇلار پايدىسىز نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار، - دەيدۇ. ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ بۇنداق ئەيىبلىشىگە ئەبۇئۇمەيرنىڭ ھەدىسىنى مىسال قىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەدىستە فىقھى ۋە ئەدەپ ئىلمى جەھەتتىن ئاتمىش نەچچە خىل پايدىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كىم بىلىسۇن؟!“ ئۇ بۇ سۆزلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ پايدىلارنى كەڭ دائىردە بايان قىلدى. مەن بۇ سۆزلەردىن مەقسەت قىلىنغان مەزمۇنلارنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىدىم.

بىرىنچى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىلاتىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىنمۇ يۇمشاقراق بىر قولنى كۆرمىگەن ئىدىم“ دېگەن. بۇ يەنە ئۇز نۆۋىتىدە قول ئېلىشىشنىڭ پەقەت ئەرلەر بىلەن ئەرلەرگىلا خاس قىلىنغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ.

ئىككىنچى، چاقچاق قىلىشنىڭ ۋە چاقچاقنىڭ قايتا - قايتا قىلىنىشىنىڭ جائىزلىقى. بۇنداق چاقچاق قىلىشنىڭ جائىز بولۇپلا قالماي، يەنە سۈننەت ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋېلىشقا، شۇنداقلا ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرەلمىگىدەك ھالدىكى كىچىك باللار بىلەن چاقچاقلاشقاندا، چاقچاق قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچىغا ئوخشاشلا جائىز بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، چوڭچىلىق ۋە كىبىرنى تاشلاشقا يول كۆرسىتىدۇ. چوڭ كىشىلەر يولدا كەمتەرانە بولىدۇ. ئۆيلەردە بولسا، چاقچاق قىلىدۇ.

تۆتىنچى، دوست بولغۇچىنىڭ يېشى مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بالا يىغلىغاندا ئاچچىقلىغانلىق مەزمۇنىدا كەلگەن ھەدىس بولسا، ئۇنىڭ قەستەن يىغلىشىغا ھەقسىز يەردە ئەزىيەت بەرگەنلىكىگە قارىتىلغاندۇر.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى، كىچىك بالىنىڭ قۇش ئوينىشىنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالتىنچى، بالىسى يوق ئادەمنىمۇ ئاتىغا قوللىنىدىغان كۇنىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يەتتىنچى، بالىلارنى هارام بولمىغان مۇباه ئويۇنلارنى ئويناشقا رۇخسەت قىلىشنىڭ دۇرۇستلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

سەككىزىنچى، مۇباه ئويۇنلارغا پۇل خەجلەشنىڭ دۇرۇستلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

توققۇزىنچى، قەپەس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردە قۇش ساقلاش ۋە قۇشنىڭ قاناتلىرىنى قىسقارتىشنىڭ جائىزلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئەبۇئۇمەيرنىڭ قۇشى بەلكىم شۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىدە ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

ئونىنچى، "ھېكمەتلىك ئادەم پەقەت ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق ئادەمگىلا سۆز قىلىدۇ" دېگەن نەزىرىيەنىڭ دەل قارشىسى بويىچە تېخى ئىش ئۇقمايدىغان كىچىك بالىلارغا گەپ قىلىشنىڭمۇ دۇرۇستلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئون بىرىنچى، ھايۋان ئۆچۈن بولسىمۇ، ئىسمىنى كىچىكلىتىپ سۆزلەشنىڭ جائىزلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئەبۇئۇمەير! ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟" دېگەن سۆزىنىڭ ئەرەبچى لەۋزىدە ئۇ قۇشنى: قۇشجان ياكى كىچىك قۇش دەپ ئاتىغان)

ئون ئىككىنچى، ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەقىل ئىقتىدارىغا لايىق سۆز قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئون ئۈچىنچى، چوڭ ئادەم بىر توپ ئادەملەرنى زىيارەت قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كىچىك ئۇمەيرگە چاقچاق قىلدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ كۆرپىسىدە ئولتۇردى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇ ئۆيدە بىرلىكتە ناماز ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتىدىن تورتاق بەھرىمەن بولدى.

ئون تۆتىنچى، كۆيىنىش يۈزىسىدىن كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلاشنىڭ جائىزلىقى.

ئون بەشىنچى، ئەگەر ئازار بولمايدىغان بولسا، ئىسمىنى كىچىكلىتىپ چاقىرىشنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇن ئالتىنچى، بىرەر ئەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ سوراشنىڭ جائىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇشنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ: "ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟" دەپ سورىغان.»

ئىبنى ھەجەر ئۆز سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ. «ئىبنى قاسىنىڭ: "كىچىك بالىلارنىڭ قۇش ئوينىشىنى شەرتسىز جائىز" دەپ قارىشى ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا تارتىشىشقا سەۋەب بولدى. ئابدۇلمەلىك: "بۇ دەلىل بەلكىم جانىۋارلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك ھەققىدىكى دەلىل بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن" دېدى. قۇرتۇبى: "ئەمەلدىن قالماسلىقى بەلكىم قۇشنى تۇتۇپ ئويناشقا بولىدۇ، دېگەنگە قەدەر بولۇپ، ئەمما قۇشنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇدەك ھالەتتە ئوينىشى بولسا، چەكلىنىشكە دەلىل بولغان بولۇشى مۇمكىن" دېدى.»

ئىبنى ھەجەر سۆزىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «ئەبۇئۇمەيرنىڭ قىسسىسىدە ئىبنى قاس ۋە باشقىلارمۇ بايان قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن پايدىلارنىڭ بىرى شۇكى، ئىمام ئەھمەد ئەممارە زازان سابىت ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە بالا كېسەل بولۇپ قېلىپ، بۇ كېسەلدە ئۆلۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئانىسى بولغان ئۇممۇ سەلەمە بالىنىڭ ئاتىسى بولغان ئەبۇتەلھەگە بىلدۈرمىگەن. سەپەردىن قايتقان ئەبۇتەلھەنى ياخشى كۈتۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كېچىنى بىرگە ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بالىنىڭ خەۋىرىنى بەرگەن. كېيىن ئەبۇتەلھە بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇممۇ سەلەمە ھامىلە بولغان ۋە كېيىن بۇ بالا تۇغۇلغاندا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ بوۋاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا "ئابدۇللاھ" دەپ ئىسىم قويغان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# تۆتىنچى بۆلۈم

## ئەخلاقنى بەرپا قىلىش

كىمكى بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىسە، ئۇ دۈشمىنىنى بويسۇندۇرغان بولىدۇ.

ــ ھېكمەتلىك سۆز

كىرىش سۆز

ئەدەپ- ئەخلاق

- بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر
- سەلەپ- سالىھلارنىڭ ھاياتىدىن ئۈلگىلەر
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا خاس ئەخلاقلىرىنىڭ تۈرلىرى

1- ئاتا- ئانىغا ئەدەپلىك بولۇش

- ئاتا- ئانىغا سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنى چاقىرىش ئەدەپلىرى
- ئاتا- ئانىغا قاراش ئەدەپلىرى

2- ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇش

- ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدە كەلگەنلەر
- سەلەپ- سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالىملار بىلەن ئەدەپلىك بولۇشىدىكى ئۈلگىلىرى

3- ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش ئەدەپلىرى

4- قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەپلىرى

5 - قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى

6- ئىجازەت سوراش ئەدەپلىرى

7- داستىخاندىكى ئەدەپلەر

8- بالىنىڭ تاشقى قىياپەت ئەدەپلىرى

9- قۇرئان ئاڭلاش ئەدەپلىرى

راستچىللىق ئەخلاقى

مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەخلاقى

ئامانەت ئەخلاقى

كۆڭۈلنى ئۆچ- ئاداۋەتتىن پاكىزلاش ئەخلاقى

خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بولغان ئەخلاقىدىن ئەمەلىي مىساللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# كىرىش سۆز

قۇرتۇبىي تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: «"ئەخلاق" دېگەننىڭ لۇغەت مەنىسى، بىر ئىنساننىڭ ئەدەپلىك بولۇشىدۇر. چۈنكى ئەخلاق ئىنسان تەبىئىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئورنىغان ئەدەپ بولسا، ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بار بولغان ئەزەلىي تەبىئەتتۇر، بۇ تەبىئەت بولسا، بىرىنچىسى، ئىنساندا يارىتىلىشتىن بېرى مەۋجۇت بولغان تەبىئەت. ئىككىنچىسى، ئىنسان ئۆزىدە پەيدا قىلىدىغان تەبىئەتتۇر» دەيدۇ.

قۇرتۇبىنىڭ ئەخلاقتا بەرگەن تەبىرى بويىچە بولغاندا، بىز يۇقىرىدىكى ئۈچىنچى باپتا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن مۇشۇ ئەخلاقنى بىنا قىلىش ۋەئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۆز ئىرادىسى بىلەن پەيدا قىلىدىغان تەبىئەتتىن ئەسلى تەبىئەتكە يۆتكىلىش ئاساس ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مۇددىتى ئىنساننىڭ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالا پاك شەيئىلەرنى تېز قوبۇل قىلىدىغان بالىلىق مەزگىلىدە ئاتا- ئانا ۋە تەربىيىچىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ سەرپ قىلىشى تەبىئىيدۇر ۋە ناھايىتىمۇ مۇھىمدۇر. بۇنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چوڭ ئۆلىمالار ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ئىدى. ئەبۇغالىد ئەلغەزالى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى كىتابىمىزنىڭ بېشىدا بېرىلگەن ئىدى. ئىبنىل قەييۇممۇ ئۇلاردىن بولۇپ، ئۇ «تۇغۇلغان بالىنىڭ ھۆكۈملىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بالا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان مەنىۋىي نەرسىلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىلىشىدۇر. بالا كىچىك ۋاقتىدا ئاتا- ئانا ياكى تەربىيىلىگۈچى ئۇنى يالغۇزسىراش، ئارسالدى بولۇش، ئاسان غەزەپلىنىش، ئالدىراقسانلىق قىلىش، غەرەز ئۇقماس، تۇترۇقسىز، قارارسىز، مەنمەنچى ۋە خالىغىنىنى قىلىدىغان خۇلقلارنىڭ قايسى بىرى ئۈستىدە يېتىلدۈرسە، بالا چوڭ بولغاندىمۇ شۇ خۇلقنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنى يوقىتىش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، ئۇ خىل خۇلق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئورنىشىپ قالغان ھالەتتە نامايەندە بولىدۇ. ئەگەر بالا كىچىكلىكىدە بۇنداق خۇلقلارنىڭ ئادەتكە ئايلىنىشىدىن ساقلانمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خۇلق ئۇلارنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىز جەمئىيەتتە كۆرۈۋاتقان ياكى ئاڭلاۋاتقان ناچار ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكلىكىدە سىڭگەن خۇلقلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاشكارىلىنىغانلىقىدىندۇر.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇرۇنقى شەيخى، ئەللامە شەيخ ئەلخىزىر ھۈسەيىن بالىلىق دەۋرىدە ياخشى ئەخلاق ۋە ئېسىل خۇلق سىڭدۈرۈش ئۈچۈن بۇ دەۋرنى ياخشى تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىغا دالالەت قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

«بالا پاك تەبىئەت ۋە پاك پىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ پاك قەلبىگە ئەخلاقنىڭ ياخشى ياكى يامان تۈرىدىن بىرەرى يۇقۇپلا قالسا، ئۇ بۇ بالىنىڭ قەلب ئېكرانىدا نەقىش بولۇپ ئورناپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا پۈتكۈل خۇلق ھۆجەيرىلىرىگە تارقاپ ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا زىت قىلىنىغان ھەر قانداق بىر ھەرىكەتنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بىز تىلى تاتلىق، خۇش چىراي ۋە سەممىي تۇرقىتىكى ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرسەك، ئۇنى چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ پەزىلەتلىك بىر ئائىلىدە چوڭ قىلغانلىقىنى جەزىم قىلىمىز، مانا بۇ يۇقىرىدا دېمەكچى بولغان پاكىتىمىزنىڭ ئائىلىۋى تەربىيەنىڭ كىچىكلىكتىكى تەسىرىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر.»

خوش! بىز بالىلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ ئۇ قەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ئىكەنمىز ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەنىكەنمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزغا: قانداق قىلغاندا بالىلارنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ؟ ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئاملغا ئىگە بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى نېمە؟ ـ دېگەن سوئال قويۇلىدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىزدەنگىنىمىزدە، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئاساستىكى جاۋابقا ئېرىشىمىز.

## ئەدەپ ـ ئەخلاق

ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ئەدەپ بولسا، ماختىلىشقا لايىق بولغان بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا مەقسەت قىلىنىدىغىنى ئېسىل ئەخلاقتۇر، بۇ ياخشى دەپ تونۇلىدىغان ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» بەزىلەر يەنە: «ئەدەپ دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى (مەئدەبە يەنى داستىخان) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، داستىخان بولسا، ئىنسانلار تاماققا چاقىرىلىدىغان جاي، شۇڭا ئەدەپ ئىنسانلارنى ئەخلاققا چاقىرىش دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن.

جۇنەيت (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تىن ئەدەپنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە

سورالغاندا: «ئۇ كېلىشىپ ياشاش دېگەنلىك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇ سەۋەبتىن، ئەدەپنىڭ مۇئامىلە ۋە ياشاشقا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى ئاشكارا بولۇپ، چوڭ ۋە كىچىك ھەممىنىڭ شەخسىيىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان ۋە باللارغا ئەدەپ كىيىمىنى كىيدۈرۈشنى ئەخلاق تەربىيەسىنىڭ ئەۋۋەلى بولمىسا بولمايدىغانلىقىدىن بولۇپ قالغان.

ئەدەپ- ئەخلاق تىما قىلىنغان ئاساس توغرىسىدا سۆز ئاچقىنىمىزدا، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا توختىلىشقا دۇچ كېلىمىز:

## 1- باللارغا ئەخلاق ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقنى بەرپا قىلىشقا، ئەخلاقنى باللىنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن بەرپا قىلىشنى، ھەتتا گۇناھلارنى يۇيىدىغان سەدىقە بېرىشتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە، باللىغا ئەدەپ- ئەخلاق ئۆگىتىش، ئۇنى ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

تىرمىزى جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ بالىسىغا ئەدەپ ئۆگەتكىنى بىر سا سەدىقە بەرگىنىدىن ياخشىدۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئانىلارنىڭ باللىغا ئەدەپ ئۆگىتىشىنىڭ ئۇلارنىڭ باللىغا تەقدىم قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ھەدىيەسى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ياخشى ئەدەپ- ئەخلاق بىلەن چوڭ قىلىشنىڭ ئۇلارغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى مىراس بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئىمام تىرمىزى سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتىنىڭ بالىسىغا بەرگەن ھەرقانداق كاتتا نەرسىسى ئۇلارنى ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيىلىگەندەك ئەۋزەل ئەمەستۇر.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلى ئەلمەدەنى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «باللارغا ئەدەپنى مىراس قالدۇرۇش بولسا، ئۇلارغا مال- دۇنيا مىراس قالدۇرۇشتىن ياخشىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەدەپ ئۇلارغا مال- دۇنيا، ئابروي ۋە قېرىنداشلىرىغا مىھرى- مۇھەببەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى جەملەپ بېرىدۇ» دېگەن.

بەلكىم بەزىلەر ئەدەپنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەي، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بالىنىڭ ئۆزىنى قاخشىتىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەنلىكتۇر. بالىغا ئەدەپ ئەخلاق ئۆگىتىش ئاتىسىغا نىسبەتەن خۇددى بالىلىرىغا يېمەك- ئىچمەك تەييارلاش ۋاجىپ بولغاندەك ۋاجىپ بولىدۇ.

ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارنى ئىززەتلەڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاڭلار!» ۋە ئىبنى ئەبۇدۇنيانىڭ رىۋايىتىدە: «بالىلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەپنى ياخشىلاڭلار!» دېگەن.

سەلەپ- سالىھلارمۇ ئەدەپ- ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى، دەرىجىسىنى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، بالىلىرىنى ئەدەپلىك چوڭ قىلىشقان ۋە بارلىق ئىسلام ئۈممىتىگە بۇنى تەۋسىيە قىلىشقان. تۆۋەندىكىسى بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئاتا- ئانىلارغا قىلغان چاقىرىقى بولۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بالاڭنى ئەدەپلىك قىلىپ ئۆستۈرگىن، بالاڭنى ھەقىقەتەن قانچىلىك ئەدەپلىك ئۆستۈرگەنلىكىڭ ۋە ئۇنىڭغا نېمىنى ئۆگەتكەنلىكىڭگە سەن مەسئۇل، ئۇمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلىش ۋە ساڭا بويسۇنۇشقا مەسئۇلدۇر.»

بالىلارنى ئەدەپلىك چوڭ قىلىشنىڭ بۇنچىلىك مۇھىملىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئەدەپنىڭ ئۆتكۈر ئەقىلنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ئۆتكۈر ئەقىلنىڭ ياخشى ئادەتنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ياخشى ئادەتتىن ياخشى تەبىئەتنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى تەبىئەت ئىگىسىدىن ياخشى ئەمەلنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى ئەمەل پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغانلىقى، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا، ئەبەدىيلىك بەختكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى، ناچار ئەخلاقتىن بۇزۇق ئەقىلنىڭ، بۇزۇق ئەقىلدىن بولسا، يامان ئادەتنىڭ، يامان ئادەتتىن يامان تەبىئەتنىڭ، يامان تەبىئەتتىن يامان ئەمەلنىڭ، يامان ئەمەلدىن ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە ئۇچراشنىڭ ۋە بۇنىڭدىن ئەبەدىي مىراس بولىدىغان خارلىققا قالىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇلارنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن سەلەپ- سالىھلار ئەۋلادلىرىنى ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇشقا ۋە ئۆزلىرىمۇ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈستىدە يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ،

ئەدەپ- ئەخلاقنى ئۇلارغا ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقان ئىدى. قېنى بىرلىكتە بىز ئۇلارنىڭ ئىش- ئىزلىرىغا قۇلاق سالايلى ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنەيلى!

## سەلەپ- سالىھىنلار هاياتىدىن ئۈلگىلەر

رۇۋەيىم ئىبنى ئەھمەد ئەلباغدادى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئوغلۇم! ئەمەلىڭنى تۇز، ئەدەپىڭنى ئۇن قىلغىن، يەنى ئەدەپلىكلىكىڭ ئۇندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسۇن! ھەتتا ئەدەپىڭنىڭ كۆپلۈكى تۇزغا نىسبەتەن ئۇننىڭ كۆپلىكىدەك كۆپ بولسۇن! كۆپ ئەدەپ بىلەن ئاز ئەمەل قىلىش، ئاز ئەدەپ بىلەن كۆپ ئەمەل قىلغاندىن ياخشىدۇر.» (بۇ مەزمۇننى ئىمام ئەلقۇرافى «ئەلفۇرۇق» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى جىلد 96- بېتىدە بايان قىلغان.)

ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب ئىبنى شەھىت مۇنداق دېگەن: «ئاتام ماڭا :"فىقھىشۇناسلار ۋە ئالىملارنىڭ يېنىغا كەلگىن، ئۇلاردىن ئۆگەنگىن، ئۇلارنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقى ۋە ھىدايىتىدىن قوبۇل قىلغىن" دېگەن ئىدى.»

بىر بالىنىڭ ھەدىس ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئەدەپ ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بولسا، بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەدەپسىز مۇئامىلىلەردە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

سەلەپ- سالىھلاردىن بەزىسى ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى ئوغلۇم! سېنىڭ ئەدەپ ھەققىدىكى بىلىمدىن بىر باب ئۆگەنگىنىڭ، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىلىم بابىدىن يەتمىش باب ئۆگەنگەنلىكىڭدىن ياخشىدۇر.»

ئەبۇزەكەرىيا ئەلئەنبەرى: «ئەدەپسىز ئىلىم گويا ئوتۇنسىز ئوتقا ئوخشايدۇ، ئىلىمسىز ئەدەپ گويا جىسمىسىز روھقا ئوخشايدۇ» دېگەن.

لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارغا ئورنىتىشقا، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدە تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئەدەپ- ئەخلاقلار قايسى؟ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ كۆرگىنىمىزدە، بۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك توققۇز نۇقتىغا يىغىنچاقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز:

www.uyghurkitap.com

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا خاس ئەخلاقلىرىنىڭ تۈرلىرى

### (1) ئاتا- ئانىغا ئەدەپلىك بولۇش

ئىمام نەۋەۋىي «ئەزكار» دېگەن كىتابىدا: «بالىنىڭ، تالىپنىڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ شاگىرتلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنى، مۇئەللىم - ئۇستازىنى ئىسمى بىلەن چاقىرىشتىن توسۇش» دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس بىر باب ئايرىغان.

ئىبنى سۇننى كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈپ، ئۇ بالىدىن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدى. بۇ بالا: "ئاتام" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا: "ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما ۋە ئۇنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولما" دېگەن.» مانا بۇ، ئىمام نەۋەۋىينىڭ ھەدىسكە تەتبىقلىغان شەرھىسى بولۇپ، ئۇ: «ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرما ۋە ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرما» دېگەن.

ئىبنى ھەجەر «ھەيسەمى مەجمەئە ئۇززا ۋائىد» دە بايان قىلغان قىسسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسسىنى بايان قىلىدى. بۇ قىسسىنىڭ بايانى ئەبۇھۇرەيرەدە توختىلىپ قالىدۇ. بىز بۇلارنى پايدىلىنىش مەقسىتىدە بايان قىلىمىز. ئۇلاردىن ئەبۇغەسسان ئەددابىدىن رىۋايەت قىلغان قىسسىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، مەن ئاتام بىلەن چىققان ئىدىم. يولدا بىرگە ئەبۇھۇرەيرە يولۇقۇپ: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدى. مەن: "ئاتام" دېدىم. ئۇ: "ئاتاڭنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ياكى يان تەرىپىدە ماڭ! ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىغا ئادەم كىرگۈزمىگىن، ئاتاڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇستىدىن ماڭمىغىن، ئۇنى چۆچىتىپ قويىسەن، سۆڭەك غاجىلىمىغىن، بەلكىم ئاتاڭ ئۇنىڭغا قاراپ يېگۈسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن" دېدى.»

### ئاتا- ئانىغا سۆز قىلىشتىكى ئەدەپلەر

ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە ئەبۇل بەدداھ ئەتتىجىبى مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييىبكە: "مەن قۇرئاندا ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق ھەققىدە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلدىم، لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن[1]﴾ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدىم، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان يۇمشاق سۆز نېمىدىن ئىبارەت؟" دېدىم، ئىبنى مۇسەييىپ: "گۇناھكار

---

[1] سۈرە ئىسرا، 23 - ئايەت.

قۇلىنىڭ قوپال ۋە باغرى قاتتىق خوجايىنىغا سۆزلىشى“ دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىكى يۇمشاق سۆزنى: ”ئى ئاتا، ئى ئانا! ـ دېمەك“ دەپ تەپسىر قىلدى.»

تاجىدىن سەيكىي مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئىت قاۋاپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا: ”جىم بول، ئىتنىڭ بالىسى ئىت“ دېۋىدىم، ئاتام ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ماڭا ئاچچىقلىدى. مەن: ”ئۇ ئىتنىڭ بالىسى ئىت ئەمەسمۇ؟“ دېدىم. ئاتام: ”كەمسىتمەسلىك مەنىسىدە شۇنداق دېسەڭ، جائىز بولىدۇ“ دېدى. مەن: ”بۇ پايدىلىق (سۆز ئىكەن)“ دېدىم.»

ئاتا ـ ئانىدىن بىر نەرسە ئۆگەنگىنىدە ياكى ئۇلاردىن بىرەر نەرسىدە پايدىلانغاندا، ئۇلارنى خۇش قىلىش ۋە ئۇزلىرىنى كەمتەرلىككە كۆندۈرۈش ئۈچۈن: «بۇ بىر پايدىلىق ئىش ياكى پايدىلىق سۆز» دېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ياخشى، ئاللاھ بىزنى ۋە سىزنى بۇنىڭدا مۇۋەپپىق قىلسۇن!

## ئاتا ـ ئانىغا قاراش ئەدەپلىرى

تەبەرانى يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەنلىك نەزىرىدە قارىسا، بالىغا بىر قۇل ئازاد قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ“ دېگەندە، ساھابىلار: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شۇنداق قارىسىچۇ؟“ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاللاھۇ ئەكبەر!“ دەپ جاۋاب بەردى.»

مەناۋىي «فەيزۇل قەدىر» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «قايسى بىر ئادەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىگە شەپقەت نەزىرى بىلەن قارىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا قوبۇل قىلغان ھەجنىڭ ساۋابىنى يازغۇزىدۇ.»

ئاخىرىدا، تەقۋادار ئالىملاردىن بىرىنىڭ بالىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقنى كەسىپ قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويىدىغان ئاتا ـ ئانىغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلىلار قىلىش لازىملىقىدىن ئىبارەت روشەن يولىنى بايان قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ۋەلىد ئىبنى نەمىردىن ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كونىلار، تەقۋالىق ئاللاھتىن، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئاتىلاردىن، دەيتتى.»

بىز يۇقىرىدا بالىنىڭ ناھايىتىمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاتا ـ

www.uyghurkitap.com

ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەقۋادار ئالىملارغا يېقىن بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئىلىم ئېلىشتىن بۇرۇن ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، بالىلارنىڭ ئالىملار بىلەن بىللە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئەدەپلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. تۆۋەندە بۇ ماۋزۇدا يەنە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئۆلىمالار بىلەن بولغان ئەدەپ - ئەخلاق

بىر يۈقىرىدا ئىمام نەۋەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى سۇنىينىڭ «ئەزكار» دېگەن كىتابىدا: «بالىنىڭ، تالىپنىڭ، ئوقۇغۇچى - شاگىرتلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، مۇئەللىم - ئۇستازىنى ئىسمى بىلەن چاقىرىشتىن توسۇش» دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس بىر باب ئايرىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇ بۇ بابتا يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاتا - ئانىغا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدە دېگەنلىرىمىز بالىلىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر، بەلكى ئالىملارغا بولغان ھۆرمەت تېخىمۇ زىيادە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئىززەتنى قىلىش، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئالدىراش، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىدا يۇقىرى ئاۋاز چىقارماسلىق، ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇش لازىم. ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىشى كېرەك.»

ئىمام غەزالىي ياھيا ئىبنى مۇئازنىڭ ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە: «ئالىملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلىرىدىنمۇ بەكرەك شەپقەتلىكتۇر» دېگەن سۆزىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. تېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ - دېيىلگەندە، بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى دۇنيانىڭ ئوتىدىن ساقلايدىغانلىقى، ئالىملار بولسا، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئوتىدىن ساقلايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئىززەتنى قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلغان بولۇپ، ئىمام سەمئانىنىڭ «ئەدەپىل ئىملائى ۋەل ئىستىملائى» بىلەن ئىبنى قۇتەيبەنىڭ «ئەدەپىل ئالىم ۋەمۇتەللەم» دېگەن كىتابلىرى شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىتابلار بار.

## ئاتىلارغا ئەدەپلىك بولۇش ھەققىدە كەلگەنلەر

تەبەرانىي ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «لوقمان ئوغلىغا: "ئى ئوغلۇم! ھەمىشە ئالىملارنىڭ سورۇنلىرىغا ھازىر بولغىن، ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن، خۇددى ئاللاھ تائالا يامغۇر ئارقىلىق ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەندەك ھېكمەتلىك سۆز ئۆلگەن دىلنى تىرىلدۈرىدۇ" دېگەن.»

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان ئادەم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.»

تەبەرانىي ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۈچ كىشى بار بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلار ھۆرمەتلىمەيدۇ، (ئۇ ئۈچ كىشى بولسا) ئىسلامى بىلەن ياشانغان كىشى، ئىلىم ئىگىسى ۋە ئادىل ئىماملاردۇر.»

## سەلەپ- سالىھلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالىملارغا قانداق ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلدىغانلىقىغا ئائىت ئۈلگىلەر

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئولتۇراتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسارى ساھابىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلاتتى. ھەتتا ئۇ ئىبغىز ئېچىپ سۆز قىلمىغىچە ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئېغىز ئېچىپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلمايتتى. ئۇلاردىن سىرت، بىرىلىرىنىڭ كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىغان سوئالىنىڭ جاۋابىنى جىم ئولتۇرۇپ تىڭشايتتى. بىز يۇقىرىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى ئۆمەر بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىدىن تەپتارتىپ سۆز قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق.

تۆۋەندىكىسى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىمى ئىبنى ئاببار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ساھابىلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلغاندا قانداق ئەدەپلىك

بولغانلىقىنىڭ ئەمەلىي مىسالى:

ئىبنى كەسىر بەيھەقىدىن ئىكرىمەگە يەتكەن سەنەدى بىلەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمگە: "قېنى بىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن (مەسىلىلەر ۋە ھەدىسلەر) سورايلى، ئۇلار بۈگۈن كۆپ يىغىلغان" دېدىم. ئۇ ئادەم: "سەن قالتىسقۇ، سەن ئۆزەڭنى: باشقىلار ماڭا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ـ دەپ ئويلامسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن قانداق ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن؟" دەپ تېرىكىپ كەتتى. مەن يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن سورىماقچى بولغانلىرىمنى سوراۋەردىم، ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ھەدىسنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسام، ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا باراتتىم. ناۋادا ئۇ ئادەم چۈشلۈك ئۇيقىسىنى ئۇخلاۋاتقان بولسا، مەن چاپىنىمنى يەرگە سالغىنىمچە ياتاتتىم. شامال توپىلارنى ئۇچۇرۇپ ئۈستى- بېشىمنى توپا بېسىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆيىدىن چىققاندا: "ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ مەندە ئىشىڭ بولسا، ئادەم ئەۋەتسەڭ، ئۆزەم ئالدىڭغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟" دەيتتى. مەن بولسام: "ياق! مەن كېلىشىم كېرەك" دەپ ئاندىن ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولغان ھەدىسنى سورايتتىم. ھېلىقى ئەنسارى تاكى ئىنسانلار مېنىڭ ئەتراپىمغا يىغىلىپ، مېنىڭدىن سوئال سورايدىغان بولغىچە ياشىدى. ئۇ ھەمىشە: "ئۇ يىگىت مەندىن ئەقىللىق ئىكەن" دەيتتى.»

ھەسەن بەسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىنى ئالىملارغا ئەدەپلىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئوغلۇم! ئالىملار بىلەن ئولتۇرساڭ، سۆزلەشتىن بەكرەك ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بول! ياخشى سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك ياخشى ئاڭلاشنى ئۆگەن، بىراۋ سۆزىنى توختاتمىغىچە ئۇنىڭ سۆزى قانچىلىك ئۇزۇراپ كەتسىمۇ بۆلمە.»

ئاخىرىدا، كىچىك ساھابە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر ئۆسمۈر ئىدىم، ئۇنىڭدىن قۇرئان ۋە ھەدىسنى ياد ئالاتتىم. مېنىڭ سۆز قىلىشىمغا ئۇ يەردە مەندىن چوڭلارنىڭ بولۇشىدىن باشقا ھېچقانداق توسالغۇ يوق ئىدى.»

## ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش ئەدەپى

تىرمىزى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى، جامائەت ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە كېچىكىپ قالغانلىقتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە تىرمىزى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كىچىكىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ شەرىپىنى تونىمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس.»

ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىمنىڭ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان باشقا بىر رىۋايىتىدە: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، كىچىكىمىزگە شەپقەت قىلمىغان ۋە ئالىمنىڭ ھەققىنى تونىمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس» دېگەن.

ئەبۇداۋۇد ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ياشانغان مۇسۇلمان ئادەمنى، قۇرئاننى ياد ئالغان ۋە ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئادەمنى ۋە ئادىل پادىشاھنى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.»

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى بىر مىسۋاك بىلەن چىشىمنى مىسۋاكلاۋاتقان ھالدا كۆردۈم، ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا ئىككى ئادەم كەلدى، مەن مىسۋاكنى كىچىكىگە ئۇزاتتىم، ماڭا: "چوڭىغا بەر" دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنى ئۇلاردىن چوڭىغا بەردىم.» (مۇسلىمنىڭ سەنەدى بىلەن ئىمام بۇخارى تەلىق يولى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇيەھيا ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى سەھلى بىلەن مۇھەيسە ئىبنى مەسئۇد خەيبەرگە قاراپ يولغا چىقتى، خەيبەر ئۇ كۈنى سۈلھى ئۇستىدە ئىدى، ئۇلار بىر- بىرىدىن ئايرىلدى. مۇھەيسە ئابدۇللاھنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ قانغا مىلىنىپ ئۆلۈك ياتاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مەدىنىگە كەلدى. ئاندىن ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل بىلەن ھۇۋەيسە (ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىككى ئوغلى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا سېلىپ قويۇلدى. ئۇلار بارغاندىن كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل گەپ قىلىشقا ئېغىز ئاچقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ: "ئاۋۋال چوڭلار

www.uyghurkitap.com

گەپ قىلىسۇن، ئاۋۋال چوڭخىلار گەپ قىلسۇن!“ دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى سەھل ئۇ چاغدا جامائەتنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى.»

ئى قېرىندىشىم! ئى مېنىڭ ھەمشىرەم! بۇ يەردە تەلەپ قىلىنغان ئەدەپكە قاراڭ، بۇ يەردە چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى شۇنچىلىك ئەتىۋارغا ئېلىنغانكى، بۇنىڭدىكى ئەخلاق ئۆلچىمى ھەرقانداق ئادەمگە ئۈلگە بولماي قالمايدۇ. لېكىن، كىچىكلەرنىڭ سۆز قىلىشى تەلەپ قىلىنغاندا، ئۇلار چوڭلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلسا، بۇنىڭدا شەرىئەتكە خىلاپ ياكى ئەخلاققا خىلاپلىق قىلىنغان بولمايدۇ.

## قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەپلىرى

بىز يۇقىرىدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشقا ئالاقىدار ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا بايانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشنىڭ قېرىنداشقا ئۇنىڭ دىلىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ھېچقانداق بىرەر ئىشنى قىلماسلىقتا تەۋسىيە قىلغانلىقىدەك مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىنىڭ ئاتا بىر ئانا بىر قېرىندىشىغا بولسىمۇ، قولىدىكى تىغنى تەڭلەيدىكەن، ئۇ تاكى تىغنى تاشلىۋەتمىگىچە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇلنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى، ئۇكىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىشتەك ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئىمتىيازىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بالىلارغا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە كۆپ توختالغان. تەبەرانىي كۇلەيب ئەلجۇھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قېرىنداشلاردىن ئەڭ چوڭى ئاتىنىڭ ئورنىدا.»

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭلىرىغا كىچىك قېرىنداشلىرىغا مەرھەمەت قىلىش ۋە شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتسە، كىچىكلەرگە چوڭلارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى سىڭدۈرسە، ئائىلە ھاياتى تەكپۇڭلۇق ئىچىدە ماڭىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرى قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ۋە ئۆز ئورنىدا ئادا قىلىدۇ.

## قوشنىدارچىلىق ئەدەپلىرى

ئىسلام شەرىئىتىدە قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى چوڭ. بۇنىڭدىكى سەۋەب بولسا، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارغا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەپلەرنى ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلغان. ئۇ ئەدەپلەر شۇلاردىن ئىبارەتكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىغا ھال ـ مۇڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشنىسىنىڭ بالىلىرىدا بولمىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەندە، ئۇ بالىلارنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى سىرتقا كۆتۈرۈپ چىقىپ يەپ ياكى كۆرسىتىپ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەۋسىيە قىلغان، يەنى يەيدىغان نەرسىنى تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقماي ئۆيدە يېگۈزۈش، تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ يېيىشكە روخسەت قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلغان. بۇنداق قىلىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بالىلار سىرتلاردا، يوللاردا كېتىۋاتقاندا، بىر نەرسە يېيىشتەك ئاممۇۋي ئەدەپلەرگە زىت ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇلىدۇ.

خەرائىتى ۋە تەبەرانىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر مېۋە ئالساڭ، ئۇنى قوشناڭغىمۇ ھەدىيە قىلغىن، ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۇنى ئائىلەڭگە مەخپىيرەك ئېلىپ كىرگىن، بالاڭ قوشناڭنىڭ كۆزىنى قىزارتىش ئۈچۈن چىقمىسۇن» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلىدى. بالىسىنىڭ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆزىنى قىزارتىشىدىن ساقلاندۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان بالىغا سىڭدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەخلاقتۇر.

ئەگەر ھەر بىر مۇسۇلمان تەلەپ قىلىنغان بۇ ئەدەپلەرگە رىئايە قىلالىغىنىدا، ئىشلار قانچىلىك گۈزەللىككە تولغان بولاتتى ـ ھە! ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى بۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى يوليورۇقىنىڭ كاتتىلىقىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، مۇسۇلمان بولغان ياشلاردىن بىرى ماڭا: «مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا بىزنىڭ مۇسۇلمان قوشنىمىزنىڭ بىزگە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى، ئۇزەمنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك ھېس قىلغانلىقىم ۋە ئۇلار بىلەن بالىلىق ھاياتىمنى ئەڭ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ ئۆتكۈزۈشۈم سەۋەبچى بولدى» دەپ بەرگەن.

## ئىجازەت سوراش ئەدەپى

ئىجازەت سوراشتا ئۇنىڭ ئەدەپىگە دىققەت قىلىش چوڭ. كىچىك ھەممەيلەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپتۇر. ئىجازەت سوراش ئىسلام شەرئىتىدە مۇھىم ئەدەپلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەسىرلەر بويى ئوقۇلىدىغان قۇرئان كەرىمدە ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئىجازەت سوراش ئەدەپىنى تەكىتلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. چۈنكى، ئىجازەت سوراشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىدىن سىرت كىچىك ساھابىلاردىن ھېسابلىنىدىغان ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىغا ئوخشاشلارمۇ ياخشى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. دەل شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئۆمەر بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرەلمىدى. ئەبۇمۇسا قايتىپ كەتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىشنى تۈگىتىپ: "مەن ئەبۇمۇسانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىدىمغۇ، ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىڭلار!" دېدى. "ئۇ قايتىپ كەتتى" دېيىلگەندىن كېيىن، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئەبۇمۇسا قايتىپ كېلىپ: "بىز ئىجازەت سوراشقا، ئىجازەت بېرەلمىسە، قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇلغان ئىدۇق" دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: "سەن بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرگىن!" دېدى. ئۇ ئەنسارىلارنىڭ سورۇنىغا بېرىپ بۇ ھەقتە سورىغان ئىدى، ساھابىلار: "سېنىڭ بۇ سوئالىڭغا ئەڭ كىچىكىمىز بولغان ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىمۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەبۇمۇسانىڭ قېشىغا بېرىپ: "مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىشىمغا تىجارەت ئىشلىرىم بىلەن مەشغۇل بولۇشۇم توسۇپ قويۇپتۇ" دېدى.»

ئەبۇمۇسا ئىجازەت بېرەلمىگەندىن كېيىن بۇنىڭغا رەنجىمەستىن، ئاغرىنماستىن قايتىپ كەتتى، ئۆمەر بولسا، بۇنداق ئەھۋالغا دائىر ھەدىسنى بىلمەي قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىنى سورىغاندا، ئەبۇسەئىد خۇدرىغا ئوخشاش كىچىك ساھابە بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى ئەسلەتتى.

قۇرئان كەرىم ئىجازەت سوراشقا بۇيرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا-ئانىنى بالىغا بۇ ھەقتە تەلىم بېرىشنىمۇ بۇيرىدى. ھەم بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ خاس ئورۇنلىرىغا

ئىجازەت سوراپ كىرىدىغان ۋاقىتلارنىمۇ ئېنىق بەلگىلەپ كۆرسەتتى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چوڭ بولمىغان بالىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ئۈچ ۋاقىتتا (ئۆيۈڭلارغا كىرمەكچى بولسا) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

ھەتتا ئاللاھ تائالا بالاغەتكە يېتىشكە ئاز قالغان ياكى ئۇنىڭغا يەتكەندىن كېيىن، ھەر قانداق يەردە يېپىقلىق ئىشىكنى كۆرسە، ئۇ يەرگە كىرمەكچى بولغاندا، ئىجازەت سوراشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى (دىنىنىڭ ئىشلىرىنى) سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[2]

سوئال: ئۇنداقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجازەت سوراش ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

بىز بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىمىز، ئىمام ئەھمەد بىلەن ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى بەسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا، ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي، ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلسە كىرەتتى، بېرىلمىسە قايتىپ كېتەتتى.»

---

[1] سۈرە نۇر، 58 - ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 59 - ئايەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلاردىن ئىجازەت سوراش ئۈلگىسى

ھەق ھەقتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ چوڭ- كىچىكىگە قاراپ پەرقلەنمەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر مۇشۇ بىر ئادەمنىڭ ئورنى ياكى مەرتىۋىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلمەي، ئۇنى ئادا قىلىش ۋاجىپ قىلىنغان ئەمەلدۇر. بۇ ئۇممەتنىڭ قوماندانى ۋە مۇئەللىمى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يولغا قويغان ياكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىنى بىۋاسىتە ئورۇنلىغان ھەر قانداق ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولۇپ ماڭاتتى ۋە ھەر ئىشتا بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھەقلىرىنى تونۇيتتى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىك ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئىچتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە ياشانغانلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىدىن: "مەن بۇنى ئاۋۋال چوڭلارغا بەرسەم ماقۇل دەمسەن؟" دېدى. بالا: "ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن سەندىن كەلگەن ھەر قانداق نېسىۋەمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۇ بالىنىڭ قولىغا بەردى.»

## داستىخاندىكى ئەدەپلەر

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئىمام مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چاغلىرىدا كىچىك بالا ئىدىم، داستىخاندا ئولتۇرسام، قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "ئى ئوغۇل! تاماق يېيىشتىن ئاۋۋال بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن باشلاپ يېگىن" دېگەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇنداق بولۇپ كەلدى.»

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئانام ئۇممۇ سەلەمە مېنى ئىچىگە خورما سېلىنغان بىر سېۋەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرىدى. مەن بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالمىدىم، ئۇ يېقىندا قۇللۇقتىن ئازاد بولغان بىرىنىڭ يېنىغا كەتكەن ئىكەن. چۈنكى ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاماققا چاقىرىپتىكەن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يەۋاتقان

ئىكەن. ئۇ مېنىمۇ بىللە يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەرپ دەپ ئاتىلىدىغان شورپىغا نان سېلىنغان بىر خىل تاماقنى ئەتكەن ئىكەن، بۇ تاماق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناھايىتى ياراپ قاپتۇ. مەن تاماقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ بەردىم، ئۇ تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۈيىگە قايتتى، مەن خورما بار سىۋەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدۇم، ئۇ ئۈنىڭدىن يەپ، قالغان ھەممىسىنى باشقىلارغا بۆلۈپ بەردى.»

سوئال: تاماق يەۋاتقاندا قېشىغا بالا كىرىپ قالسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

تەبەرانىي ئىسھاق ئىبنى يەھيا ئىبنى تەلھەدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىسا ئىبنى تەلھە بىلەن مەسجىدتە ئىدىم. سائىب ئىبنى يەزىد مەسجىدكە كىردى. بۇ چاغدا، ئىسا ئىبنى تەلھە مېنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سوراپ كېلىشكە بۇيرىدى، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: "تاغام ئىبنى تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىڭىزنى سوراۋاتىدۇ" دېدىم، ئۇ: "ھەئە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بىر قانچە بالا بىلەن بىرگە كىرگەنىدىم، ئۇ بىر قاچىدىكى خورمىلاردىن يەۋاتاتتى، ئۇنىڭ قېشىدا ساھابىلىرى بار ئىدى. بىز كىرگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلاردىن بىزگە ئۇچچۇم ـ ئۇچچۇم ئېلىپ بېرىپ، بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىغانىدى" دېدى.»

ئىمام غەزالىي «ئىھيا» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا بالا ئوزۇقلانغاندا موھتاج بولىدىغان ئىسلامنىڭ ئومۇمىي ئەدەپلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈر ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ:

1) تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش

2) ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش.

3) تاماققا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزاتماسلىق.

4) تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق.

5) تاماقنى بەك تېز يېمەسلىك.

6) تاماقنى يۇمشاق چايناپ يېيىش.

7) تاماقنى ئېغىزغا ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىۋەرمەسلىك.

8) تاماق يېگەندە كىيىملىرىنى ۋە قوللىرىنى مەينەت قىلماسلىق.

9) بەزى چاغلاردا تەرخەمەك ۋە نانىنى ھېچنەرسە ئارىلاشتۇرماستىن يېيىشكە ئادەتلىنىش.

10) تاماقنى بەك كۆپ يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالماسلىق. چۈنكى كۆپ يېيىش پەقەت ھايۋانلارغا خاس ئىشتۇر.

11) تاماقنى بەك كۆپ يېيىشنى داستىخان ئۇستىدە ئەيىبلەش، ئاز يېگەن بالىنى ماختاش، تاماقنى ھەددىدىن بەك زورلىماسلىق.

12) ئاددىي تاماققا قانائەت قىلىش.

## بالىنىڭ تاشقى قىياپەت ئەدەپلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ چاچ قويۇش چېچىنى ياسىتىش، كىيىمىنىڭ رەڭگى، سىرتقا چىقىش كىيىمى قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا ئەھمىيەت بېرەتتى.

## چاچ قويۇش ۋە چۈشۈرۈشتىكى ئەدەپلەر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنىڭ بىر تەرىپىنى چۈشۈرىۋېتىپ بىر تەرىپىنى قويغان بىر بالىنى كۆرۈپ، ئۇنداق قىلىشتىن چەكلەپ: "يا ھەممىنى قويۇپ بېرىڭلار ياكى ھەممىنى چۈشۈرۋېتىڭلار!" دېدى.» (ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم توغرا سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچنىڭ ئۇيەر بۇيەرلىرىنى چۈشۈرۈشنى توسقان ئىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. (ئىبنى قەييۇم ھەدىس توغرىسىدا «ئەھكامۇل مەۋلۇد»تا مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ بېشىنىڭ بەزىسىنى چۈشۈرۈپ بەزىسىنى قويۇۋېتىش» دېدى.)

چاچنى مۇنداق تۆت شەكىلدە قىرىشتىن چەكلەندى.

بىرىنچى، بېشىدىن ئۇ يەر- بۇ يەرنى چۈشۈرتۈپ، ئارقا تەرىپىنى قويۇپ بېرىش.

ئىككىنچى، خرىستىئان دىندىكىلەردىن ھەددىدىن ئاشقانلارغا ئوخشاش ئوتتۇرىنى چۈشۈرۈپ ئەتراپىنى قويۇپ قويۇش.

ئۈچىنچى، ھىندىئانلارغا ئوخشاش ئەتراپىنى چۇشۇرۇپ ئوتتۇرىنى قويۇپ قويۇش.

تۆتىنچى، ئالدى تەرەپنى چۇشۇرۇپ، ئارقا تەرىپىنى قويۇپ بېرىش.

بۇلاردىن توغرىسى ھەممىسىنى چۇشۇرۇش ياكى ھەممىسىنى قويۇپ بېرىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ چاچ چۇشۇرۇش ئىشىغا بىۋاسىتە ئارىلاشقان ئىدى. «ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئائىلىسىگە (ئۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن بالىلىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ) ئۇلارنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرگەنىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: "قېرىندىشىمغا يىغلىماڭلار" دېدى. كېيىن: "ماڭا قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار!" دېدى. ئۇلار چاقىرىپ كېلىندى، بىز گويا توخۇلارغا ئوخشايتتۇق، ئاندىن ئۇ: "ماڭا ساتىراچ چاقىرىڭلار" دېدى. ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى. ئاندىن ئۇ بىزنىڭ چېچىمىزنى چۇشۇردى.» (ئەبۇداۋۇد بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئاساسەن توغرا سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلدى) ئەمما قىزنىڭ چېچى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليۇرۇقىدىن نەسىبىنى ئالغان ئىدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قىزىمغا قىزىل چىقىپ چېچى چۇشۇپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنى ياتلىق قىلاتتىم، ئۇنىڭغا چاچ سالسام بولامدۇ؟" دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ تائالا چاچ سالغان ۋە چاچ سالدۇرغان كىشىگە لەنەت قىلدى" دېدى.»

شۇنداق، سىز مۇسۇلمان بالىنىڭ چېچىنى باشقا مىللەت ياكى مودا قوغلىشىدىغان ئارتىسلارنىڭ چېچىدەك ھەرخىل پاسۇن چىقىرىپ ياسىماي، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يوليورۇقىنى تۇتقانلىقىنى كۆرىسىز.

## كىيىم رەڭگىنىڭ ئەدەپى

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۇستۈمدە بىر قۇر سېرىق كىيىمنى كۆرۈپ: "بۇنى كېيىشكە ئاناڭ بۇيرىدىمۇ؟" — دەپ سورىدى. "ئۇلارنى بويايمۇ؟" دەپ سورىدىم مەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەلكى ئۇلارنى كۆيدۈرگىن" دېدى.» (باشقا بىر رىۋايەتتە: «بۇ كاپىرلارنىڭ كىيىمى، ئۇنى كىيمىگىن» دېدى.)

www.uyghurkitap.com

ئىمام غەزالىنىڭ «ئىھيا» دېگەن كىتابىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە بالىنىڭ كىيىمىنىڭ ئەدەپى ھەققىدە ياخشى يوليورۇقلىرى بار. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بالىلارغا رەڭسىز ۋە سىزىقسىز ئاق رەڭلىك كىيىم كىيدۈرۈلۈشى لازىم. رەڭلىك، سىزىقلىرى بار كىيىملەر بولسا، ئاياللارنىڭ شۇنداقلا قوش جىنىسلىقلارغا خاس كىيىملەر بولغاچقا، بالىلارغا ئۇنداق كىيىملەر كىيدۈرۈلمەسلىكى لازىمدۇر.»

بالىلارنى ئىپسىل، ئاجايىپ- غارايىپ، قىممەت كىيىم كىيگۈزۈشتىن ئۇزاق تۇتۇش، بۇنداق كىيىملەر گەرچە بالىلارغا ھەرقانچە چىرايلىق كۆرۈنگەندىمۇ، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتۇشى لازىم.

## ئەرلەرگە يىپەك كىيىشنىڭ ھاراملىقى

يۇقىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيگەن بالىغا: «بۇ كاپىرلارنىڭ كىيىمى، ئۇنى كىيمە» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، بالا كۆزىنى ئىچىشى بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئادەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. كىيىش ھارام قىلىنغان كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. ساھابىلار بۇنى بارلىق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئىجرا قىلغان ئىدى.

تەبەرانىي ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ بىر بالىسى ئۇ يەرگە كەلدى، ئۇنىڭ ئۈچىسىدا يىپەك كىيىم بار ئىدى. ئۇ بالىسىدىن: "بۇ كىيىمنى ساڭا كىم كىيدۈرۈپ قويدى" دەپ سورىدى. ئۇ بالا: "ئانام" دەپ جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالىنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىمنى يىرتىۋەتتى ۋە: "ئاناڭغا بېرىپ دېگىن، ساڭا باشقا كۆينەك تىكىپ بەرسۇن" دېدى.»

ئىمام كاسانى « بەدائىئ سەنائىئ » دېگەن كىتابىدا ئەرلەرگە يىپەك كىيىشنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەرلەرگە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر چوڭ - كىچىك ھەممىسىگە ئورتاقتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھۆكۈمنى: "بۇ ئىككىسى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام" دېگەن سۆزى بىلەن ئېنىق دېگەن. لېكىن بالا كىچىك بولسا، ئۇنى كىيدۈرگۈچىگە، چوڭ ئادەم بولسا، گۇناھى چوڭ ئادەمگە بولىدۇ، بۇ خۇددى بىرى كىچىككە ھاراق تەڭلىسە، گۇناھى ئىچكۈچى بولغان كىچىككە بولماستىن، ھاراقنى تەڭلىگەن چوڭغا بولغىنىغا ئوخشاشتۇر.» ئىبنى قەييۇم

(ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بالىنىڭ ئىگىسى بالىغا مۇنداق كىيىمنى كىيدۈرسە، گۇناھى ئۇنىڭغا بولىدۇ، چۈنكى كىيىمنى كىيىش بىلەن ئوغۇل بالىدا ئاياللارغا خاس نازۇكلۇق سۈپىتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.»

## قۇرئان ئوقۇش ئەدەپلىرى

خۇددى ئىبنى كەسىرنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى جەرىر بايان قىلغاندەك، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار (يەنى سۆز قىلماڭلار)[1].﴾ دېگەن ئايىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم قۇرئان ئوقۇغاندا، ئۇنىڭ قۇرئاننى تىنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان ئەنسارىلاردىن بىر بالا توغرىسىدا نازىل بولغان دەيدۇ.

## راستچىللىق ئەخلاقى

راستچىل بولۇش ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ مۇھىم يىلتىزلىرىدىندۇركى، ئۇنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى بالىنىڭ تەبىئىتىدە مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلاردا يالغانچىلىق خۇلقىنىڭ يېتىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى دائىم كۆزىتىپ تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلىپ: «بالا بىر ئىنساندۇر، ئۇنىڭمۇ ئىنسانى مۇئامىلىگە ئېرىشىش ھوقۇقى بار، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەر قانداق بىر ۋاسىتە بىلەن ئۇنى ئالدىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدە بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىيەتكە سەل قارىشى جائىز بولمايدۇ» دېگەن قائىدىنى تۇرغۇزغان ئىدى.

ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى داۋۇد ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئانام مېنى چاقىردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئولتۇرغان ئىدى، ئانام ماڭا: "كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟" دەپ سورىدى. ئانام: "ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر سەن

[1] سۈرە ئەئراف، 204 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرمەسەڭ، ساڭا بىر يالغان ئېيتقانلىقىنىڭ گۇناھى يېزىلغان بولاتتى" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بالىغا: "كەل، بىر نېمە بېرىمەن" دەپ گوللاپ ئۇنى بەرمىسە، ئۇنىڭغا بىر يالغان يېزىلىدۇ.»

تىرمىزى ئەبۇجورائ ئەلئەدى رەبىئەنىڭ: «مەن ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن "سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىنى يادا ئالغانتىڭ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: سەن سېنى شەكلەندۈرىدىغان نەرسىنى قويۇپ شەكلەنمەيدىغاننى تۇتقىن، راستچىللىق خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق بولسا شۈبهە. ـ دېگەنلىكىنى ياد ئالغان ئىدىم" دېدى.»

سەلەپ ـ سالىھلار چوڭلار كىچىلەرگە ۋەدە قىلسۇن ياكى بالىلار بىر ـ بىرىگە ۋەدە قىلسۇن، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشقا، راستچىل بولۇشتى بالىلارنىڭ ۋۇجىدىغا سىڭدۈرۈشكە بەكلا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى.

ئىمام سەمئانى ئەبۇئىسھاقتىن، ئۇ ئەبۇئەھۋەستىن، ئۇ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «توقۇلما، يالغان رىۋايەتلەردىن ساقلىنىڭلار، يالغان ئېيتىش مەيلى چاقچاقتىن ياكى راستىن بولسا، قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ، سىلەردىن بىرەرىڭلار بالىلارغا ۋەدە بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئىجرا قىلماي قالمىسۇن!»

يەنە شۇنىڭدەك يەھيادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئوغلىغا: "ئى ئوغلۇم، ۋەدە قىلساڭ خىلاپلىق قىلما! بولمىسا دوستلۇق ئۆچ ـ ئاداۋەتكە ئايلىنىدۇ" دېگەن.»

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنى مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالايدىغان بولۇپ چوڭ بولۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. چۈنكى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش بالىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھاياتىنىڭ بەختەرلىكىنى، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بالا ئىرادىسى كۈچلۈك، ئاغزى چىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالىشىدەك ئارتۇقچىلىقى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇنىڭغا قارىتا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇلىغىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇ ماڭا ھېچكىمگە سۆزلىمەسلىك شەرتى بىلەن بىر مەخپىيەتلىكنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىر قىلغان ئۇ نەرسە بىر خورما دەرىخى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ئارقىسىدا ئىدى.»

بىز يۇقىرىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا كېچىكىپ قالغاندا، ئانىسى:

— سەن نېمە سەۋەبتىن كېچىكتىڭ؟ — دەپ سورىغاندا، ئەنەسنىڭ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشىمگە ئەۋەتكەنىدى، — دېگەنلىكى، ئانىسىنىڭ ئۇ ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئەنەسنىڭ:

— بۇ بىر مەخپىيەت، — دېگەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن زېرەك ۋە ئەقىللىق ئانا بالىسىنى بۇ تەرەپتىن تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىپ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ھېچكىمگە تىنما، — دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

## ئامانەتنى ساقلاش ئەخلاقى

ئامانەتدار بولۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىكلىكىدىن باشلاپ ئەمەل قىلىپ كەلگەن گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك دەپ سۈپەتلىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلىدىغان بالىلار ئۈچۈن چوڭ بىر ئۈلگە باركى، بۇنى ئۆزلەشتۈرگەن بالىلار چوڭ بولۇپ ئالللاھ تائالانىڭ دىنىنى دەۋەت قىلغاندا چوڭ بىر ياردەمچى بولىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بالا ئاتىسىنىڭ مېلىغا مەسئۇلدۇر، ئاتىسى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشىگە مەسئۇلدۇر» دېگەن ھەدىسىدە رىۋايەت قىلغىنىدەك، بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ مېلىغا مەسئۇل بولۇشى، ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، بۇزۇپ- چاچماستىن

ئامانەتدارلىق بىلەن ئىدارە قىلىشنى بەلگىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ مەخپىيەتلىك ساقلاش ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بالىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتەك قىلمىشلىرىغا قارىتا ئۇنىڭغا جازا بېرىش پوزىتسىيەسىنى قوللىناتتى.

ئىمام نەۋەۋى «ئەزكار» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېدى: «بىز ئىبنى سۇننىنىڭ كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇق: "ئانام مېنى بىر قانچە ساپ ئۈزۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرىدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىچە ئۈزۈمدىن يېدىم، مەن كەلگەندىن كېيىن ئۇ مېنى: ئى خىيانەتچى! ـ دەپ قۇلىقىمنى سوزدى."»

## كۆڭۈلنى ئاداۋەتتىن سالامەت قىلىش ئەخلاقى

دىلىنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن سالامەت بولۇشى ۋە ئىچى يامانلىقتىن يىراق بولۇشى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نورمال تۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئۇ ھەرقانداق ئىنساننى كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشكە، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشىلىقنى ئىزدەشكە، ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ھەمىشە ياخشىلىقنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادە تېپىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭىدىن يېتىلىشۋاتقان كىچىك ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ تەبىئىتىدە بولغان ناچار خۇلقلارنى يۇيۇشى، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلغان كىشىنى كەچۈرۈشى، دىلىدىكى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ زىيانلىق يولغا باشلىشىغا يول قويماسلىقىغا چاقىرغان. ئەمدى بىز ئۇنىڭ بۇ ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تولغان چاقىرىقىغا قۇلاق سالايلى:

ئىمام تىرمىزى ھەسەن ۋە غېرىپ دەپ بايان قىلغان ھەدىستە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئوغلۇم! ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى ھېچكىمگە ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا قىلماسلىققا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! ئى ئوغلۇم! بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى ياشارتسا، مېنى ياشارتقان بولىدۇ. مېنى ياشارتقان كىشى جەننەتتە مېنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ.»

جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بولۇش شەرىپى پەقەت دىلىنى ئۆچ-ئاداۋەتتىن ۋە ئىچى يامانلىقتىن ساقلىيالىغان كىشىلەرگە خاس بولىدۇ.

## خاتىمە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بولغان ئەخلاقىدىن ئەمەلىي مىساللار

بۇ مەسىلىدە بىز سىزلەرگە بۇ ئۈممەتنىڭ قوماندانى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئۇلارنى نېمىگە بۇيرۇپ نېمىدىن توسقانلىقى، ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشى، ئۇلارغا چاقچاق قىلىشىشى، بىر بالىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرىشى، بالىلارغا غەزەپلىك نەزەر بىلەن باقماسلىقى، ئۇلارغا كايىماسلىقى، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قارا- قەدەر ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشقانلىقى قاتارلىق ئەمەلىيەتلىرىگە ئالاقىدار مىساللارنى كەلتۈرىمىز. پايدىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشى ئۈچۈن ھەدىسنىڭ رىۋايىتىنى كۆپ خىل يوللار بىلەن بايان قىلىپ كەلتۈرىمىز.

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بىرەر قېتىممۇ: "ئۇف!" دېگەندەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر تاۋۇشنىمۇ چىقارمىدى. بىرەر ئىشىمىتىمۇ: "نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ ئۇنداق قىلساڭ بولمامدۇ؟" دەپ باقمىدى.»

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىقى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشنى بىجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بارغۇم بولسىمۇ، لېكىن قەستەن: "مەن بارمايمەن" دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇيرىغاندىن كېيىن، مەن چىقىپ بازاردا ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن كېلىپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ: "ئى ئەنەس! بۇيرىغان يەرگە باردىڭمۇ؟" دېدى. مەن: "مەن بارىمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدىم.» ئەنەس بۇ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توققۇز يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدىم، بىرەر قېتىممۇ: "نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ ياكى مۇنداق- مۇنداق قىلمىدىڭ؟" دەپ باقمىدى.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىرەر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىم ياكى ياخشى ئادا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىپلەپ باقمىدى. ئەگەر ئۆيىدىكىلەردىن بىرەرسى ماڭا بۇ ھەقتە مالامەت قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا مالامەت قىلماڭلار، ئۇ قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسا شۇنداق قىلغان بولاتتى" دەيتتى.»

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ ئەخلاقىنى بىنا قىلىشتا ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىلىپ بارغان تەربىيەسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ شۇنداق تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىدۇكى، بۇنداق تەربىيىلىنىش بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئالدىغا ئۇچرايدىغان توسالغۇلىرىغا تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ، ھازىرقىدەك دەۋرىدە بالىلىرىمىزنىڭ ھاياتتىكى ھەرخىل بۇزۇق ئەقىدىلەرنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈرنەك قىلىپ بەرگەن ئۇسۇلدا تەربىيىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئاللاھ تائالا مېنى ۋە سىزنى ياخشى ئەخلاق، سەۋر - تاقەت، كەچۈرۈمچان قەلب ئىگىسى بولۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئاللاھ دۇئالارنى ئىشىتكۈچى ۋە تېز قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

# بەشىنچى بۆلۈم

## ھېس- تۇيغۇ ۋە شەخسىيىتىنى بەرپا قىلىش

مۇقەددىمە

بالىلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسلىرى

بالىلارنى سۆيۈش، ئۇلارغا شەپقەت قىلىش ۋە رەھمەت قىلىش

بالىلار بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇلارنى ئەركىلىتىش

بالىلارغا ھەدىيىلەرنى تەقدىم قىلىش

بالىنىڭ بېشىنى سىلاش

بالىنى چىرايلىق ئۇسۇلدا كۈتىۋېلىش

بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ھال- ئەھۋال سوراش

قىزلارغا ۋە يېتىم بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىباردا بولۇش

1ـ قىز بالىنى تەربىيىلەش قائىدىلىرى:

قىز بالىنى يامان كۆرۈشتىن توسۇش

قىز- ئوغۇل پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش

قىز بالىلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ياخشىلىق، سەۋر قىلىش ۋە ئۇلارنى ياتلىق قىلىشنىڭ ساۋابى

2ـ يېتىم ئوغۇل ـ قىزلارنى تەربىيىلەش:

يېتىم بالىنى بېقىش ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنىڭ ساۋابى

يېتىمنىڭ مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىجارەت قىلىپ قويۇش

يېتىم قالغان بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ياتلىق بولمىغان ئانىنىڭ ئەجرى

يېتىمگە تەربىيە قىلىش، ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىشتە ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش

بالىنى ياخشى كۆرۈشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى بەك پەرۋاسىز تاشلاپمۇ قويماي، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش قائىدىلىرى

ئۆزىڭىز ۋە بالىڭىز ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىش

سېخىي، مېھمان دوست بولۇش

بالىنىڭ كېسىلى ۋە ئۆلۈمىگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## مۇقەددىمە

ھېس- تۇيغۇ، يېتىلىۋاتقان بالىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى بىنا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى تەڭپۇڭ ھالدا قوبۇل قىلالىسا، كەلگۈسىدە ھەممە جەھەتتىن تولغان مۇكەممەل ئىنسان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولماي ئارتۇقچە ياكى كەم بولۇپ قالغىنىدا ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە رەھىم قىلمايدىغان باغرى تاش ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا ھېس تۇيغۇنىڭ ساقلىنىشىنىڭ بالىنىڭ تەبىئىتى ۋە شەخسىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە. بۇنى بىنا قىلىشتا ئاتا- ئانا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، بۇنداق تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى يەنىلا ئاتا- ئانىلاردۇر. ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ مېھرىبانلىق، شەپقەت ۋە ئاتا- ئانا مېھرىنى ھېس قىلىشىنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇڭا بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا، ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئىككىسىدىن بىردىن ياكى ئىككىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىم بالىلارغا ياكى قىز بالىلارغا قانداق مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغانلىقى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يېتىم بالا بىلەن قىز بالىلارغا تېخىمۇ بەكرەك ئېتىبار بەرگەنلىكىنى بىزگە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ئارقىلىق بىلەلەيمىز. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغىنىغا ئەمەل قىلىپ، يېتىم بالىلارنى ئۆز بالىلىرىغا ئوخشاش قاراپ ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالسا ۋە تەربىيىلىسە، قانداق ياخشى بولار ئىدى- ھە؟!

بىز بۇ مەزمۇن ھەققىدە توختالغان ئىكەنمىز، بالىنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى ۋە شەخسىيىتىنى قانداق بەرپا قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ سوئالغا ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا تۆۋەندىكى يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقتۇق:

## بالىلارنى سۆيۈش، ئۇلارغا شەپقەت قىلىش ۋە رەھمەت قىلىش

بالىلارنى سۆيۈش بالىنىڭ ھېس- تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتا چوڭ رولغا ئىگە، شۇنداقلا بالىلارنىڭ غەزىپى ۋە ئاچچىقىنى بېسىشتىمۇ چوڭ رولغا ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، سۆيۈش ئارقىلىق چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى تېخىمۇ

كۆچەيتكىلى بولىدۇ. سۆيۈش يېتىلىۋاتقان بالا ئۈچۈن قەلب ۋە دىلنىڭ يورۇشى ئۈچۈن چاقنىغۇچى نۇرلۇق رولغا ئىگە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا ئاتىت سۆننەتتىدۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەھرالىق بىر قانچە ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "سىلەر بالىلىرىڭلارنى سۆيەمسىلەر؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە" دېدى. ئۇلار: "بىراق بىز ھېچ سۆيمەيمىز" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ سىلەرنىڭ دىلىڭلاردىكى شەپقەتنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئامال قىلالامدىمەن؟" دېدى.»

ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ ئوغلى ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيدى. بۇنى كۆرگەن ئەلئەقرە ئىبنى ھارىس: "مېنىڭ ئون بالام بار، مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىنى سۆيمىدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: "شەپقەت قىلمىغان كىشىگە شەپقەت قىلىنمايدۇ" دېدى.»

ئىبنى ئەساكىر ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا ۋە ئائىلىگە ئەڭ شەپقەتلىك كىشى ئىدى.»

بالىلارغا رەھمەت قىلىش ۋە شەپقەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا، ئۇ شۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كەلدى. ئائىشە ئۇ ئايالغا ئۈچ دانە خورما بەردى. ئۇ ئايال ئىككى دانە خورمىنى يېنىدىكى ئىككى بالىسىغا بىردىن بېرىپ، بىرىنى ئۆزى يېمەكچى بولۇۋېدى، خورمىلىرىنى يەپ بولغان بالىلار ئانىسىنىڭ قولىغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئايال ئاخىرقى بىر تال خورمىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى بالىسىغا بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە، ئائىشە بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇنىڭ ئەجەبلەنگىدەك نەرى بار؟ ئاللاھ خۇددى ئۇ ئايال ئىككى بالىسىغا شەپقەت قىلغىنىدەك، ئۇنىڭغىمۇ شەپقەت قىلدى" دېدى.»

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن نامازنى ئۇزۇن ئوقۇشنى خالايمەن، ئاندىن بالىنىڭ

يىغلىغىنىنى ئاڭلايمەن- دە، بالىنىڭ يىغىسىنىڭ ئانىنى بىئارام قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن نامازنى قىسقارتىمەن» دېگەن سۆزى، ئۇنىڭ بالىلارغا قانچىلىك دەرىجىدە مېھرىبان ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى زەينەبنىڭ قىزى ئۇمامەنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى. سەجدە قىلغاندا، ئۇنى يەرگە قويatti، تۇرغاندا يەنە ئۇنى كۆتۈرىۋالاتتى.» (بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىدىن باشقا ئالتە كىتابنىڭ ھەممىسىدە رىۋايەت قىلغان.)

كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا ھايۋاناتلارنى سۆيۈشنى ئۆگىتىشى ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئەسلىتىشىگە ئائىت ۋەقەلىكلەرنى ئاڭلىغاندا، كىشىلەر ئەلۋەتتە ھەيران قالىدۇ. پەخرۇررازى تەپسىر كىتابىدا دەل شۇنداق ۋەقەلىكتىن بىرنى بايان قىلغان: «بىر بىلىقچى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ سۇغا تور تاشلاپ بىردانە بېلىق تۇتقان، لېكىن ئۇنىڭ قىزى ئۇ بېلىقنى ئاتىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ سۇغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن: "بۇ بېلىق غەپلەتتە قالغانلىقى ئۈچۈن تورغا چۈشۈپ قاپتۇ" دېگەن.» پەخرۇررازى بۇ ۋەقەلىك ئۈستىدە توختىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئاشۇ كىچىك قىز بېلىقنى غەپلەتتە قېلىپ تورغا چۈشۈپ قالدى دېگەن ۋە ئۇنى سۇغا قايتا تاشلىغان. بىزنى بولسا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرى ئوۋلىدى، بىزنى رەھمەت دېڭىزىدىن چىقاردى. ئى ئاللاھ! بىزگە ئۇ قىزنىڭ بىلەن شەپقەت قىل! بىزنى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن يىراق قىل ۋە بىزنى رەھمەت دېڭىزىڭغا قايتىدىن تاشلا!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بايان قىلغان تۆۋەندىكى ۋەقەلىك ئانىلارنىڭ بالىلارغا قانچىلىك شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئۇلارنىڭ دىلىدىن پارتلاپ چىقىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. پۈتكۈل ئانىلار بالىلىرىغا مۇشۇنداق شەپقەت قىلغىنىدا، قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى- ھە؟!

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئىككى ئايال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىردىن ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇ بالىلاردىن بىرىنى بۆرە يەپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككى ئانا ھايات قالغان بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى ئاياللاردىن چوڭىغا بۇيرۇپ بەردى. ئۇلار چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام

ئۇلارنى چاقىرىپ: "پىچاق ئېلىپ كېلىڭلار، مەن ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، ھەر بىرىڭلارغا بېرىمەدىن بېرەي" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئاياللاردىن كىچىكرەكى (ئەمەلىيەتتە كىچىك بالىنىڭ ئۆز ئانىسى ئىدى): "ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنى ئىككىگە بۆلمە، بالا ئۇنىڭ بولسۇن!" دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بالىنى كىچىك ئايالغا ھۆكۈم قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنى كۈچەيتتۇق، ئۇنىڭغا ھېكمەت ۋە (ھەممە ئادەم چۈشىنىدىغان) روشەن سۆز - ئىبارىلەرنى ئاتا قىلدۇق[1].﴾

بۇ قىسسىدە يەنە باغرى ناھايىتى قاتتىق ئانىلارنىڭ بولىدىغانلىقىغىمۇ دەلىل باردۇر. گەرچە ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنى بۆرە يەپ كەتسە، ئۇنىڭ يۈرىكىگە كۆڭلى يېرىم بولماستىن، كىچىك ئايالنىڭ بالىسىنى مېنىڭ دەپ تالاشقان، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىككى بالىنىڭ چىراي - تۇرقى بىر- بىرىگە ناھايىتى بەك ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئۇ ئايال ئۆز بالىسى بىلەن كىچىك ئايالنىڭ بالىسىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن. ئۇ ئايالنىڭ باغرىنىڭ قاتتىقلىقىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شۇكى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بالىنى ئىككىگە بۆلۈپ بېرىش ھۆكمى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، ئۇ ئايال بۇنىڭغا ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىگەن. كىچىكى بولسا، ئانىلىق شەپقىتى بىلەن بالىنىڭ بۇنداق پارچىلىنىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بالىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇنى ھايات قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان.

## بالىلارنى ئەركىلىتىش ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىشىش

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا بولغان ئەھمىيەتلىك ئەمەلىيەتلىرىدە ئۇنىڭ بالىلارنى بەزىدە سۆيسە، بەزىدە قۇچاغلىغانلىقىنى، بەزىدە ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىسا، بەزىدە ئۇلار بىلەن ئويناشقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن چاقچاقلاشقانلىقىنى. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى كىچىكلىتىپ چاقىرسا، بەزىدە ئۇلارنى ئەركىلەتكەنلىكىنى ئۇنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىلىۋالالايمىز. ناۋادا، ئاتا - ئانىلار بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسىنى ياكى ھەممىسىنى قىلمىغان ياكى قىلمايدىغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى ھېچ بولمىغاندا سۈننەتكە ئەگىشىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

---

[1] سۈرە ساد، 20 - ئايەت.

تەبەرانىي جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، بىز تاماققا چاقىرىلدۇق، بۇ چاغدا ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىلار بىلەن يولدا ئويناۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ ئالدىدا غۇلاچلىرىنى كەرگىنىچە ھۇسەيننى قوغلىدى، ھۇسەين بولسا ئۇياق- بۇياققا قاچقىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ كۈلىشىپ، ئۇنى قوغلاپ تۇتىۋالغاندىن كېيىن قۇچاقلاپ سۆيدى. ئاندىن كېيىن: "ھۇسەين مەندىن، مەن ھۇسەيندىن، ئۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ. ھەسەن بىلەن ھۇسەيىن باشقا نەۋرىلەردەكلا ئىككى نەۋرىدۇر" دېدى.»

ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە ۋە تەبەرانىي ئەبۇھۇرەيرەدىن قىلغان رىۋايەتتە، ئۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قولى بىلەن ھۇسەين، يەنە بىر قولى بىلەن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇتلىرىنى ئۆزىنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئاندىن ئۇلارغا: "چىق" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۈستى تەرەپكە يامىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيدىسىگىچە باردى. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئېغىزىڭلارنى ئېچىڭلار!" دېدى. ئۇ ئىككىسى ئېغىزلىرىنى ئېچىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيدى ۋە: "ئى ئاللاھ! سەن ئۇلارنى ياخشى كۆر! مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن" دېگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرىم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. («ئىسابەتۇل ۋۇزدا» دېگەن كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «ئاۋاق- ئاۋاق، شىداق- شىداق (كۆزى كىچىك)» دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان.) ئىبنى ئەسىرنىڭ «نىھايە» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەن بىلەن ھۇسەيىننى ئۇسسۇل ئويناتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنى: «ئاۋاق، ئاۋاق (كۆزى كىچىك) چىقە!» دېگەنلىكى، ئاندىن ئۇلارنىڭ تاپانلىرىنى مەيدىسىگە دەسسەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاقتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇئۇمەير ئىسىملىك بىر كىچىك ئىنىم بار ئىدى، ئۇ چاغلاردا، ئۇ ئەمدىلا سۈتتىن ئايرىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنىمغا چاقچاق قىلىپ: "ئى ئۇمەير! نۇغەير نېمە قىلدى؟" دەيتتى. "نۇغەير" بولسا، قۇشنىڭ ئىسمى ئىدى.»

ئىمام ئەھمەد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يېنىغا كىرەتتى. ئەبۇتەلھەدىن تۇغۇلغان

ئەبۇئۇمەير دەپ كۇنىيە بېرىلگەن بىر ئوغلى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۆيگە كەلسىلا، كىچىك ئۇمەير بىلەن چاقچاقلىشاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇ ئۆيگە كەلگەندە، كىچىك ئۇمەيرنىڭ غەمكىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: ”نېمە بولدى؟ مەن ئەبۇئۇمەيرنى غەمكىن كۆرىمەنغۇ؟“ دېدى. ئۆيدىكىلەر ئۇمەيرنىڭ ئوينايدىغان قۇشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئەبۇئۇمەير! نۇغەير نېمە بولدى؟“ دېدى.» ھافىز ئىبنى بارى «فەتھۇل بارى» دا بۇ ھەدىس ھەققىدە: «قايتا- قايتا ئويۇنىشىشنىڭ جائىزلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ رۇخسەت بولۇپ قالماستىن، سۈننەت ئۇقتىسىدىن رۇخسەت ئىكەنلىكى، ئەقىلگە توشمىغان كىچىك باللار بىلەن چاقچاقلاشسا بولىدىغانلىقى ھەم ئۇنى قايتا- قايتا زىيارەت قىلىشنىڭ جائىزلىقى، چوڭلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقنى تاشلاش، چوڭلارغا يوللاردا ھۆرمەت قىلىش، ئۆيدە بىرلىكتە ئوينىشىپ چاقچاقلىشىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەنە كېلىپ چىقىدۇ» دېگەنلىكى بايان قىلىندى.

تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: ”ئى ئىككى قۇلاق!“ دەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلدى.»

تىرمىزى غېرىپ ھەدىس دېگەن رىۋايىتىدە ئەنەستىن ئۇنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ”بەقلە“ دەپ ئاتىدى، مەن بولسام، بۇ ئىسىمنى ياخشى كۆرمەيتتىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. (بۇ ھەدىس ئاجىزدۇر.)

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا بەنى مۇتەللىپ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىچىك باللىرى چىقتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ باللاردىن بىرىنى ئۇلىغىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىرىنى ئارقىغا مىنگەشتۈرۋالدى.»

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەراپاتتىن مۇزدەلىفەگە بارغاندا ئۇلىغىغا ئۇسامەنى، مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتىشىدا، فەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىنگەشتۈرۋالغان. ئۇ ئىككىسى تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەقەبە تېشىنى ئېتىپ بولغۇچە، تەلبىيە ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرغاندى.»

ئابدۇللاھ ئىبنى شەددادتىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ سەجدىگە بارغاندا، ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوينىغا مىنىۋالدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئۇزاق سەجدە قىلدى، جامائەتمۇ شۇنداق قىلدى، ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا جامائەت: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نامازدا سەجدىنى ئەجەپمۇ ئۇزۇن قىلدىڭغۇ؟ بىز بىرەر ئىش يۈز بەردىمىكىن دەپ ئەنسىرەشتۇق" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئوغلۇم بويۇنۇمغا مىنىۋالغانىدى، ئۇ چۈشۈپ كەتكىچە ئالدىرىتىپ قويۇشنى خالىمىدىم" دەپ جاۋاب بەردى.» (ئىمام نەسەئى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى، بۇ ھەدىس ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن» دېدى.)

ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش يۈزىسىدىن بالىلىرىغا چاقچاق قىلاتتى ۋە بالىلىرى بىلەن ئوينىشاتتى. ئۇلار بالىلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىرىپ، خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۇلار بىلەن ئوينىشاتتى.

دەيلەمى ۋە ئىبنى ئەساكىر ئەبۇسۇفيانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا ئۇ ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، مەيدىسىگە بىر بالا ياكى بىر قىز بالا مىنىۋېلىپ، ئۇنى نوقۇشتۇرۇۋاتاتتى. مەن: "ئى مۇمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇنى ئۈستىلىرىدىن چۈشۈرىۋەتسىلە!" دېدىم. ئۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمنىڭ بالىسى بولسا، ئۇ بالىسىغا بالىلارچە مۇئامىلە قىلسۇن، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى.»

ئۆمەر بىر ئادەمنى خىزمەتكە قوبۇل قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ بالىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىغا قاراپ تاللايتتى. مۇھەممەد ئىبنى سالامدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنى خىزمەتكە قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ئادەم ئۆمەرنىڭ بالىلىرىدىن بىرىنى سۆيگەنلىكىنى كۆرۈپ: "سىز مۇمىنلەرنىڭ ئەمىرى تۇرۇپ بالىنى سۆيەمسىز؟ مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، ئۇنداق قىلمايتتىم" دېدى. ئۆمەر: "ئاللاھ سېنىڭ دىلىڭدىن شەپقەتنى سۇغۇرىۋەتكەن بولسا، ماڭا نېمە ئامال؟ ئاللاھ بەندىلىرى ئىچىدە شەپقەتلىك بولغانلارغىلا شەپقەت قىلىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشىنى ئەمەلىدىن قالدۇرۇپ: "سەن ئۆز بالاڭغا شەپقەت قىلمىساڭ، باشقىلارغا قانداق شەپقەت قىلىسەن؟" دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلار بىلەن ئەنە شۇنداق ئويۇن قىلاتتى، ئۇلارنى شۇنداق ئەركىلىتەتتى ۋە بالىلارغا بالىلارچە بولۇپ ئۇلار بىلەن چاقچاق قىلىشاتتى. ئۇ قوپاللىق، دىلى قاتتىقلىق ۋە بالىلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىكنىڭ دەل ئەكسىچە يول تۇتۇپ، مېھرىبان، مۇلايىم، سەمىمىي مۇئامىلە بىلەن بالىلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى غىزالاندۇراتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئىلكى تور ئادرېسى

## باللارغا ھەدىيىلەر تەقدىم قىلىش

ھەدىيە قىلىشنىڭ ئىنساندا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش رولى باردۇر. باللارغا نىسبەتەن ھەدىيەنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر- بىرىڭلارغا ھەدىيە بېرىڭلار، بىر- بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ باغلىنىش ۋاسىتىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ، ھەممىگە ئومۇم بولغان قائىدىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى بەرپا قىلىش، ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشتىكى كۆچلۈك بىر ئاساس مەنبەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېۋىلەرنىڭ پىشقانلىرى ئاۋۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى ئاللاھ! بىزگە، شەھەرلىرىمىزگە، مېۋىلىرىمىزگە، ئۆلچەم ۋە تارازىلىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئۇ مېۋىلەرنى شۇ جايدا بار بولغانلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن باشلاپ بېرىشكە باشلايتتى.»

تەبەرانىي ئىسھاق ئىبنى يەھيا ئىبنى تەلھەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئىسا ئىبنى تەلھە بىلەن مەسجىدتە ئىدىم، سائىب ئىبنى يەزىد مەسجىدكە كىردى. بۇ چاغدا ئىسا ئىبنى تەلھە مېنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپ كېلىشكە بۇيرىدى، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ”ئاغام ئىبنى تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىڭىزنى سوراۋاتىدۇ“ دېدىم، ئۇ: ”ھەئە، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، مەن ئۇنىڭ قېشىغا بىر قانچە بالا بىلەن بىرگە كىرگەنىدىم، ئۇ بىر قاچىدىكى خورمىلاردىن يەۋاتاتتى، ئۇنىڭ قېشىدا ھەمراھلىرى بار ئىدى، بىز كىرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلاردىن بىزگە سىقىم- سىقىم ئېلىپ بېرىپ بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىغان ئىدى“ دېدى.»

ئىبنى ئەبۇدۇنيا ھەسەن ياكى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئۇ سالام بەرگەندىن كېيىن بىزگە: ”جايىڭلاردا تۇرۇڭلار!“ دېدى. بىز جايىمىزدا تۇردۇق، ئۇ تاتلىق بار بىر كۈپنى ئېلىپ كېلىپ، ھەممىمىزنىڭ ئاغزىغا بىر- بىرلەپ بارمىقى بىلەن تاتلىقنى سالدى. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم، نۆۋەت

ماڭا كەلگەندە ماڭا بىر قېتىم سالدى، ئاندىن: "يەنە سالايمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "ھەئە!" دېدىم. ئۇ ماڭا يەنە بىر قېتىم سىيلىپ بولۇپ ماڭا: "يەنە سالايمۇ؟" دەپ سورىدى، مەن يەنە: "ھەئە" دېدىم، شۇنىڭ بىلەن ماڭا ئۈچىنچى قېتىم سالدى، ئۇ بۇ ئىشنى شۇ يەردە بارلارنىڭ ھەممىسى تۇگىگىچە شۇ تەرىقىدە قىلدى.»

ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرگە نەجاشى ئەۋەتكەن ھەدىيىلەر كەلدى، ھەدىيىلەرنىڭ ئىچىدە بىر دانە ئالتۇن بىلەيۈزۈك ۋە بىر دانە قاشتېشى ئۈزۈكى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىيىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇددى ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگەندەك قىلىپ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئالغاندىن كېيىن، قىزى زەينەب ئارقىلىق ئەبۇلئاسنىڭ قىزى ئۇمامەنى چاقىرتىپ: "قىزىم، سەن بۇلار بىلەن زىننەتلەنگىن!" دېدى.»

## بالىنىڭ بېشىنى سىلاش

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ بېشىنى سىلاش ئارقىلىق ئۇلارنى قانداق روھلاندۇرغانلىقىنى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق ۋە شەپقەتنى قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى، ئۇلارغا سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتنىڭ تەمىنى قانداق تېتىتقانلىقىنى، ئۇلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى.

زەۋائىد ئىبنى ھەبباندا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى كۆرسىلا سالام بېرەتتى ۋە بېشىنى سىلايتتى.»

مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى سۇئەلەبە ھىجرەتتىن تۆت يىل ئىلگىرى تۇغۇلغان ئىدى. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېلىپ بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە مەككە فەتھى بولغان يىلى ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىدى. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى.» (بۇ ھەدىسنى ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلدى.)

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ بېشىمنى سىلىدى، (بۇ ھەدىسنى رىۋايەت

قىلغۇچى: ئۈچ قېتىم سىلىدى دېگەنلىكىنى گۇمان قىلىمەن. ـ دېدى.) ئۇ بېشىمنى سىلىغاندا: "ئى ئاللاھ! جەئفەرنىڭ بالىسىنى ئورۇنباسار قىلىپ بەرگىن!" دېدى."
(ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ بېشىنى سىلىغاندا يۈزىنىمۇ قوشۇپ سىلايدۇ. بۇ بولسا بالىغا تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا بالىنى تېخىمۇ بەك خۇش قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىمام مۇسلىم ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى بولغان جابىر ئىبنى سەلەمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرىنچى ناماز يەنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇدۇم، ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆيىگە چىقتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن چىقتىم. ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى بالا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىنى بىر ـ بىرلەپ سىلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ خۇددى ئەتىر قۇتىسىدىن چىقىرىلغاندەك سوغۇق ۋە خۇشپۇراقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم» دېدى.

بىز بۇ ھەدىستىن بالىلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلاش، بالىلار بىردىن ئارتۇق بولغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئايرىمچىلىق قىلماسلىقنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە بالىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئېسىل مۇئامىلە ئەخلاقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

## بالىنى ياخشى قارشى ئېلىش

بالىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان ھەم شۇنداق قىلىش لازىم بولغان بىر ئىشتۇر. كۆرۈشۈشنىڭ دەسلەپكى دەقىقىلىرى بالىلارنىڭ مىجەزىگە ئەڭ تەسىر قىلغۇچى مۇھىم دەقىقىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ دەقىقىلەردە كۆرۈشۈش چىرايلىق بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن بولغۇسى سۆھبەتنى ئوڭاي داۋام قىلغىلى ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇچۇق ـ يورۇق بولالايدۇ، كۆڭلىدىكىلەرنى ئاشكارا دېيەلەيدۇ، ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ، تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى بىلدۈرەلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالا بىلەن ئۇلارنى ئەركىلەتكەن ۋە مېھرىبانلىق قىلغان ھالدا چىرايلىق كۆرۈشكەندە ئاندىن ھاسىل بولىدىغان نەتىجىلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن

ئۆگەتكەن ئىدى.

ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سەپەردىن قايتسا، ئۇنى ئۇنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى كۈتىۋالاتتى. بىر قېتىم ئۇ سەپەردىن كېلىشى بىلەن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ھەممىدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلدىم، ئۇ مېنى ئۇلىغىنىڭ ئالدىغا مىندۈردى، ئارقىدىن فاتىمەنىڭ ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەيندىن بىرى ئېلىپ كېلىندى، ئۇنى ئۇلاغنىڭ ئارقىسىغا مىندۈردى. شۇنداق قىلىپ، بىز مەدىنىگە بىر ئۇلاغقا ئۈچىمىز مىنگەن ھالدا كىردۇق.»

## بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ھال- ئەھۋال سوراش

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا باللار يولدا يالغۇز ماڭىدۇ، بەزىدە ئۇلار يولدىن ئازىدۇ ياكى بارار-يانار يولىنى تاپالماي قالىدۇ. ئاۋادا ئاتا- ئانىلار باللىرىغا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگىنىدە، بالىسىنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىدىن تېزلا خەۋەر تاپىدۇ - دە، تېزلا ئىزدەشكە تۇتۇش قىلىدۇ ۋە ئۇنى تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە بالىسىنىڭ ھېچ بىر ئىشىغا پەرۋاسىز بولسا، بالىسىنىڭ ئېزىپ كېتىش جەريانىدا قورقۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. بالا ئېزىپ قالغاندا ئاتا- ئانىدىن قايسى بىرى بولمىسۇن تېزدىن ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمىسا، بالىدا ئاتا- ئانىغا نىسبەتەن ئۈمىدسىزلىنىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىرى يۈتۈپ كەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ساھابىلارنى ھەممە ياققا تارقىلىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ تېپىشقا بۇيرۇغان،

تەبەرانىي سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يوقاپ كەتتى" دېدى. بۇ دەل چاشكا ۋاقتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "تۇرۇڭلار! ئوغلۇمنى ئىزدەڭلار!" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ماڭدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تاغ باغرىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇ ئىككىسى بىر- بىرىگە يانداشقان تۇرغانىكەن، يېنىدا بىر ئەركەك يىلان (بەزى رىۋايەتلەردە بىر يىلان دېيىلگەن) قۇيرىقىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ ئاغزىدىن زەھرىنى چېچىپ تۇرغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى،

www.uyghurkitap.com

يىلان خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك قارىدى- دە، دەرھاللا تاشلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ باش- كۆزلىرىنى سىلىغاندىن كېيىن: "ئاتا- ئانام ئىككىڭلارغا پىدا بولسۇن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى" دېدى ۋە بىرىنى ئوڭ مۈرىسىگە يەنە بىرىنى سول مۈرىسىگە ئولتۇرغۇزدى. مەن: "سىلەر مىنگەن بۇ مىنىلگۈچى نەقەدەر بىر ياخشى مىنىلگۈچى- ھە!" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇلار ئەڭ ياخشى مىنگۈچىلەر، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۇلاردىنمۇ ياخشى" دېدى.»

قارىمامسىز! ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار يىلاندىن قورقۇپ بىر- بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېزلىكتە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ باش- كۆزىنى سىلاپ، ئۇلارغا دۇئا قىلغانلىقى، ئۇلارنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ ھۆرمەتلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنى: «بۇ ئىككىسى نەقەدەر ياخشى مىنگۈچى» دېگەن سۆزى بىلەن مەدھىيىلىگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ ھېس- تۇيغۇسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا، ئۇلارنىڭ كۈتۈلمىگەن بىرەر ئەھۋالغا يۈزلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## قىز بالىلارغا ۋە يېتىم بالىلارغا ئالاھىدە ئېتىباردا بولۇش

قىز بالىلار بىلەن يېتىم بالىلار باشقا بالىلارغا قارىغاندا يەكرەك مېھرىبانلىق، شەپقەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاجدۇر. چۈنكى بۇ ئىككى خىلدىكى بالىلار باشقا بالىلارغا قارىغاندا، ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئاجىز ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى خىل بالا كۆپ ساندىكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئانچىۋالا ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ. كونا ۋە يېڭى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىنى ئاياق - ئاستى قىلدى. ناۋادا، بىرەر جەمئىيەت، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر ئائىلە شەرىئەت قانۇنىدىن يىراقلىشىپلا كېتىدىكەن، بۇ ئىككى خىل بالىنىڭ زۇلۇم قىلىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋالغا ئايلىنىدۇ. جاھىلىيەت يەنىلا جاھىلىيەتتۇر، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتتا ئۆزىنىڭ جاھىل ئەخلاقىنى قوغدايدۇ. ئۇلار مەيلى قايسى بىر ئۇلۇغۋار شۇئارلارنى توۋلىسا توۋلىسۇن، ئۇلارنىڭ سۆز- ھەرىكەتلىرىنىڭ چىرايلىقلىقى، كىيىملىرىنىڭ ئالىيشىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، يەنى ئۇلار باشقا بىر خاتالىقلىرىغا ئوخشاش يۇقىرىقى ئىككى خىلدىكى بالىنىڭ ھەق-

ھوقۇقىنى ئىسلام شەرىئىتىدە قوغدالغاندەك قوغدالمايدۇ. قەدىمكى جاھىلىيەت دەۋرىدە بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى خىلدىكى بالىلارغا قىلىنىدىغان زۇلۇمى ئاشكارا ئىدى. ئەمما يېڭى جاھىلىيەتنىڭ كۆرۈنىشى، ساتقان سەپسەتىسى چىرايلىق بولغاندەك قىلغان بىلەن ھېچقاچان ئۇزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن قىلىپ سالىدىغان ئېغىر بەدەللىرى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى.

يۇقىرىقى ئىككى خىل بالا جاھىلىيەتتە قانچىلىك دەرىجىدە خارلانغان بولسا، ئىسلام جەمئىيىتىدە شۇنچىلىك ئەزىز بولدىكى، ئىسلام ھەر زامان ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېھتىيازلىق قوغدۇغۇچىسىغا ئايلاندى ۋە ئۇنى ھەممە ئىشتا ئۆز ھامىيلىقىغا ئالدى. ئۇنىڭ ھامىيلىقى شۇ دەرىجىدە ئىكەنكى، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى بىرەر ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىسا، ئىسلامدا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرئى بەلگىلىمە ھەر بىر قىلمىشقا قارىتا بېرىلىدىغان جازا ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئىلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمىلەر تاكى قىيامەتكىچە بۇ دۇنيادا كۈچكە ئىگە بولسا، قىيامەتتە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابىنى ئالىدۇ. بىز شەرىئەتنىڭ بۇ ئىككى خىل بالىنىڭ ھەق- ھوقۇق ۋە ھۆرمىتىنى قوغداپ كەلگەن ئايەتلەردىن، ھەدىس شەرىپلەردىن بىر قىسمىنى سۆزىمىزگە دەلىل قىلىشتىن ئاۋۋال كەلتۈرىدىغىنىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن سىلەرگە يېتىم بالا بىلەن ئايال كىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىنى ھارام قىلىمەن!» دېگەن ھەدىسىدۇر. (بۇ ھەدىسنى ھاكىم بىلەن بەيھەقى سۈنەنىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان)

## قىز بالىنى تەربىيىلەش

ئەمەلىيەتتە، ئىسلامدا تەلەپ قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھۇجەيرە بولغان ئائىلىنى ياخشى قۇرۇش لازىم. ئائىلىنى ياخشى بىر ئىسلامىي ئائىلە قىلىپ قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئائىلىدىكى ئاساسلىق ئەزا بولغان ئايال كىشىنى، يەنى كەلگۈسىدە ئايال ۋە ئانا بولىدىغان قىزنى ياخشى تەربىيىلەش لازىم. ئۇلارنى مەدرەسىلەردە، ئۆيلەردە دەرس ئېلىش، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى، ئەخلاق ۋە ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يېتەرلىك ۋە ئەتراپلىق تەربىيىگە ئىگە بولۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، ئائىلىنى ئىدارە قىلىشتا زۆرۈر بولغان بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەشتىن سىرت، جەمئىيەتكە ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە پايدا يەتكۈزۈشكە ئىمكانىيىتى يار

بېرىدىغان ئىلىملەرنى ئۆگىتىش لازىم. شۇنداقلا، ئۇلارغا ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى، نەسىبە بىنتى كەئەب، سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىپ، خەۋلە بىنتى ئەزۋەر، سەكىنە بىنتى ھۈسەيىن... قاتارلىق ئىسلامدىكى ئۈلگىلىك ساھابە ئاياللارنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىپ بىلدۈرۈش لازىم. چۈنكى ئانىنىڭ ئۆزى بىر مەكتەپتۇر. ناۋادا، ئۇ ياخشى تەربىيىلەنسە، ئەڭ ياراملىق بولغان ئېسىل بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ھەقىقىي تەربىيىلىگۈچىسى بولالايدۇ.

ئەمما، بىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەۋلاد تەربىيەسى، بولۇپمۇ، قىزلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەربىيە بولسا، ھەقىقىي پايدىسى بولىدىغان مۇھىم نۇقتىلارنى تاشلاپ قويۇپ، قوشۇمچە ياكى ئۈنىمى ئاز بولغان يوللارغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەگەر يەنە ئىجرا قىلىنمىسا، تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسىگە دىققەت بۇرالمىسا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش بەكلا تەسكە توختايدۇ.

ھازىرقى تەربىيە سىستېمىسىغا نەزەر سالساق، بىز مەدرىسىلەردە قىزلارنىڭ مۇزىكا، چەتئەل تىلى ۋە ئېنژېنېرلىقتەك كەسىپلەرنى ئۆگىتىمىز، لېكىن ئۇلارغا ئەخلاق ۋە ئەۋلاد تەربىيەسىگە ئائىت ھېچقانداق بىر تۈردىن ئىلىم بېرىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ساغلاملىقنى ساقلاش، بالىلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەش، دىن ۋە ئەخلاقنىڭ ئۆلچەملىرى، ئائىلىدە كېرەكلىك بولىدىغان ئىدارە قىلىش ئىلىملىرىدىن ھېچ بىرىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. ئۇنداقتا ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەلىم - تەربىيە ئىسلامدىكى شۇئارنى قويۇپ، ھازىرقى تەرەققىياتشۇناسلار جار سېلىۋاتقان ئانىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى شۇئارغا مۇناسىپمۇ؟ ياق. ئانا بولغۇچى قىزلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەلىم- تەربىيە ئۇلاردىن كەلگۈسىدە تەلەپ قىلىنىغان نىشان ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان تەربىيەدىن ناھايىتىمۇ يىراقتۇر. بىز تارىخ بەتلىرىگە نەزەر سالساق، ئاتاقلىق، ئالەمشۇمۇل داڭق چىقارغان ئالىملارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىن ئالغان ئېنېرگىيەسىنىڭ نەقەدەر زور رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىسلام تارىخىمىزدىكى شانلىق سەھىپىلەرنىڭ ئاۋۋالقى بەتلىرىنى ۋاراقلىساق، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ ھەقسۆيەرلىكى، ئادىللىقى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىدىكى ئەڭ ياخشى تايانچ بولالىغانلىقى، مۇئاۋىيەنىڭ ھەلىملىقى ۋە دانالىقى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ قەھرىمان، جەسۇرلىقى ۋە زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى فاتىمە

بىنتى ئەسەد، سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئەسما بىنتى ئەبابەكرى ۋە ھىند بىنتى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇننەدەك ئاياللارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىكى كىشىلەرنىڭ يېتىلىشىدە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاۋادا، بىز: بالىنىڭ ئاجايىب شەخسلەردىن بولۇپ يېتىلىشىدە ئەلۋەتتە ئاتىنىڭ تەسىرى ۋە رولىمۇ ئاجايىب چوڭغۇ؟ ـ دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ ئەلۋەتتە توغرا. بىراق بالا تۇغۇلۇپلا ئانىنىڭ قۇچىقىغا چۈشىدۇ، ئانىنىڭ قۇچىقىدىن جەسۇرلۇقنى، ئەخلاقنى ئۆگىنىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ پەزىلەتلىك ئانا، بىنتى ھارىس ئەلھىلالىيەنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى بولغىنىدەك، ئانىلارنىڭ ھېكمەتلىك بولۇشى ھەممە ئادەمگە ھېكمەتلىك ئىلىم نۇرلىرىنى، مەنپەئەتنى يەتكۈزىدىغان ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ ئاساسىدۇر.

تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئانىلارنىڭ ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا غىڭشىپ ئوقۇپ بەرگەن تۈترۈقسىز مەنىدىكى ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولىدىغان بالىلار بولسا، كەلگۈسىدە ھەقىقىي ئادىمىيلىك ئەخلاق ۋە ئىلىمدىن يىراق بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىشىدە شەك يوق.

ئانا بالىنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماي، ئۇز نۆۋىتىدە دۇنيانىڭ ئۇستازىدۇر. ئوڭ قولىدا بۆشۈك تەۋرەتكەن ئايال سول قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ. بىز ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئائىلىنىڭ روھى ۋە ئاساسى بولغان ئانىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، قىزلارنى تەربىيىلەشتىكى ئاساسىي قائىدىلەر قايسى؟ ـ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتا بويىچە بايانىمىزنى داۋام قىلىمىز:

## 1 ـ قىز بالىنى يامان كۆرۈشتىن توسۇش

قۇرئان كەرىم ئالدى بىلەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدە كەڭ تارقالغان قىزلار ھەققىدىكى ناتوغرا قاراشلارنى ئىسلاھ قىلدى. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قىزلارغا قارىتا بولغان خاتا قاراش ۋە نەزىرىيىلەرنى ئۆزگەرتىشكە بۇراپ، قىزلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان بەندە ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمەت قۇدرىتى بىلەن ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ ياردەمچىسى بولۇشى ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارغا قارىتا مەسئۇلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا

www.uyghurkitap.com

تەۋسىيە قىلىدى. ئۇلار ھەققىدە ئاشكارا مەنىدىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىمتىيازىدا ئاجايىپ چوڭ يۈكسىلىش ھاسىل بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھاياتىدا پارلاق بىر ئىستىقبال قوچاق ئاچتى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇشخەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپنىڭ بولۇپ كېتىدۇ، يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى توپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە تەۋە قىلىپ، قىزلارنى ئاللاھقا ئائىت قىلىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ![1]﴾ ﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا...[2]﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن ئىنسان نەپسىنى ئاجايىپ بىر قاتتىق تەھدىت بىلەن قورقۇتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇبھىسىزكى، ئاللاھ سىزلەرگە ئۈچ نەرسىنى يامان كۆردى، ئۇ بولسىمۇ: "ئانىلارنى قاخشىتىش، قىزلارنى تىرىك كۆمۈش ۋە نالە - پەرياد قىلىش"» (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام بۇخارى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ قىزلىرى بار ئىدى، ئۇ ئادەم قىزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەن ئىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ: "ئۇلارغا سەن رىزىق بېرەلەمسەن؟" دېدى.»

تۆۋەندىكىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا - ئانىلارنىڭ قىزلارنى يامان كۆرمەسلىكى، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئاغرىتماستىن، بەلكى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تەۋسىيەسىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىزلارنى يامان كۆرمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئۇلار جانغا يېقىن قىممەتلىكلەردۇر.»

بىز بۇ قائىدىنىڭ ئاخىرىسىنى ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ

---

[1] سۈرە نەھل، 58 ـ ۋە 59 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەكۋىر، 8 ـ ۋە 9 ـ ئايەتلەر.

نىمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر[1]﴾ دېگەن ئايىتىگە قىلغان تەۋەندىكىدەك تەپسىرىنىڭ شەرھىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تائالا ئەر- خوتۇننىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق تۆت قىسىمغا ئايرىدى. شۇنداقلا، ئۇلارغا بېرىلگەن بالىنىڭ ئۇلارغا تەقدىر قىلىنىپ بېرىلگەن نېئمەت ئىكەنلىكىنى، بەندىنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ بۇ نېئمىتىگە شۈكۈر قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئالدى بىلەن قىزنى زىكىر قىلدى، بەزىلەر بۇنى: "چۈنكى ئاللاھ تائالا ئاتا- ئانىغا ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن زىكىر قىلغان" دېدى. بەزىلەر بولسا: "قىزلارنى ئالدىدا زىكىر قىلىشىدىكى مەقسەت، ئاللاھ تائالا ئاتا- ئانىلارغا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئاتا- ئانىلارنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەقدىر قىلغىنىنى بېرىدىغانلىقىنى، ئاتا- ئانىلارنىڭ كۆپىنچە ئەركەك پەرزەنت ئىستەيدىغانلىقىنى، ئاللاھ ئۆزى خالىغانىنى يارىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاتا- ئانا خالىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ خالىغىنىنى زىكىر قىلىدىغان بولغاچقا، ئالدى بىلەن قىزلارنى زىكىر قىلدى" دەيدۇ. بۇ قاراش ئالدىنقىسىدىن ياخشىدۇر. مېنىڭچە، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە جاھالىيەت دەۋرىدە ئۇ نادان كىشىلەر ئارقىغا قويغاننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى، بۇ ئاللاھنىڭ: ئۇلار ئارقىدا قويغاننى مەن ئالدىغا قويىمەن، - دېگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دېدى: ﴿ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا، ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.[2]﴾ ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتى شۇنداق مەنە بېرىدۇكى، قىزلار بەندە ئۈچۈن دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشىلىق بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنى ياقتۇرمىغانلىق ئاللاھ بەرگەننى ياقتۇرمىغانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى بىر قەبىھ ئىشتۇر.»

سالىھ ئىبنى ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «ئاتامغا قىز بېرىلسە: "پەيغەمبەرلەر قىزلارنىڭ ئاتىلىرى ئىدى. قىزلاردا مەن بىلگەنلىرىم كەلدى" دەيتتى.»

يەئقۇب ئىبنى يەختان مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا يەتتە قىز بېرىلدى. قاچانكى بىر قىزىم تۇغۇلسا، مەن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قېشىغا كىرەتتىم، ئۇ ماڭا: "ئەبا يۇسۇف!

---

[1] سۈرە شۇرا، 49 - ۋە 50- ئايەت.

[2] سۈرە نىسا، 19 - ئايەت.

پەيغەمبەرلەر قىزلارنىڭ ئاتىلىرىدۇر" دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ غېمىم تۈگەيتتى.»

بىرىنچى قائىدىنىڭ خۇلاسىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قىزلار ھەققىدىكى ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى يوقىتىش، ئۇلارنى يامان كۆرمەسلىك، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئەر- ئايالغا بەرگەننى سۆيۈش، ياخشىلىقنىڭ ھەرگىز بەندىنىڭ خالىغان نەرسىسىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ نىڭ خالىغىنىدا بولىدىغانلىقىنى بىلىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

## 2 ـ قىز- ئوغۇل پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماسلىق، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش

ئاللاھ تائالا ئاتا- ئانىغا ئوغۇل- قىزنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلام دىنى ئاتا- ئانىلارنىڭ ھەممە بالىلىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ئوغۇل- قىزلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش بىلەن ھەقىقەتلىشىدۇ. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئۈستۈن كۆرمەسلىك، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشتە، ئۇلارغا بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتا، ئوقۇتۇش ۋە باشقا ئىمتىيازلارنى، شەرت- شارائىتلارنى ھازىرلاشتا ئۇلار ئارىسىدا ئادىل بولۇشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ بىر ۋاسىتىسى قىلدى.

ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ قىز بالىسى بولۇپ، ئۇ قىزىنى تۇپىغا تىرىك كۆممىسە، ئۇنى ئاجىز قىلمىسا ۋە ئەركەكنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرمىسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»

باززار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ قېشىغا ئوغلى كەلدى، ئۇ ئادەم ئوغلىنى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ سۆيدى، ئارقىدىن قىزى كېلىۋىدى، ئۇنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىككىسىگە ئوخشاش بولساڭ بولمامدۇ؟" دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇل- قىزلارغا مۇئامىلە قىلىشتا شۇنچە ئەستايىدىل ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل مۇئامىلىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق بىر جەمئىيەت كۆرۈپ باقمىغاندۇر.

## 3 ـ قىز باللارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە ئۇلارنى ياتلىق قىلىشنىڭ ساۋابى

ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان تەلەپلەرنى قويماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان نىزاملارنى يولغا قويىدى. قىزلارنى تەربىيىلەشكە بېرىلىدىغان ئەجىر بولسا ناھايىتى كاتتىدۇر. ئۇلارغا سەۋر قىلالىغانلىقلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ساۋاب ناھايىتى چوڭدۇر. بۇ بولسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ غەم ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىش، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قىلىش، ئۇلارغا ئەمەللەرنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، پەرۋىش قىلىشنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر.

ئىمام مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچە باقسا، يەنى ئۇنى تەربىيىلىسە، قىيامەت كۈنى مەن بىلەن مۇشۇنداق تۇرىدۇ دەپ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە جۈپلەشتۈرگەن.»

ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ قېشىمغا بىر ئايال ئىككى قىزى بىلەن كىرىپ مەندىن بىر نەرسە سورىدى، مېنىڭ قېشىمدا بىر تال خورمىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭغا خورمىنى بەردىم، ئۇ ئايال خورمىنى ئىككى قىزىغا بۆلۈپ بېرىپ ئۆزى يېمىدى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەندە، مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئايالنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم، ئۇ: "كىمكى قىزلاردىن ئىمتىھان قىلىنىپ، ئاندىن ئۇ قىزغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاقتا پەردە بولىدۇ" دېدى.» مۇسلىمنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ۋاجىپ قىلدى ياكى دوزاقتىن ئۇنى ئازاد قىلدى» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا ۋە ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ.»

باشقا بىر رىۋايەتتە: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ھەمشىرىسى، ئىككى قىزى ياكى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولسا، ئۇلارغا سەۋر قىلسا ۋە ئۇلار ھەققىدە

ئاللاھتىن قورقسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارنى بېقىشتا سەۋر قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن.

باشقا بىر رىۋايەتتە بىر ئادەم: «"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئىككى بولسىچۇ؟" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىككىسى بولسىمۇ" دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم: "ئەگەر بىرسى بولسىچۇ؟" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بىرى بولسىمۇ" دېگەن.»

ئىمام ئەھمەد ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئەلجۇھەنىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارغا سەۋر قىلسا، ئۇلارغا تائام بەرسە، ئىچىملىك بەرسە ۋە ئۇلارنى ئۆز كەسپىدىن كىيىندۈرسە، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئوتتىن پەردە بولىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

يۇقىرىدا ئېتىبارغا ئېلىنغان قىز بالىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ بۇ بەندىلىرى كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئەۋلادلارنىڭ ئانىسى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ھۆجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ قۇرغۇچىسى، باتۇرلارنى ياراتقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن قىز تەربىيىلەشكە ئائىت بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقى قايتا ـ قايتا تەكىتلەندى. دېمەك، بىر ئىنسانىنىڭ قىزى ياكى ھەمشىرىسىنى باققانلىقى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىگەنلىكى، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ھەسسە قوشقانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تۆھپە ياراتقانلىقىدا شەك يوقتۇر.

## يېتىم ئوغۇل ـ قىزلارنى تەربىيىلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بالىنىڭ يېتىملىك مۇددىتىنى پەقەت ئۇنىڭ ئېھتىلام بولغۇچىلىك مەزگىلىگىچە دەپ كۆرسەتكەن. بۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، بالا ئېھتىلام بولۇش يېشىغا يېتىپ، ئېھتىلام بولسىلا، ئۇنىڭدىن يېتىملىك سۈپىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ئەبۇھەنىيفە مۇسنەدىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئېھتىلامدىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇداۋۇد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئىھتىلامدىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ" دېگەن سۆزىنى ئېسىمدە ساقلىغانىدىم» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلغان.

يېتىملارغا قارىتىلغان تەربىيەمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قائىدە بويىچە بولىدۇ:

## 1 ـ يېتىم بالىنى بېقىش ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنىڭ ساۋابى

بىز ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىھتىلام بولۇشتىن بۇرۇن ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بالىغا قارىتا ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىرغان تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مىسالىنى بايان قىلىمىز. چۈنكى، ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىھتىلامدىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئىمام بۇخارى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق (تۇرىمەن)» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىنى. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككى بارمىقىنى ئايرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بەيھەقىي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيلىرىڭلاردىن ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈنگىنى ئۇنىڭدا ئىززەتلەنگەن بىر يېتىم بار ئۆيدۇر» دېگەن.

ئىبنى ماجە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «"مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي، يېتىم بالا بولغان ۋە ئۇ يېتىم بالىغا ياخشىلىق قىلىنغان ئۆيدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ يامان ئۆي، يېتىم بالا بولغان ۋە ئۇ يېتىم بالىغا يامانلىق قىلىنغان ئۆيدۇر. يېتىم بالىغا كېپىللىك قىلغۇچى جەننەتتە مەن بىلەن مۇشۇ ئىككىسىگە ئوخشاش" دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ ئىشارەت قىلدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمىتىنى ھېس قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن قاتتىق دىل ئىگىلىرىگە پايدىلىق ئىلىم ۋە نەتىجىلىك داۋا بولىدىغان شۇنداق بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدىكى، بۇ قائىدە دىللارنى يايرىتىدىغان قائىدە

بولدى.

تەبەرانىي ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دىلىنىڭ قاتتىقلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "دىلىڭنىڭ يۇمشىشىنى ۋە ھاجىتىڭنى بىلىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ئۇنداق بولسا، يېتىمگە شەپقەت قىل، بېشىنى سىلا، ئۇنىڭغا ئۆز تامىقىڭدىن بەر، قەلبىڭ يۇمشايدۇ ۋە ھاجىتىڭنى بىلىدۇ" دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتىلىرى شېھىت بولۇپ كەتكەن باللاردىن ھال سورايتتى. ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «جەئفەر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى شېھىت قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، مەن قىرىق تېرىنى ئاشلىدىم، خېمىر يۇغۇردۇم، ئوغۇللىرىمنى يۇدۇم ۋە ئۇلارنى مايلىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ماڭا جەئفەرنىڭ ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭ!" دېدى. مەن ئوغۇللىرىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقاردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللىرىمنى پۇرىدى، كۆزلىرى بولسا ياشقا تولدى، مەن ئۇنىڭغا: "ئى ئالالاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن نېمىگە يىغلايسەن؟ جەئفەر ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى توغرىسىدا بىرەر خەۋەر كەلدىمۇ؟" دېدىم. ئۇ: "ھەئە، ئۇلار بۈگۈن شېھىت قىلىندى" دېدى.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

## 2 ـ يېتىمنىڭ مېلىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن تىجارەت قىلىپ قويۇش

ئەبۇشۇرەيھ خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمىلخۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! مەن يېتىم بىلەن ئاجىزدىن ئىبارەت ئىككى خىل كىشىنىڭ يەنى يېتىم بالا بىلەن ئايال كىشىنىڭ ھەققىنى ھارام قىلىمەن.» (نەسەئى رىۋايەت قىلغان.)

ئىمام مۇسلىم، بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسەئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە بىر يېتىم قىز بار ئىدى، ئۇ ئادەم ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالدى، ئۇ ئادەم ئەسلىدە يېتىم قىزنىڭ مول مېۋە بېرىدىغان خورما دەرىخىدە شېرىك ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قىزغا دېگەندەك مەيلى بولمىسىمۇ، ئاشۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئۈچۈن ئۇ قىزنى مەجبۇرىي نىكاھىدا ساقلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن،

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىقىقا ئەڭ يېقىندۇر[1]﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولدى.»

باشقا بىر رىۋايەتتە، ئۇرۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدە سورىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى تۇغقىنىمنىڭ ئوغلى! بۇ، بىر قىز ۋەلىيسىنىڭ ئىگىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەلىيسى ئۇنىڭ جامالى ۋە مال- مۈلكىنى دەپ ئۇنى ئالماقچى بولغان، ئەمما ئۇنىڭ مەھرىنى كەم بېرىشكە تىرىشقان ئادەمنى ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشتىن توسىدۇ، ھەمدە ئۇ قىزنىڭ مەھرىنى تولۇق بېرەلمەسلىك شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەگەر مەھرىنى تولۇق بەرمەيدىغان ئەھۋال بولسا، ئەڭ ياخشىسى باشقىلار بىلەن نىكاھلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەتىۋا سوراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئاياللار توغرىسىدا پەتىۋا سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھ سىلەرگە پەتىۋا بېرىدۇ. قۇرئاندا سىلەرگە تىلاۋەت قىلىنىدىغان (ئاياللارنىڭ مىراسىغا ئائىت) ئايەتلەرمۇ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنداق يېتىملار توغرىسىدا پەتىۋا بېرىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بەرمەيسىلەر، (ئۇلارنىڭ مىراسى قولۇمىزدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ دەپ) ئۇلارنى ئەرگە بەرمەيسىلەر (يەنى مۇنداق قىلماسلىقىڭلارغا پەتىۋا بېرىدۇ)[2]﴾ دېگەن ئايىتىنى نازىل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېتىم قىزلار چىرايلىق ۋە ماللىق بولسا ئۇنى نىكاھلىرىغا ئېلىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ مەھرىنى تولۇق بەرمەيدىغانلىقىنى، چىرايلىق بولمىسا ياكى مال- مۈلكى بولمىسا، باشقا ئاياللارغا يۈزلىنىدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. خۇددى ئۇ قىزلارنى ياقتۇرمىسا، ئۇلارنى ئالماي تاشلاپ قويغىنىدەك، ئۇ قىزلارنىڭ چىرايى ياكى مېلى ئۈچۈن ئالماقچى بولغاندىمۇ، ئۇلارغا مەھرىلىرىنى تولۇق بېرىشنى بۇيرىدى.»

[1] سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نىسا، 127 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاللاھ تائالانىڭ يېتىمگە كېپىل بولغانلاردىن: ﴿(يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن[1]﴾ دېگەن ئايىتى ھەققىدە: «ئۇ يېتىمنىڭ ھامىيسى يوقسۇل كىشى بولسا، مالدىن مۇۋاپىق مىقداردا يېيىشى ھەققىدە نازىل بولغان» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر (يېتىمگە) ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار[2]﴾ ۋە: ﴿زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاققا) كىرىدۇ[3]﴾ دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولغاندا، يېتىمگە ھامىي بولغان كىشىلەر تامىقىنى يېتىمنىڭ تامىقىدىن، ئىچىملىكىنى يېتىمنىڭ ئىچىملىكىدىن ئايرىيدىغان، ئۆزىنىڭ تامىقىدىن ۋە ئىچىمىكىدىن ئاشۇرۇپ يېتىمگە بېرىدىغان، تاكى يېتىملەر يەپ- ئىچىپ بولغانغا قەدەر ئۇ يېمەكلىكەرنى ساقلايدىغان، بەزىدە ئۇ يەپ - ئىچىدىغان نەرسىلەر بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى، بۇ ئىش ئۇلارغا ئېغىر كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، (تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۈستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر[4]﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېمەكلىكلىرىنى يېتىملارنىڭ يېمەكلىكلىرىگە قېتىۋەتتى.» (ھاكىم مۇستەدرىكىدە رىۋايەت قىلغان.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىمنىڭ مېلىنى تىجارەتكە قوشۇپ قويۇش توغرىسىدا مۇنداق كۆرسەتمە بەرگەن:

---

[1] سۈرە نىسا، 6 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئىسرا، 34 ـ ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 10 ـ ئايەت.

[4] سۈرە بەقەرە، 220 ـ ئايەت.

ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» دا مالىك ئىبنى ئەنەستىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يېتىملارنىڭ ماللىرىدا تىجارەت قىلىڭلار، ئۇنى سەدىقە يەپ تۈگەتمىسۇن.»

تىرمىزى ئەمرى ئىبنى شۇئەيبتىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئۆزىنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: "كىمكى ماللىق يېتىمگە ۋەلى بولسا، ئۇ مال بىلەن تىجارەت قىلسۇن، ئۇ مالنى تاكى سەدىقە يەپ تۈگەتكىچە تاشلاپ قويمىسۇن!"»

## 3 ـ يېتىم بالىلىرنى بېقىش ئۈچۈن ياتلىق بولمىغان ئانىنىڭ ئەجرى

ئەبۇداۋۇد ئەبۇئەيىۋلا ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «مەن ئىرى ئۆلۈپ كېتىپ جەۋرى ـ جاپادىن ئىككى مەڭزى قارىداپ كەتكەن ۋە بالىسىغا (قاراش ئۈچۈن ياتلىق بولماي) سەۋر قىلغان ئايال بىلەن جەننەتتە مۇشۇ ئىككىسىگە ئوخشاش» دەپ بارماقلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بىز بۇ ھەدىستىن ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېتىم بالا، قىز بالا ۋە تۇل ئايال ۋە ئاجىز ئاياللارغا رەھىم شەپقەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇلارنى ئىززەتلەش توغرۇلۇق قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆردۇق، بۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ئېتىبار بېرىش ھېچقانداق بىر دۆلەتتە يوقتۇر. شۇنداقلا، ھېچقانداق بىر تۈزۈمنىڭ قانۇنى بۇ دەرىجىدە نىزاملاشمىغان ۋە ئەمەلىيەتتە جارى قىلدۇرۇلمىغاندۇر.

## بالىنى ياخشى كۆرۈشتە ئوتتۇرىچىل ۋە سولچىللىقتىن ساقلىنىش

بۈيۈك ئالىم مۇھەممەد خىزىر ھۈسەين (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بالىنى ياخشى كۆرۈشتە ئوتتۇراھال يول تۇتۇش توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى بىلەن شەرەپلەنگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى بالىلارنى تەربىيىدىن ئۇزۇق ئېلىشى بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ خاراكتېر شەخسىيىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇلارغا بولغان ھەددىدىن ئارتۇق سۆيگۈ ۋە

مېھرى- شەپقەت ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئەزىرىدىكى ھەيۋىتىنى سۇندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئاتا- ئانىلار بالىلاردىكى ناچار خۇلقلارنى ئەدەپلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا يامان ئۆگىنىپ خالىغىنىنى قىلدۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇ بىر خاتا يولدۇر. بۇ بىر شەپقەت بىلەن بىلىپ- بىلمەي چوڭ بىر خاتالىققا يول قويۇلغان يولدۇر. بالىلارنى ئۆزىمۇ تۇيىمىغان ھالدا ھاۋايى ھەۋەسى بويىچە ياشايدىغان يولدۇر. ناۋادا بالىلارغا بولغان مېھرى- شەپقەت ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە، بالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يېقىنلاشماقتا يوق. ئەكسىچە، يىراقلىشىپ بالا ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان يولىدا ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. ھايات سىناقلىرىنىڭ تۈمۈر تاپانلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ تۈگەيدۇ. تەربىيەنىڭ نېمىلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلەرنىڭ نەزىرىيەسى بويىچە بولغاندىمۇ، ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىش، مېھرىبانلىق قىلىش يامان يولغا ئۇل سېلىپ بەرگەنلىكتۇر. ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىۋېتىلگەن بالا تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىغا، ھايات سىناقلىرىغا، پىداكارلىق كۆرسىتىشكە كېرەكلىك ئىشلاردا ئاجىز كېلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قىلىنغان نورمال ۋە ئەتراپلىق كۆيۈنۈش بالىنى ھەقىقىي بىر ياراملىق ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى قۇرئاندا ئاللاھ تائالا زىكىر قىلغاندەك: ﴿ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە:«ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن دېگىن[1]» دەپ دۇئا قىلىشىغا سەۋەبچى قىلىدۇ.﴾»

ئۇ سۆزىنى مۇنداق داۋام قىلدۇرىدۇ: «ئائىلە ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىز باسارلىرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر تەربىيىلەشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، بالىلار خالىغاننى قىلىشقا قويۇپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى قىلىشىغا يول قويىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا بالىلارنىڭ ئەسلىدە ئەيىبلىك ۋە خاتا ھېسابلىنىدىغان ئىشلىرىنى، سۆزلىرىنى ماختايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بالىنىڭ ئەسلىدە ئېسىل خۇلقلىق، ياراملىق ئادەم بولۇش يولىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېتىدۇ. كاشكى ئۇلار ھەقىقىي توغرىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى!»

بۇرۇنقى تەجرىبىلەر ۋە كۆرۈلگەن نەتىجىلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، نورمال بولغان كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق ئائىلەمنىڭ ئىجازەت بىلەن ياراملىق مول مېۋە بېرىدۇ. مەسىلەن، بىز ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىش ۋە مېھرىبانلىق قىلىشنى بىر ۋاقىلىق

[1] سۈرە ئىسرا، 24 ـ ئايەت.

تاماقنا ئوخشاتساق ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ يېيىلگەن تاماق سىمىرلىك، ھەزىم قىلىش ئاجىز بولۇش، نېرۋا ئەزالىرىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە زىيانلىق بولۇشتەك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەل شۇنىڭدەك، ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىتىش بالىنى ئەخلاق ۋە ئىستىقبال جەھەتتىن تۆگەشتۈرىدۇ. ئۇنداقتا، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىباللىقتا نورمال بولۇشتىكى شەرتلەر نېمىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ؟ بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قائىدىسى بار:

## 1 ـ ئۆزىڭىز ۋە بالىڭىز ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشىڭىز

بىر بالىنى ياخشى كۆرۈشنىڭمۇ مەلۇم چېكى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى بالىنى سۆيۈشنىڭمۇ چېكى بار. ئەمما ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش بولسا، ھەممە سۆيگۈنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق سۆيگۈ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ نورمال بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۆمىن بەندە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاندا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش جەريانىدا بالىغا بولغان سۆيگۈسىنىڭ نورمال ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇنداقلا، بالىلىرىغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشنا ياخشى ئۈرنەك بولالايدۇ.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالىسى ۋە جىمى ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە، مېنى ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە، ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر.»

تىرمىزى سۇلايمان ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئەھۋاستىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاتام ماڭا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدا ھەججىدە ھازىر بولغانلىقىنى، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ غا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، زىكىر قىلغاندىن كېيىن: "ئاتا بالا ئۈچۈن مېۋە تۇپلىمىسۇن، بالىمۇ ئاتا ئۈچۈن مېۋە تۇپلىمىسۇن" دەپ ۋەز ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.»

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۈرەتتى ۋە يىقىلىپ چۈشەتتى...» دېگەن ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرغاندا ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەردىن بىرى ئايىغى قېيىپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرھال مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇنى كۆتۈرىۋالغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان ھالدا بوغۇزلىماقچى بولغانلىقى، ئوغلى بولسا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىشىغا ياردەملەشكەنلىكىدە ئىبرەت ئالغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلىك دەرس بار.

## 2 ـ سېخىي، مېھماندوست، باتۇر ۋە ئىلىم سۆيەر بولۇش

ھاكىم ئەسۋەد ئىبنى خەلەپتىن ۋە تەبەرانىي خەۋلە ئىبنى ھاكىمدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيگەندىن كېيىن: «بالا بېخىللىق، قورقاقلىق، جاھىللىق ۋە غەمدۇر» دېگەن.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى خەۋلە بىنتى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ ئىككى ئوغلىدىن بىرىنى قۇچاقلاپ چىقىۋېتىپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سىلەر (بالىلار) بېخىل بولۇشىلەر، قورقۇنچاق بولۇشىلەر ۋە جاھىل بولۇشىلەر، سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ پۇرىقىدىن پۇرايسىلەر» دېگەن ئىدى.

زەمەخشەرى «ئەلفائىق» دېگەن كىتابىنىڭ 185 ـ بېتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنىڭ مەنىسى: "بالا ئاتىسىنى ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈك قالدۇرىمەن دېگەن ۋەسۋەسىگە سېلىش ئارقىلىق بېخىل قىلىپ قويىدۇ، بالىلار بىلەن ھەپىلىشىش سەۋەبى بىلەن ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتالماي جاھىل قالدۇرۇلىدۇ، بالىسىنىڭ يېتىم قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان قورقاق بولۇپ قالىدۇ، بالىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ پۈتۈن ئەس ـ يادى بالىسىنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ ئەندىشىدە قالىدۇ" دېگەنلىكتۇر، ئەمما ئۇنىڭ: "سىلەر چوقۇم ئاللاھنىڭ

---

[1] سۈرە تەغابۇن، 15 ـ ئايەت.

پۈرىقىدىن پۈرايىسىلەر" دېگەن سۆزى بولسا: "بالىلار ئاللاھ ئۇنىدۇرگەن جەننەتنىڭ پۈراقلىرىدۇر"» دەپ يازغان.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مەن ئاچ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئەۋەتتى، ئۇ ئايالى: "سېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەندە سۇدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى" دېدى. كېيىن ئۇ ئادەمنى باشقا بىر ئايالىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى، ئۇمۇ يۇقىرىقىدەك دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىم ئۇنى مېھمان قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىدۇ" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەنسارىلاردىن ئەبۇتەلھە دەپ ئاتىلىدىغان بىرى: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مېھمان قىلاي" دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئايالىدىن: "يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟" دېدى. ئايالى "بالىلىرىمنىڭ تامىقىدىن باشقا يېگۈدەك نەرسە يوق" دېدى. ئەبۇ تەلھە: "سەن ئۇلارنى بىر ئامال قىلىپ ئۇخلاتقىن، مېھمان كەلگەندە خۇددى بىزمۇ بىر نەرسە يېگەندەك قىلىپ كۆرسەتكىن، ئۇ تاماققا قول ئۇزاتقاندا ئورنىڭدىن تۇرۇپ چىراقنى پەرلىگەن بولۇپ ئۇنى ئۆچۈرىۋەتكىن" دېدى. ئۇ ئايال ئېرىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئۇلار بىرلىكتە تاماققا ئولتۇردى، مېھمان تاماقنى يېدى، ئۇ ئىككىسى بولسا ئاچ ياتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ پالانى ۋە پالانى ئايالدىن ئەجەپلەندى ياكى كۈلدى" دېدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ﴿ئۇلار موهتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ[1]﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.»

بالىلىرى تاماققا موهتاج تۇرسىمۇ، مۇساپىرنى مېھمان قىلىشتىكى بۇ ئەمەلنىڭ قانچىلىك گۈزەللىكى ۋە ئالىيجاناپلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ پەقەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەردىلا كۆرۈلىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە مەرت تەبىئەتتۇر.

ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرىدى، بۇ دەل مەندە مال بار بولغان ۋاقىتقا توغرا كەلدى، مەن: "مەن بىرەر ئىشتىمۇ ئەبۇبەكرىدىن ئىلگىرى بولالمىدىم، بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولىمەن (يەنى ئۇنىڭدىن جىق سەدىقە بېرىمەن) دەپ، بار

[1] سۈرە ھەشىر، 9 ـ ئايەت.

مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن: "ئۆيۈڭدىكىلەرگە نېمە ئېلىپ قويدۇڭ؟" دېدى. مەن: "ئۇنىڭ يېرىمىنى قويدۇم" دېدىم. ئەبۇبەكرىمۇ سەدىقە قىلىدىغان مېلىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: "ئۆيۈڭدىكىلەرگە نېمە ئېلىپ قويدۇڭ؟" دەپ سورىدى، ئەبۇبەكرى: "ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قويۇپ قويدۇم" دېدى. مەن ئۇنىڭغا: "مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئىشتا بەسلەشمەيمەن" دېدىم.» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

## 3 ـ بالىنىڭ كېسەل بولۇش ۋە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىش

### بالىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىغا سەۋر قىلىش:

تىرمىزى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىن ئەر ۋە مۆمىن ئايال تاكى ئاللاھقا ئۇچرىشىپ، خاتالىرى ئۆچۈرۈلمىگىچە ئۆزلىرىدە، نەپسلىرىدە، باللىرى ۋە ماللىرىدا مۇسىبەتلەر بىلەن سىنىلىدۇ.» مالىكنىڭ رىۋايىتىدە: «مۆمىن ئاللاھقا ئۇچرىشىپ، خاتاسى قالمىغانغا قەدەر بالىسى ۋە مال ـ مۈلكى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدا زەرەر كۆرىدۇ» دېگەن.

ئەبۇداۋۇد مۇھەممەد ئىبنى خالىد ئەسسەلەمىنىڭ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئاتىسىدىن، ئاتىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ سۆھبىتىدە مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "بىر بەندە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇرۇنلا بىر ماقامغا ئېرىشكەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بەدىنى ياكى مېلى ياكى بالىسىدا مۇسىبەت بەرمىگىچە ماقامغا لايىقلىشالمايدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.» باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزىتى ئۇ مۇسىبەتلەرگە تاكى ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇرۇنلا تەقدىر قىلغان ماقامغا يەتكۈچە سەۋر قىلىشقا تۇتۇپ تۇرالىسىلا...» دېگەنلىكىنى زىيادە قىلدى.

### بالىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋر قىلالىغانلىقنىڭ ساۋابى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئۆلتۈرۈلگەن) بالىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۆمىن ئىدى. (ئۇ ئەسلىدە كاپىر يارىتىلغانلىقتىن، چوڭ بولغاندا) ئۇنىڭ گۇمراھلىق بىلەن كۇفرىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تېڭىشىدىن قورقتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ

پەرۋاردىگارىنىڭ ئۇلارغا ئۇ بالىغا قارىغاندا پاك ۋە كۆيۈملۈك پەرزەنت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلدۇق[1].﴾

ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە: «ئاتا- ئانىنىڭ بالىغا بولغان مۇھەببىتى كۇفرىغا ھەيدەيدۇ» دېدى. قەتادە: «بالا تۇغۇلغاندا ئاتا- ئانىسى خۇشال بولدى، ئۆلگەندە خامۇش بولدى، ئەگەر ئۇ بالا ھايات قالسا ئىدى، ئاتا- ئانىسىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەبچى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشى كېرەك، ئاللاھنىڭ مۆمىنگە ئۇ يامان كۆرىدىغان نەرسىسى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشىدىن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىدە ھۆكۈم قىلىشى ياخشىدۇر» دېدى.

تىرمىزى ئۆزىنىڭ ھەسەن ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلگەندە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىن: "بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟" دەيدۇ، پەرىشتىلەر: "خوش" دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ: "بەندەمنىڭ دىلىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟" دەيدۇ، پەرىشتىلەر: "خوش" دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: "بەندەم نېمە دېدى؟" دەيدۇ؛ پەرىشتىلەر: "ئۇلار ساڭا شۈكۈر قىلدى ۋە:﴿بىز ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە بىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز﴾ دېدى" دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: "بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي ھازىرلاڭلار! ۋە بۇ ئۆينى شۈكۈر ئۆيى دەپ ئاتاڭلار!" دەيدۇ» دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كىردى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا جان تالىشىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلىدى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ يىغلامسەن؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئەۋفنىڭ ئوغلى! بۇ بولسا رەھمەتتۇر" دېگەندىن كېيىن ئارقىدىن: "كۆز يىغلايدۇ، كۆڭۈل يېرىم بولىدۇ، بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان سۆزدىن باشقىنى دېمەيمىز، ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزغا ھەقىقەتەن غەمكىندۇرمىز" دېدى.»

ھافىز ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىستى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىبنى بەتتال ۋە باشقىلار بۇ ھەدىس ھەققىدە: "بۇ ھەدىس يىغلاشنىڭ ۋە كۆڭۈلنىڭ غەمكىن بولۇشىنىڭ جائىز ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. كۆزنىڭ ياش ئاققۇزۇشى ۋە كۆڭۈلنىڭ

[1] سۈرە كاھف، 80 ـ ۋە 81 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

يېرىم بولۇشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان ئىشلارنىڭ سىرتىدا دۇرۇستتۇر. بۇ ھەدىستە ئاشكارا بولغان مەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بالىنى سۆيۈش، قۇچۇنى پۇراش، ئېمىتىش، كىچىك بالىلارنى زىيارەت قىلىش، بالىلار سەكرات ۋاقتىدا ھازىر بولۇش، بالىلارغا رەھمەت تىلەش، قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئىشلاردىن ئىكەنلىكى، قايغۇسىنى ئىچىدە تۇتۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ھۆكمى باردۇر. يەنە بۇنىڭدا باشقا بىر ئادەمگە سۆز قىلغاندا باشقىلارنىمۇ مەقسەت قىلىپ سۆز قىلىشنىڭ جائىزلىقىنىڭ ھۆكمى باردۇر. چۈنكى بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا سۆز قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتنىڭ بۇ جائىز ئەمەللىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىۋېلىشىغا سەۋەبكار بولغان."»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىر مۇسۇلمان يوقتۇركى، ئەگەر بار بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەمنى ئۇلارغا قىلغان رەھمىتىنىڭ پەزىلىتى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم يەنە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلاردىن بىر ئادەمنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، ناۋادا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۇنى پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن باشقا يەردە دوزاق ئوتى كۆيدۈرمەيدۇ.»

مۇھەللەب: «مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ جەننەتتە بولۇشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشتا كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قارىشى ئورتاقتۇر. پەقەت ئازغىنە تائىپە بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمىدى.»

بەيھەقىي «ئەلئىئتىقاد» دېگەن كىتابىدىكى «بالىلار ئىسلام دىنى ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ» دېگەن بابىدا مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئىچىدىكى مۆمىنلەرنىڭ بالىلىرىنى گەرچە ئۇلار مۆمىنلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلمىسىمۇ، ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈش بىلەن ئىمزەتلىدى، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەدىسلەر كەلدى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.» بۇ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى جەننەتنىڭ بېلىقلىرىدۇر."

ئەبۇھۇرەيرە دىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇنداق دېگەن: "ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى جەننەتتىكى بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ئىبراھىم ۋە سارە ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھامىيلىقىدا بولىدۇ، قىيامەت بولغاندا ئاتا- ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ" دېگەن.

مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررەنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان، بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قىسسىسى ھەققىدىكى ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تەزىيە بىلدۈردى، ئاندىن: ئى پالانى! ساڭا قايسىسى بەكرەك ياخشى؟ سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھاياتلىقتا بىللە لەززەت ئېلىشىڭمۇ ياكى كېلەچەكتە سەن جەننەتنىڭ قايسىلا بىر ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلسەڭ، ئۇنىڭ ساڭا ئىشىكنى ئېچىپ كۈتۈپ تۇرۇشىمۇ؟ - دېدى. ئۇ ئادەم: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەلۋەتتە جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ بىرىگە مەندىن بۇرۇن بېرىپ تۇرۇشى ياخشى. - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مانا بۇ سېنىڭ ئۈچۈندۇر، - دېدى. ئاندىن ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئاللاھ مېنى ساڭا پىدا قىلسۇن! بۇ ئەھۋال پەقەت بۇ ئادەمگىلا خاسمۇ ياكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارغىمۇ ئورتاقمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇسۇلمانلاردىن بالىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈندۇر، - دېدى.»»

ئىمام شافىئى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): "مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەندۇر" دېدى.

ئۇممۇ ھەبىبەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا ئولتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇلار جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغۇزۇلۇپ: "جەننەتكە كىرىڭلار!" دېيىلىدۇ، ئۇلار: "ئاتا- ئانىمىز كىرمىگىچە كىرمەيمىز" دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن:" سىلەر جەننەتكە ئاتا- ئاناڭلار بىلەن بىرلىكتە كىرىڭلار!" دېيىلىدۇ» دېگەن.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى، دوستى ۋە دوستىنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيد ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئوغلۇم سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، كەلگەن بولسا" دەپ ئادەم ئەۋەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈچىگە: "قىزىمغا سالام دېگىن ۋە ئۇنىڭغا: بەرگەنمۇ ئاللاھنىڭ، ئالغانمۇ ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسىنىڭ بىر ئەجىلى باردۇر، سەۋر قىلسۇن ۋە ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلسۇن دەيدۇ. - دېگىن" دېدى. قىزى

ئۇنىڭغا يەنە چوقۇم كېلىشىگە قەسەم قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە باشقا بىرنەچچە ساھابىلار بىلەن بىرلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ ئۆيىگە باردى، ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە بالا ئۇنىڭغا سۇنۇلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى، بالىنىڭ نەپەسى يېتىشمەيۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆكۈلدى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە بۇنى كۆرۈپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ نېمە ئىش؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ بىر رەھمەتتۇر، ئاللاھ ئۇنى بەندىلىرىنىڭ دىلىغا ئورناتقاندۇر" دېدى.»

باشقا بىر رىۋايەتتە: «بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە خالىغان بىرىنىڭ دىلىدا قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن شەپقەتلىك بولغانلارغا شەپقەت قىلىدۇ. ـ دېدى» دېيىلگەن.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر بالىسى بىلەن بىللە كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا دۇئا قىلساڭ، مەن ئۈچ بالامنى دەپنە قىلدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىز دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىپ قاپسىز، جەننەتنىڭ بېلىقلىرىدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئاتا ئانىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پېشىدىن ئېسىلىپ تاكى ئاتىسى جەننەتكە كىرمىگىچە ئۇنى قويۇۋەتمەيدۇ" دېدى.»

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەدىن قىلغان يەنە بىر رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سېنىڭ سورۇنلىرىڭغا ھازىر بولۇشقا قادىر بولالمايمىز، سەن بىزگە بىر كۈن بەلگىلەپ بەرگەن بولساڭ، بىز ئۇ كۈندە سەندىن سورايدىغانلىرىمىزنى سوراپ بىلىۋالغان بولساق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: "سىلەر بىلەن پالانىنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىدىغانغا ۋەدىلىشەيلى" دېدى. ئاياللار بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاشۇ ئۆيگە كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سۆز قىلدى، قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە: "سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن قايسىلا بىر ئايالنىڭ ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ بۇنىڭدىن ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ" دېدى. ئاياللاردىن بىرى: "ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ (شۇنداق)" دېدى.»

نەسەئى ئۇممۇ قەيس بىنتى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ بىر ئوغلۇم ۋاپات بولغان ئىدى، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى

قايغۇردۇم، ئوغلۇمنى يۈيمىدىغان ئادەمگە: "بالامنى بەك سوغۇق سۇدا يۇيۇپ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈپ قويما" دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مېنىڭ دېگەن سۆزۈمنى ئۇنىڭغا دەپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم قىلىپ: "ئۇ ئايالنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!" دەپتۇ. باشقىلار: "ئۇ ئايالدەك ئۇزۇن ياشىغان بىر ئايالنى بىلمەيمىز" دېدى.»

مالىك ئىبنى مۇسەييىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ھېچ گۇناھى بولمىغان بىر كىچىك نارەسىدە بالىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان ئىدىم، مەن ئۇنىڭ: "ئى ئاللاھ ئۇنى قەبرى ئازابىدىن ساقلىغىن" دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.»

ئىمام بۇخارى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ: «ئۆلگەن بالىنىڭ نامىزىدا ئۇنىڭغا سۈرە فاتىھە ئوقۇلىدۇ ۋە: "ئى ئاللاھ! ئۇنى بىزنىڭ ئالدىنقىمىز، بىز ئۈچۈن ئالدىن بېرىپ تۇرىدىغان ساۋاب، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ساقلىنىدىغان بايلىق ۋە ئەجىر قىلغىن" دېيىلىدۇ دېگەن.»

ئابدۇررازاق مۇسەننەدىدە مەكھۇلدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆمىنلەرنىڭ بالىلىرى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇلارغا ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېپىل بولىدۇ.»

يەنە ئۇ مۇھەممەد ئىبنى سىرىندىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۇغمايدىغان گۈزەللەرنى قويۇپ، تۇغىدىغان قارىلار بىلەن نىكاھلىنىڭلار، مەن قىيامەت كۈنى ئۈممەتلەر ئالدىدا ئۈممىتىمنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىمەن، ھەتتا چۈشۈپ كەتكەن بالا جەننەتكە كىرمەي تۇرۇۋالغاندا، ئۇنىڭغا: "سەن ئاتا- ئاناڭ بىلەن جەننەتكە كىرگىن!" دېيىلىدۇ.»

يەنە ئۇ ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۆمەر ۋە ئاسىم ئىبنى بەھدەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان ئۈممەتلەرنىڭ بالىلىرىغا قىيامەت كۈنى: "جەننەتكە كىرىڭلار!" دېيىلىدۇ، ئۇلار ئاتىلىرى ۋە ئانىلىرىنىڭ پەشلىرىگە ئېسىلىپ: "پەرۋەردىگارىمىز! ئاتىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز!" دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: "سىلەر جەننەتكە ئاتا ۋە ئانىلىرىڭلار بىلەن بىللە كىرىڭلار" دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشۈپ كەتكەن بالا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا: "(جەننەتكە) كىر!" دېيىلىدۇ، ئۇ كەينىگە تارتىنىپ تۇرۇۋالىدۇ ۋە: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئاتام ۋە ئانام!" دەيدۇ، ئاخىردا ئۇنىڭغا ئاتىسى ۋە ئانىسى قوشۇپ بېرىلىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوغلۇم ئىبراھىم سۈت ئېمىۋاتقان يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە ئېمىتىدىغان ئىككى سۈت ئانىسى بار.»

ساھابىلىرىدىن بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: «قىيامەت كۈنى: "ئاتا- ئانىغا جەننەتكە كىرىڭلار!" دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار: "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ ئاتىلىرىمىز ۋە ئانىلىرىمىز كىرمىگۈچە كىرمەيمىز" دەپ كىرگىلى ئۇنىمايدۇ، ئاللاھ ئەززەۋەجەللە: "نېمە بولدى! مەن ئۇلارنى جەننەتكە كىرگىلى ئۇنىمايۋاتقان ھالدا كۆرىۋاتىمەنغۇ؟ جەننەتكە كىرىڭلار!" دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار: "ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئاتىلىرىمىز، ئانىلىرىمىز!" دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: "سىلەر جەننەتكە ئاتا- ئاناڭلار بىلەن بىللە كىرىڭلار!" دەيدۇ.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

ياخشى ئايال بالىسىنىڭ ۋاپاتىغا سەۋر قىلىشتا چىدامliq بولۇش رولىغا ئىگەدۇر. ئۇ ئۆزى سەۋر قىلىپلا قالماي ئېرىنىمۇ سەۋر قىلدۇرىدۇ. ئانىلىق تۇيغۇسىدىن ئۇنىڭ ئېرىنى خۇرسەن قىلىش ئىرادىسى غالىب كېلىدۇ. بىز تۆۋەندە ياخشى تەقۋادار ئاياللارغا ئۈلگە بولىدىغان بىر ئايالنىڭ سەۋر قىلىشىغا ئائىت قىسسىسىنى بايان قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇتەلھەنىڭ بىر بالىسى ئۆلۈپ كەتتى، بۇ چاغدا ئەبۇ تەلھە ئۆيدە يوق ئىدى. بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال ئۇنى بىر ئاز ئوكشاپ ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئورۇن راسلاپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئەبۇتەلھە سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە: "بالا قانداقراق؟" دەپ سورىدى، ئايالى: "ئۇ بۇرۇنقىدىن بىرئاز شۈكلەپ قالدى" دېدى. ئاندىن ئۇلار بىرگە يېتىپ قالدى، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ بولغاندا، ئاندىن بالىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ سىلەرنىڭ كېچەڭلەرگە بەرىكەت بەرگەي!" دېدى.» ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ دېيىشىچە، (شۇ كۈنى ئەبۇتەلھەنىڭ ئايالى بىر بالىغا ھامىلدار بولغان بولۇپ) بۇ بالىدىن توققۇز ئوغۇل تۇغۇلغانلىقى، ھەممىسىنىڭ قۇرئان يادا ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە تېخىمۇ گۈزەل ۋە تەپسىلىي قىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئەبۇتەلھەنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئەبۇتەلھە سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. بالىنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سۇلەيم: "مەن خەۋەر بەرمىگىچە ھېچكىم ئەبۇتەلھەگە خەۋەر بەرمىسۇن!" دېدى. ئاندىن بالىنىڭ ئۈستىگە رەخت يېپىپ قويدى، ئەبۇتەلھە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇممۇ سۇلەيم ئۇنىڭ ئالدىغا تاماق قويدى، ئاندىن

ئەبۇتەلھە ئۇچۇن تېخىمۇ چىرايلىق ياسىنىپ، خۇش پۇراقلارنى ئىشلەتتى، شۇ كېچىدە ئۇ ئىككىسى بىللە بولدى. ئۇممۇ سۇلەيم ئاندىن بالا توغرىسىدا گەپ ئېچىپ: "بىر ئائىلە يەنە بىر ئائىلىدىن بىر نەرسە ئارىيەت ئالغان ئىكەن، كېيىن ئارىيەت بەرگەن ئائىلە ئۆزلىرىدىن ئارىيەت ئالغان ئائىلىگە ئەلچى ئەۋەتىپ نەرسىسىنى تەلەپ قىلسا، ئارىيەت ئالغان ئائىلە قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ" دېدى. ئەبۇتەلھە: "ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق، ئېلىنغان ئارىيەت ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇممۇ سۇلەيم: "ئوغلۇڭ ئاللاھتىن بىزگە بېرىلگەن ئارىيەت ئىدى، ئاللاھ ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالدى" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇتەلھە: ﴿ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن﴾ دېدى ۋە بۇ ئەھۋاللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ ئىككىسىنىڭ كېچىسىگە ئاللاھ بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!" دېدى. ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيم ھامىلدار بولۇپ قالدى،...» دەپ ھەدىسنىڭ داۋامىنى يۇقىرىقىدەك داۋام قىلغان.

ئىمام نەۋەۋي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاتا ـ ئانىلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «بوستانۇل ئارفىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر ھادىسىنى بايان قىلىدۇ:

ئىمام شافىئى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەلى ئىبنى تالىبنىڭ ئوغلى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر قايغۇرۇش ئالامىتى كۆرۈلمىدى، كىشىلەر ئۇنى بۇ سەۋەبتىن ئەيىبلىگەندە ئۇ: "ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى) ئاللاھتىن سورايمىز، ئاللاھ بىزگە بېرىدۇ، ناۋادا ئاللاھ بىزگە ئىرادە قىلسا، بىز يامان كۆرگەن نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا رازى بولىمىز"دېدى.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، سالاملاردىن كېيىن: "بالا ياشىغىنىدا ئاتا ئۈچۈن غەم ۋە پىتنە بولىدۇ. ئاتىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتس، ئاتىغا رەھمەت ۋە دۇئا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىڭغا قايغۇرمىغىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە بەرگەن دۇئا ۋە رەھمىتىنى يوقاتمىغىن" دەپ خەت يازغان.»

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن، بىر بالا ئاتا ـ ئانىدىن كېيىن قالسا، ئۇلارغا دۇئا قىلىپ ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى كۆتەرگۈچى، ئاتا ـ ئانىسىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەبچى بولغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى قەييۇم: «بالا ئاتا ـ ئانىلاردىن كېيىن قالسىمۇ ياكى ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆلۈپ

كەتسىمۇ، ئوخشاشلا مۆمىن ئۈچۈن پايدىلىق» دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى بۆلۈم

## جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش

مۇقەددىمە

جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىرى

بالىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ھەققى

بالىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

چوڭلارنىڭ كىچىكلەر بىلەن ئوينىشى

بالىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئوينىشى

خاتىمە: جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ بالىلارغا بولغان پايدىلىرى.

«بىز بالىلىرىمىزغا ئوق ئېتىشنى، قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇلدۇق»

ــ خالىد ئىبنى ۋەلىد

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«بىز بالىلىرىمىزغا
ئوق ئېتىشنى، قۇرئان
ئوقۇشنى ئۆگىتىشكە
بۇيرۇلدۇق»

— خالىد ئىبنى ۋەلىد

## مۇقەددىمە

ئاللاھ تائالا بالىنىڭ جىسمىنىڭ كۈچلۈك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى ئۈچۈن ئويۇن ئويناشتى بالىنىڭ تەبىئىتىدىكى بىر تەبىئىي خۇلق قىلدى. بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرى جانلىقلار دۇنياسىدىكى مەۋجۇداتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئەڭ ئۇزۇندۇر. ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە يېتىلىشىمۇ مۇشۇ ئۇزۇن مۇددەتتە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدىن كېيىنكى بەدەن تەرەققىياتى مەيلى ئىچكى ئەزانىڭ تەرەققىياتى بولسۇن ياكى تاشقى ئەزانىڭ تەرەققىياتى بولسۇن، ھەرگىزمۇ بالىلىق دەۋرىدىكى تەرەققىياتتەك بولماي ناھايىتى ئاستا ياكى ئاز بولىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى چېنىقىشى ۋە يېتىلىشىگە سەل قاراپ بالاغەتكە يەتكەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولغان مەزگىلدە چېنىقتۇرىۋالىمەن، يېتىلدۈرىۋالىمەن دېگەن نەزەرىيەسىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئېنىق جەزم قىلالايمىز. بالا بالىلىق مەزگىلىدە چېنىقىش ۋە يېتىلىشتە زۆرۈر بولغان چېنىقىش ۋە تەربىيىلىنىش ھوقۇقىغا تولۇق ئېرىشىش كېرەك. بۇ ھالقىلىق مەزگىلنى قولدىن بېرىپ قويسا، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈش زامانىدىكى ئالىملار بالىلارنىڭ ئويۇنىنىڭ ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئىمام غەزالى مۇنداق دېگەن: «بالا مەدرىسىدىكى قۇرئان دەرسى تامام بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايلىق يوسۇندا ئوينىشىغا ئىجازەت بېرىلىشى لازىم. بۇ ئويۇن ئۇلارنىڭ مەدرىسىدىكى دەرس ئېلىشتىن كېلىپ چىققان ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. بالا ئويۇن ئوينىغاندا ھارمايدۇ، ئەگەر بالا ئويۇندىن مەنئى قىلىنىپ، داۋاملىق ئوقۇشقىلا زورلانسا، ئۇنىڭ قەلبى ئۆلىدۇ- دە، زېھنى كۈچى ئىسراپ بولىدۇ، ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇنداق ئىشكەنجىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىشكە ئۆتىدۇ.

بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە چېنىقتۇرۇلماسلىقى سەۋەبىدىن بالىنىڭ جىسمى كەلگۈسىدە نورمالسىز، كۈرۈمسىز، تەبىئىتى بىنورمال ھالدا چوڭ بولىدۇ. ئەگەر بىز بالىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بۇ مۇھىم مەزگىلنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ قالغاندا بالىنىڭ پات ئارىدا بۇ بالىلىق مەزگىلى بىلەن خوشلىشىدىغانلىقى، ھاياتىدا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدىغانلىقى، ئۇ بالاغەتكە يەتكەن ھامان شەرىئەتنىڭ ئاساسىي رۇكۇنلىرىدىن

تارتىپ ئەڭ ئاددىي بەلگىلىمىلىرىگىچە ئۇنىڭ بويسۇنۇشى ياكى قارشىلىق قىلىشىدىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى، ھەقىقىي بىر مۆمىنگە خاس سالاھىيەت بىلەن ياشاش، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئەمەل قىلىشتا كۈچلۈك ۋە ساغلام بولغان بىر جىسمىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدا، ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىدىكى پەرز ئەمەللەردىن باشقا جىھادقا چىقىش، ئىلىم ئېلىشقا ئوخشاش پەرز ئەمەللەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاجىپ، سۈننەت، نەپلە ئەمەللەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈچلۈك بەدەن بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەنگىنىمىزدە، بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش يولىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە تەربىيىلەشتە كۆرسەتكەن يولىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ مۇنداق تۆت قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز:

## بالىنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ھەققى

ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: «بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ۋە ئات ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئۆگىتىڭلار» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلغان جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكى ئېنىق بولىدۇ. بۇنىڭ بالىنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ھاياتىدا ئۆزىگە خاس رولىنىڭ بارلىقى، بۇنداق چېنىقىشنىڭ بالىنىڭ جىسمانىيىتىنى ساغلام يېتىلدۈرۈشكە پايدىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىدىمۇ چوڭ رولى بارلىقى مەلۇمدۇر. ئەگەر بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى چېنىقتۇرۇشقا دالالەت قىلغان سۈننىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كىچىكلىكىدە تاغىسى بەنى نەججارنىڭ بوستانلىقلىرىدا سۇ ئۈزگەن ۋە بالىلار بىلەن بىرلىكتە ئوينىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ ئوق ئېتىشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنىڭ مىسالى بولسا، ئىبنى جەرىرنىڭ «ئەلئاسار» دېگەن كىتابىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدتىن باشقىسىغا: ئاتا- ئانام پىدا بولسۇن، - دېمىگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭغا: ''ئات، ئاتا- ئانام ساڭا

پەيدا بولسۇن ئى ھۆر بالا!" دېگەن.»

ئەبۇئالىيەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇق ئېتىۋاتقان بىر توپ بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئېتىڭلار، ئى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى! ئاتاڭلار ھەقىقىي مەرگەن ئىدى» دېگەن.

## بالىلار ئارىسىدا تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش

بۇ، بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ياسىقۇچى بولۇپ، بالىلارنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئويۇن ۋە مەنىۋىيىتىنى روھلاندۇرىدىغان پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان بالىلار ئارىسىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ يۈگۈرۈشتە ئۈتقانلارنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۇرگە ئايرىپ ئۇلارنى قۇچاغلاپ قارشى ئالغان ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئۇبەيدۇللاھ ۋە ئابباس ئوغۇللىرىدىن نۇرغۇننى سەپكە تىزغاندىن كېيىن: "كىم ئاۋۋال مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلەلىسە، ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق مۇكاپات بېرىمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە يۈگۈرەيتتى، ئۇلار يۈگۈرۈپ ئۇگدىسىغا ۋە دۈمبىسىگە يىقىلاتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيۈپ ئۆز يېنىغا تارتاتتى.»

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئەمەلىي مىساللىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ پەقەت ئۇتقانلارنىلا ئەمەس، ھەتتە ئارقىدا قالغانلارنىمۇ ئوخشاشلا قارشى ئالغانلىقىنى، ئۇلارنى چەتكە قاقمىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاسىل بولۇش ئېھتىمالى بولغان قىزغىنىش، ھەسەت قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆچمەنلىكنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

## چوڭلارنىڭ كىچىكلەر بىلەن ئوينىشى

بىز بۇ ئۈممەتنىڭ يولباشچىسى، ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن رەھمىتى بولغان

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن بىللە ئويۇنغا ئىلتىقى ھەققىدىكى بىر قانچە ھەدىسنى بايان قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ تەربىيىچىلىرىنىڭ ئۈرنەك ئېلىپ شۇنداق قىلىشنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەۋسىيە قىلغانلىقىدۇر.

تەبەرانىي ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى قۇچىقىدا ئوينىتىپ ئولتۇرغان ئىكەن، مەن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرەمسەن؟" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن ئۇلارنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەي؟! ئۇلار مېنىڭ دۇنيادىكى پۇرايدىغان ئىككى گۈلۈم تۇرسا" دېدى.»

بەززار سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقى ئۈستىدە ئويناۋاتقان ئىكەن، مەن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇلارنى ياخشى كۆرەمسەن؟" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قانداقمۇ ياخشى كۆرمەي؟! ئۇلار مېنىڭ دۇنيالىقتىكى ئىككى گۈلۈم" دېدى.»

ئەبۇيەئلا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغىنىنى كۆرۈپ: "سىلەرنىڭ مىنىۋالغىنىڭلار نېمىدېگەن ياخشى ئات ـ ھە؟" دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ ئىككىسىمۇ نېمىدېگەن ياخشى چەۋەنداز!" دېدى.»

تەبەرانىي بەرا ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋالدى، ئۇ نامازدىن بېشىنى كۆتەرگەندە، ئۇلارنى ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرىنى تۇتۇپ: "مىنگىنىڭلار نېمە دېگەن ياخشى ئۇلاغ. سىلەر نېمىدېگەن قالتىس چەۋەنداز؟!" دېدى.»

يەنە ئۇنىڭدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ دۈمبىسىگە ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى مىندۈرۈپ، تۆت ئاياقلىق بولۇپ مېڭىپ: "سىلەرنىڭ تۆگەڭلار نېمىدېگەن

ياخشى تۇگە، سىلەر ئېيىدىگەن ياخشى يۇك!" دەۋاتاتتى.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مەسجىدتە جەڭۋازلىق ئويناۋاتقان ھەبەشلىكلەرنىڭ ئويۇنىنى تاكى ئۆزەم كۆرۈشتىن زېرىككەنگە قەدەر كۆردۈم. شۇڭغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دالدا بولۇپ تۇرغان ئىدى. مېنىڭ يېشىمدىكى ياش قىزلارنىڭ ئويۇنغا قانچىلىك ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ بېقىڭلار! (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچىلىك ئۇزاق سەۋر قىلغانلىقىنى دېمەكچى).»

نەسەئىنىڭ ئۆزىنىڭدىن باشقا رىۋايىتىدە ئائىشە مۇنداق دېگەن: «ھېيت كۈنى ئىككى قارا تەنلىك بالا مەسجىدكە كىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا نەيزىۋازلىق ئوينىغىلى تۇرىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ ئۈستىدىن تاكى كۆرۈپ زېرىككەنگە قەدەر كۆرگەن ئىدىم.»

بىز يۇقىرىقى مىساللاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەينلەر بىلەن بىرگە ھەر خىل شەكىلدە ئويۇن ئوينىغانلىقىنى، ئۇلار ئويناۋاتقاندا ئۇلارنى ماختاش سۆزىنى قىلغانلىقىنى بايان قىلدۇق. دېمەك، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار بىلەن قانداق ئويناش ۋە ئويىنىغاندا بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، ئۇلارنىڭ روھىنىمۇ ئۇرغۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارغا ھەم جىسمانىي ھەم روھىي ئۇزۇق بېرىشنى ئۇگەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## بالىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئوينىشى

كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئاتا- ئانىلار ئالدىراش بولغاچقا، بالىلار بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، قوشنا ياكى تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينايدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ يامان بالىلار بىلەن ئويناپ، ئۇلاردىن يامان خۇلق ۋە تىل ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى ئەدەپلىك بالىلار بىلەن ئوينىشىنى، ئۇلاردىن ياخشى ئۆرنەك ئېلىشىنى خالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە قېتىم بالىلارنىڭ ئويناۋاتقان يېرىدىن ئۆتكەندە، بۇ ھەقتە ئۇلارغا بىر نەرسە دېمىگەن ئىدى. تەبەرانى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە

www.uyghurkitap.com

ئىدۇق، بىز بىر يەرگە تاماققا چاقىرىلدۇق، بۇ چاغدا ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ ھۇسەيىننى قوغلىدى. ئۇ بولسا، ئۇياق- بۇياققا قېچىشقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئاخىرى تۇتىۋالغاندىن كېيىن بىر قولىنى ئۇنىڭ زاڭىقىنىڭ ئاستىغا، يەنە بىر قولىنى قۇلىقى بىلەن كاللىسىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيدى. ئاندىن كېيىن: "ھۇسەيىن مەندىن، مەن ئۇنىڭدىن، ئۇ ئىككىسىنى سۆيگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ھەسەن ۋە ھۇسەيىن نەۋرىلەردىن ئىككىسىدۇر" دېدى.»

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئۇنىڭ: «مەن بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، مېنى بىر ئىش ئۈچۈن بىر يەرگە ئەۋەتتى...» دېگەن ھەدىسىنىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بالىلار بىلەن ئويناۋاتقان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتتى، مەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنىۋالدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىرىپ مۈرەمگە شاپىلاقداپ قويغاندىن كېيىن، مېنى مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى، مەن قايتىپ كېلىپ: "مۇئاۋىيە تاماق يەۋېتىپتۇ" دەپ خەۋەر بەردىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلىق ۋاقىتلىرىدا بالىلار بىلەن ئويناپدىغان بولۇپ، بىر كۈنى بالىلار بىلەن ئويناۋاتقاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ كۆكرىكىنى يارغان... (ئىمام ئەھمەد مۇسنەددىدە رىۋايەت قىلغان.)

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقىش ئالدىدا ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئىككى بالىدىن بىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىرىنى قوبۇل قىلمىدى. قوبۇل قىلىنمىغان بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ، مېنى قوبۇل قىلمىدىڭغۇ؟ ئەگەر چېلىشسام، مەن ئۇنى يېڭىۋالىمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى چېلىشىشقا سالدى، دېگەندەك قوبۇل قىلىنمىغان بالا چېلىشىشتا يەڭدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككىلىسىلا ئۇرۇشقا چىقىشقا قوبۇل قىلىندى.»

ئەمما قىزلارنىڭ ئويۇنى ئوغۇللارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە ئاساسلىنىپ، قىزلارنىڭ ئويۇنچۇق ئوينىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئەبۇداۋۇدنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك ياكى ھۇنەين ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆينىڭ پەردىسى شامالنىڭ بىر ئۇچۇرۇشى بىلەنلا ئېچىلىپ، ئائىشەنىڭ ئويۇنچۇقلىرى كۆرۈنۈپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئويۇنچۇقلار ئارىسىدىن ياماق رەختتىن تىكىلگەن قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ: "بۇ نېمە؟" دەپ سورىدى. ئائىشە: "ئات" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاتنىڭ ئۈستىدىكىسى نېمە؟" دەپ سورىدى. ئائىشە: "ئىككى قانات" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟" دېدى. ئائىشە: "سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئېتى بارلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئائىشە: "مەن ئۇنىڭ كۈلكىدىن ئېغىز چىشلىرىنىڭمۇ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم" دېگەن.»

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قىزلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، دوستلىرىم كېلەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسە يوشۇرۇنىۋالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مېنىڭ قېشىمغا كىرىشكە ئەۋەتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار مەن بىلەن ئوينايتتى.»

يۇقىرىدا دېيىلگەن قىزلاردىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قونچاقلىرىنى بىرگە ئوينايدىغان قىز دوستلىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇلار دائىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا قونچاق ئوينايتتى، بەزىدە ئائىشەنىڭ دوستلىرى كەلسە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە ھايا قىلىپ ئۆزلىرىنى ئەپقاچاتتى.

## بالىلارنىڭ ئوينىشى چەكلەنگەن ئويۇنلار

### • ھايۋانلارنى قارىغا ئېلىش

سەئىد ئىبنى جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «مەن ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار بىلەن بىللە مەدىنىنىكى بىر يول ئۈستىدە كېتىۋاتاتتۇق، يول ئۈستىدە بىر مۇنچە باللار بىر توخۇنى قارىغا ئېلىپ ئاتقىلى تۇرۇپتۇ، ئىبنى ئاببىاس بۇنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ: "بۇنى كىم قىلدى؟" دېدى. ئىبنى ئۆمەر: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋاننى قارىغا ئېلىپ ئويىنغان ئادەمگە لەنەت قىلغان" دېدى.» (ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.)

www.uyghurkitap.com

ئاگاھلاندۇرۇش: باللار ناماز شام ۋاقتىدىن بۇرۇن ئويۇنلىرىدىن تارقىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشى لازىمدۇر. چۈنكى بۇ ھەقتە ھەدىسلەر كەلگەن.

ھاكىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېچىنىڭ ئەۋۋىلى كېتىپ بولغۇچە باللىرىڭلارنى ئۆيۈڭلاردا تۇتۇڭلار، ئۇ ۋاقىت شەيتانلار يولدىن توغرۇسىغا ئۆتىدىغان ۋاقىتتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسەئى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ: «كېچىگە مايىل بولۇشقا باشلىغاندا، يەنى كېچە كىرىشكە باشلىغاندا باللىرىڭلارنى يىغىۋېلىڭلار، شەيتانلار بۇ سائەتتە تارقىلىدۇ، كېچىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە: «خۇپتەندىن بىر سائەت ئۆتكەندە...» دېيىلگەن.

## خاتىمە: جىسمانىي جەھەتتىكى چېنىقىشنىڭ باللارغا بولغان پايدىلىرى

ئويۇن ئويناش ئەقىلگە يەتكەن باللار ئۈچۈن بوش ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ھېسابلانسىمۇ، كىچىك ياشتىكى باللار ئۈچۈن مۇھىم بىر ئەمەل ھېسابلىنىدۇ، باللار ئويۇنغا بېرىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئويۇن ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ تېز بولۇشى، تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى بىلىشىنىڭ ئەقلىي يوللىرىنى بىلدۇرۇشكە ياردەمچى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ ئويۇنلار بالىنىڭ ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رولالارغا ئىگىدۇر.

مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردىكى دەسلەپكى باسقۇچ بالىنىڭ ئويۇن بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا باللا پەقەت ئويۇن ئارقىلىق قۇۋۋەتلىك كۈچكە ئېرىشىدۇ.

بۇندىن باشقا يەنە باللا ئويۇنلارنى تەكرار-تەكرار ئويناش ئارقىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ، ئويۇنلار ئىچىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر پارچىسى قىلىدۇ. شۇڭا بالىنى تەربىيىلىگۈچىلەر بالىنىڭ ئوينىغان ئويۇنىنى پەقەتلا بىر ئويۇندىن ئىبارەت دەپ قارىماستىن، ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا قاراش كېرەك. باللىرىنى ئۆيدە ئويناشتىن ياكى قوشنىلىرىنىڭ باللىرى بىلەن

ئويناشتىن چەكلىگەن ئاتا- ئانىلار تەبىئىي ھالدا بالىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىدىن چەكلەپ قويغان بولىدۇ.

ئويۇنلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك پايدىلىرى ۋە قىممىتى باردۇر:

1 ـ جىسمانىي قىممىتى: ھەرىكەتلىك ئويۇن بالىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بالا ئويۇن ئويناش ئارقىلىق بىر نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ.

2 ـ تەربىيىۋى قىممىتى: بالىنىڭ ئويۇنى ئۇنى ئوخشىمىغان نەرسىلەر بىلەن تونۇشۇش، ھەر خىل رەڭ ۋە شەكىل، ماددىلارنىڭ نام ۋە سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

3 ـ ئىجتىمائىي قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى، ئۇلار بىلەن ئوچۇقلۇق ئۇسۇلدا ئارىلىشىشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز- ئارا ياردەملىشىش، ھەمكارلىشىش، چوڭلار بىلەن ئالاقىلىشىش، ئېلىم- بېرىم قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بەزىبىر شەيئىلەرنىڭ توغرا ۋە خاتالىقىنى پەرق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

4 ـ ئەخلاقىي قىممىتى: بالىلار ئويۇن ئارقىلىق يەنە ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان، تەمكىنلىك، ھەققانىيەتچى، ئادىل، ئامانەتكار، سەۋرچان بولۇش ۋە پائالىيەتچان بولۇشتەك خۇلقلارنىڭ يۈزەكى مەنىسىنى ئۆگىنىدۇ.

5 ـ يېڭىلىق يارىتىش قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىلىق پەيدا قىلىش ئىقتىدارىنى، تەبىر ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى نامايەندە قىلىدۇ.

6 ـ ئۆزىنىڭ قىممىتى: بالا ئويۇن ئارقىلىق ئاغىنىلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق ماھارەتلىرىنى تونۇيالايدۇ، ئىقتىدارى يېتىدىغان دائىرىدىكى يېڭىلىقلارنى يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولىدۇ. يېڭىدىن دۇچار بولغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ.

7 ـ ئەقلىي قىممىتى: بالا ئويۇن ئويناش ئارقىلىق دۇچ كەلگەن قىيىن نۇقتىلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ھۇدۇقۇش ۋە تەمتىرەشلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مىجەزگە ئائىت ئىشلارغا پىششىدۇ. ئائىلىدە چەكلىمىگە بەك ئۇچرايدىغان، بالىلارغا قاتتىق قول، تەلەپ قىلىدىغانلىرى كۆپ بولغان ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ باشقا بالىلارغا قارىغاندا، تېخىمۇ قالاق ئويۇنلارنى ئويناپدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئويۇنى تېخىمۇ كۆپ ئوينايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بالىلارنىڭ ئويۇنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىچى يامانلىق، ھەسەت، چىدىيالماسلىق قاتارلىق يامان خىسلەتلەرنى يوق قىلىش،

شۇنداقلا، بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى ياخشىلاشنىڭ بىر ۋاسىتىسىدۇر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# يەتتىنچى بۆلۈم

## ئىلمىي ۋە پىكرىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈش

بالىلىرىڭلارنى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇڭلار!
ــ ئەلى ئىبنى تالىپ
مۇقەددىمە
ئىلمىي ۋە پىكرىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىرى
بالىنىڭ ئىلىم ئېلىش ھەققى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم، ئەدەپ - ئەخلاقنى ئۆگىنىش ئىستىكىنى ئاشۇرۇش
بالا نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن بىرەر قىسىم بولسىمۇ يادا ئېلىش
بالا ئۈچۈن ياخشى ۋە تەقۋادار ئۇستاز ياكى تەربىيىلىگۈچى تۇتۇپ بېرىش
ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىش
چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش
ئۆزى قىزىققان پەننى ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش
ئۆيدە ياخشى بىر كىتابخانىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالىغا بولىدىغان تەسىرى
بالىلارغا تارىختىكى سالىھ ئالىملارنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئائىت ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىش

﴿ئاللاھ سىلەرنى ئانائىلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالەتتە چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.﴾
— «قۇرئان كەرىم» سۈرە نەھل، 78 - ئايەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۈزگىنىڭلار، ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار، خۇشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار، سىلەردىن بىرىڭلار ئاچچىقلانسا، جىم تۇرىۋالسۇن!»

— ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ئەدى، ئەلقازى ۋە ئىبنى شاھىن رىۋايەت قىلغان.

## مۇقەددىمە

ئەۋلاد تەربىيەسىگە ئىسلام دىنىدەك ئېتىبار بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بىر دىن يوقتۇر. تەلىم- تەربىيىگە ئىسلام دىنىدەك ئەھمىيەت بېرىپ قارايدىغان ئاڭغا ئىگە باشقا بىر دىن يوقتۇر. تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان شۇنداقلا دىن دۈشمەنلىرىمۇ ئېرىچىل ئېتىراپ قىلىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەتتۇر. ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئەرسىر رارىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانىيەتنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەسىرلەرگە ئىگە بولۇپ، ئىنسانىيەت ئىسلام دىنىغا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك. بىزدە ئىلىم- پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى، يەنى تىبابەت، ئەدەبىيات، سىياسەت ئىلىملىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭداشسىز تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن كىتابلار بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسۇلمانلار بۇنداق يۇقىرى پەللىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىكى ئارقىلىقلا يەتكەن، ئىلىمگە ھېرىسمەنلىك بولمىسا، بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىلمىي تۆھپىلەرنى يارىتالمايتتى، ئىسلام مىللىتى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىلىمگە بولغان ئاشۇ ھېرىسمەنلىكى بىلەن ئالاھىدىلىككە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇلاردىن مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ''ئىلىم چىن دۆلىتىدە بولسىمۇ تەلەپ قىلىڭلار.[1]'' دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئىلىم ئېلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك يۈزلىنىش قىلىپ ياشىغان.»

بالىلاردا ئىلىمگە بولغان توغرا پىكىرنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن بىز ئاتا- ئانىلارنىڭ بۇنىڭغا باشلايدىغان ئۇسۇلىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ئۆز بۇرچىمىز دەپ بىلدۇق. چۈنكى بۇ مەسىلە بالىنىڭ يېتىلىشىدە، بولۇپمۇ، ئىلىمنى سۆيىدىغان بولۇپ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بالىلارنى ئىلىمگە ھەۋەسكار قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىكى ئەقلىنى يېتىلدۈرۈشتۇر. ئەگەر ئەقىل ساغلام بولسا، ئۇ ئاتا- ئانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە چۈشلۈق ئۇلارغا ۋە ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر ئەقىل ساغلام بولماي قالسا ئۆزىنىمۇ، ئاتا- ئانىسىنىمۇ بىر ئۆمۈرلۈك ئارماندا قويۇپلا قالماي، ئاخىرەتلىك

---

[1] ئىبنى ھەببان بۇ ھەدىسنى ھېچقانداق ئاساسي يوق، باتىل ھەدىس دېگەن ۋە ئىبنى جەۋزىيمۇ مەزۇۇ (توقۇلما) ھەدىسلەر قاتارىدا سانىغان.

دۇنياسىنىمۇ يوق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى بۇ ئاقىۋەتتىن ساقلىسۇن!

بىز ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بالىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇشتا كېرەكلىك بولغان ئاساسلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز. ئۇ ئاساسلار: ئىلىم، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆلىمالارنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا، ئاتا- ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەقلى ۋە قەلبى ئەينىكى بولغان ئۇستاز تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ مۇھىملىقى. چۈنكى، ئەگەر ئۇستاز ياخشى بولسا، بالىمۇ ياخشى تەربىيىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ئاتا- ئانىلار بىلىشكە تېگىشلىك بىر قانچە ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## بالىنىڭ ئىلىم ئېلىش ھەققى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگىنىش ئىستىكىنى ئاشۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئۆگىنىشى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتى بۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى. ئاتا ـ ئانىلار شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلىرىنى ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. ئىلىم تەلەپ قىلىش بولسا، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللاردىن ئىبارەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىلىم تەلەپ قىلىش بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا بالىنى ئىلىمنى سۆيىدىغان، ئىلىم ئېلىشقا ھەۋەس قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى باسقۇچى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدۇر.

تەبەرانىي ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىچىكلىكىدە ئۆگەنگەن ئىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن ئىلىم سۇ ئۈستىگە خەت يازغاندەك (بولىدۇ).»

ئىبنى ئابىدىن ھاشىيەسىدە بۇ ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

خاتىرەمدە تۇرمىدى زەپمۇ، ئۆگەنسەم چوڭ بولۇپ،
كىچىكىمدە بىلگىنىم كەتمەس ئەبەت ھېچ ئۇنتۇلۇپ.
ئىلىم ئالماق سەبىيلىكتە ئەۋزەل ئىكەن بىلدۇق بۇنى،
يېتىلەرمىش پىكرى، ئۆسسە ئادەم ئۇلغىيىپ.
ياش ئۆسەر، ئەمما قۇلاق، كۆزۈ ـ قەلب ئاجىزلىغاي،
تەس ياشانغاندا ئىلىم ئالماق، شۇڭا كۆڭۈل قويۇپ.

ئەسسەخاۋى «مەقەسىدۇل ھەسەنە» دېگەن كىتابىدا بۇ مەنىنى تەكىتلەيدىغان بىر مۇنچە ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى سىلەرگە سۇنىمىز:

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ياش چېغىدا قۇرئان ئۆگەنسە، قۇرئان ئۇنىڭ گۆشى ۋە قېنى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. يېشى چوڭايغاندا ئۆگەنسە، قۇرئان ئۇنىڭدىن قېچىپ

كېتىدۇ، ئۇ يەنىلا قۇرئاننى تاشلاپ قويمىسا، ئۇنىڭغا ئىككى ساۋاب بار» (بەيھەقى، دەيلەمى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «كىمكى قۇرئاننى ئىھتىلام بولۇشتىن بۇرۇن ئوقۇسا، ئۇ كىچىكىدىنلا ھېكمەت بېرىلگەن كىشىلەردىن بولىدۇ» دېگەن.

ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ھەدىس ئالىملىرى، كىچىكىدىن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ، بالىنىڭ ئىلىملىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ئوقۇغان ئىنسانغا نىسبەتەن ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ بەكرەك مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

خەتىيب ئەلباغدادى سەلەپ سالىھلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ھەققىدە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى كەلتۈردى. ھەسەن بەسەرى: «بىزگە يېشى كىچىككىلىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلار قەلبلىرى بوش، ئاڭلىغانلىرىنى بەكرەك ياد ئالغۇچى بولىدۇ» دېگەن.

سەئىد ئىبنى رەھمە ئەلئەسبەھى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كېچىلىك مەجلىسىگە ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ بولاتتىم، مېنىڭ تەڭتۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتە مەن بىلەن تەڭ بولالمايتتى، ئۇلار قېرىلار بىلەن بىللە كېلەتتى، ئۇنىڭغا: "سىزنىڭ سورۇنىڭىزغا يېتىپ كېلىشتە ئاشۇ بالىلار بىزدىن ئىلگىرى بولۇپ كەتتى" دېيىلدى، ئاندىن ئۇ: "مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇلار سىلەردىن بەكرەك ياخشى، كىم بىلىدۇ، سىلەر قانچىلىك ياشايسىلەر؟ بىراق ئۇلارنى بەلكىم ئاللاھ ئالىم قىلغۇسى." سەئىد مۇنداق دەيدۇ: "كېيىن ئۇنىڭ مەجلىسىدە بولغانلاردىن مەندىن باشقا بىرى قالمىدى."»

ئىمام ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىسمائىل ئىبنى رىجائىنىڭ كىچىك بالىلارنىڭ مەدرىسىلىرىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن داۋاملىق ھەدىسلەرنى تەكرار ـ تەكرار سۆزلەپ بېرەتتى!»

يەھيا ئىبنى ھەممد ئەتتەۋىل ۋە ياكى باشقىسى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھاماد ئىبنى سەلەمەنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە بالىلار بولۇپ ئۇ ئۇلارغا ھەدىس بايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى، ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە بىز ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تۇردۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا: "ھەي ئەبا سەلەمە! بىز بولساق سېنىڭ ئەھلىڭنىڭ چوڭلىرىمىز، بىز سېنىڭ قېشىڭغا كەلسەك، سەن بىزنى قويۇپ ئۇ كىچىك بالىلار بىلەن بولدۇڭ" دېدۇق. ئۇ: "مەن مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن، مەن بىر دەريانىڭ

قىرغىقىدا كىشىلەرگە سۇ بېرىش ئۈچۈن بىر چېلەكنى تۇتقان ھالەتتە تۇرۇپتىمىشمەن. بىر چاغدا ئۇ مەندىن ئۇ چېلەكنى ئاشۇ بالىلار ئېلىپتۇ" دېدى.» (يەنى مەندىن كېيىن ئاشۇ كىچىك بالىلار باشقىلارغا ئىلىم تارقىتىدۇ دېمەكچى ـ ت) (بۇنى ئىبنى ئەبۇدۇنيا «كىتابۇل ئىيال» دا بايان قىلغان.)

«يەھيا ئىبنى يەمان يېڭىدىن بۇرۇت چىقىشقا باشلىغان بالا ئالدىغا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا "ئەئراف سۈرىسى" نىڭ بېشىدىن يەتمىش ئايەت، "يۇسۇف سۈرىسى" دىن يەتمىش ئايەت ۋە بىر قىسىم ئانا ھەدىسلەرنى ئوقۇتاتتى. بالا بۇلارنى ئوقۇيالىسا، ئۇنىڭغا ھەدىس بايان قىلىپ بېرەتتى، ئوقۇيالمىسا سۆزلەپ بەرمەيتتى.»

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوغۇللىرى ۋە ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا: «ئۆگىنىڭلار، بۈگۈن سىلەر مىللەتنىڭ كىچىكلىرى بولساڭلار، ئەتە ئۇلارنىڭ چوڭلىرى بولىسىلەر، سىلەردىن كىمكى بىر نەرسىنى ياد ئېلىشقا ئاجىز كەلسە، ئۇنى يېزىۋالسۇن!» دەيتتى.

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ بالىلارغا: «يېزىۋېلىڭلار! يېزىشنى بىلمىگەنلەرگە بىز يېزىپ بېرەيلى، دەپتىرى بولمىغانلارغا بىز دەپتەر بېرەيلى» دەيتتى.

بەدىئۇززامان ئەلھەمەزانى ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: « ئىلىم مەشغۇلاتىڭ ، مەدرىسە ماكانىڭ، قەلەم ھەمراھىڭ، دەپتەر ياردەمچىڭلا بولىدىكەن، سەن مېنىڭ ئوغلۇمسەن. ئەگەر كەمچىلىك ئۆتكۈزسەڭ، مەن سېنىڭ ئاناڭنىڭ بىر تۇغقىنى بولمايمەن، ئۇ چاغدا ئاناڭنىڭ بىر تۇغقىنى باشقا بىرى بولغان بولىدۇ، ۋەسسالام.»

ئىبنى ئابدۇلبىر مۇنۇلارنى زىكىر قىلغان:

«لوقمان ئوغلىدىن:

ــ ئى ئوغلۇم! ھېكمەتتىن نېمىگە يەتتىڭ؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆزەمگە مۇناسىۋەتسىز نەرسىگە ئاۋارە بولمايمەن. ــ دېدى ئوغلى.

ــ ئى ئوغلۇم! باشقا بىر نەرسە قېلىپ قاپتۇ، ئالىملار بىلەن بىرگە ئولتۇرغىن، ئۇلارغا ئىككى تىزىڭ بىلەن قىستىلىپ يېقىنلاشقىن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ خۇددى ئۆلۈك زېمىننى ئاسمان سۇلىرى بىلەن تىرىلدۈرگەندەك، ئۆلۈك قەلبلەرنى ھېكمەت بىلەن تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئوغلۇم! ئىلىمنى مۇنداق ئۈچ ئىش ئۈچۈن ئۆگەنمە ۋە مۇنداق ئۈچ ئىش ئۈچۈن تەرك ئەتمە. يەنى ئىلىمنى كىبىرلىنىش، پەخىرلىنىش ۋە رىياكارلىق

ئۇچۇن ئۆگەنمە ۋە ئۇنى زاھىدلىق قىلىش، كىشىلەردىن ھايا قىلىش ۋە جاھىل قىلىنىشقا رازى بولۇش بىلەنمۇ تەرك ئەتمە. ئى ئوغلۇم! ئالىملار بىلەن جېدەل قىلمىغىن، ئۇلار سېنى خارلاپ قويىدۇ ۋە سېنى رەد قىلىدۇ، ئەخمەقلەر بىلەن جېدەل قىلمىغىن، ئۇلار ساڭا جاھىللىق قىلىدۇ ۋە سېنى تىللايدۇ، سەن ئىلىمدە سەندىن ئۈستۈن بولغانلارغىمۇ، سەندىن تۆۋەن بولغانلارغىمۇ سەۋر قىلغىن، ئالىملارغا سەۋر قىلالىغان ئۇلار بىلەن بىللە بولغانلار ئېرىشەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىمگە مۇلايىملارلا ئېرىشەلەيدۇ. ئى ئوغلۇم! ھېكمەت مىسكىن كىشىلەرنى پادىشاھلارنىڭ مەجلىسلىرىدە ئولتۇرغۇزغان.»

يەھيا ئىبنى خالىد ئوغلىغا: «ئىلىمنىڭ ھەر تۈرلىرىدىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك. ئىلىمسىزلىك ئىلىملىك ئىنساننىڭ دۈشمىنى، مەن سېنىڭ ئىلىملەردىن بىرەر ئىلىمنىڭ دۈشمىنى بولۇشىڭنى راۋا كۆرمەيمەن» دېدى. ئاندىن:

ئىلىم ئال، ئىلىم بىلەن سېنىڭ ئېرۇر ئالىي ماقام،
نادانلىق دۈشمەن گويا، بىلسەڭ ئېجاب مەخسەت ـ مۇدام.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇدى.

ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئوغۇللىرىغا: «ئى ئوغۇللىرىم! بىلىم ئېلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئېسىلزادىلەر بولساڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى ھىمايە قىلىسىلەر، ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەر بولساڭلار ياشايسىلەر» دېگەن.

تارىختا ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، ھەكىملەر ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادلىرىغا بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگەللەشكە نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشنى داۋام قىلىپ كەلدى. بىلىمنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باشلاش بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇستەھكەم ئورنىغاندا، بالا ئىلىم ئېلىش يولىغا ئۆزلىكىدىن ئاتلىنىدۇ. ھەم بۇ يولدا تارتقان جەۋرى جاپالارغىمۇ بەرداشلىق بېرىدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىسىز كېچىلىرىنى ئىلىم ئېلىش يولىدا تۈنەپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ.

## بالىنىڭ نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن بىرەر بۆلۈم بولسىمۇ، ياد ئېلىشى

بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ياد ئېلىشنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا

قويغان ئىدۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىككىسى ئىلىملەرنىڭ نۇرى بولۇپ ئۇ ئەقىللەرنى يورىتىدۇ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا بالا ئاز دېگەندە 30 پارە قۇرئاندىن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 30 ـ پارە، يەنى ئەمما پارىسىنى بولسىمۇ ياد ئېلىشى، ھەدىسلەردىن ئاز دېگەندىمۇ، ئىمام نەۋەۋىينىڭ قىرىق ھەدىسىنى ياد قىلىشى لازىم. بىز مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا بالىلار ئۈچۈن قىرىق ھەدىس تەييارلىدۇق، ئۇنى ياد ئېلىشى پايدىلىقتۇر.

سەلەپ ـ سالىھلار بالىلىرىنى تەربىيىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلارغا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن دەرس بېرەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككىسى بالىنىڭ ئىلمىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىككى ئاساسىي رۇكۇندۇر.

ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «سىياسەت» دېگەن كىتابىدا: «بالا سۆزلەرنى توتۇۋالغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولغاندا ئۇنىڭغا قۇرئان ئۆگىتىش باشلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ھىجا ھەرپلىرى چىقىرىلىپ بېرىلىدۇ ۋە دىن تەلىماتى بېرىلىشكە باشلىنىدۇ» دېگەن.

بىز تۆۋەندە بالىلارنىڭ ھەدىس يادلىغانلىقى، ھەدىس يادلاشنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇنى يادلاشقا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىك ھەققىدىكى دائىر مىسالالارنى بايان قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى مۇنداق دېگەن: «ماڭا قۇرئان كەرىم يادلاۋاتقان ۋاقتىمدىلا ھەدىس يادلاش ئىشتىياقى كىرگەن ئىدى.» «ئۇنىڭدىن: "سەن ھەدىس يادلاشقا ئىشتىياق باغلىغاندا قانچە ياشتا ئىدىڭ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ: "ئون ياكى ئۇنىڭدىن سەل كىچىك ياشتا ئىدىم" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەدرىستىن ئايرىلدىم، ئاندىن داخىلى ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن ھەدىس ھەققىدە بەس مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدىم، بىر كۈنى سۇفيان سەۋر ئەبۇ زۇبەيردىن، ئۇ ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلدى، دېگەن ھەدىس توغرىسىدا توختالغاندا مەن: "ئەبۇزۇبەير ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلمىغان" دېدىم. ئۇ مېنى سىلكىۋەتتى، مەن: "ئەگەر سەندە ئەسلى بولسا، سەن ئۇنىڭغا قايتقىن" دېدىم. ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ بىر قاراپ چىقىپ: "ئۇ قانداق ئىدى، ئى بالا!" دېدى. مەن: "ئىبراھىمدىن رىۋايەت قىلغان كىشى ئەبۇزۇبەير ئەمەس، ئىبنى ئەدىيدۇر" دېدىم. ئاندىن ئۇ قەلەمنى ئېلىپ كىتابىنى توغرىلىغاندىن كېيىن: "توغرا ئېيتتىڭ!" دېدى.»

ئۇ ۋاقىتلاردا ئىمام بۇخارى ئون بىر ياش ئەتراپىدا ئىدى، ئۇ ئون ئالتە ياشقا قەدەم قويغاندا ئىبنى مۇبارەك ۋە ۋەكىئنىڭ كىتابىنى يادلىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن «ساھابە ۋە تابىئىلارنىڭ مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابىنى يازدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىدا «ئەتتارىخ» دېگەن كىتابىنى يازدى.

هاشىد ئىبنى ئىسمائىل مۇنداق دېگەن: «ئىمام بۇخارى بالىلىق چېغىدا بىز بىلەن بىرگە بەسرە ماشايىخلىرى بىلەن بەس مۇنازىرە قىلاتتى. ئەمما ئۇنى يازمايتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە بىر قانچە مەزگىلنى ئۆتكۈزدى، ئارىدىن ئون ئالتە كۈن ئۆتكەندە بىز ئۇنىڭغا كايىدۇق. ئۇ: ”ماڭا سىلەرنىڭ يازغىنىڭلارنى بېرىڭلار“ دېدى. بىز يازغانلىرىمىزنى ئۇنىڭغا چىقىرىپ بەردۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئون بەش مىڭدىن كۆپرەك ھەدىس ئىدى، ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يادقا ئوقۇدى. ھەتتا بىز يازغانلىرىمىزنى ئۇنىڭ لەۋزىدىن توغرىلاشقا باشلىدۇق.»

## بالا ئۈچۈن ياخشى ۋە تەقۋادار ئۇستاز ياكى تەربىيىلىگۈچى تۇتۇپ بېرىش

ساھابىلار ۋە سەلەپ ـ سالىھلار بالىلىرى ئۈچۈن ياخشى بىر ئۇستاز تۇتۇپ بېرىشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئۇستاز بولسا، بالىنىڭ تەلىم ئالىدىغان مەنبەسىدۇر، ھەم شۇنداق بىر ئەينەكتۇركى، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەلىيىتى ۋە مەنىۋىيىتى بالىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قالدۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار بالىلىرىغا ئىلىم ئېلىشتىن ئىلگىرى ئىلىم ئېلىشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىنىشكە بېتەكلەيتتى، بۇنى ئەخلاق ھەققىدىكى تېمىمىزدا بالىلارنىڭ ئالىملارغا ئەدەپلىك مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا توختالغاندا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇ زامانلاردا ياخشى بىر ئۇستازغا ئېرىشىش ئۇلارنى ئۇزاق سەپەرلەرنى بېسىشقا مەجبۇر قىلسا، ئۇلار بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ يانمايتتى، بەلكى بۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياخشى كۆرىلىدىغان ئاسان ئەمەل بولۇپ بىلىنەتتى.

بالىلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىن باشقا يىراق يۇرتلارغا سەپەر قىلىشى، ئەلۋەتتە، ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن مۇشەققەت كەلتۈرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن ئۇلار بالىلىرىنى ساغلام بىر شەكىلدە ئىلىمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ يولدا سەرپ قىلىدىغان مال ـ مۈلۈك قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئۈچۈن پەرۋا قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «سىياسەت» دېگەن كىتابىدىكى «ئاتىلارنىڭ بالىسى ئۈچۈن قوللىنىدىغان تەدبىرى» دېگەن بابىدا مۇنداق دېگەن: «بالا ئۈچۈن ئەقىللىق، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق، بالىلارنى ئوقۇتۇشتا ئىقتىدارلىق، تەمكىن، بىمەنىلىكتىن يىراق بولغان، بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قويۇپ بەرمەيدىغان، قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلىلەردىن خالىي بولغان، تىلى تاتلىق، تەقۋادار، پاكىزە ۋە ئىپپەتلىك بىر تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىم.»

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ياخشى ئۇستازلارنى تاللاشتا مۇشۇ نۇقتىلارنى تۇتقۇ قىلغان ئىدى.

ئەبۇداۋۇدنىڭ خىزمەتكارى ئەبۇبەكرى ئىبنى جابىر مۇنداق دىگەن: «مەن باغدادتا ئىدىم، بىز شام نامىزىنى ئەمدىلا ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك قېقىلدى، ئىشىكنى ئېچىشىمغا خىزمەتچى:

— ئەمىر ئەھمەد ئەلمۇۋەففەق ئىجازەت سورايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلدى، ئۇ كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەبۇداۋۇد ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەمىرىمىز بۇ ۋاقىتتا نېمە سەۋەب بىلەن كەلدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ يەرگە ئۈچ ئىش بىلەن كەلدىم، - دېدى.

— قايسى ئۈچ ئىش ئۇ؟

— سەن بەسرىگە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردە ماكانلاشقان بولساڭكەن دەيمەن، چۈنكى، سەندىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ئىنسانلار كەلدى.

— بۇ بىر، ئىككىنچىسىچۇ؟ — سورىدى ئەبۇداۋۇد.

— ئەۋلادلىرىمغا ھەدىس كىتابلىرىنى رىۋايەت قىلسەن.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئۈچىنچىسىچۇ؟

— ئۇلارغا ئايرىم رىۋايەت قىلسەن، چۈنكى خەلىپىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئامما بىلەن بىر يەردە ئولتۇرمايدۇ، — دېدى ئەمىر.

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئېچىدىكى ئېسىلزادىلەر بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر ئىلىم ئالدىدا باراۋەردۇر، — دېدى ئەبۇداۋۇد.»

جابىر مۇنداق دەيدۇ: «كېيىن ئەمىرنىڭ ئوغۇللىرى كېلىپ دەرس ئاڭلاشقا باشلىدى، ئۇلار بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا پەردە تارتىلغان بولۇپ، ئۇلار دەرسنى بىللە ئاڭلايتتى.»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇتبە ئىبنى ئەبۇسۇفيان ئوغلىنى تەربىيىلىگۈچىگە: «ئى ئابدۇسسەمەد! ئالدى بىلەن ئۆزەڭنى ئىسلاھ قىل! چۈنكى بالىلارنىڭ كۆزلىرى سېنىڭ كۆزلىرىڭگە باقىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سېنىڭ توغرا دەپ قارىغىنىڭ توغرىدۇر، سېنىڭ خاتا دەپ قارىغىنىڭ خاتادۇر. سەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆگەت، لېكىن ئۇلارنى ئۇنىڭغا زورلىمىغىن. بولمىسا ئۇلار ئۇنىڭدىن سوۋۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى ئۇنى تەرك ئەتكۈزمىگىن، بولمىسا ئۇلار ئۇنى تاشلاپ قويىدۇ. ئۇلارغا شېئىرلارنىڭ ئەڭ ھايالىقلىرىنى، ھەدىسنىڭ ئەڭ ئۇلۇغلىرىنى ئۆگەتكىن. ئۇلارغا ئۆگەتكەن بىر بىلىمنى

www.uyghurkitap.com



تاكى ئۇلار ئۇنى مۇستەھكەم بىلىپ بولمىغىچە ئىككىنچى بىر ئىلىمنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلمە. سۆزنىڭ يېقىمسىزلىرى ئاڭنى بۇزىدۇ، ئۇلارنى مېنىڭ تەھدىتىم ئارقىلىق قورقۇت، بىراق ئەدەپلەشنى مەنسىز ئېلىپ بار. ئۇلارغا نىسبەتەن گويا كېسەلنى دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن داۋالايدىغان تەدبىرلىك دوختۇردەك بولغىن، ئۇلارغا پادىشاھلارنىڭ ھاياتىدىن سۆزلەپ بەرگىن. ئۇلارنى ئاياللار بىلەن سۆزلىشىشتىن يىراق قىلغىن، مەندىن ئۆزۈر تىلەشكە تايانما، مەن ساڭا يەتكۈچە تەۋەككۇل قىلدىم. ئۇلارغا كۆپ ئىلىم بېرىش بىلەن مەندىن خالىغىنىڭنى تەلەپ قىل، مەن ساڭا خالىغىنىڭنى بېرىمەن» دېگەن.

ماۋەردى ئۇستاز تاللاشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇستازنى ۋە تەربىيىلىگۈچىنى ياخشى تاللاش سۈت ئانىسىنى تاللاشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم. بالا تەربىيە قىلغۇچىسىدىن ئەخلاق، پەزىلەت، ئەدەپ ۋە ئادەتنى ئاتا- ئانىسىدىن قوبۇل قىلغاندىن كۆپرەك قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەربىيىلىگۈچى ئۇستازلار بىلەن ئاتا- ئانىلار بىلەن بىرگە بولغاندىنمۇ كۆپرەك بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن دەرس ئالىدۇ، بالا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا كەسكىن ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. شۇڭا تەربىيىلىگۈچى ئۇستاز پەقەتلا تىل ئۆگەتكۈچى، قۇرئان ئۆگەتكۈچى... بولماسلىقى، بەلكى ئۇ ئېپپەتلىك، دىيانەتلىك، ئېسىل ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، خىيانەت قىلمايدىغان، پادىشاھلارنىڭ ئەدەپ ۋە ئەخلاقلىرىدىن خەۋەردار، دىن ۋە فىقھى ئىلىمىدىن خەۋىرى بولغان، بىزنىڭ زىكرى قىلغانلىرىمىزغا تەرتىۋى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان، ئاۋادا يۇقىرىقى سۈپەتلەر بىرەرسى كەم بولغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن تەقۋالىق، دىن ۋە فىقھى ئىلمى كەم بولماسلىقى كېرەك.»

ھېكمەت ئىگىلىرىدىن بىرى بولغان ئىمام تىرمىزى: «باللار مەكتەپتە، بۇلاڭچىلار تۈرمىلەردە، ئاياللار ئۆيلەردە تۈزىلىدۇ» دېگەنكەن.

ئەمما ھازىرقى دەۋردە ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمەنلىرى مۇسۇلمان باللىرىنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سالماقتا. ئۇ ۋاسىتىلارنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ مەكتەپلەردە ئۇستازلىق قىلغۇچىلارنى كاپىر، پاسىقلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ ياكى شۇنداقلارنى تاللاپ ئىشلەتمەكتە. شۇنداقلا، باللارغا ئىسلام شەرىئىتىدىن ناھايىتى يىراق بولغان مەكتەپلەرنى تەسىس قىلماقتا. بۇ شەكسىز مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلىي دەلىلى. بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتكە دىققەت قىلساق، بۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە ھەرگىز شەك قىلمايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا مەنسۇپ تاجاۋۇزچىلارنىڭ باياناتلىرىمۇ ئەڭ ياخشى دەلىل بولالايدۇ،

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تونۇشىنىڭ تېخىمۇ ئايدىڭ بولۇشى ئۈچۈن، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بەزى پىلانلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

خرىستىئان پوپ سۇمئىل زۇمىر ئۆزىنىڭ «ئىسلام بۆشۈكى» دېگەن كىتابىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنى ئالدىغانلىقىنى ئىلان قىلىپ مۇنداق يازغان: «مەكتەپ تەلىماتى ۋە غەرب ئەخلاق تەربىيەسى چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ بالىلار ۋە ياش ئۆسمۈرلەردە ئوخشاشلا ياخشى ئۈنۈم بەردى. مەن بىر كۈنى مۇسۇلمان بالىلىرىنى بىر يەرگە توپلاشقا قادىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا گۈلۈبۈس (يەرشارى توپى) نى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچلۈك نۇر بېرىپ بۇ ئارقىلىق رامىزاندا روزا تۇتۇش بۇيرۇقىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلمىگەنلىكىنى، چۈنكى بۇ پەرز ئەمەلنى ئادا قىلىش بەزى جايلاردا تەسكە توختايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قانائەتلەندۈردۈم.»

بۇ پەسكەش دىن دۈشمىنى بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، قۇددۇسنىڭ «جەبەلى زەيتۇن» دېگەن يېرىدە ئىسلام دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان خرىستىئان دىنىنىڭ مۇرتلىرىغا يىغىن ئاچتى (بۇ خىل ئادەملەردە تەربىيىلىنىش ئۈچۈن بالا ئەۋەتكەن ئاتا- ئانىلار تېخىمۇ چوڭ جىنايەت ئىشلىگەن بولىدۇ). ئۇلار ئۇ مۇرتلارنىڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا ئىسلام ئەقىدىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىرىنىڭ ئاسانغا توختىمىغانلىقى ۋە بۇ يولدا ئۇچرىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى سۆزلىگەندىن كېيىن بۇ پەسكەش ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى ئەقلىي ۋە پىكرىي جەھەتتە ئازدۇرۇش نىشانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەر مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تونۇمايدىغان، ھەم تونۇشنىمۇ خالىمايدىغان، نەسىل يېتىلدۈرۈڭلار ۋە ئۇلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىڭلار! ئۇلارنى ھەم خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزمەستىن تاجاۋۇزچى، زومىگەر مىللەتلەرنىڭ خالىغىنىدەك چوڭ ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، راھەت ـ پاراغەتنى سۆيىدىغان، ھورۇن، بىكار تەلەت، دۇنيالىقىدا پەقەت ھاۋايى ھەۋەسى ئۈچۈن، يۇقىرى مەرتىۋىلىرىگە ئېرىشىشنىمۇ شەھۋىتى ئۈچۈن، باي بولىشىمۇ شەھۋىتى ئۈچۈن، يەنى ھەر ئىشتا پەقەت شەھۋەت ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان مۇسۇلمان نەسلىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ، شەھۋەت يولىدا كۈرەش قىلىدىغان ئۇلۇغ مەركەزدىن بىرنى تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىنى ئۆز شەھۋەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان قىلىڭلار!»

ئاللاھ پاناھ بەرسۇنكى، بۇ خرىستىئاننىڭ بۇندىن شۇنچە يىل ئىلگىرى بايان قىلغانلىرى شۇنداق بولسا، ھازىر ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزغا سىغدۇرالامسىز؟

ئەمما قاھىرەدىكى ئەرەب تىلى تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئەزاسى بولغان شەرقشۇناس ئۇستاز جەيىب، غەپلەت دۇنياسىغا چۆمۈلگەن ئىسلام دىيارىنىڭ ئەجەپلىنەرلىك ئىنسانلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىسلام نەگە قاراپ مېڭىۋاتىدۇ؟» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «زامانىۋى مەكتەپلەر ۋە نەشرىيات يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەلىم - تەربىيە مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ نىشانى مۇسۇلمانلاردۇر. گەرچە ئۇلار ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى خېلى دەرىجىدە ئاشكارا دىنسىز كۆرۈنىدۇ، بۇ بولسا غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام بىر ئەقىدە ئېتىبارى بىلەن ئەھمىيىتى ۋە سەلتەنەتىدىن ئازغىنە بىر نەرسىنى يوقاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىسلام ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كۈچ ئېتىبارى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى مۇتلەق تۈردە يوقاتتى.»

تۆۋەندىكىسى بولسا، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كونا شەيخى ئەللامە مۇھەممەد خىزىرنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى خرىستىئانلاشتۇرغۇچىلارنىڭ مەكتەپلىرىدە» دېگەن ماقالىسىدا ئىسلام ئۈممىتىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاتا - ئانىلارغا بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنىڭ خەتىرىنى بايان قىلىدۇ. مەن تۆۋەندە ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى سىزگە سۇنىمەن، بۇ بەلكىم دىلى ۋە زېھنى بىلەن قۇلاق سالغۇچىلارغا بىر ئەسكەرتىش بولغۇسى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«كىمكى بالىسىغا ياخشى بىر مۇھىت ھازىرلاپ ئۇنى ياخشى بىر ئۇسۇملۇكتەك قىلىپ ئۆستۈرسە، ئۇ بالا دىلى ساغلام، تىلى پاك، ئائىلىسىگە، دوست ۋە مىللىتىنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈشكە ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئەمما كىمكى بالىسىغا شۇنداق نەسىھەتلەرنى قىلماستىن، شۇنداق قىلىشتىن ئالىدىغان شۈكۈر نېئمەتلىرىنى قوبۇل قىلماستىن، بەلكى پىترىتىدە پاك تەبىئەت بىلەن تۇغۇلغان بالىسىنى بىلىپ تۇرۇپ نە بىر تۇغقاندارچىلىقىغا، نە ئەھدىگە رىئايە قىلمايدىغان، ئۇلارغا ھەمىشە ساختىكارلىق ئۆگىتىدىغان، كىشىنىڭ نەپسانىيىتىگە يامانلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ناچار گىياھ ھوسۇل بەرمەيدۇ. بالىلىرىنى ئاشۇنداق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ بېرىش بولسا، بىر مۇسۇلماننىڭ ھىدايەت ئۈستىدە بولسا، دىنى ۋە مىللىتىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن خۇشال بولىدىغان، ئۇلار ئۈچۈن جان پىدا

بولىدىغان ئالالاھنىڭ دىنىدىكى بىر بالىنى ئۇلۇغ دىنغا ئۇرۇش ئاچىدىغان، مۇسۇلمانلىق تۇيغۇسى ۋە غۇرۇرىنى ئۆلتۈرىدىغان مەكتەپلەرگە تۇتۇپ بەرگەنلىكىدۇر. بۇنداق مەكتەپلەرنى بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئېلىپ بېرىلىدىغان خىرىستىئانلاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى قۇرۇپ چىقىدۇ. بالىلىرىنى بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ قوينىغا ئاتقان كىشىنىڭ مىسالى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى بۇنداق مەكتەپلەردە دەرس بېرىدىغان ئۇستازلار مۇسۇلمان بالىلىرىغا باشقا دىنلاردىن مەلۇمات ياكى دەرس بېرىدىغانلىقى، بالىلارنى ئۇ دىنلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىلىشقا ئۈندەيدىغانلىقى، بالىلار ياكى بالىلارغا ئوخشاش دىن ھەقىقەتلەردىن مۇكەممەل خەۋىرى يوقلارغا ئىسلام دىنى ئۈستىدىن ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەرلىك ھالدا تەنە قىلىدىغانلىقى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئاشكارا بولۇپ كەتكەن ئەمەلىيەتتۇر.

بالىسىنى بۇنداق مەكتەپلەرگە بەرگەن ئاتا- ئانىلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، بالىسىنى ئۆلتۈرگەنلەر پەقەت بىر بالىنى ئۆلتۈرگەنلىك گۇناھىنى ئۈستىگە ئالسا، بالىسىنى بۇنداق مەكتەپلەرگە بەرگەنلەرنىڭ بالىلىرى شۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە چوڭ بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇن تەشۋىق قىلىدىغانلارغا ئايلىنىپ پۈتكۈل مىللەتنى ئۆلتۈرگەندەك گۇناھنىڭ ئېغىرىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپ چىقىدىغانلىقىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مۇنداق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ چىققانلار مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ ئۈستىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنىڭ قوپال، مەككار ۋە شەرىئەتكە بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنمەكتىدۇر.

بۇ مەكتەپلەرگە بېرىلگەن بالىلار، ئەلۋەتتە، بۇنداق مەكتەپلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئىلىم ئىگىسى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ دىنى ۋە ئېتىقادىدا تارتقان زىيىنى ئالدىدا بۇنچىلىك ئىلىم ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ھاۋايى ھەۋەستىن ئىبارەت بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. - خالاس. ئاتا- ئانىلار پاك بالىلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ دىنىنىڭ شەنىنى ئاياق ئاستى قىلىدىغان، مۇقەددەس دىنىغا تەنە ۋە ھاقارەت بولىدىغان مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بالىدىكى ئۇ پاكلىق ناپاكلىققا، ياخشىلىق يامانلىققا ئايلىنىدۇ. ئاقىۋەتتە، بۇ مەكتەپلەرنى قۇرغۇچىلارنىڭ مەقسىتىگە لايىق بولۇپ مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ.»

دەمەشىقتە بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەربىي ئىشلار ئورنىدا يۇقىرى دەرىجىلىك بىر

ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ كىچىك بالىسىنى ئىسلامىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغانلىقى دېيىلگەن بىر مەكتەپكە بەرگەنىكەن. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئەسلىدە چەتئەل مەكتەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەكتەپ بالىنىڭ ئەقىدىسىنى يوقىتىپ، ئاقىۋەتتە، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىنى خىرىستىيان دىنىغا چاقىرغۇدەك ھالەتكە يېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قايتىدىن ئىسلامغا قايتىش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي گۈزەل ماھىيىتىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىدىغان ۋە چاقىرىدىغان بىر يولنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېقىنقى مەزگىللەردىكى بىر رامىزان ئېيىدا نەشىر قىلىنغان بىر گېزىت (ياكى ژورنال) دا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە خىرىستىيان پوپىنىڭ مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ نە غۇرۇرى، نە مۇسۇلمانلىقىنى ھۆرمەت قىلماستىن گۆرەتلىرىنى كۆپتۈرگەن ھالدا ئىسلامنى سۆككەنلىكىنى، دىننى ئىنكار قىلغانلىقىنى، ئاخىرىدا دىلىدا ئىمانى كۈچلۈك يىلتىز تارتقان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارشى چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنى ماختىغان بىر ماقالىنى ئوقۇغان ئىدۇق. بۇ بولسا مۆمىنلەر ئۈچۈن بىر ئىبرەت ۋە ئىشارەتتۇر.

بىز خىرىستىيان پوپلىرىنى ياكى مەكتەپلەرنى ئىدارە قىلغان خىرىستىيانلاشتۇرغۇچىلارنىلا ھە دەپ سۆكىۋەرمەيمىز، ئۇلارمۇ ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ. ـ خالاس. بىزنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىمىز بولسا، بىز ئەۋلادلىرىمىزنى ساغلام ئەقىدىدە تەربىيىلەيدىغان مەكتەپلەرگە ئەۋەتىشكە، ساغلام ئەقىدىلىك ئۇستازلارغا تاپشۇرۇشقا تىرىشىشىمىز، مۇشۇنداق مۇھىتنى يارىتىشقا ھەر بىرىمىز قولىمىزدىن كەلگىنى بىلەن ھەمكارلىشىشىمىز لازىمدۇر. ئاخىرەتنىڭ زۇلۇمى ئېغىر ۋە ئەبەدىي قالغۇچىدۇر، ئاللاھ بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى بۇنداق زۇلۇمغا قېلىشتىن ساقلىسۇن!

## ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىش

ئۆز ئانا تىلى پىشىشىق ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئەرەب تىلى ئۆگىنىش ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى ئەرەب تىلى مۇقەددەس دىنىمىز بىلىملىرىنىڭ ئاچقۇچىدۇر، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەرەب تىلى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ تىلىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب تىلىنى ياخشى ئىگىلەشكە

رىغبەتلەندۈرگەن ۋە بالىلارنىڭ ئۇنى ياخشى ئىگىلىشىگە كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بەدىردە ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بالىلىرىغا ئوقۇشنى ۋە يېزىشنى ئۆگىتىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بەدىلى بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇلاردىن ھەر بىرى ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن ئونىغا ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىتىش شەرت قىلىنغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا فىدىيە بەرگىدەك ھالى يوق ئىدى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ فىدىيەسىنى ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىغا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇش قىلدى. بىر كۈنى، ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرى ئاتىسىنىڭ يېنىغا يىغلاپ كەلدى. ئاتىسى ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا بالا: "مۇئەللىم مېنى ئۇردى" دېدى. ئاتىسى: "ھۇ نىجىس، ئۇنىڭدىن بەدرىنىڭ فىدىيەسى تەلەپ قىلىنىدۇ، سەن ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا بارما" دېدى.» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئەينى زاماندا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان بالىلارنىڭ تىلىدا خاتالىشىشى قاتتىق ئەيىبلىنەتتى. «بىر كۈنى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوق ئېتىۋاتقان بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بالىلاردىن بىرى: "ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! بىز بىلىملىك بىر قەۋمىمىز" دېدى. ئۇ بىلىملىك دېگەن سۆزنىڭ لەۋزىدە خاتالاشتى. خەلىپە ئۆمەر بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ نەزىرىمدە سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا خاتالاشقىنىڭلاردىن ئاتقان ئوقۇڭلاردا خاتالاشقىنىڭلار ياخشىدۇر" دېدى.»

مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدا خاتالىشىشى كۆپەيگەندە، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەرەب تىلىغا ئەجەملەرنىڭ سۆزىنىڭ قېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالىملارغا ئەرەب تىلى قائىدىلىرىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى بالىلارغا ئۆگىتىشنى تاپىلىغان ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ ئەلئەسۋەد ئەددۇئەلىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا: "ئاسمان نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە؟!" دېگەندە، ئۇ: "يۇلتۇزلىرىچۇ؟" دەپ سورايدۇ، قىزى: "مەن ئۇنى دېمەكچى ئەمەسمەن، مەن ئاسماننىڭ ئېچىدىكىلىرىنى سورىماقچى ئەمەسمەن، بەلكى ئاسماننىڭ ئەزىمەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەيران قالىمەن" دېدى. بۇ قىز يۇقىرىقى سۆزدە "ئە" دېيىلىدىغان يەرنى "ئۇ" دېگەنىدى. بۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئەبۇلئەسۋەد ئەلىنىڭ قېشىغا بارغاندىن كېيىن، ئەلى ئۇنىڭغا قەغەز بېرىپ ئۇنىڭغا گرامماتىكا

قائىدىلىرىنى بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن.»

سەلەپ- سالىهلار ئەرەب تىلىنىڭ باشقا بارلىق ئىلىملەرنى ئىگەللەشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، ئوقۇغۇچى باللارنى تىلغا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىشكە دەۋەت قىلغان ئىدى.

ئىبنى ئابدۇلبەر ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئەلمەجۇسىنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ كىچىك ۋاقتىم ئىدى، مۇنزىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھۇزامى مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقاندا، باشقىلار ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئۇ سۆزلىرىمدىكى پاساھەتتىن ئاڭلاش بىلەن ماڭا: "سەن كىم؟" دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: "مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇل ئەزىزئىبنى ئەبۇ سەلەمە" دېدىم. ئاندىن ئۇ: "سەن ئوقۇپ قالغىن، ئايىغىڭنى ۋە سۆدىنىڭنى بىللە ئېلىپ كېلىپسەن" دېدى.»

ئىمام شافىئى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ باللىق دەۋرى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئارىسىغا بېرىش، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ پاساھەتلىك ئالىملارنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىدا ئەڭ مۇكەممەلى ئىدى.

ئىبنى سىنا «سىياسەت» دېگەن كىتابىنىڭ «ئاتىنىڭ بالىغا تەدبىرى» دېگەن بابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بالىلار ئالدى بىلەن قەسىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەقىدە يادلىشى لازىم، چۈنكى قەسىدە ياد ئېلىشقا ۋە ئۇنى رىۋايەت قىلىشقا ئاساندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ مىسرالىرى قىسقا، ۋەزىنلىرى يەڭگىلدۇر. شېئىردا ئەدەپ- ئەخلاقنىڭ پەزلى، ئىلىمنىڭ مەدھى، جاھالەتنىڭ ناچارلىقى، ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، توغرا يولغا قىزىقتۇرۇش ۋە مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى مەزمۇنى بولغانلىرىنى تاللىشى لازىم. بالا قۇرئاننى يادلاپ تىل قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بالىنىڭ تەبىئىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا قارىتا ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە يوللاپ بېرىلىدۇ.»

ئەمما ئەبۇلھەسەن ئەلماۋەردى بالىنىڭ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە ياخشى بىلىشىنىڭ مۇھىملىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەدەپ ۋە تەلىم ئېلىش يېشىغا يەتكەندە، قۇرئان بىلەن ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىشنى باشلاش كېرەك. چۈنكى ئەرەب تىلى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنىڭ تىلىدۇر. ئاللاھ تائالا دىنىنىڭ قانۇنلىرىنى ۋە پەرز ئەمەللەرنى بۇ تىلدا بايان قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى بۇ تىلدا بايان قىلىنغان، دىنىي كىتابلار، ھېكمەتلىك

مەزمۇنىدىكى كىتابلار ۋە ئۆنىگىدىن باشقا نۇرغۇن مەزمۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇ تىلدا يېزىلغاندۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن يولغا قويغان نۇرغۇن بەلگىلىرىمۇ بۇ تىلدا ئەڭ راۋان ئۇسلۇبدا بايان قىلىنىپ كېلىنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرەب مىللىتىنىڭ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىلا ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ تىلنى چوقۇم ئۆگىنىشى كېرەك. بولمىسا دىنىدا نادان قېلىش، ئىلمى چولتا بولۇپ قېلىش ئاقىۋىتى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تىلدىكى پاساھەت، ئوچۇقلۇق، قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىشى، گىراماتىكىدىكى قائىدىلەرنىڭ سىستېمىلاشقان ھالدا بولۇشى، ھەرپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈك پەرقلىرى، سۆزلىرىنىڭ مەنىلەرگە بايلىقى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرى باشقا تىللاردا ئەسلا يوق ياكى مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئەگەر بالىلارغا ئەرەب تىلى توغرا ۋە چىرايلىق ئۇسلۇبدا ئۆگىتىلسە، بۇ بالىلارنىڭ ئىلىم ئېلىشىدا چوڭ بىر بۆسۈش بولغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەتنىڭ پادىشاھلىرىمۇ بۇ تىلنى ئۆگىنەتتى ۋە ئۇنى ئۆز يېغىنلىرىدا، سورۇنلىرىدا زىننەت ئۈچۈن سۆزلەشكە قوللىناتتى.»

ئەلماۋەردى ئىبنى سىنانىڭ تىلدىن ئەڭ يېنىكىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تىل ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن تىلى يەڭگىل بولغان كىتابلارنى تاللاش لازىم. بالىلارنى باشتىن باشلاپلا تىلى ئېغىر، نەھۋى ۋە باشقا گىراماتىكىلىق قائىدىلىرى مۇرەككەپ بولغان كىتابلارنى ئوقۇشقا ياكى ئۆگىنىشكە يېتەكلىمەسلىكى لازىم. بالىلار بۇنداق مۇرەككەپ لەۋزىدىكى نەرسىلەرنى ئوقۇغاندا، دىققىتى لەۋزىنى توغرا ئوقۇشقىلا قارىتىلىپ كېتىپ مەنىسىگە دىققەت قىلىپ بولالمايدۇ. ئەمما نەھۋى ئۇستازلار، مۇئەللىملەر ۋە تەربىيىلىگۈچىلەر ئۈچۈن بۇلار چەكلەنمىگەندۇر. تىل ئۆگىنىشتە ئەرەبلەرنىڭ شېئىرلىرى، قىسسىلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ژانىرلارنى ئوقۇشتا بالىغا تىلى راۋان، مەزمۇنى ساغلام، دىنىي، ياخشىلىق، باتۇرلۇق، سېخىلىق، مەرتلىككە ئۈندەيدىغان مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تەۋسىيە قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بالا بىر تەرەپتىن ئەرەب تىلى پاساھىتىدە يېتىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خىل مەزمۇندىكى ئېسىللىكلەرنى قوبۇل قىلىپ، مەنىۋىيىتىمۇ توغرىلىققا مايىل بولىدۇ ۋە ئوقۇغان نەرسىلەردىكى ئېسىل ئوبرازلارنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان بولىدۇ.»

www.uyghurkitap.com

## چەتئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش

بالا ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگىنىپ، قۇرئان ـ ھەدىستىن بىرەر بۆلەك ياد ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشى ياخشىدۇر. چۈنكى چەتئەل تىلىنى بىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بىلىشكە، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ياكى تاقابىل تۇرىدىغان پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلىنىشقا، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا پايدىسى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگىنىدە، تىل ئۆگىنىش يولىنى تۇتقان ئىدى.

ئەبۇيەئلا ۋە ئىبنى ئەساكىر زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بالا بەنى نەججار قەبىلىسىدىن. ئۇ ئاللاھتىن سىزگە نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئون يەتتە سۈرە يادلىدى" دېيىشتى. ئاندىن مەن ئۆگەنگەن سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەردىم، ئوقۇغانلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياراپ كەتتى، ئۇ: "ئى زەيد! سەن مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلاردىن بىرىنىڭ مەن ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن" دېدى. ئاندىن مەن ئۇنى بىر يېرىم ئاي ئۆتمەيلا ياخشى ئۆگىنىپ بولدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەت يازماقچى بولسا، مەن يېزىپ بېرەتتىم. ئۇلار (يەھۇدىيلار) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يازسا، ئۇنى مەن ئوقۇپ بېرەتتىم.»

يۇقىرىقى ئىككى راۋىي ۋە ئەبۇداۋۇد زەيد ئىبنى سابىتنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "سەن سۇريانچە بىلەمسەن؟" دەپ سورىدى. مەن: "ياق!" دېدىم. ئۇ: "ئۇنى ئۆگەنگىن" دېدى. مەن ئۇنى ئون يەتتە كۈندە ئۆگەندىم.»

بۇنىڭغا ئاساسەن، سەلەپ ـ سالىھلار بالىلىرىغا ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە باشقا چەتئەل تىلىنىمۇ ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ھاكىم ئۆزىنىڭ مۇستەدرىكىدە ۋە ئەبۇنەئىم «ئەلھۇلىيە» دېگەن كىتابىدا ئۆمەر ئىبنى قەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېشىدا يۈز نەپەر بالا بار ئىدى. ھەر بىر بالا ئايرىم بىر تىلدا سۆزلەيتتى، مەن ئۇنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىغا قاراپ: "بۇ ئادەم ئاللاھنىڭ يولىنى پەقەتلا

تۇتماپتۇ“ دەيتتىم، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۇچۇن قىلىۋاتقانلىرىغا قاراپ: ”بۇ ئادەم دۇنيالىق ئىشلىرىنى پەقەتلا ئويلاشماپتۇ‹ دەيتتىم.»

## ئۆزى قىزىقىدىغان پەننى ئۆگىنىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش

بىز يۇقىرىدا زەيد ئىبنى سابىتنىڭ سۇريانىيچىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى ناھايىتى تېزلا ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار تاللاپ ئالدىغا كەلتۈرگەن بۇ بالىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ، ئۇنىڭغا تىل ئۆگىنىشنىڭ ئاسان توختايدىغانلىقىنى جەزىم قىلغاندىن كېيىن، شۇنداق بۇيرىغان. دېگەندەك، ئۇ بۇ تىلنى ناھايىتى تېزلا ۋاقىتتا يەتكۈزۈپ پۇختا ئىگەللىگەن. بىرىنىڭ ئىلىم ئېلىشىنىڭ تېز ۋە ئاستىلىقى ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئۇنىڭ شۇ ئىلىمنى ئېلىشقا مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا سەلەپ ئالىملىرىمۇ بۇ يولنى تۇتقان ئىدى. (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!)

ئىبنى سىنا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر پەن ۋە ئىلىم تۈرى ھەر بىر بالا ئۈچۈن ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. شۇڭا بالىنى ئىلىم ئېلىشقا يېتەكلىگەندە، بالىنىڭ رايى تارتقان ۋە شۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش بالا ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش كېرەك.»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇنۇس ئىبنى ھەبىب خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئەلپەراھىدىنىڭ قېشىغا قاپىيە ۋە شېئىر ئۆگىنىش ئۈچۈن كىرەتتى، بىراق ئۆگىنىش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى، ئاندىن خەلىل ئىبنى ئەھمەد بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— شائىرنىڭ: ”بىر نەرسىنى قىلىشقا كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇنى تەرك ئەت، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كۈچۈڭ يەتكەننى قىل!“ دېگەن سۆزى شېئىرنىڭ قايسى بابىدا؟ — دەپ سورىدى. يۇنۇس ھەبىب بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، خەلىل ئىبنى ئەھمەد ئۇنىڭدىن بۇ جاۋابنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بۆلۈمنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

ئىمام بۇخارىمۇ دەسلەپتە فىقھىنى ئۆگىنىشنى ۋە ئۇنىڭدا ئالىم بولۇشقا تىرىشقان ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭغا مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن: «سەن بېرىپ ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغىن!» دېدى. چۈنكى ئۇ بۇخارىنىڭ ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئىدى. ئىمام بۇخارى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەدىس ئۆگىنىشكە چىقىپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇ ھەدىس ئىلمىنىڭ ئىمام بولۇش مەرتىۋىسىگە

ئىبرىشتى.

## ئۆيدە ياخشى بىر كىتابخانىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى

بالىنىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە تىل ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۆيدە ئۇ قىزىقىدىغان ۋە پايدىلىنىدىغان ئىلمىي ۋە ئىسلامىي كۈتۈپخانا، ھېچ بولمىغاندا بىر كىتاب قويۇلىدىغان ئۈستەل بولۇشى كېرەك.

ئابدۇللاھ ئىبنى سەلەمەنىڭ ئاتىسى سەلەمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئاتام بەدىل ئىبنى ۋەرقائۇ بىر پارچە خەت يېزىپ: "ئى ئوغلۇم! بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى، ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى تەۋسىيە قىلىڭلار، بۇ خەت سىلەر بىلەن بىرگە بولغان مۇددەت ئىچىدە سىلەر ياخشىلىق ئۈستىدە بولۇسىلەر..." دېدى. ئاندىن ھەدىسنى زىكىر قىلدى. بۇ خەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، ئەلى ئىبنى تالىپنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان ئىدى.»

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر نۇسخىدىن ـ بىر نۇسخىدىن جەملەپ ئوغلى ئۈچۈن قالدۇرغان. ئوغلى ئۇنىڭدىن باشقىلارغا رىۋايەت قىلىپ بەرگەن. ئەسلىدە سەمۇرەنىڭ ئوغلىغا قالدۇرغىنى رىسالە شەكلىدە يوللانغان ھەدىسلەر ئىدى. ئىبنى سىرىينمۇ: «سەمۇرەنىڭ ئوغلىغا ئەۋەتكەن رىسالىسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلىملەر بار» دېگەن. دېمەك، ئۆيدە بىر كۈتۈپخانا بولۇش ئەۋلادلار ئۈچۈن زۆرۈر ۋە پايدىلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، جاھىز مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىياتشۇناسلار قاچانكى تالانتلىق بولۇپ ئىلىم ۋە ئەدەپ مەزمۇنىدىكى كىتابلارنى، تومىلارنى مىراس قالدۇرسا، بالا ئۇنى ئوقۇشنى، ئۇنىڭدىن ئىلىم ئېلىشنى، ئىچىدىكى ئەدەپ مەزمۇنلىرىدىن ئۆگىنىشنى، كۆرسىتىلگەن ھېكمەتلىك يولدا مېڭىشنى بەخت ھېس قىلسا، كىتابلاردىن ۋە ئۇنىڭ بىلىمىدىن يىراقلاشماستىن ئىلىمگە ھېرىسمەن بولسا، ئاندىن يېتەرلىك ۋە پايدىلىق ئىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ.»

شەيھەت ئىمام ئىبنى تەيمىيە ياكى ھەسەنۇلبەننا كىتابىدا ئۆيلەردە كىتاب بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆزىنىڭ «ئۇسمۇرلەرنى ئىسلام تەربىيىسىدە خالىس تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ جانلىق ۋەسىلىلىرى» دېگەن رىسالىسىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆيدە ئاز بولسىمۇ كىتابنىڭ بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ساقلىنىدىغان كىتابلار ئىسلام تارىخى، سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ھاياتى، ئەخلاق، ھېكمەت، ئىسلامىي

چاقىرىقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆيدە سالامەتلىك ئۈچۈن كىچىك بىر دورا ساندۇقى ساقلاش زۆرۈر بولغىنىدەك، ئەقىللىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۆيدە كىتابخانىنىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ پايدىسى بولمىغان، تۇترۇقسىز كىتابلارنى ئوقۇشتىن بىۋاسىتە قارشى پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق چەكلىمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان پايدىلىق ۋە قىزىقارلىق كىتابلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق توسۇش ۋە بۇ كىتابلارنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش كېرەك.»

## بالىلارغا تارىختىكى سالىھ ئالىملارنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئائىت ئىش- ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىش

قىسسە ۋە ھېكايىلەر بالىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ، قىزىقارلىق ۋە يەڭگىل بىلىنىدۇ. قىسسە ۋە ھېكايە قىلىش بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كىتابىدا قەيت قىلىنغان ھېكمەتلىك يوللىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا، بۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاد تەربىيىلەشتە قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلغان يوللاردىن بىرىدۇر. بالىلار بۇنداق يول ئارقىلىق تەربىيىلىنىشكە ئېرىشەلىسە، ئىنتايىن پايدىلىق تەربىيىلەش ۋاستىسىدىن بىرىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بالىلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىس يادلىغان كىچىك بالىلارنىڭ ئاجايىباتلىرىنى بايان قىلدۇق. ئۇ بايانلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئائىت قىسسىسى بايان قىلىندى. تۆۋەندە بولسا، يەنە بىرمۇنچە قىسسىلەرنى ھۆرمەتلىكلارغا سۇنىمىز:

## 1. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى

خەتىيب ئەلباغدادىي ئەھمەد ئىبنى نەسىر ئەلھىلالىدىن ئۇ ھەقتە زىكىر قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئاتامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: مەن سوفيان ئىبنى ئۇيەينەنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرغان ئىدىم، سورۇنغا بىر كىچىك بالا كىردى، ئۇ ھېلىقى كىچىك بالىغا قارىدى، سورۇندىكىلەر ئۇ كىچىك بالىنى ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى. ئاندىن سۇفيان ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر)

www.uyghurkitap.com



ئەدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىمانىنى) ئىلتىپات قىلدى[①] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن: "ئى نەزەر! ئەگەر مېنىڭ يېشىم يىگىرمە ياش، بويۇم بەش غېرىچ، يۈزۈم دىنارغا ئوخشاش، تېنىم دەرەخ شېخىدەك، كىيىم - كېچەكلىرىم قىسقا، پېشىم بىر غېرىچ، كەيگەن كەشىم چاشقان قۇلاقلىرىدەك بولسا، ئاندىن زۆھرى ۋە ئەمىر ئىبنىي دىنارغا ئوخشاش شەھەر ئالىملىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىختەك ئولتۇرسام، دۈۋتىم ياڭاقتەك، قەلەمدانىم بانانغا، قەلىمىم بەدەنگە ئوخشاش بولسىمۇ، شۇ هالەتتە سورۇندا هازىر بولسام، ئۇلار: كىچىك شەيخقە يول بېرىڭلار! - دەيدۇ" دېدى.

خەتىيب ئەل باغدادىي: "ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ئۇيەينە تەبەسسۇم قىلدى" دېدى. ئەھمەد بولسا: " ئاتام ئاندىن تەبەسسۇم قىلدى ۋە كۈلدى" دېدى.

## 2. مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ بالىلىق مەزگىلى

مۇترىپ مۇنداق دەيدۇ، «مەن مالىكتىن: "ئانامدىن: مەن بېرىپ دەرسىمنى يازايمۇ؟" دەپ سورىدىم. ئانام: "كەل، سەن ئاۋۋال دەرس كىيىمىڭنى كىيگىن" دېدى ۋە ماڭا قارا كىيىم، بېشىمغا كۈلاھ كىيدۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەللە يۆگىگەندىن كېيىن: "ئەمدى بېرىپ يازىدىغىنىڭنى ياز!" دېدى. ئانام دائىم: "سەن تەربىيىلىگۈچىنىڭ يېنىغا بارغىن ۋەئۇنىڭدىن دەرس ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگەنگىن!" دەيتتى.»

ئىبنى ۋەهەب مۇنداق دەيدۇ: «مالىك ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندە، يەنە مۇنداق دېگەن: "مەن كىچىك ۋاقتىمدا نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتىم، ئۇ ماڭا ھەدىس سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇ بامدات نامىزىدىن كېيىن مەجلىس سورۇنى تۈزۈپ ئولتۇراتتى ۋە مەجلىستە مەندىن باشقا ئادەم قالمىغىچىلىك دەرس قىلاتتى."»

## 3 . ئىمام شافىئىنىڭ بالىلىق مەزگىلى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشى

ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مال - مۈلكۈم يوق ئىدى، مەن ناھايىتى كىچىك يېشىمدىن باشلاپلا ئىلىم ئېلىشقا باشلىغان ئىدىم، (ئون ئۈچ ياش مەزگىللىرىمدە)

---

[①] سۈرە نىسا، 94 - ئايەت.

دىۋانغا بېرىپ، بىر تەرىپىگە خەت يېزىلىپ بولغان قەغەزلەرنى سوراپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە يازاتتىم.»

بۇۋەيتى ئىمام شافىئىدىن مۇنۇلارنى ھېكايە قىلىدۇ: «ئۇ بالىلىق چېغىدا مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەجلىسىدە ئىدى، بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مەن: "بۇ، بۇلبۇل ئەتىگەندە جىمىقمىسا، ئايالىم ئۈچ تالاق!" دەپ قەسەم ئىچكەنىدىم، — دېدى (بىر رىۋايەتتە «بۇلبۇل»، باشقا بىر رىۋايەتتە «كەپتەر» دېيىلگەن). مالىك ئۇنىڭغا پەتىۋا بېرىپ:

— سەن قەسىمىڭنى بۇزۇپسەن، — دېدى. ئۇ ئادەم كېتىپ قالدى. ئاندىن ئىمام شافىئى مالىكنىڭ سورۇنداشلىرىغا قاراپ:

— بۇ پەتىۋا خاتا، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى مالىككە يەتكۈزۈلدى. مالىك بولسا ناھايىتى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئادەم بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ھەتتا ساقچىلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار مالىككە:

— بۇ بالا بېرىلگەن پەتىۋانى خاتا دەپ قارايدىكەن، — دېيىشتى.

— سەن نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېدىڭ؟ - دەپ سورىدى مالىك. ئىمام شافىئى:

— فاتىمە ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىسسىسىدە ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئەبۇ جەھمى بىلەن مۇئاۋىيە ئۇزلىرى بىلەن نىكاھلىنىشىمنى تەلەپ قىلدى" دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەبۇ جەھمى مۈرىسىدىن ھاسىسى چۈشمەيدىغان ئادەم، ئەمما مۇئاۋىيە بولسا، قولىدا ھېچقانداق مال-مۈلكى يوق، يوقسۇل ئادەم..." دېگەنلىكى ھەققىدىكى ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سىز رىۋايەت قىلمىغانمىدىڭىز؟ ئەبۇجەھمىنىڭ ھاسىسى ھەر زامان ئۇنىڭ مۈرىسىدىمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدىن پەقەت كۆپىنچە ئەھۋالدا شۇنداق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن مالىك شافىئىينىڭ قەدرىنى تونۇدى. شافىئىي مۇنداق دەيدۇ:

— مەن مەدىنىدىن ئايرىلىشنىڭ ئالدىدا مالىكنىڭ ئالدىغا كەلدىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم، بىز ئايرىلىش ئالدىدا ئەبۇمالىك ماڭا:

— ئى بالىجان! ئاللاھتىن قورق، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان ئادەم ھەرگىز ھىدايەت

www.uyghurkitap.com

تاپمايدۇ)[1]﴾ دېگەن ئايىتى ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگىنىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر، - دېدى.

## 4. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ بالىلىق مەزگىلى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ناھايىتى كىچىك يېشىدىن باشلاپلا قۇرئاننى يادلاپ ۋە ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆگەنگەنلىرىنى تەھقىقلاشقا ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ناھايىتى كىچىك بالا چېغىمدىن باشلاپلا مەدرىسلەرگە كىرەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن دىۋانغا باراتتىم، مېنىڭ دىۋانغا بارىدىغان ۋاقتىلىرىم بولسا، ئون تۆت ياش ۋاقتىلىرىم ئىدى.»

ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدىلا ئۇنىڭدا ئەقىل- پاراسەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، ھەتتا بەزى ئەدەپشۇناسلار: «مەن بالامنىڭ ئەدەپلىك بولۇشى ئۈچۈن پۇل خەجلەيمەن ۋە ئۇلارغا ئەدەپ ئۆگەتكۈچىلەرنى تېپىپ كېلىمەن، لېكىن ئۇلاردا ھېچبىر نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل بولسا، بىر يېتىم. بالا قاراڭلار! ئۇ بولسا قانداق؟!» دېيىشەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەخلاقلىقىغا، تۇتقان يولىنىڭ دۇرۇسلىقىغا ھەيران قالاتتى.

## 5. ئىمام ئەبۇھەنىيفەنىڭ تالىپى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بالىلىق مەزگىلى

ئەبۇيۇسۇف مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەدىس ۋە فىقھى ئۆگىنەتتىم، قولۇمدا پۇلۇم ئاز ۋە ھالىم پەرىشان ئىدى، بىر كۈنى، مەن ئەبۇھەنىيفەنىڭ قېشىدا تۇرغىنىمدا ئاتام كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئاتام بىلەن بىرلىكتە قايتتىم، ئاتام يولدا كېتىۋېتىپ: "ئوغلۇم! ئەبۇھەنىيفە بار يەردە پۇتۇڭنى ئۇزارتمىغىن، ئۇ بولسا نېنى تەييار ئادەم، سەن بولساڭ كىرىمگە موھتاج" دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر زامانغىچە ئوقۇشتىن قېلىپ، ئاتامغا ھەمكارلىشىشنى ئوقۇشتىن ئەلا بىلىپ قالدىم، ئەبۇھەنىيفە مېنى سوراپ تۇردى، مەن ئۇنىڭ مەجلىسىگە كېلىشكە ۋەدە بەردىم، لېكىن بىر كۈن بارالمىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەجلىسگە بارغىنىمدا، ئۇ: "بىزنىڭ سورۇنىمىزغا

[1] سۈرە نۇر، 40 - ئايەت.

كېلىشىڭگە نېمە توسالغۇ بولدى؟" دەپ سورىدى. "تۇرمۇشىمىز ئۇچۇن تىرىكچىلىك قىلىش ۋە ئاتامغا بويسۇنۇش" دېدىم ۋە ئولتۇردۇم. مەجلىستىكى كىشىلەر قايتىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بىر تىللا بېرىپ: "بۇنى خىراجەت قىل" دېدى. كېيىن قارىسام، ئۇ يۈز دەرھەم ئىكەن. "سەن دەرسكە داۋاملىق قاتناشقىن، بۇ پۇل تۈگىگەندە ماڭا خەۋەر قىل!" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دەرستىن قېلىپ قالمايدىغان بولدۇم، ئارىدىن ئازغىنە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە يۈز دەرھەم بەردى. ئۇ مال بېرىپ بولۇپ، مەندىن ۋەدە ئالاتتى. لېكىن مەن ئۇ پۇلنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى چاندۇرمىساممۇ ۋە ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمىساممۇ، ئۇ خۇددى بىلگەندەكلا تۈگەپ قېلىشى ھامانلا ماڭا يەنە پۇل بېرەتتى.»

ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ ئۇسمۇرلىكىگە ئائىت يەنە بىر رىۋايەت بار: «ئەلى ئىبنى جەئىد مۇنداق دېدى:

ــ ماڭا ئەبۇيۇسۇف: "ئاتام ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب ۋاپات بولدى، مەن ئانام بىلەن قالدىم، ئانام مېنى بىر مەرگەنگە ئاپىرىپ بەردى. مەن مەرگەنلىكنى تەرك ئېتىپ، ئەبۇھەنىيفەنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتىم. ئانام بولسا، كەينىمدىن كېلىپ مېنى مەرگەنگە مەجبۇرىي ئاپىرىپ بېرەتتى. ئەبۇھەنىيفە مېنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان ھېرىسمەنلىكىمدىن سۆيۈنەتتى، ئانامنىڭ كۆپ قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، مېنى ئېلىپ كېتىشى ۋە مېنىڭ ئۇنىڭدىن قېچىشىم كۆپەيگەندىن كېيىن، ئانام ئەبۇھەنىيفەگە:

ــ ئۇنى پەقەت سەنلا بۇزىۋاتىسەن، بۇ بالا ھېچنېمىسى يوق بىر يېتىم بالا، مەن ئۇنىڭغا پەقەت توقۇمۇچىلىقتىن تاپقان پۇلۇم بىلەنلا تاماق بېرىمەن، مەن ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا بىر دانىق (بىر دەرھەمنىڭ ئالتىدىن بىرى) بولسىمۇ، تېپىپ ئۆزىنى ئۆزى بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ــ دېدى. ئەبۇھەنىيفە ئۇنىڭغا:

ــ بولدى قىلغىنە، ئەخمەق خوتۇن، ئۇ بولسا پىستە يېغىدا ئېتىلگەن فالوزەج تامىقىنى يېيىشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئانىسى قايتىپ كېتىۋېتىپ: "سەن بولساڭ، ئەقلىدىن ئاداشقان قېرى ئىكەنسەن" دېدى.»

ئەبۇيۇسۇف مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئەبۇھەنىيفەگە ھەمراھ بولدۇم، ئۇ ماڭا مال بىلەن ۋەدە قىلاتتى، ئۇ مېنىڭ ھېچبىر ھاجىتىمنى تەرك ئەتمىدى، ئاللاھ مېنى ئىلىم بىلەن مەنپەئەتلەندۈردى. ھەتتا مېنى قازىلىق مەرتىۋىسىگىچە كۆتۈردى، مەن ھارۇن رەشىد بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئۇنىڭ تامىقىنى بىرگە يەيدىغان ئورۇنغىمۇ ئېرىشتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھارۇن رەشىدكە فالوزەج تامىقى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كەلتۈرۈلدى، هارۇن ماڭا:

— ئى يەئقۇب! ئۇنىڭدىن يېگىن، بىزگە هەركۈنى بۇنىڭ ئوخشىشى كەلتۈرۈلمەيدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدۇم، ئۇ:

— پىستە يېغىدا ئېتىلگەن فالۇزەج، — دېدى. مەن بۇنى ئاڭلاپ كۈلدۇم، ئۇ:

— نېمىشقا كۈلىسەن؟— دەپ سورىدى.

— ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئەمرىنى ياخشىلىقتا ساقلىغاي، — دېدىم مەن. ئۇ مېنىڭ كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبىنى سوراپ چىڭ تۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، مەن كىچىك ۋاقتىمدىكى قىسسىنى باشتىن ئاياق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ هەيران قېلىپ:

— هەقىقەتەن ئىلىم ئىنساننىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ، دىن ۋە دۇنيالىقتا مەنپەئەت بېرىدۇ، ئەبۇهەنىيفەگە ئاللاھتىن رەھمەت تىلىگىن، ئۇ هەقىقەتەن كۆزى كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ئادەم ئىدى، — دېدى.»

## 6. ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ بالىلىق چېغىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى

خەتىيب ئەلباغدادىي مەجاشى ئىبنى يۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مەدىنىدە مالىكنىڭ قېشىدا ئىدىم، ئۇ كىشىلەرگە پەتىۋا بېرەتتى، ئۇنىڭ قېشىغا ئەبۇھەنىيفەنىڭ تالىپى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن كىردى، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بالا بولۇپ، «مۇۋەتتا» نى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد:

— مەسجىدتىن باشقا يەردە سۇ تاپالمىغان جۇنۇب توغرىسىدا نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— جۇنۇب مەسجىدكە كىرمەيدۇ، — دېدى مالىك.

— ناۋادا ناماز ۋاقتى كىرىپ قالغان، ئۇ سۇنى كۆرۈپ تۇرغان بولسا قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى. مالىك:

— جۇنۇب مەسجىدكە كىرمەيدۇ، — دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىۋەردى، مۇھەممەدمۇ ئۆز سوئالىدا چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن مالىك:

— سەن بۇ سوئالغا قانداق قارايسەن؟ —دەپ سورىدى ئۇ مۇھەممەدتىن.

— ئالدى بىلەن تەييەمۇم قىلىمەن، ئاندىن مەسجىدتىن سۇ ئېلىپ چىقىپ يۇيۇنىمەن، — دېدى.

— سەن نەدىن؟— دەپ سورىدى مالىك. ئۇ يەرگە ئىشارەت قىلىپ:

— مۇشۇ ئۇنىڭ ئەھلىدىن، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر:

— ئۇ، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن، ئەبۇھەنىيفەنىڭ تالىپى، - دېيىشتى. ئاندىن مالىك:

— مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن قانداقمۇ يالغان سۆزلىسۇن؟ ئۇ ئۆزىنى "مەدىنە ئەھلىدىن" دەپ زىكىر قىلدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى. ئۇ يەردىكىلەر:

— ئۇ "بۇنىڭ ئەھلىدىن" دەپ يەرنى ئىشارەت قىلدى، — دېيىشتى. ئاندىن مالىك:

— بۇ ماڭا ئاۋۋالقىسىدىنمۇ بەكرەك قاتتىق تۇيۇلدى، — دېدى.»

## 7. ئىمام ئىبنى ئەلجەۋزىنىڭ بالىلىقتىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى

ئىمام ئىبنى ئەلجەۋزى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئۇنىڭغا يەتكەن قاتتىقچىلىقلار ۋە ئۇنىڭ بۇ قاتتىقچىلىقلارغا سەۋر قىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئىلىم تەلەپ قىلىشقا بولغان ئىشتىياقىمنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بۇ يولدا تارتقان جاپا- مۇشەققەتلەر مەن ئۈچۈن لەززەتلىك بىلىنەتتى، بالىلىق چاغلىرىمدا ھەدىس ئۈچۈن قۇرۇق نان ئېلىپ باغدادتىكى ئىسا دەرياسى بويىدا ئولتۇراتتىم، ئۇ ناننى سۇنىڭ بويىدا يېمىسەم يېيەلمەيتتىم. ناندىن ھەر بىر چىشلەم يېگىنىمدە ئۇستىگە سۇ ئىچەتتىم، ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ ئىشتىياقىدا بۇ ماڭا ھېچقانچە بىلىنمەيتتى. مەن بۇ ئىشتىياقنىڭ مېۋىسىنى كۆردۈم. مەن تىرىشىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، ئۇنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەدەپ- ئەخلاقىنى، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالدىم.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەقەت بىر تۈرلۈك ئىلىمنى ئۆگىنىش بىلەنلا توختاپ قالماي، فىقھى، ھەدىس ئاڭلايتتىم. تەقۋادارلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆگىنىشكە تىرىشاتتىم. كېيىن يەنە تىل ئۆگەندىم. رىۋايەت قىلىدىغان، ۋەز ئوقۇيدىغان ھېچ بىر كىشىدىن دەرس ئېلىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمىدىم. ياقا يۇرتلاردىن بىرەر كىشى كەلسىلا، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىكى پەزىلەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقاتتىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى قوبۇل قىلاتتىم. ھەدىس ئاڭلاش ئۈچۈن مەسجىدلەرنى ئايلىناتتىم، دەرسكە يېتىشەلمەي قالارمەنمۇ دەپ ئالدىراپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چېپىپلا يۈرەتتىم. بەزى كۈنلىرى تاكى كەچ بولۇپ كەتكىچە يەيدىغان بىر نەرسە تېپىلمايتتى، ئاللاھ مېنى ھېچ بىر ئىنسانىنىڭ ئالدىدا رەزىل قىلمىدى، مەن يەنە ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋالىمنى بايان قىلسام، بۇ ھەقتىكى سۆز ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن.»

## 8. ئىمام ئىبنى سىنانىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ئىلىم تەلەپ قىلىشى

ئۇ ئون ياشقا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇرئان ۋە ئەدەپ دەرسلىرىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن، دىنىنىڭ ئاساسلىرى (ئۇسۇلىددىن)، ھېساب، ئالگېبىرا ۋە مۇقابىلە ئىلمىگە ئوخشاش ئىلىم تۈرلىرىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياد ئالغاندىن كېيىن مەنتىق، خېمىيە ۋە گېئومېتىرىيە ئىلىملىرىنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە بىلىپ بولۇپ، ئۇستازى ھەكىم ئەبا ئابدۇللاھ ناتەلىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فىقھىدا ئىسمائىل ئەززاھىدىنىڭ يېنىغا باراتتى. ئۇ تەبىئىي ۋە ئىلاھى ئىلىملارنى ھاسىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىلىملەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، ئۇ شۇ ئىلىملارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن تىب ئىلمىگە قىزىقىپ، تىپ توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنى تەتقىق قىلغان. ئۇ ئىلىمنىمۇ ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەخلاقى مۇكەممەل بىر ئەھلى تىپ قاتارىدا تاماملاپلا قالماي، بۇ ئىلىم ساھاسىدە ئالدىنقىلار ۋە كېيىنكىلەرنى بېسىپ چۈشكىدەك يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تەڭدىشى يوق بىر تىۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن، تىب ئىلمىنىڭ ئالىملىرى سانىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىۋانلىرىنى، تەجرىبە قىلىنغان دورىلىرىنى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا قەدەم قويغان مەزگىلى ئىدى. ئۇ ئوقۇش ۋە ئىشلەش جەريانىدا بىر كېچىمۇ قانغۇدەك ئۇخلاپ باقمىغان، بىر كۈن ۋاقىتىنىمۇ ئىسراپ قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭغا بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىش قىيىن كەلگەندە، تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە كېلىپ ناماز

ئوقۇپ، ئاللاھ تائالادىن مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر يولنى كۆرسىتىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئۇ ئەمەلىدە، زىھنىدە يېزىش ئىقتىدارى جەھەتتە زامانىدىلا ئەمەس، تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان نادىر بىر ئىنسان ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل پەن تۈرلىرى بويىچە يۈزدىن ئارتۇق كىتاب يازغان. ئۇنىڭ بەزى ئىلىم تۈرلىرىدىكى، بولۇپمۇ، تىب ئىلمىدىكى كىتابلىرى تاكى ھازىرقى زامانغىچە دۇنيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتىلىدىغان تۈرلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!

## خاتىمە. ئىلىم، قۇرئان، جىھاد ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى چەم قىلغان ساھابىلارنىڭ بالىلىرىدىن بىر مىسال

ھاكىم مۇستەدرەكىدە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇئاس ۋەقەسى يۈز بەرگەندە مەن ئالتە ياشتا ئىدىم. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن بەش يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، مەن ئون بىر ياشتا ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىپ: "بۇ، خەزرەجلىك بالا. ئۇ ساڭا ئاللاھ نازىل قىلغان سۈرىلەردىن ئون ئالتىنى يادلاپ بولدى" دېيىلدى، مەن بەدرى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا چىقىشقا ئىجازەت ئالالمىدىم، ئەمما خەندەك ئۇرۇشىغا چىقتىم.»

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «زەيد ئىبنى سابىت ئىبرانىيچە ۋە ئەرەبچە يېزىقتا خەت يازاتتى، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قاتناشقان ئۇرۇشى خەندەك ئۇرۇشى بولغان، بۇ چاغدا ئۇ ئون بەش ياشتا ئىدى. ئاشۇ كۈنى ئۇ تۇپا توشىغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ نېمىدېگەن ياخشى بالا!" دېگەن ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قالغاندا، ئەممارە ئىبنى ھەزم كېلىپ ئۇنىڭ قوراللىنى تۇيدۇرماستىن ئېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئى ئۇيقۇ دادىسى! قوراللىڭنى يوقاتقىدەك ئۇخلىدىڭمۇ- ھە؟!" دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ بالىنىڭ قوراللىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدىغان بىرى بارمۇ؟" دېدى. ئەممارە ئىبنى ھەزم: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى مەن ئالغان ئىدىم" دېدى ۋە ئۇنى قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى مۆمىننى قورقىتىش ئۈچۈن چاقچاقتىن ياكى راستىن بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋېلىشتىن چەكلىدى.»

www.uyghurkitap.com



## سەككىزىنچى بۆلۈم

# جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈش

مۇقەددىمە

بىرىنچى، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىرى

بالىنى سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش، ئات مىنىش، چېلىشىش ۋە يۈگۈرۈش مەشىقلىرىنى قىلىشقا يېتەكلەش

مىسۋاك ئىشلىتىش سۈننىتىگە ئادەتلەندۈرۈش

بالىنىڭ تازىلىقىغا ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش

يېمەك- ئىچمەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشكە يېتەكلەش

ئوڭ تەرەپنى بېسىپ ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش

تەبىئىي ئۇسۇلدا داۋالىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ بامدات نامىزىغا بالدۇر تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

يۇقۇملۇق كېسىلى بار بالىلاردىن يىراق تۇتۇشقا دىققەت قىلىش

بالىلارغا ھەسەتخورنىڭ كۆزى ۋە جىنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدىغان دۇئالارنى ئوقۇش

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋالاش يوللىرى

1- كېسەل بالىنى تېزدىن داۋالاش

2- كېسەل بالىنى يوقلاش

3- ئۇد ھىندى (ھىندىستاندا ئۆسىدىغان پۇراقلىق دەرەخ) بىلەن داۋالاش

4- قان ئالدۇرۇش ۋە سۈرگە ئىچۈرۈش ئارقىلىق داۋالاش

5- دۇئا ۋە دەم سېلىش بىلەن داۋالاش

6ـ كۆز تەگكەنلىكنى داۋالاش (ئاشلاش ياكى ئاش چىقىرىش)

7ـ قۇرئان ۋە ھەدىستىن بولمىغان نەرسىلەرنى بالىنىڭ بوينىغا ئېسىشنىڭ ھاراملىقى

## مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن ۋە ئۇنىڭ يولىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن دىندۇر. دىنىمىزنىڭ نۇرغۇن بەلگىلىمىلىرى ۋە رۇكنىلىرى، بۇيرۇقلىرى ئاساسەن ئىنسان جىسمىنىڭ ساغلاملىقىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇر. ئىنساننىڭ بەدىنى ئىنسان ئۈچۈن بىر ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئاسراش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋاجىپتۇر. ھەتتا ئۇنى داۋالاش، يەنى ئاللاھ ئىنسانغا تەقدىر قىلىپ بېكىتكەن كېسەلدىن ئىبارەت تەقدىرنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتىشقا تىرىششنى ئاللاھتىن شىپالىق سوراش بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرىدى.

ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر بىر كېسەلنىڭ بىر دورىسى باردۇر. ئەگەر دورا كېسەلگە مۇناسىپ كەلسە، ئاللاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن شىپالىق تاپىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئى ئۇسامە ئىبنى شەرىكتىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدىم، سەھرالىق ئەرەبلەر كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ داۋالانساق بولامدۇ؟" دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! داۋالىنىڭلار! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ پەقەت بىر كېسەلدىن باشقا ھەرقانداق كېسەلنى ئۇنىڭ شىپاسىنى بەرمەستىن بەرگىنى يوق" دېدى. ئۇلار: "ئۇ كېسەل قايسى؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قېرىلىق" دەپ جاۋاب بەردى.»

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان، «مەن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز دېمىدە قىلساق بولىدىغان بىر دېمىدە، داۋالىنىشقا بولىدىغان بىر داۋا، قورقۇشىمىزغا بولىدىغان بىرەر قورقۇشنى كۆردىلىمۇ؟ بىرەر نەرسە ئاللاھنىڭ تەقدىرىنى ياندۇرامدۇ؟" دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن" دېدى.»

يۇقىرىقى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ كېسەللىرى ۋە ئاھ - زارىغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان

www.uyghurkitap.com

ھەدىسلەردۇر. ھەدىستە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىنگە قارىغاندا ئاللاھقا سۆيۈملۈكرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشىلىق بار.»

باللارنىڭ نۇرغۇن كېسەللىكەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار قايسىلار ئىكەنلىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

بىز ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، بالىنىڭ سالامەتلىكىنى يېتىلدۈرۈشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق سەككىز نۇقتىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز:

## بىرىنچى، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسلىرى

### بالىنى سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش، ئات مىنىش، چېلىشىش ۋە يۈگۈرۈش مەشقلىرىنى قىلىشقا يېتەكلەش

بىز بالىنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا توختالغان بۆلۈمىمىزدە، باللارنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش ھەققى بارلىقىنى؛ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بالىنىڭ تەربىيىلىگۈچىلىرى ۋە ئاتا- ئانىلىرىغا بۇلارنى باللىرىغا ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، ھەم بۇنىڭغا يەنە ئات ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنىمۇ ئۆگىتىشنى قوشۇپ قويغانلىقىنى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارنى رەتكە تىزىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىككى بالىنى چېلىشىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى سىناپ كۆرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلغان ئىدۇق. بەدەننى چېنىقتۇرۇش بالىنىڭ جىسمىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇركى، بەدەن قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان بالىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئاللاھ باشقا بىر سىناقنى ۋە باشقا بىر مۇسىبەتنى ئىرادە قىلمىغانلا بولسا، بالىنىڭ بەدىنى كېسەللىكنى ئۆزلىكىدىن قوبۇل قىلمايدىغان ھالدا كۈچلۈك بولىدۇ.

بىز ئادەتتە قانداقلا بىر دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزدا، ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ساقلاشقا بەرگەن تەۋسىيىلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرىنىڭ نەقەدەر توغرا ۋە ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىزنىڭ سۇ ئۈزۈش، ئوق ئېتىش، ئات مىنىش، يۈگۈرۈش ۋە چېلىشىشتەك چېنىقىش ۋە

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بالىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېتىپلا قالماي، ئۇنىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىدە كۆپ توختىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ ھەممىگە ئومۇم بولغان ئۇقۇمدۇر.

## مىسۋاك ئىشلىتىشكە ئادەتلەندۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. ھەتتا ئۇ: «ئەگەر ئۇممىتىمگە تەس كېلىپ قالمىسۇن دېمىسەم، ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرىغان بولاتتىم» دېگەن. ئەگەر بالا چىشلىرىنى چوتكىلاشقا ئادەتلەنسە ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرسا، چىشلارنىڭ چۈرۈشى ۋە شالاڭ چىقىشىغا ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان چىش ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يېڭى تىبابەتچىلىك مىسۋاكنىڭ پايدىلىرىنى، ئۇنىڭ چىشلارنى تازىلاشتا ۋە چىش مىلىكلىرىنى كۈچلەندۈرۈشتە ئالاھىدە رولغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەراك دەرىخىدىن ۋە باشقا مىسۋاك قىلىشقا يارايدىغان دەرەخلەردىن ئېلىنىدىغان مىسۋاك باھاسى ئەرزان بىر ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ ئەرەب دۆلەتلىرىدە كۆپتۇر. ئىمام نەۋەۋىي سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە چىشنى تازىلاش ئۈچۈن ئەراك دەرىخىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭمۇ جائىزلىقى، چىشنى تازىلايدىغان ھېچنېمە تېپىلماي قالغاندا. قولنىڭ بارماقلىرى ۋە پاكى قاتتىق رەختكە ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. مۇھىم بولغىنى بالا مىسۋاك ئىشلىتىشتىن ئىبارەت بۇ سۈننەتكە ئادەتلىنىشى ۋە مەيلى قايسى ئۇسۇلدا بولسۇن، چىشلىرىنى تازىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىشى لازىم.

## بالىنىڭ تازىلىقىغا ۋە تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش

تازىلىق ئىسلام ئەركانلىرىدىن بىر رۇكنىدۇر. ناماز ئوقۇماقچى بولغان بالا تاھارەت ئېلىشى، ناماز ئوقۇيدىغان يەرنىڭ پاك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى ۋە كىيىملەرنىڭ پاك بولۇشىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قوبۇل قىلمىسا بۇيرۇلىدىغان، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ئادا قىلمىسا ئۇرۇلىدىغان، نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھازىرلىقلاردۇر. تىرناقلىرىنى ئېلىشقا ئادەتلەندۈرۈش

www.uyghurkitap.com

بولسا: «بەش ئىش پىترەتتىندۇر... ۋە تىرناق ئېلىپ...» دېگەن ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، بەش پىترەتنىڭ بىرىدۇر. تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن بالا قولىنى ئاغزىغا سېلىش سەۋەبى بىلەن نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبكار بولىدىغان تىرناق ئاستىدىكى كىرلەرنىڭ ئېغىزغا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنالايدۇ.

## يېمەك- ئىچمەكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشكە يېتەكلەش

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن يېمەك- ئىچمەك ئەدەپى توغرىسىدىكى بابتا بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىشى، قوللىرىنى داستىخاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە يۈگۈرتۈپ يۈرمەسلىكى توغرىسىدىكى ئەدەپلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. ئەگەر بالا تاماق يېگەن ۋاقىتىدا تويغان ھالدا تاماق يېمەسلىك سۈننىتىگە بويسۇنسا، بەدىنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىغا يېتىدىغان كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن كاتتا بىر ئۆتۈقۇقا ئېرىشكەن بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە، مىقدام ئىبنى مەئدى يەكرەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ھېچبىر ئادەم قارنىنى تولدۇرۇشتىنمۇ يامان بىر قاچىنى تولدۇرمىدى، ئىنسان بالىسى ئۆزىگە يېتەرلىك مىقداردا لوقما يېيىشى كېرەك. ئەگەر قارنىنى تولدۇرماقچى بولسا، قارنىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تاماق ۋە ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىستېمال قىلىشى، قالغان ئۈچىنچى ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن ئايرىشى لازىم" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

ئەمما ئىچىملىك ئىچىشتە بولسا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەدىبقلاش لازىم. ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىچىملىك ئىچكەندە، ئۈچ قېتىم نەپەس ئالاتتى.» بۇ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتى بولۇپ، تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ ئەڭ راھەت، ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ خۇش كەيىپ ھالەتتە ئىچەتتى» دېيىلگەن.

ئەنەس رىۋايىتىنىڭ داۋامىدا: «مەنمۇ سۇ ئىچكەندە ئۈچ قېتىم نەپەس ئالىمەن»

دېگەن.

ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىچىملىك ئىچسە، ئىچىش جەريانىدا ئۈچ قېتىم نەپەس ئېلىپ: "بۇ ئەڭ راھەت، ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ خۇش ھالەتتۇر" دېگەن.»

بالا مەيلى قانداقلا بىر ئىچىملىك ئىچكەندە قاچىغا تىنىشتىن چەكلىنىشى لازىم. چۈنكى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇقەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاچىغا تىنىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىندى.

تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىغا تىنىشتىن ياكى ئۇ قاچىغا پۈۋلەشتىن توسقان» دېيىلگەن.

زەمزەمدىن باشقا بارلىق ئىچىملىكلەر ئولتۇرۇپ ئىچىلىدۇ، پەقەت زەمزەمنىلا ئۆرە تۇرغان ھالەتتە قىبلە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئىچىش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن بىرىڭلار (ئىچىملىك ئىچكەندە) ئۆرە تۇرۇپ ئىچمىسۇن، كىمكى ئۇنۇتقان بولسا قۇسۇۋەتسۇن» دېگەن.

## بالىنى ئۇزۇن تەرەپنى بېسىپ ئۇخلاشقا ئادەتلەندۈرۈش

بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا قويۇپ بەرگەن كۆرسەتمىسىدۇر. ئۇنىڭ سالامەتلىك ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق تەرەپلىرى باردۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە تەۋسىيە قىلىپ: «ياتماقچى بولغاندا تاھارەت ئال، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ تەرىپىڭنى بېسىپ يات ۋە: "ئى ئاللاھ! مەن ئۆزەمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى سەن تەرەپكە قىلدىم، ئەھۋالىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئارقامنى ساڭا سىغىندۇردۇم. قورقۇش ۋە ساڭا قىزىقىش پەقەت سەن تەرەپتىندۇر. سەندىن باشقا سىغىنىلىدىغان زات ۋە سەندىن باشقا قورقىلىدىغان زات يوقتۇر. سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىمان ئېيتتىم، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىشەندىم" دېگىن ۋە بۇ سۆزلەرنى شۇ كۈندىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىڭ قىلغىن!» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

## بالىنىڭ تەبىئىي ئۇسۇلدا داۋالىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش

بەدەنىدىكى ئەزالارنى ئۇۋۇلاش ۋە مۇجۇش ئىنسان هاياتىنىڭ ھەممىسى مۇھتاج بولىدىغان بىر ئەھۋالدۇر. بالا ئاتا- ئانىسى ياكى تەربىيىلىگۈچىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەدەنلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇشنى مەشق قىلىپ كۆنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەلگۈسىدە ئەسقاتىدىغان بۇنداق بىر ياخشى ماھارەتنى بالىلىقتىن باشلاپلا يېتىلدۈرگەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا بۇنى ئۆگەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ مۇبارەك بەدىنىنى مۇجۇتۇش ئارقىلىق بالىلارنى مەشق قىلدۇرغان ئىدى. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى بايانىمىزنى ھەممىمىز تەڭ ئاڭلايلى: تەبەرانىي، بەززار، ئىبنى سۇنىي، ئەبۇنەئىم ۋە سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم، ھەبەشىستانلىق كىچىك بالا ئۇنىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇۋاتقان ئىكەن، مەن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىرەر يېرىڭ ئاغرىمىدۇ؟" دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " تۆگەم تۈنۈگۈن مېنى قېيناپ قويغان ئىدى" دېدى.»

## خۇپتەن نامىزىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ، بامدات نامىزىغا بالدۇر تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش

بالا بامدات نامىزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم. بالا بالدۇر ئۇخلىغاندىلا ئاندىن ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزىغا تۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى كۈنى سەھەردە روھلۇق، جانلىق تۇرۇشى ئۈچۈن قانغۇدەك ئۇخلىغان بولۇشى كېرەك. قانغۇدەك ئۇخلىشى ئۈچۈن بۇرۇن يېتىشى لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنىڭغا رىئايە قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇپتەن نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئوقۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن بالىلىرىنى ئۇخلىتىپ قوياتتى.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇشنى كېچىكتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ: "ناماز ئوقۇيلىمۇ؟ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللار ۋە بالىلار ئۇخلاپ قالدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچلىرىدىن سۇ تامچىغان ھالدا چىقىپ: "ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويۇشنى ئويلىمىغان بولسام، ئۇلارنى خۇپتەننى مۇشۇ ۋاقىتتا

ئوقۇشقا بۇيرىغان بولاتتىم“ دېدى.»

مۇسۇلمان بالىلىرى دىنىنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا ئادەتلىنىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى بەدەننى قۇۋۋەتلەيدىغان ئوكسىگېن بىلەن تەمىنلىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى نامازدا، جىسمى پاك ۋە پايدىلىق هاۋادا قۇۋۋەتلىنىدۇ. چۈنكى سەھەر ۋاقتىدا ئۆكسىگېن تەركىۋىدىكى زەرەتلەر تارقىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭغا پەقەت سەھەر تۇرغان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ. تىببىي ئىلىملەر بۇ پايدىلىق گازنىڭ پەقەت ۋە پەقەت سەھەر ۋاقتىدىلا تارقىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدەندىكى هۇجەيرىلەرنىڭ هەرىكىتىنى جانلاندۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا كۆپلىگەن كېسەللىك ئۈچۈن شىپالىق رولى بارلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. دېمەك، بۇ پايدىلىق زەرەت گاز سەھەر تۇرغان هەر بىر جانلىق ئۈچۈن پايدىلىق بولغىنىدەك، بالىلاردەك ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش نوتىلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

هاكىمدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كېچە تىمتاسلىققا چۆمگەندە سۆھبەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. شۈبهىسىزكى، سىلەر ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر» دېگەن.

يۇقىرىقى ئىلمىي بىلىملەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بىلەن پەننىي ئىلىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دىننى يامان كۆرگۈچىلەر ۋاقالىغاندەك هېچقانداق بىر زىتلىق يوق. كىمكى بالىسىنى دىنىي شەرىئەتلەر كۆرسەتكەن يول بىلەن تەربىيىلەشكە تۇتۇش قىلىدىكەن، دۇنيادىكى ئىلىملەردىن ئۇنىڭ بىلىشى كېرەك بولغانلىرى مۇلازىمەت ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزلىكىدىن كېلىدۇ.

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بولسا، رىزىقنىڭ زىيادە بولۇشىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر. ئۇ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى ئويغىتىپ: «ئورنىڭدىن تۇرغىن! رىزىقلار تەقسىم قىلىنىدىغان ۋاقىتتا (يەنى سەھەردە) ئۇخلامسەن؟» دېگەن.

بەيهەقىنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام فاتىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهانىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ئويغىتىپ: «قوپقىن! پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزىق بەرگەنلىكىگە شاهىد بولغىن» دېگەن.

## يۇقۇملۇق كېسىلى بار بالىلاردىن يىراق تۇتۇشقا دىققەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئىنسانلار توپلىنىدىغان يەرلەرگە كەلمەسلىكى ۋە ئۇلارنى ھېچبىر كىشىنىڭ زىيارەت قىلماسلىقىنى پىرتكول ئۆممەتنىڭ چوڭ- كىچىك، ئەر- ئايال ھەممىسىگە جاكارلىغانىدى.

كىچىك ياشتىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرىگە يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇپ قالىدۇ، شۇنداق بولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئاتا- ئانىلار ياكى بالىنىڭ كېسىلىنى باققۇچىلار قوشنىلار ۋە خىش- ئەقرىبالىرىنىڭ، تونۇشلىرىنىڭ يېنىغا زىيارەت ئۈچۈن بارغاندا، بالىلارنى ئېلىپ بارماسلىقى لازىم. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭمۇ بالىنىڭ بۇ كېسىلىنى يوقلاپ كەلمەسلىكى لازىم. بۇنداق قىلىش چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىركىتكەن ئەڭ گۈزەل قائىدىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يۇقۇملۇق كېسەل ساق ئادەمنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلمىسۇن!» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

شۇنىڭدەك، يەنە ئاتا- ئانا بولغۇچىلار يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ قالغان بالىسىنى ياشقا بالىلىرىدىنمۇ ئايرىشى كېرەك. بۇنداق قىلغاندا بالىغا روھىي جەھەتتىن ئازاب بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ بالىلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش بالىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

## بالىلارغا ھەسەتخورنىڭ كۆزى ۋە جىننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدىغان دۇئالارنى ئوقۇش

بۇنداق دېمىدە بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت بالىلار ئۈچۈن قوللانغان بولۇپ، بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلار سالامەتلىكى ۋە ساغلاملىقىنى ئاسراشتىكى ئاساسلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇسۇلنى قوللىنىپلا قالماي، يەنە

ئاتا- ئانىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان. ئىمام نەۋەۋىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ «ئەزكار» دېگەن كىتابىنىڭ «بالىلار ۋە باشقىلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان نەرسىلەر» دېگەن بابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان تۆۋەندىكى رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

سەھىھۇل بۇخارىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۈچۈن ھۆرۈپ، كۆز تېگىشتىن ۋە باشقا بەرەر زىيان كېلىشتىن پاناھ تىلەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: "ئاللاھنىڭ بارلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن شەيتانىنىڭ شەررىدىن، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن (ئۇقۇلۇشى: ئۇئىيزىكۇما بىكەلىماتىللاھىت تاممەھ مىنكۇللى شەيتانىن ۋە ھاممەھ ۋە مىنكۇللى ئەينىن لاممەھ)" ۋە يەنە مۇنداق دەيتتى: "شۈبھىسىزكى، ئاتىلىرىڭلار ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئۈچۈن شۇنداق پاناھلىق تىلىگەن (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ سالاملىرى بولسۇن!)"»

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى "ھاممە" دېگىنى يىلان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان زەھەرلىك نەرسىلەردىن پاناھ تىلەش؛ "لاممە" دېگىنى كىشىلەرنىڭ يامان كۆزلىرىدىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر.»

ئىمام تىرمىزى ئۇبەيد ئىبنى رەفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەسما بىنتى ئۇمەيسنىڭ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! جەئفەرنىڭ بالىلىرى بەكلا كۆزلەرگە يېقىن (يەنى كىشىلەر ئۇلارغا بەك قارايدۇ) مەن ئۇلارغا دېمىدە قىلىپ ھۆرۈپ قويسام بولامدۇ؟"» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، بىر نەرسە تەقدىر قىلىنغان ئىشتىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ئىش بولسا، كۆز تېگىش بولىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» دا ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە بىر بالا يىغلاۋاتقان ئىكەن، ئۇلار: "بۇ بالىغا كۆز تەگدى" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا كۆز تەگمەسلىكى ئۈچۈن رۇقىيە (دېمىدە) قىلمامسىلەر؟!" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىردى، ئۇ بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ: "بۇ بالا نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئۇنى كۆز تېگىشتىن يىراق قىلىش ئۈچۈن رۇقىيە (دېمىدە) قىلمامسىلەر؟!" دېدى.»

ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئەۋۋىزات (فەلەق سۈرىسى بىلەن ناس سۈرىسى) نى يېزىپ كىچىك بالىسىنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قوياتتى.

يۇقىرىقىلار كېسەللەردىن ساقلىنىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇركى، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋە راست مۆمىن بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلىم ئالغان مۆمىنلەردىن باشقىسى پايدىلىنىلمايدۇ.

## ئىككىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋالاش يوللىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىپ قالغان بالىلارنى داۋالاشتىكى ئەڭ ئاساسلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟ بۇ يەردە بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋالاشقا ئائىت كۆرسەتمىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىمىز:

### 1. كېسەل بالىنى تېزدىن داۋالاش

بالا كېسەل بولغاندا، ئۇنى تېزدىن دوختۇرغا كۆرسىتىش كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى يەڭگىللىتىش ۋە ئېغىرلاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ھەتتا بۇ ئەڭ ھالقىلىق بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن كېسەللەرنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشى ياكى يامان ئاقىۋەتكە يۈزلىنىشى كېسەل بالىنى دوختۇرغا ئېلىپ بېرىشتا كېچىككەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بالىنى داۋالاشقا ئالدىراشقا بۇيرۇيدۇ.

ئىبنى سەئد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىچىك ۋاقتى ئىدى، ئۇ ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنىڭ يېنىدا يىقىلىپ چۈشۈپ پېشانىسى يېرىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئائىشە ئۇنىڭ قېنىنى سۈرتكىن" دېدى. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا رايىم بارمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېرىپ، ئۇنىڭ قېنىنى سۈرتتۈۋەتكەندىن كېيىن: "ئەگەر ئۇسامە قىز بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا كىيىم بەرگەن ۋە ئۇنى زىننەتلىگەن بولاتتىم" دېدى.»

ۋاقىدى ۋە ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئەتا ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كېلىشىگىلا چېچەك چىققان ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى كىچىك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ

ئاغزىدىن شالدام ئېقىپ تۇراتتى. شۇڭا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنى مەينەت كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېنىنى سۈرتۈشكە رايى بارمىدى (سۈرتكىلى ئۇنىمىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ تېزدىن ئۇنىڭ قېنىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى سۆيدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىشە: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ يىراقلاشمايمەن" دېدى.» قارىماسىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى گۈزەل ئەخلاققا، ئۇ بالىنىڭ قېشىغا تېزدىن كېلىپ، ئۇنىڭ قېنىنى يۇيۇپ، ئۇنى سۆيۈپ مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ داۋاسىنى قىلغىنىنى؟! ئۇنىڭدىن قاچماي باغرىغا باسقىنىنى؟!

## 2. كېسەل بالىنى يوقلاش

كېسەل بولۇپ قالغان بالىنى يوقلاش بالا ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن داۋالاش رولىغا ئىگىدۇر. بالىنىڭ روھى كۆتۈرۈلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ كېسەلگە قارشى كۈچى ئاشىدۇ. بالا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگۈچىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بۇ يوقلاش بالىغا دۇئا قىلىش بىلەن ھەمراھ بولىدىغان ئىش بولسا، ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق بولغان بولىدۇ. بىز ئالدىنقى بىر بۆلۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغرىپ قالغان بىر يەھۇدىي بالىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىنى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزدۇرغان ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن!» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، كېسەل بولغان بالا مەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ ياكى كافىرلارنىڭ بالىسى بولسۇن، ھەممىسىنى يوقلايتتى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنىڭ مەنئۇبىيىتىنى قۇۋۋەتلىنىشكە قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

## 3. ئۇد ھىندى بىلەن داۋالاش

ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئۇكاشەنىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ قەيس ئىبنى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق يېمىگەن (سۈت ئېمىۋاتقان) بىر ئوغلۇمنى ئېلىپ كىردىم. شۇنىڭ بىلەن، ئوغلۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويدى. ئاندىن ئۇ سۇ ئەكەلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپتى. مەن بالامنىڭ بوغۇزىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر نېمىشقا بالىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بوغۇزىغا قولۇڭلارنى تىقىپ داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالايسىلەر؟ (يەنى بۇنداق ئۇسۇلدا داۋالاشنى قىلماڭلار!)

سىلەر ئۇد ھىندىنى[1] ئىشلىتىڭلار، ئۇنىڭدا يەتتە خىل كېسەلگە شىپا باردۇر. ئۇلاردىن بىرى سىل كېسىلىدۇر، ئۇد ھىندى بوغاز ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇ ئېغىزنىڭ بىر تەرىپىدىن ئاستا- ئاستا تۆكۈلىدۇ" دېدى.»

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر ئايال بالىسىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: "ئۇنىڭ كانىيىغا چىقان چىقتى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر بۇنداق كېسەل بولۇپ قالغان بالىلىرىڭلارنىڭ كانىيىنى كۆيدۈرمەڭلار، سەن ئۇد ھىندىنى سىقىپ ئىچۈرگىن" دېدى.» (هاكىم رىۋايەت قىلغان)

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا بىر بالا بولۇپ، ئۇنىڭ بۇرنى قاناۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ: "ئۇ بالىغا نېمە بولدى؟" دېدى. ئائىشە: "ئۇنىڭ يارىسى بار ئىكەن" دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ئاياللار جامائىتىنىڭ ھالىغا ۋاي! سىلەر پەرزەنتىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، قايسى بىر ئايالغا كېسەللىك يۈزلەنسە، ئۇ ھىندىستان قۇستىنى ئىشلەتسۇن!" دېدى.» جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەتى بۇيرىدى، ئائىشە شۇنداق قىلىۋېدى، بالا ساقايدى.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھىندى قۇستىنى سۇدا ئېرىتىپ ئىچۈرسۇن!» دېگەن.

ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گىياھ سىقىپ داۋالىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## 4. قان ئېلىش ۋە سۈرگە ئىچۈرۈش ئارقىلىق داۋالاش

ئىمام تىرمىزىدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئابباسنىڭ قان ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى بۇ كەسىپ بىلەن ئائىلىسىگە كىرىم قىلاتتى. بىرى بولسا، ئۇنىڭدىن ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن قان ئالاتتى. ئىبنى ئابباسنىڭ دېيىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قان ئالغۇچى بەندە نېمىدېگەن ياخشى بەندە، ئۇ قاننى كەتكۈزىدۇ، قاتتىقلىقنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە كۆزنى روشەن قىلىدۇ... قان ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرى (ئاينىڭ) ئون يەتتىنچى، ئون

---

[1] ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك — ت.

توققۇزىنچى ۋە يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرىدۇر. داۋالاشتىكى ئەڭ ياخشى داۋا بۇرۇن قىلىنغان داۋا، داۋانى ئېغىزنىڭ بىر تەرىپىدىن سىقىش، قان ئېلىش ۋە ئىچ سۈرگۈ دورىسى" دېگەن.» (هاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلىنغان رىۋايەتتە، ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قان ئالدۇرۇشقا رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبا تەيبەنى ئۇنىڭدىن قان ئېلىشقا بۇيرىغان. رىۋايەت قىلغۇچى: «ئۇنى ئائىشەنىڭ ئېمىلدەش تۇغقىنى ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم» دېدى. (هاكىم رىۋايىتى)

## 5. دۇئا ۋە دەم سېلىش بىلەن داۋالاش

ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» دا ھەمىد ئىبنى قەيس ئەلمەككى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا جەئفەر ئىبنى ئەبۇتالىپنىڭ ئىككى ئوغلى كىرگۈزۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى باققىدىغان ئانىغا قاراپ: "ئۇلار نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟" دەپ سورىدى. باققۇچى ئانا: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارغا بەكلا ئاسان كۆز تېگىدۇ، بىز ئۇلارغا دەمدە قىلساق، بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىغا سەندىن سورىمىغىچە ئۇلارغا دەمدە قىلىشنى توغرا تاپمىدۇق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇلارغا دەمدە قىلىڭلار، ئەگەر تەقدىردىن ئىلگىرى بىرنەرسە يېتىدىغان بولسا، كۆز تېگىش يېتىدۇ" دېدى.»

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر بالىسىنى ئېلىپ كېلىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار، ئۇنىڭ كېسىلى ھەر تاماق ۋاقتىدا تۇتۇپ بىزنىڭ تاماقلىرىمىزنى بۇزىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ مەيدىسىنى سىلىدى ۋە دۇئا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، بالا قۇستى، ئاغزىدىن قارا تاشقا ئوخشايدىغان نەرسە چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالا ساقايدى.»

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنى ئانامنىڭ ھەمشىرىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى ئاغرىپ قالدى" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى سىلاپ، ماڭا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى.»

جەئد مۇنداق دەيدۇ، «مەن سائىب ئىبنى يەزىدنى 94 يېشىدا كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭ تېرىسى سىلىق ۋە قورۇقسىز ئىدى، ئۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن كۆزۈم ۋە قۇلىقىم ھازىرغىچە سالامەت تۇرۇۋاتىدۇ“ دېگەنىدى.»

تەبەرانىي ئۇممۇ ئاببان بىنتى ۋازىئدىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇنىڭ بوۋىسى ۋازىئ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھەمشىرىسىنىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان بىر بالىسىنى ئېلىپ باردى، بوۋام دەيدۇكى: «مەن مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ بۇ ئوغلۇم (ياكى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى) ساراڭلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغان بولساڭ!“ دېدىم. ئۇ: ”ئۇ بالىنى ئېلىپ كەلگىن!“ دېدى. ئۇ كارۋانلار بىلەن قالغان ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى سەپەر كىيىمىنى سالدۇرۇۋېتىپ، چىرايلىق كىيىندۇردۇم. ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بالىنى ماڭا يېقىن ئېلىپ كېلىپ دۈمبىسىنى مەن تەرەپكە قىلغىن“ دېدى. مەن شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ئۇستى ۋە ئاستى تەرىپىدىن تۇتۇپ: ”چىق، ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! چىق، ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى!“ دەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇۋاتقاندا، قولىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىتىن مەن ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئېقىنىمۇ كۆردۈم. بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇ بالىدىكى غەلىتە قاراشتەك ئادىتىمۇ يوقۇلۇپ، دۇرۇس بىر شەكىلدە قاراشقا باشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇ ئەلچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل ئادەم بولۇپ قالدى.»

بىز بۇ تېمىمىزنىڭ ئاخىرىسىدا تۇرمۇشتا تەتبىقلاشقا بولىدىغان بەزى رۇقىيە (دەم سېلىش) لەرنى تەقدىم قىلىمىز ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆز مۇسىبەتلىرىدە ئۇنى ئۆز لايىقىدە تەتبىقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تىرمىزى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا قىزىتما ۋە باشقا ھەرقانداق كېسەل ئۈچۈن: «بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە كاتتا ئاللاھ بىلەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ھەر تومۇردىن ۋە دوزاقنىڭ قىزىقلىقىدىن، يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن (ئوقۇلۇشى: بىسمىللاھىل كەبىر، ئەئۇزۇبىللاھىل ئەزىم، مىنكۇللى ئىرقىن نەئئار، ۋەمىن شەررى ھەررىن نار)» دېگەن دۇئالار بىلەن رۇقىيە (دېمىدە) قىلىشنى ئۆگەتەتتى.»

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى بىرەر نەرسىدىن، يەنى يارا، جاراھەت قاتارلىق كېسەللىكلەردىن شىكايەت قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يەرگە شۇنداق قويۇپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ: "ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ توپىسى، بىزنىڭ تەرىمىزنىڭ بىر پارچىسى، ئۇنىڭ بىلەن كېسەللىرىمىزگە رەببىمىزنىڭ ئىجازىتى بىلەن شىپا بېرىدۇ (ئوقۇلۇشى: بىسمىللاھى تۇربەتۇ ئەرزىنا، بىرىيقەتى بەئزىنا، يەشفي بىهى سەقىيمۇنا، بىئىجازەت رەببىنا)" دەيتتى.»

تىرمىزى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن كېسەل كىشىگە: « ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! مۇسىبەتنىمىزنى كەتكۈز، سەن شىپا بەرگۈچىدۇرسەن، سېنىڭ بەرگەن شىپالىقىڭدىن باشقا شىپالىق يوق. بىزگە شۇنداق بىر شىپالىق بەرگىنكى، پۈتۈن كېسەللىرىمىزنى چىقىرىۋەتسۇن! (ئوقۇلۇشى: ئەزھەبەلبەئس، رەببەنناس، ئىشفى ئەنتەششافي، لاشىفائە ئىللا شىفائۇك، شىفائەن لايۇغادىرۇ سەقەمەن)" دەيتتى.»

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر كېسەللىك يەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئەۋۋەزەتەين (سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس) نى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرەتتى، كېسەلى ئېغىرلاشقاندا، مەن ئوقۇپ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا ھۈرۈپ ئۆزىگە سۈرتەتتىم.»

بىز دەم سېلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلىرىمىزنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېمىدە قىلغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن تاماملايمىز. ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى ئەبۇسەئىدىل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: "ئى مۇھەممەد! ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە! ئاغرىپ قالدىم" دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا ئەزىيەت بەرگەن ھەرقانداق دەرتتىن، ھەرقانداق كىشى ۋە كۆزنىڭ شەررىدىن (قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن) دېمىدە قىلىمەن، ئاللاھ شىپا بەرگۈچىدۇر. (ئوقۇلۇشى: بىسمىللاھى، ئۇرقىيكە مىن كۇللى دائىن، يۇئزىيكە ۋە مىنشەررى كۇللى نەفسىن ۋە ئەيىنىن بىسمىللاھى ئۇرقىيكە ئەللاھۇ يەشفىيكە)" دېدى.»

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناسنى ئوقۇشنىڭ

مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «توغۇلغان ھەرقانداق ئادەم بالىسىنىڭ قەلبىدە ۋەسۋەسە بولىدۇ، ئاللاھنى زىكىر قىلىش بۇ ۋەسۋەسىنى يوقىتىدۇ. ئىنسان غاپىل بولسا، ۋەسۋەسە قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ: «تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن (ئاللاھقا سىغىنىمەن)» دېگەن ئايىتىدىكى ۋەسۋەسىدىن ئىبارەتتۇر.» (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

## 6. كۆز تەگكەنلىكنى داۋالاش (ئاشلاش ياكى ئاش چىقىرىش)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان : «كۆزى تەگكەن ئادەم تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلاتتى، ئاندىن كۆز تەگكەن ئادەم شۇ سۇ بىلەن يۇيۇلاتتى.» (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان)

ئىمام مالىك «مۇۋەتتا» دا ئەبۇئۇسامە ئىبنى سەھلى ئىبنى ھۇنەيفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « سەھل ئىبنى ھۇنەي يۇيۇنىۋاتقاندا، ئامىر ئىبنى رەبىئە ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: "بۈگۈنكىدەك ئوخشىغان كۆڭدە يوشۇرۇنغان بۇنداق چىرايلىق تېرىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەھل شۇ يەردىلا يىقىلدى، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلتۈرۈلدى ۋە: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەھلگە بىر ئامال قىل، ئۇ بېشىنى ھېچ كۆتەرمەيۋاتىدۇ" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ ئىشنى بىرەر ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بولدى دەپ قارامسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "بىز ئامىر ئىبنى رەبىئەنىڭ سەۋەبىدىن بولدى دەپ قارايمىز، چۈنكى ئۇنىڭ سەھلنىڭ تېرىسىگە كۆزى چۈشكەن ئىدى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەردىن بەزىلەر نېمە ئۈچۈن قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلىمەمدۇ؟ سەن قېرىندىشىڭ ئۈچۈن يۇيۇن!" دېدى ئامىرغا. ئامىر ئىبنى رەبىئە يۈزىنى، قوللىرىنى، ئوشۇقىدىن تارتىپ پۇتلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى ۋە ئىشتىنىنىڭ ئىچىنى بىر قاچىغا يۇدى. كېيىن ئۇنىڭ (يەنى سەھلنىڭ) ئۈستىگە قۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇددى ھېچ بىر ئىش بولمىغاندەك ئوڭشىلىپ كىشىلەر بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەتتى.»

ئىمام مالىكنىڭ باشقا بىر رىۋايىتىدە: «سىلەردىن بەزىلەر نېمە دەپ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ بەرىكەت تىلىسەڭ بولماسمىدى؟ كۆز تېگىش شۈبھىسىز ھەقتۇر، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت ئال!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئامىر ئۇنىڭ ئۈچۈن تاھارەت ئالدى، تاھارەت سۈيى سەھلنىڭ ئۈستىدىن قۇيۇلدى. ئۇ ئوڭشىلىپ ھېچ بىر ئىش بولمىغاندەك يۈرۈپ كەتتى» دېيىلگەن.

## 7. بالىغا قۇرئان ياكى ھەدىستىن بولمىغان ھەرقانداق بىر نەرسىنى ئېيتىشنىڭ ھاراملىقى

بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دەپ قاراپ كۆز مۇنچاق قاتارلىق ھەرقانداق نەرسىلەرنى ئاسقان كىشىلەرنى، ئۇ كىشىلەر ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكلىگەنلىكىنى بىلىپ ئاسقان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەمەلىنىڭ شېرىك ئەمەلگە كىرىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

ئەمىر ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەكىرنىڭ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى بەكىرنىڭ قېرىندىشى يۇزى يېرىلىپ كەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا بولغانلىقى، ئائىشەنىڭ بالىلارغا چىققان جاراھەتكە ئوخشاش كېسەللەرگە داۋا قىلىدىغانلىقىنى، بەكىرنىڭ ئىنىسىنىمۇ داۋالاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىپ قويغان كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دەپ قارالغان ئىككى تال خالخالنى كۆرگەندىن كېيىن: «سىلەر ئاللاھ ئۇنىڭ تەقدىرىگە يازغان نەرسىنى بۇ ئىككى خالخال ساقلاپ قالىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ئەگەر بۇنى بۇزۇۋەتسەڭلار ياخشى بولاتتى، ئۇنى قىيامەتتە داۋالاش يولى قويغان بولاتتىم، ھاياتىم شاھىدكى، كۈمۈشتىن بولغان خالخال بۇنىڭدىن ياخشىدۇر» دېدى. (ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، بالىلارغا بىرەر مۇسىبەتنىڭ يېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئاسىدىغان ۋە: بۇ ئۇنى ساقلايدۇ، ـ دەپ قاراپ، بالىلارنىڭ يۈرىكىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلىگەن.

ئابدۇررازاق مۇسەننىپىدە ئەبۇ قىلابەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بالىنىڭ (يەنى فەزل ئىبنى ئابباس) نىڭ بوينىدىكى كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ دەپ ئېسىپ قويۇلغان نەرسىنى ئۈزۈۋەتكەن.»

www.uyghurkitap.com



# توققۇزىنچى بۆلۈم

## بالىنىڭ جىنسىي كۆزقارىشىنى توغرىلاش

مۇقەددىمە

بالىنىڭ جىنسىي كۆزقارىشىنى توغرىلاشنىڭ ئاساسلىرى

بالىنىڭ كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىشى

نامەھرەمگە قارىماسلىققا ۋە ئەۋرەتنى ساقلاشقا تەربىيە قىلىش

بالىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىش

ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىشقا ئادەتلەندۈرۈش

باشقا جىنسلىقلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە شەھۋەتنى قوزغايدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىش

ئەقلىگە يەتكەن بالىغا غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرىنى ئۆگىتىش

ئەقلىگە يەتكەن بالىغا نۇر سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىنى يادلاتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش

ئەقلىگە يەتكەن بالىغا جىنسىي مەسىلىلەرنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى زىنا يولىغا كىرىپ قېلىشتىن چەكلەش

بالدۇر ئۆيلەپ قويۇش

خاتىمە: بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالامەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

## مۇقەددىمە

ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ ئاللاھ ياراتقان تەبىئىتىگە ۋە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىگە ئۇيغۇندۇر. ئۇ ئىنسان بالىلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتە تەڭ ۋە ئەتراپلىق يېتىلىشىگە، ھەرقانداق ئىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي نورمال بولۇشقا، ئۇيغۇن بولغىنىدىن تۈۋەن بولۇپ قالماسلىققا ئېتىبار بېرىدىغان دىندۇر.

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنىڭ نەسلىنى داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە جىنسىي ئىستەك تۇيغۇسىنى ياراتقان. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىنسان بەدىنىدە يېتىلىشى، بالىنىڭ تۆرىلىشىگەت سەۋەبچى بولۇشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ جىنسىي شەھۋىتىنىڭ يېتىلىشىنى مەلۇم بىر مەزگىلگە ئايرىدى. بۇيۇك ئىسلام دىنى بۇ مەزگىل ئۈچۈن مەخسۇس بىر نىزام بېكىتتى. ئىنسان ئاشۇ بەلگىلىمە بويىچە ھېساب بېرىدىغان يېشىغا يەتكەندە، بۇ ھەقتىكى ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دىنى بالىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ تەبىئىي پىترەتكە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن چەك ـ چېگرالىرىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدىغان، ئۇنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنىغا لايىق ياخشى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن ناھايىتى گۈزەل ۋە كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ماس قائىدە ـ قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇزىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە تەۋسىيەلىرىدە بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ بۇ ھەقتە ساغلام ئاڭ ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن. بىز بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمىز.

## ھەرقانداق يەرگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراش

بالا كۆپلىگەن ۋاقىتنى ئۆيدە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ ھۇجرىدىن بۇ ھۇجرىغا چېپىپ يۈرۈيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ھۇجرىغا كىرىشكە ئىجازەت سوراش ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا بىز قۇرئان كەرىمنى بالىغا ھۇجرىغا كىرىشتە ئىجازەت سوراشنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ تەلىم بېرىش ئۈچۈن، كىچىك ياشتىكى بالىلارغا ئالدى بىلەن بامدات نامىزىدىن بۇرۇن، چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى ۋە خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتىدىن كېيىن ئىجازەت

سوراپ كىرىشكە بۇيرىغان.

مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە، دەل بۇ ۋاقىتلارنىڭ ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز ھۇجرىغا كىرىپ ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ھەتتا بالا بالاغەت يېشىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ ئىشىكلىرى يېپىقلىق بولغان ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىجازەتسىز كىرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرەتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان ۋاقىتتۇر)، بۇ ئۈچ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا (ئۇلار سىلەرگە كىرسە) سىلەرگىمۇ، ئۇلارغىمۇ ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرىسىلەر، ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1].

بۇ ئۈچ ۋاقىتنىڭ ھەممىسى خىزمەتچىلەر ۋە ئەقىل كىرىپ قالغان بالىلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەۋرەت ئەزالىرىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىجازەتسىز كىرىش چەكلەنگەن ۋاقىتلاردۇر. كۆپلىگەن ئىنسانلار ئائىلىدىكى ھاياتىدا خىزمەتچىلەر ۋە كىچىك بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشقا سەل قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى بىر ناچار قىلىقتۇر.

يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر: كىچىك بالىلار بۇ نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ، بىلسىمۇ دىققەت قىلمايدۇ-دەپ سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەتقىقاتىدىن كېيىن بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا كۆزى چۈشۈپ قالغان بەزى مەنزىرىلەرنى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتۇپ قالماي كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنى داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان ئەسەبىي تەلۋە بىر روھىي كېسەللىككە مۇبتىلا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەر قانداق ئاتا-ئانا بولغۇچى پەرزەنتلىرىنىڭ كېسەل بولۇشىنى، بولۇپمۇ، مەنىۋىيەتتىكى ئۇ خىل يامان كېسەل بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى كېسەللەرنىڭ ئەڭ تەس

[1] سۈرە نۇر، 58 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

داۋالىنىدىغان كېسەللىرى روھىي كېسەللىكىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ يول باشچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شۇ سەۋەبلەردىن ئۈممىتىگە پايدىلىق بولغان يوللارنى ئالدىن كۆرسەتكەن. ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هۇجرىسىغا ئىجازەت سورىماستىن كىرىۋېرەتتىم، بىر كۈنى كىرەي دەپ تۇرغاندا: "ئورنىڭدا تۇر ئوغلۇم، بۇنىڭدىن كېيىن ئىجازەتسىز كىرىشىڭنى چەكلەيدىغان بۇيرۇق كەلدى" دېدى.»

بىزنىڭ ئاتا- ئانىلارغا قىلىدىغان تەۋسىيەمىز شۇكى، ئاتا- ئانىلار بالىلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان بولۇشلىرى ئۈچۈن ئەۋلادلىرى ئالدىدا هەر زامان ئەۋرەتلىرىنى ئوراپ يۇرۇشى لازىمدۇر. بۇنى ئەقلىي ئىقتىدارىمىز مەيلى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇيرۇقىدا چوقۇم هېكمەت باردۇر.

ئەقلىگە يەتمىگەن بالىنىڭ هۆكمى. ئاياللارنىڭ سەت- چىرايلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بالىلار، شۇنداقلا بالاغەتكە يەتمىگەن قىز ئۈچۈن خاس هۆكۈم بار بولۇپ، بۇنى ئاللاهنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەهرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا هەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېهتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەهۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇيياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن هەممىڭلار ئاللاهقا تەۋبە قىلىڭلار[①].﴾

بۇ يەردە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهاغا ئائىت مىسال بولۇپ، كىچىك بالىلار كېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كۆرىدىغان ئىدى. ئەتائ رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن

---

① سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەت.

ئۇيەينە ئىبنى ئۇمەر بىلەن بىللە ئائىشەنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا ئائىشە ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن: "ئائىشە نەدە، قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئىكەن" دەپ سورىلىۋىدى، ئۇ: "تۈرك گۇمبىزى شەكلىدىكى بىر گۇمبەزلىك ئۆينىڭ ئىچىدە بولۇپ، بىز بىلەن ئۇنىڭ ئارىلىقىدا پەردە بار ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ناشپۇر بىلەن بويالغان بىر كىيىمنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم" دېدى.»

## بالىنى نامەھرەمگە قارىماسلىققا ۋە ئەۋرىتىنى ساقلاشقا ئادەتلەندۈرۈش

كۆز بولسا، ئىنسانىنىڭ تاشقى دۇنيانى كۆرىدىغان ئەينىكىدۇر. بالىلارنىڭ كۆرگەنلىرى ئۇلارنىڭ زېھنىگە، نەپسىگە ۋە خاتىرىسىگە تېزلىكتە تەسىر قىلىدۇ، ئەگەر بالا، خۇددى تەقۋادار بالا ئابدۇللاھ تەستەرى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى: «ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرىدۇ، ئاللاھ مەن بىلەن بىللە!» دېگىنىدەك دەيدىغان بالا بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەر زامان ئېسىدە ساقلاپ، قارىماسلىققا تېگىشلىك نەرسىلەردىن كۆزىنى يىغالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرسە، ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ.

بالا بەزىدە ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن، بەزىدە پەرۋاسىزلىقتىن ۋە بەزىدە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن قىزلار تەرەپكە قاراپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا قانداق يولىيورۇق بەرگەن؟

ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەزل ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ ئىدى، خەسئەملىك بىر ئايال ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراش ئۈچۈن كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پەزل ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى.ئۇ ئايالمۇ پەزلىگە قاراشقا باشلىغاندا، ەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزلنىڭ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.»

ئىمام ئەھمەد پەزل ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن تاش تېرىپ بولۇپ، مىناغا بېرىش يولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىنىڭ ئارقىسىغا مىنىۋالغان ئىدىم. يولدا بىر سەھرالىق ئەرەب ئۇنىڭ ئالدىغان چىقتى، ئۇ ئارقىسىغا چىرايلىق بىر قىزنى مىنگۈشتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەڭ ماڭدى، مەن ئۇنىڭ قىزىغا قاراشقا

باشلىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قاراپ يۈزۈمنى قولى بىلەن باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. كېيىن مەن يەنە قارىدىم، ئۇ يەنە بۇرىدى. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. مەن قاراشتىن توختاپ قالمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى شەيتانغا تاش ئېتىشنى داۋاملاشتۇرغانغا قەدەر تەلبىيە ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى.»

زەنجۇ ۋەيھى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەزل ئىبنى ئابباس (يەنى قېرىندىشىم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يۈزىنى بۇراپ: "ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! بۇ كۈندە كۆزىنى نامەھرەمدىن يۇمغان، پەرجىنى (جىنسىي ئەزاسىنى) ساقلىغان ۋە تىلىنى ساقلىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ" دېدى.»

ئىبنى جەرىرنىڭ «تەھزىبۇل ئەسار» دېگەن كىتابىدىكى رىۋايەتتە ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ يۈزىنى چۆرىگەنلىكىڭنى كۆردۈمغۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياش بىر قىزنى ۋە ياش بىر ئوغۇلنى كۆردۈم، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شەيتان كىرىپ قېلىشىدىن قورقتۇم» دېدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەزل ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭغا خەسئەم دېگەن يەردىن بىر ئايال پەتىۋا سوراش ئۈچۈن كەلدى، ئاندىن ئۇ پەزىلگە، پەزىلمۇ ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزىلنىڭ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى. ئۇ ئايال: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھنىڭ ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان ئايىتى ئاتام ناھايىتى بەك ياشىنىپ قالغاندا نازىل بولۇپ قالغاچقا، ئاتام ھەج قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ، ئۇ ئۇلاغ ئۈستىدىمۇ ئولتۇرالمايدۇ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە!" دېدى.» (بۇخارى ۋە مۇسلىممۇ رىۋايەت قىلغان)

بالىلارنىڭ جىنسىي ھەۋەسنىڭ نورمالدىن بۇرۇن يېتىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بالىلارنى ھەر زامان نامەھرەملەردىن كۆز يۇمۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. شەيخ ئابدۇلھەمىد كىشك (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) خۇتبىلىرىنىڭ بىرىدە گېرمانىيىلىك ئالىملارنىڭ بىرىنىڭ كۆزنى نامەھرەملەردىن ساقلاشنىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭ جىنسىي كېسەللىكنى داۋالاشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مۇنۇ باياناتلىرىنى دەپ ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئالىم مۇنداق دېگەن: «مەن جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە جىنسىي ئەزانى كۈچلەندۈرىدىغان دورىلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردىم، ئەمما مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كىتابتىكى: ﴿مۆمىن ئەرلەرگە



www.uyghurkitap.com

ئېيتقىنىكى، (يا مەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار[2]﴾ دېگەن سۆزىدىن بەكرەك ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك داۋا تاپالمىدىم.»

ئەمما ئەۋرەتنى يېپىشنى بولسا، بالا ناماز ئوقۇشنى باشلاش بىلەن ئۆگىنىدۇ. چۈنكى بالا ناماز ئوقۇشقا باشلىغاندا ئەۋرەتلىرىنى تولۇق يېپىپ ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىز ياكى ئوغۇل كىچىكىدىن باشلاپلا ئەۋرىتىنى يېپىشقا ئادەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالا ئەۋرەتلىرىنى قوغدىغان ھالدا چوڭ بولىدۇ.

## بالىلارنىڭ ياتاقلىرىنى ئايرىش

بۇنداق قىلىش ــ بالىنىڭ جىنسى ئايرىمىسى كۆز قارىشىنى تىكلەش، ئۇنىڭ باشقا بىر يامان شەكىلدە تەرەققىي قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان مۇھىم ئامىلدۇر. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ئىلغار قانۇنلارمۇ ئۇنىڭدەك ئەھمىيەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئەمەستۇر. بۇنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغاندۇر. ئەبۇداۋۇدتىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەۋلادىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ئوقۇمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ياتاقلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار» دېگەن.

دېمەك، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنىڭ ئارىسى ئون ياشقا كىرگەندە ئايرىلىدۇ، چۈنكى بۇ ياشلاردىن باشلاپ، ئۇلاردا جىنسىي ھەۋەس تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئايرىلىشى قايسى شەكىلدە بولىدۇ؟ جاۋاب: ئۇلارنىڭ ئايرىلىشى بىر كارىۋاتتا، بىر يوتقاندا يېتىشتىن، بىر كارىۋاتتا ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى يوتقاندا يېتىش ياكى ئايرىم كارۋات ئايرىم يوتقاندا يېتىشتەك ئۇسۇل بىلەن ئايرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى قانچە يىراق بولسا، شۇنچە ياخشىدۇر.

ئەللامە شاھ ۋەلىيۇللاھ ئەددەھلەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ياتاقلار ئايرىلىدۇ، چۈنكى بۇ ياشتىكى بالىلاردا جىنسىي ھەۋەس ئۇقۇمى شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، ئۇلارنىڭ بىر تۆشەكتە يېتىشى ئۇلاردا بىنورمال ھەۋەسلەرنى ئويغىتىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭا

[1] سۈرە نۇر، 30 ـ ئايەت.

بۇنداق بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈردۇر.»

دېمەك، بىر ئورۇنتا يېتىش باللارنى بىنورمال جىنسىي هەۋەسكە ئۆتكۈزۈش تەرەققىي قىلىپ يامان يولدىن ئېزىشقا، جىنسىي هەۋەسنى نورمالسىز ئۇسۇلدا قاندۇرۇشنى ئىزلەش يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى بەلكى ئاتا ـ ئانىلار تازا دېگەندەك ھېس قىلىپ بولالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى بۇيرۇقىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىنىڭ ياكى بۇيرۇقىغا سۇس قارىغانلىقىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىگە قالىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق بىر سۆزنى ئۆز خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ[1]﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ياتىقىنى ئايرىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشەرگەن ئىكەن، بىز بۇ بۇيرۇققا چوقۇم بويسۇنۇشىمىز لازىم. غەرب ۋە شەرقشۇناسلارنىڭ باللارنى تەربىيىلەش دەستۇرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەندەك بىر مۇكەممەل يول بارمۇ؟!

## بالىنى ئۇڭ يېنىنى بېسىپ يېتىشقا ئادەتلەندۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ يېتىش ياخشى ئادەتلەردىندۇر. ناۋادا ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: دۈم يېتىش (يەنى قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ يېتىش) شەيتاننىڭ يېتىشىدۇر دېگىنىدەك چەكلىمىسىدىن توسالماي، دۈم ياتسا، جىنسىي ئەزاسىنىڭ چىڭقىلىشى ۋە شەھۋىتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا سەۋەبكار بولىدۇ، شۇڭا باللار يېنىچە ياتماي دۈم ياتقاندا، ئاتا ـ ئانىلار باللارغا بۇنداق شەكىلدە يېتىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توسقانلىقىنى، دۈم يېتىشنىڭ ئۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى، بارلىق دوختۇرلارمۇ بۇنداق يېتىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

---

[1] سۈرە نەجىم، 3 ـ ۋە 4 ـ ئايەتلەر.

## باشقا جىنسلىقلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە شەھۋىتىنى قوزغايدىغان ئىشلاردىن يىراق قىلىش

«نەرسىلەر ئۇنىڭ زىتى بىلەن پەرقلىنىدۇ» دېگەن قانۇنىيەت بويىچە ياۋروپا ياكى دىنسىزلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئاسىيا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى ئوغۇل- قىزلارنىڭ بىر- بىرىگە ئارىلىشىشى ۋە بۇنىڭغا كىشىنىڭ كۆڭلى ئاينىغۇدەك دەرىجىدە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى سىزگە ئارزاق بايان قىلماقچىمىز.

شەيخ ۋەھبى سۇلايمان ئەلغاۋجى غەربنىڭ بۇ ئاچچىق تەجرىبىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بىز ئۇنى بۇ يەردە ئاتا- ئانىلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن بايان قىلماقچىمىز. چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى سۇسراق بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار مەسجىدلەردىكى خۇتبىلەرگە قۇلاق سېلىشنىڭ ئورنىغا ياۋروپانىڭ زامانىۋي چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشنى ئەلا بىلىدۇ. ھەم بالىلارنىڭ ياۋروپانىڭ تەربىيە سىستېمىسىدا تەربىيىلىنىشىنى زامانىنىڭ تەلىپى دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۇ شەيخنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ بىلگىيەدىكى بىر نەچچە مەكتەپتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا قىز ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرگەن ۋە مەكتەپ مۇدىرىدىن: «ھەجەب سىلەر قىز - ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇتماپسىلەرغۇ؟» دېگەندە، مۇدىرە ئايال: «بىز قىز- ئوغۇللارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇشنىڭ ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ كۆپ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ ھەقتە مۇنداق سانلىق مەلۇماتلار بار. قازى لەندۇسى «يېڭى نەسلىنىڭ ئىسيانى» دېگەن كىتابىدا ئامېرىكىدا بالىلار بالاغەتكە يېتىش ۋاقتىدىن بۇرۇن بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقى ۋە كېچىككىنە تۇرۇپلا جىنسىي ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ 312 نەپەر قىز بالىنى مىسال قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى قىزلاردىن 255 نەپىرى يېشى ئون بىر ياكى ئون ئۈچ ياشلار ئارىسىدىلا بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇلاردا خۇددى ئون سەككىز ياشلاردىكى قىزلاردا بولىدىغان كۈچلۈك جىنسىي ھەۋەس ئوتتۇرىغا چىققان.

دوكتور ئەدىت ھەركىر: «كىشىلىك جەمئىيەتتە يەتتە- سەككىز ياشلاردىكى قىزلارنىڭ ئوغۇللاردىن ئاشنا تۇتۇشى ۋە ئۇلار بىلەن زىنا قىلىشى ئۈنچىۋالا ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەستۇر» دېگەن.

جەمئىيەتتە ناھايىتى يۇقىرى ئىززەت - ئابرۇيغا ئىگە بىر ئېسىل ئائىلىنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغۇل قېرىندىشى ۋە بىر قانچە ئوغۇل دوستلىرى بىلەن زىنا

قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى. بۇندىن باشقا ئىككى قىز ۋە ئۈچ بالىدىن تەركىب تاپقان يەنە بىر گورۇپ بالا بىر-بىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىۋاتقان هالدا ئۇچرىتىلغان. ئۇ بالىلارنىڭ ئۆيلىرى ئەسلىدە بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى بۇ ئىشنى قىلىشنى بىلەلا چەكلىنىپ قالماي، باشقا بالىلارنىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا چاقىرغان. بۇ بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى ئون بىر ياش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېشى توققۇز ياش ئەتراپىدىكى بىر قىز گەرچە قاتتىق تەقىپ ئاستىدا بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئاشنىسى بولغانلىقىدىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

تېيمۇر شەھىرىدىن بولغان بىر دوختۇرنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: شۇ شەھەرنىڭ سوت مەھكىمىلىرىدە هەر يىلى مىڭدىن ئارتۇق دەۋا ئېچىلىدىغان بولۇپ، بۇ دەۋالارنىڭ هەممىسى ئون ئىككى ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئائىت ئىكەن.

ئامېرىكىلىق سوتچى لەندۇسى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىزلارنىڭ يۈزدە قىرىق بەشى (45 %) مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ بولغىچە ئېيتتىنى يوقىتىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىپ: «ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوغۇل بالىلارغا قارىغاندا، قىز بالىلارنىڭ جىنسىي هەۋىسى كۈچلۈك بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار ئوغۇللارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن ۋە ئوغۇللارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنى دېگىنىگە كۆندۈرىدىكەن.»

ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن ئىسلام دۆلەتلىرى ماتارىپ تۈزۈلمىسىدە مۇشۇ يولنى تۇتۇپ ئوغۇل-قىزلارنى بىرلىكتە ئوقۇيدىغان قىلدى. ئېنىقكى، بۇ جەمئىيەتنى بۇزۇش ۋە كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يوق قىلىشتۇر.

## ئەقلىگە يەتكەن بالىغا غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرىنى ئۆگىتىش

بالا بالاغەتكە يېتىشقا ئاز قالغاندا، ئاتا-ئانا بالىغا غۇسۇل قىلىشنىڭ شەرتلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشى، هەم ئۇلارغا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى، ئېھتىلام بولغاندا، ئېھتىلام سۈيىنىڭ رەڭگى ۋە ئالامەتلىرىنى، هەيز ۋە ئۇنىڭ رەڭ ئالامەتلىرىنى ئوغۇل-قىزلارغا ئۇلار چۈشىنەلەيدىغان ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دائىم: «جاھىلىيەتنى كۆرمەي ئىسلام ئۈستىدە چوڭ بولغان بالىلارغا ئىسلامنىڭ تۇتقىلىرى بىر-بىرلەپ تۇتقۇزۇلىدۇ» دەيتتى.

ئاتا بولغۇچى ئوغلىغا، ئانا بولغۇچى قىزىغا بالاغەتكە يەتكەندە بولىدىغان

ئالامەتلەرنىڭ، بۇ ئالامەتلەرنىڭ شەرئى ھۆكۈملىرىنىڭ، شۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئۇستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى فىقھى كىتابى بويىچە چۈشەندۈرۈشى لازىم ياكى ئوقۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ.

ئۇلارغا يەنە بالاغەتكە يەتكەن بالا بىر مۇكەممەل ئىنسان سۈپىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ قىلىشىنى بۇيرىغان ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن سورىلىدىغانلىقى، بالاغەتكە يەتكەن ھامان ئىككى پەرىشتە خاس ئۇنىڭ ئۈچۈنلا بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىش- ئەمەللىرىنى يېزىشقا باشلايدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللىك ئىنسان بولۇشقا تىرىشىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم.

## ئەقلىگە يەتكەن بالىغا «نۇر سۈرىسى»نىڭ باش تەرىپىنى يادلاتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش

بالا ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇ باشقا قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ ياتىدۇ. بۇ دەل بالىنىڭ جىنسىي ئالامەتلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىۋاتقان ۋاقتىدۇر. بۇ چاغدا ئاتا- ئانىلار ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ئىسلامنىڭ تەلىپى بويىچە يامان يولدىن يىراق قىلىدىغان شەرئى ھۆكۈملەرنى، ئايەت ھەدىسلەرنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئېڭىغا يامان خىياللارنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ساقلاش كېرەك.

سەلەپ- سالىھلار پەرزەنتلىرىنى يامان يولدىن توساش ئۈچۈن بالىلىرىغا «نۇر سۈرىسى» نىڭ باش تەرىپىنى شەرھىلەپ چۈشەندۈرەتتى ۋە ئوغۇل- قىزلارنىڭ بالاغەت يېشىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولاتتى.

مۇجاھىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەرلىرىڭلارغا مائىدە سۈرىسىنى، ئاياللىرىڭلارغا نۇر سۈرىسىنى ئۆگىتىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

جابىر: «مۇئەللىملەر قىزلارغا نۇر سۈرىسىنى ئۆگىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى» دېدى.

مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن ئەتراپقا: «كېيىل بولمىغان مۇسۇلمان ئايال ھامامغا كىرمىسۇن، ئاياللىرىڭلارغا نۇر سۈرىسىنى ئۆگىتىڭلار!» دەپ جاكارلايتتى.

www.uyghurkitap.com

## ئەقىلگە يەتكەن بالىغا جىنسىي مەسىلىلەرنى بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى زىنا يولىغا كىرىپ قېلىشتىن چەكلەش

بىز يۇقىرىدا بالىلار ئۈچۈن ئۆگىتىلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، «نۇر سۈرىسى» نى شەرھىلەپ بېرىش كېرەكلىكىنى، غۇسلىنىڭ پەرز ۋە سۈننەت ھەم شەرتلىرىنى ئۆگىتىش كېرەكلىكىنى بايان قىلدۇق. ئەمدى بىز بۇ خىلدىكى تەربىيەلىرىمىزنىڭ ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، بالا ياشاۋاتقان ئائىلە مۇھىتى ۋە جەمئىيەت، دۆلەت مۇھىتىغا قارىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئەخلاققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بىر يەردە ياشىغان بالىغا تەربىيە قىلماقچى بولغاندا، چوقۇم ئۇنى زىنادىن يىراقلاشتۇرىدىغان ۋە زىنانىڭ زىيىنىنى ئېنىق چۈشىنىشلىك قىلىپ تەربىيە قىلىشى لازىم. بالىغا زىنانىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «مەن زىنانىڭ كەيپىياتىنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى بىلمەيمەن» دېيىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىك ياشلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ زىنا قىلىشىمغا ئىجازەت بەر“ دېدى. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر: ”تەۋبە! تەۋبە!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ”يېقىنلاش!“ دېدى. ئۇ ياش يېقىن كەلگەندىن كېيىن: ”ئۇنى ئاناڭغا راۋا كۆرەمسەن!“ دېدى، ئۇ ياش: ”ياق! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئانىلىرىغا شۇنداق يامان كۆرىدۇ، — دېدى ۋە، — سەن ئۇنى قىزىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟— دېدى، ئۇ يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئىنسانلارمۇ قىزلىرىغا ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى. ئاندىن، — سەن ئۇنى ھەمشىرەڭگە راۋا كۆرەمسەن! ـ دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ — ئىنسانلارمۇ ھەمشىرىلىرىگە ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئۇنى ئاناڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟— دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، — ئىنسانلارمۇ ئۇنى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىگە ياخشى كۆرمەيدۇ، — دېدى. ئاندىن، — سەن ئۇنى ئاتاڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟ — دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈر! قەلبىنى پاكلا! پەرجىنى (يەنى جىنسىي ئەزاسىنى) ساقلا!“ دەپ دۇئا

قىلدى، ئەبۇئۇمامە كېيىن ھېچنېمىگە قارىمايدىغان ئىپپەتلىك ئىنسان بولۇپ ياشىدى.»

ئاتا ـ ئانا يەنە بالىغا زىنا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھەد جازاسىنى بالىلارغا بىلدۈرىدۇ. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە ئەبۇھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى ئەلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئىككىسى مۇنداق دېگەن: «سەھرالىق ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتا بولغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "مېنىڭ ئوغلۇم بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيتتى، ئۇ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ، مەن ئوغلۇمنى يۈز قوي ۋە بىر چۆرىنىڭ بەدىلىگە تىلىۋالدىم. ئاندىن مەن بۇ ھەقتە ئىلىم ئەھلىدىن سورىدىم. ئۇلار ئوغلۇمغا يۈز قامچە ئۇرۇلۇپ بىر يىل پالاش جازاسى كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ ئايالغا بولسا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش جازاسى كېلىدىغانلىقىنى دېيىشتى" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پەقەت ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، چۆرە ۋە قوي ساڭا قايتۇرۇلىدۇ، ئوغلۇڭغا يۈز قامچە ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالىنىدۇ. ئى ئەنىيس (ئى ئەسلەم قەبىلىسىدىن بولغان ئادەم)! سەن ئۇ كىشىنىڭ ئايالىغا بار، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك ھۆكمى بىلەن بىر تەرەپ قىل!" دېدى.»

## بەك چوڭ بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئۆيلەش

ھازىرقى زاماندا چوڭ بولۇپ نىكاھلىنىشنىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا قانداق نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىشتىن قەتئىينەزەر، چوڭ بولۇپ نىكاھلىنىشنىڭ يامان تەرەپلىرى ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ. ناۋادا بۇرۇن نىكاھ قىلىشقا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياردىمى ۋە نىكاھلانماقچى بولغان ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى ھەمراھ بولسا، بۇ چاغدىكى بالدۇر نىكاھ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەن ياشلارنىڭ ۋاقتىدا نىكاھلانماي، يېشىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى بولسا، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بىر يامان ئىللەتتۇر. بىز بۇ ھەقتىكى تەنقىدىي نەزەرىيەمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئورنىغا ھىجرىيەنىڭ 211 ـ يىلى ۋاپات بولغان راۋى ئىمام ئابدۇرازاق ئۆز كىتابىنىڭ ئالتىنچى جىلدى 162 ـ بېتىدىكى «ئىككى كىچىكنىڭ نىكاھلىنىشىنىڭ بابى» دېگەن تېمىسىدا سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ نىكاھىغا ئائىت كەلتۈرگەن بىر قانچە مىسالىنى بۇ يەردە كەلتۈرىمىز:

www.uyghurkitap.com

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) غا ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا نىكاھلانغان، توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. ئائىشە ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى.»

ئەبۇجەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى ئىبنى تالىپنىڭ قىزىنى ئۆزىگە تەلەپ قىلدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ئۇ تېخى كىچىك" دېدى. باشقىلار ئۆمەرگە: "ئەلى شۇنداق دەپ ئۇنى سەندىن مەنئى قىلماقچى" دېدى. ئەلى بىلەن ئۆمەر يۈزتۇرانە سۆزلەشتى، ئەلى: "مەن ساڭا قىزىمنى ئەۋەتەي، ئەگەر ئۇ رازى بولسا، سېنىڭ ئايالىڭ بولسۇن!" دېدى. كېيىن قىزىنى ئۆمەرگە ئەۋەتتى. ئۆمەر قىزنىڭ پاچىقىنى ئاچماقچى بولغانىدا، ئۇ قىز: "قويۇۋەت! ئەگەر سەن مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولمىغىنىڭدا بۇرنۇڭنى ئالغان بولاتتىم" دېدى. ئۆمەر ئەلىنىڭ قىزى كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوچۇقلىغان ئىدى.»

ئىكرەمەدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەلىنىڭ قىزى ئۇممۇ گۇلسۇمنى ئالماقچى بولۇپ، ئەلچى كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى. ئۇ چاغلاردا ئۇممۇ گۇلسۇم كىچىك قىزلار بىلەن ئويناپ يۈرىدىغان نارەسىدە ئىدى. ئۆمەر كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىققاندا، ئۇلار ئۇنى مۇبارەكلەشتى، ئۆمەر: "مەن ئۇ قىز بىلەن باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن نىكاھلانمىدىم، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قىيامەت كۈنى مېنىڭ سەۋەبىم ۋە نەسەبىمدىن باشقا سەۋەب ۋە نەسەبلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلگۈچىدۇر - دېگەنلىكى ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەۋەب ۋە نەسەبتە بىرگە بولۇشنى خالاپ شۇنداق قىلدىم" دېدى.»

ئىبنى تاۋۇستىن، ئۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: «ئەگەر ئىككى كىچىك بالىنى ئاتىلىرى بىر-بىرىگە باغلاپ قويغان بولسا، چوڭ بولغاندا نىكاھلىنىشتا ئۇلار ئىختىيارلىقتا ئىگە» دېگەن.

زۆھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير كىچىك ئوغلىنى مۇسئەبنىڭ كىچىك قىزىغا نىكاھلا قويغان.»

ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاتام ئوغلىنى بىر بەش ياش، بىر ئالتە ياش چېغىدا نىكاھلاپ قويغان، ئۇ ئۆلگەندە تۆت مىڭ ياكى شۇ ئەتراپىدا دىنارنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ قويغان.»

قىقىمغا ئائىت سوئال: قىزنىڭ ئەڭ كىچىك بولغاندا، نىكاھلىنىشقا بولىدىغان يېشى قانچە ياش بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭغا مالىكى، شافىئى ۋە ئەبۇھەنىيفەنىڭ ئۇچىلىسى: «قىز بالا جىما قىلىشقا قادىر بولۇشى، بۇ ئۇلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. مۇئەييەن بىر ياش بىلەن چەكلەنمەيدۇ» دېدى. بۇ بىر توغرا قاراشتۇر. ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) دىن قىلىنغان ھەدىستىمۇ ياش چەكلىمىسى يوقتۇر. ئەگەر قىز بالا توققۇز ياشتىن ئىلگىرىمۇ جىما قىلىشقا قادىر بولالىسا، ئۇنىڭ نىكاھ قىلىنىشى مەنئى قىلىنمايدۇ، ناۋادا بۇ ياشتا قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ نىكاھلىنىشىغا ئىجازەت بېرىلمەيدۇ.

## خاتىمە، بالاغەتكە يېتىشنىڭ ئالامەتلىرى

بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئالامىتى بولىدۇ، بۇنىڭ بىرسى ئېھتىلام بولۇش، يەنە بىرسى كىندىك ئاستىغا تۈك ئۈنۈش.

### ئېھتىلام بولۇش

بۇ توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىچىك بالىلىرىڭلار بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇلار ئىلگىرىكىلەر (يەنى چوڭلار كىرىشتە) ئىجازەت سورىغاندەك، (ئۆيگە كىرىشتە ھەممە ۋاقىت) ئىجازەت سورىسۇن[1].﴾

ئەبۇداۋۇد ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئېھتىلام بولغاندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ، كۈندۈزنىڭ ئۇيقۇسى كېچىگە داۋام قىلىنمايدۇ" دېگەن سۆزنى يادىمدا تۇتۇۋالغان ئىدىم.»

### كىندىك ئاستىغا تۈك ئۈنۈش

ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرەيزە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسىتىلدۇق، ئۇ كۈنى ئەسىرگە ئېلىنغانلاردىن كىندىكى ئاستىغا تۈك ئۈنگەنلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. تۈك ئۈنمىگەنلەر قويۇپ بېرىلەتتى، مەن تۈك ئۈنمىگەنلەردىن ئىدىم، شۇڭا مەنمۇ قويۇپ بېرىلگەن ئىدىم.» (بۇ

---

[1] سۈرە نۇر، 59 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

ھەدىسنى تىرمىزىدىن باشقا، بەش راۋىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تىرمىزى سەھىھ دەپ قارىغان.)

باشقا بىر ئىپادىلەشتە: «ئىھتىلام بولغان ياكى كىندىك ئاستىغا تۈك چىققانلار ئۆلتۈرۈلگەن، بولمىغانلار قويۇپ بېرىلگەن» دېيىلگەن. (ئىمام ئەھمەد ۋە نەسەئىي رىۋايىتى)

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشرىكلارنىڭ (يېشى) چوڭ ئەر كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈڭلار، كىندىك ئاستىغا تۈك ئۈنمىگەنلەرنى قويۇپ بېرىڭلار» دېگەن. (تىرمىزى رىۋايىتى)

«بالا ئون بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ.» بۇنى بەيھەقى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىلارغا قىلغان خىتابى

ئى ئاتا- ئانىلار جامائىتى! مانا بۇ يۇقىرىقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىلەرگە كۆرسەتكەن يوللىرى ۋە قىلغان نەسىھەت ۋە تەۋسىيەلىرى. ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە مىڭلارچە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرىق ھەدىسىنى ئىسلاھ يولىدا مىڭمىشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن توپلىدۇق، بۇ ھەدىسلەر بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا- ئانىلارغا يۇقىرىدا كۆرسەتكەن يولىنىڭ خۇلاسىسىدۇر.

بۇ كەلگۈسى يارالمىق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچى ئىز باسارلارنى تەربىيىلىگۈچى ئاتا- ئانىلارغا، بالا تەربىيىلىگۈچىلەرگە قىلىنغان سەممىي يول كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ باللىرى ئۈچۈن نەمۇنىلىك ئىنسانلاردىن بولۇشقا قىلىنغان تەۋسىيەدۇر. ئاللاھتىن شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، ھەر بىر ئاتا- ئانا ۋە تەربىيىلىگۈچىلەر پەرزەنتلىرىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن، تەۋسىيە قىلغان يول ئارقىلىق يارالمىق ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزى ئۈچۈن، ئاتا- ئانىسى، ئەجدادى ۋە ئەۋلادى ئۈچۈن ياخشى ئۈرنەك بولىدىغان، مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك باللارنى تەربىيىلەپ چىققۇسى. ئامىن!!!

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىلار ئۈچۈن قىرىق ھەدىسى

1 ـ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەر ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. پادىشاھمۇ پادىچى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ. ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالا ـ چاقىلىرىدىن سورىلىدۇ. خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن سوراق قىلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

2 ـ ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق بىر بالا ئاللاھنى بىر دەپ بىلىش ئەقىدىسى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى يا ئۇنى يەھۇدىي قىلىدۇ يا خرىستىئان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ، بۇ خۇددى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ بالىسىنى مۇكەممەل شەكىلدە تۇغقىنىغا ئوخشاشتۇر، سىلەر ئۇنىڭدا بىر كەمتۈكلىكنىڭ بارلىقىنى سەزدىڭلارمۇ؟» ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: «خالىساڭلار ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاللاھنىڭ دىنىغا (ئەگىشىڭلار) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ[1]﴾ دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار.»

3 ـ تىرمىزى ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر بەندىنىڭ بالىسى ئۆلگەندە، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىن: "بەندەمنىڭ بالىسىنىڭ جېنىنى ئالدىڭلارمۇ؟" دەيدۇ، پەرىشتىلەر: "خوش" دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھ: "بەندەمنىڭ دىلىنىڭ مېۋىسىنى ئالدىڭلارمۇ؟" دەيدۇ، پەرىشتىلەر: "خوش" دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: "بەندەم نېمە دېدى؟" دەيدۇ: پەرىشتىلەر: "ئۇ ساڭا شۈكۈر قىلدى ۋە بىز ئاللاھنىڭ مۈلكى ۋە بىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز" دېدى، ـ دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: "بەندەمگە جەننەتتە بىر ئۆي ھازىرلاڭلار ۋە بۇ ئۆينى شۈكۈر ئۆيى دەپ ئاتاڭلار!" دەيدۇ.»

4 ـ ئىمام ئەھمەد مىقدام ئىبنى مەئدىي كەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆزۈڭنىڭ يېگىنىمۇ،

[1] سۈرە رۇم، 30 ـ ئايەت

www.uyghurkitap.com



بالاڭغا، ئايالىڭغا ۋە خىزمەتچىڭگە بەرگەن تاماقمۇ سەدىقىدۇر.»

5. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟" دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سېنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭ" دېدى. مەن: "ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟" دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بالاڭنىڭ سەن بىلەن تاماق يېيىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىشىڭ" دېدى. مەن يەنە: "ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟" دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ" دېدى.»

6. ئىمام بۇخارى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: "مەن بۇ كېچە يۈز ئايال بىلەن ياكى 99 ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ" دېدى. ئۇنىڭ ھەمراھى: "ئاللاھ خالىسا دېگىن!" دېدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇنداق دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاياللاردىن پەقەت بىرىلا مېيىپ بالىدىن بىرنى تۇغدى. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئۇ: ئاللاھ خالىسا، ـ دېگەن بولسا ئىدى، ھەممە ئاياللىرى بىردىن مۇجاھىد تۇغقان بولاتتى."»

7. تەبەرانىي ئەبۇھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن ھېچكىم بالا تەلەپ قىلىشنى تاشلىۋەتمىسۇن. بالىسى يوق ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ نەسەبى ئۈزۈلىدۇ.»

8. ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن: "ئى ئائىشە! رەھىمدىل بولغىن، ھەقىقەتەن ئاللاھ بىر ئائىلىگە رەھمەت قىلماقچى بولسا، ئۇلارنى رەھىمدىللىككە باشلايدۇ."» (يەنە بىر رىۋايەتتە: «"ئەگەر ئاللاھ بىر ئائىلىگە رەھمەت قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ قەلبىگە رەھىمدىللىكنى سالىدۇ" دېدى» دېيىلگەن.)

9 ـ بەززار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: "ھەر بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، قەلبنىڭمۇ مېۋىسى بار. قەلبنىڭ مېۋىسى بولسا پەرزەنتتۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن بالىسىغا مېھرى-شەپقەتلىك بولمىغان كىشىگە شەپقەت قىلمايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېھرى-شەپقەتلىك بولمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ" دېدى. بىز: "ئى ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرى! بىز ھەممىمىز مېھرى- شەپقەت يەتكۈزىمىز" دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ دوستىغا يەتكۈزگەن مېھرى - شەپقىتى، شەپقەت ھېسابلانمايدۇق، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانلارغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش، ھەقىقىي شەپقەت يەتكۈزۈشتۇر" دېدى.»

10- ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇقبە ئىبنى ئەمىرىلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "پالانى نامازنى بەك ئۇزارتىۋېتىدىغان بولغاچقا، مەن بامداتقا كېلەلمەيمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: "ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كىشىلەرنى قاچۇرۇپ قويىدىغانلار بار، كىمكى كىشىلەرگە ئىمام بولسا، نامازنى قىسقا قىلسۇن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كەينىدە كىچىك باللار، قېرىلار ۋە ھاجەت ئىگىلىرى بار" دېدى. مەن ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەرىزدە ئاچچىغلاپ سۆزلىگىنىنى كۆرمىگەن ئىدىم.»

11- ئىمام بۇخارىنىڭ ئەبۇھۇرەيرەدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقىسى، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالىسى، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئىلمىدىن باشقا ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.»

12 - مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بالىسىنى ئېلىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگىنىمدەك، ئاللاھ سېنىمۇ ماڭا ياخشى كۆرسەتسۇن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتىپ: "پالانى قېنى؟" دەپ سورىدى. ئۇلار:"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئادەم ۋاپات بولدى" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دادىسىغا: "جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ قايسىدىن كىرسەڭ، ئۇ سېنى ئىشىك ئالدىدا ساقلاۋاتقان ھالدا تېپىشنى خالىمامسەن؟" دېدى. بىر كىشى: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئۇنىڭغا خاسمۇ ياكى ھەممىمىزگە ئورتاقمۇ؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بەلكى ھەممىڭلارغا ئورتاق" دېدى.»

13 - ھافىز ئەبۇيەئلا ئەلمۇسىلى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە ئائىلە، مال ياكى پەرزەنت قاتارلىق نېئمەتلەردىن ئاتا قىلسا، ئۇ بەندە:"ماشا ئاللاھ لا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇۋۋەتتە ئىللا بىللاھ" دېسە، ئۇ ھاياتىدا ئۆلۈمدىن باشقا ئاپەت كۆرمەيدۇ.»

14 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق بىر بالا تۇغۇلسا، ئوڭ قولىقىغا ئەزان، سول قولىقىغا تەكبىر ئوقۇلسا، بۇۋاقنىڭ ئانىسىدىن گۇناھلار كۆتۈرۈلىدۇ.»

15 ـ بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ ئوغلۇم تۇغۇلغاندا، مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويدى. ئاندىن ئۇنى بىر تال خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى.» (بۇخارى ئۆزىنىڭ بۇ رىۋايىتىدە: «ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە ئۇنى ماڭا بەردى» دېگەن.)

16 ـ سۇنەن ئەھلىلىرى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر بىر بالا ئەقىقىسىگە گۆرەگە قويۇلغاندۇر، مال يەتتىنچى كۈنى بوغۇزلىنىدۇ، ئىسمى قويۇلىدۇ ۋە چېچى چۈشۈرۈلىدۇ» دېگەن.

17 ـ ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارنى: "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" دېگەن سۆز ئۈستىگە ئېغىز ئاچتۇرۇڭلار، ئۆلۈش ئالدىدا: "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر" سۆزىنى دېگۈزۈڭلار!»

18 ـ تەبەرانىي ۋە ئىبنى نەججارنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبەرنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى سۆيۈش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت ئۈستىدە يېتىشتۈرۈڭلار! شۈبھىسىزكى، قۇرئان يادلىغان كىشى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللىغان يېقىن بەندىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدايدۇ» دېگەن.

19 ـ ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ناماز ئوقۇشقا ئۇنىمىسا، ئۇلارنى نامازغا مەجبۇرلاپ ئۇرۇڭلار ۋە ياتاقلىرىنى ئايرىڭلار!» دېگەن.

20 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا ئەقىقە قىلىپ ئىسمى قويۇلىدۇ ۋە پاكىزلىنىدۇ، ئالتە ياشقا كىرگەندە تەربىيە قىلىنىدۇ، توققۇز ياشقا كىرگەندە ياتاقلىرى

ئايرىلىدۇ، ئۇن ئۇچ ياشقا كىرگەندە نامازغا ھەيدىلىدۇ ۋە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇلىدۇ.ئۇن ئالتە ياشقا كىرگەندە ئۆيلەپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: "مەن سېنى تەربىيىلىدىم، ئىلىم ئۆگەتتىم، ئۆيلەپ قويدۇم، دۇنيادىكى پىتنەڭدىن ۋە قىيامەتتىكى ئازابىڭدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن" دەيدۇ.»

21- ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رۇبەيئە بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇرا كۈنىنىڭ ئەتىگىنى ئەنسارىلارنىڭ يېزىلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ: "كىمكى روزا تۇتۇپ ئەتىگەن قىلغان بولسا، روزىسىنى تاماملىسۇن، كىمكى روزا تۇتماي ئەتىگەنلىگەن بولسا، روزىسىنى باشقا كۈندە تۇتۇۋالسۇن!" دەپ ئۇقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ھەم ئۆزىمىز روزا تۇتىدىغان ھەم كىچىك بالىلىرىمىزنىمۇ روزا تۇتقۇزىدىغان بولدۇق. مەسجىتلەرگە باراتتۇق، روزا تۇتقان بالىلىرىمىز ئىپتار ۋاقتى بولغىچە يىغلىسا، ئۇلارغا ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرەتتۇق.»

22- ئىمام مۇسلىم، مالىك، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېقىن رەۋھائى دېگەن بىر جايدا بىر توپ ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلاردىن: "سىلەر كىم بولىسىلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "بىز مۇسۇلمانلار بولىمىز، سەن كىم بولىسەن؟" دەپ سورىدى ئۇلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر ئايال بىر بالىنى كۆتۈرۈپ: "بۇنىڭغا ھەج بارمۇ؟ (يەنى ئۇ ھەج قىلسا بولامدۇ؟)" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەئە! ساڭىمۇ ساۋابى بولىدۇ" دېدى.»

23- ئەبۇداۋۇد ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ ئاتىسىدىن ۋە ئۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاتىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ ئايالنىڭ قېشىدا بىر قىز بار ئىدى، قىزنىڭ بىلىكىدە ئىككى توم ئالتۇن بىلەيزۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرەمسىز؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: "ياق!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئوتتىن ئىككى بىلەيزۈك تاقاشنى خالامسىز؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئايال ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنى چىقىرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە: "ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن!" دېدى.»

24- ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، مالىك نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىتىر- زاكاتىنى قۇل، ھۆر ۋە

چوڭ- كىچىك ھەممىسىگە خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا (2.176 كىلوگىرام) پەرز قىلىپ بېكىتكەندى.»

25- نەسەئى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى كۆرسىلا، سالام بېرەتتى، بېشىنى سىلايتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى.»

26- تىرمىزى جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ بالىسىغا ئەدەپ ئۆگەتكەنلىكى بىر سا سەدىقە بەرگىنىدىن ياخشىدۇر.»

27- ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىلىرىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلاڭلار!»

ئىبنى ئەبۇدۇنيانىڭ رىۋايىتىدە: «بالىلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەپىنى ھۆرمەت قىلىڭلار!» دېگەن.

28- ئىمام ئەھمەد تەبەرانىي ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغانلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.»

29- ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىرى كىچىك بالىغا: "بۇياققا كەل ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن" دەپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بەرمىسە، بىر يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ.»

30- ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيگەن ئىدى، ئەقرە ئىبنى ھابىس: "مېنىڭ ئون بالام بار، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىمكى رەھىم قىلمايدىكەن، ئۇنىڭغىمۇ رەھىم قىلىنمايدۇ" دېدى.»

31- دەيلەمى ۋە ئىبنى ئەساكىر ئەبۇسۇفيانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا ئۇ ئۇچىسىغا ياتقان بولۇپ، مەيدىسى ئۈستىدە بىر بالا ياكى بىر قىز بالا مىنىۋېلىپ، ئۇنى نوقۇشتۇرۇۋاتاتتى.

مەن: "ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئۇنى ئۇستىڭدىن چۈشۈرگىن!" دېدىم. ئۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمنىڭ بالىسى بولسا، ئۇ بالىسىغا بالىلارچە مۇئامىلە قىلسۇن! ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دېدى.»

32ـ ئىمام بۇخارى سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق (تۇرىمەن)» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە چۈپلەپ كۆرسەتكىنىنى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككى بارمىقىنى ئايرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

33ـ تىرمىزى ئەمر ئىبنى شۇئەيبدىن، ئۇ ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئۆزىنىڭ بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ: "كىمكى ماللىق يېتىمگە ۋەسىي بولسا، ئۇ مال بىلەن تىجارەت قىلسۇن، ئۇ مالنى تاكى سەدىقە يەپ تۈگەتكىچە تاشلاپ قويمىسۇن!" دېگەن.»

34ـ ئەبۇداۋۇد ۋە ئەبۇيەئلا ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ جەۋرى ـ جاپادىن ئىككى مەڭزى قارىداپ كەتكەن ۋە بالىسىغا (قاراش ئۈچۈن ياتلىق بولماي) سەۋر قىلغان ئايال مەن بىلەن جەننەتتە مۇشۇ ئىككىگە ئوخشاش» دەپ بارماقلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

35ـ ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا ۋە ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ» دېگەن.

ئەبۇداۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسا ۋە ئۇلانى ياتلىق قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ھەقلىق بولىدۇ» دېيىلگەن.

36ـ ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمنىڭ قىز بالىسى بولۇپ، ئۇ قىزىنى تۇپىغا تىرىك كۆممىسە، ئۇنى ئاجىز قىلمىسا ۋە ئەركەكنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرمىسە، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»

37ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېتىم ئۇنىڭ ئىلكىدە

www.uyghurkitap.com



بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئاتا - ئانىڭلاردىن، بالاڭلاردىن ۋە جىمى ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە، مېنى ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر.»

38 - ھاكىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «باشقىلارنىڭ ئاياللىرىنى ئىپپەتلەڭلار، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئىپپەتلىك بولىدۇ، ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار سىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ.»

39 - ئىبنى ئەساكىر ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىچىك بالا بولۇپ، ئۇ بالىنى سۆيۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "بۇ سېنىڭ بالاڭمۇ؟" دەپ سورىدى. ئۇ: "شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟" دېۋىدى، ئۇ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى تېخىمۇ ئاشۇرايمۇ؟" دېدى. ئۇ: "ئەلۋەتتە، ساڭا ئاتا - ئانام پىدا بولسۇن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەر قانداق بىر كىشى ئۆز نەسلىدىن بولغان بىر نارسىدىنى ھەتتاكى ئۇ رازى بولغانغا قەدەر رازى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھەتتا ئۇ ئادەم رازى بولغىچە رازى قىلىدۇ" دېدى.»

40 - ئىمام بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» دېگەن كىتابىدا ۋە ئىمام ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجەلەر ئۆز كىتابلىرىدا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئون كەلىمىنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

1 - ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى كۆيدۈرۈلىدىغان ئەھۋالغا دۇچ كەلسەڭمۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمە!

2 - ئائىلەڭدىن ۋە مال - دۇنيادىن ئايرىلىشقا بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ، ئاتا - ئاناڭنى نارازى قىلما!

3 - پەرز نامازنى قەستەنلىك بىلەن تەرك ئەتمە! پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن ئادەمنى ئاللاھ ئۆز كاپالىتىگە ئالمايدۇ.

4 - ھاراق ئىچمە! ئۇ پۈتۈن گۇناھلارنىڭ بېشى.

5 - ھەرگىز گۇناھ قىلما! گۇناھ قىلغان ئادەم ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

6 - بارلىق ئىنسانلار ھالاك بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن!

7 - سەن كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرغاندا ئۇلارغا ئۆلۈم كەلسە، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە مۇستەھكەم تۇرغىن!

8- مېلىڭدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىل!

9 - ئەدەپلەيدىغان ھاساڭنى ئائىلەڭ ئۈستىدىن كۆتۈرمە!

10 - ئائىلەڭدىكىلەرنى ئاللاھتىن قورقۇتقىن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللار ئۈچۈن قىرىق ھەدىسى

1- تەبەرانىي ۋە ئىبنى نەججار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پەرزەنتىڭلارنى پەيغەمبەرنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنى سۆيۈش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت ئۈستىدە يېتىشتۈرۈڭلار! شۈبھىسىزكى، قۇرئان يادلىغان كىشى ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە تاللىغان يېقىن بەندىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەرشى ئاستىدا سايىدايدۇ» دېگەن.

2- ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”قىيامەت قاچان بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: ”سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمىلەرنى تەييارلىدىڭ؟“ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: ”ھېچنېمە، لېكىن مەن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىمەن“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ياخشى كۆرگىنىڭ بىلەن بىللە بولىسەن“ دېدى.»

3- ئىمام بۇخارى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىردى، مەن ئۇنىڭغا تاھارەت سۈيىنى تەييارلاپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بۇنى كىم قويدى؟“ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا مېنىڭ قويغانلىقىم ئېيتىلغاندا: ”ئى ئاللاھ! ئۇنى دىنىڭدا ئالىم قىل!“ دېدى.»

4- تىرمىزى رەبىئە ئىبنى شەيباندىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن

www.uyghurkitap.com



هەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: "سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمىنى يادا قىلدىڭ؟" دەپ سورىدىم. ئۇ: "مەن ئۇنىڭدىن: سېنى شەكلەندۈرگەننى قويۇپ، شەكلەندۈرمىگەننى قوبۇل قىل! راستچىللىق خاتىرجەملىكتۇر، يالغان بولسا شەكتۇر. - دېگەننى ياد قىلىۋالغان ئىدىم" دېدى.»

5- ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر كىچىك بالا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى ياد ئالاتتىم. مېنىڭ سۆز قىلىشىمدىن يېشى مەندىن چوڭ بولغان كىشىلەردىن باشقىلىرى توسۇيالمايتتى.»

6- ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد بۇخارىنىڭ لەۋزى بىلەن قىلغان رىۋايىتىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە كېيىم تىكىدىغان بىر بالىنىڭ قېشىغا كىردىم، ئۇ بالا ئۇنىڭغا تاۋىدا گۆش سۇيى بىلەن نەملىنىپ قىزارتىلغان قاپاق كاۋىسىنى ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقتىكى قاپاق كاۋىلىرىنى ئېزلەشكە باشلىدى. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەنمۇ قاپاق كاۋىسىدىن قىلىنغان تاماقنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.»

7- ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئوغۇل! مەن ساڭا بىر نەچچە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاللاھمۇ سېنى ياد ئېتىدۇ. ئاللاھنى ياد ئەتكىن، ئاللاھنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. قاچانكى بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، ئاللاھتىنلا سورىغىن ۋە قاچانكى ياردەم سورىساڭ، ئاللاھتىنلا سورىغىن. بىلگىنكى، ئەگەر پۈتۈن كىشىلەر ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزۈشكە يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىسىدىن باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزۈشكە يىغىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىسىدىن باشقا زىياننى يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرىدى" دېدى.» (تىرمىزى رىۋايىتى)

(تىرمىزىدىن قىلىنغان باشقا بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھنى ياد ئەتكىن، ئاللاھنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن. باياشات ۋاقىتلاردا ئاللاھنى تونۇغىن، ئاللاھ تائالامۇ سېنى

قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردا تونۇيدۇ. بىلگىنكى، ساڭا تېگىشلىك بولمىغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەيدۇ ۋە ساڭا تېگىشلىك بولغان مۇسىبەت ساڭا يەتمەي قالمايدۇ. بىلگىنكى، غەلىبە ھەقىقەتەن سەۋر قىلىش ئارقىلىق كېلىدۇ، ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن چىقىش يولى بولىدۇ. ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار» دېيىلگەن.)

8 ـ ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇداۋۇد ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر ياش كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن غازاتقا قاتناشماقچى، مېنىڭ غازاتقا تەييارلىقىم يوق" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"پالانچىنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ غازاتقا تەييارلىق قىلغان، ھازىر ئاغرىپ قالدى" دېدى. ئۇ ياش ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالام ئېيتتى ۋە سېنىڭ غازاتقا قىلغان تەييارلىقلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى بۇيرۇدى" دېدى. ئۇ كىشى ئايالىنى چاقىرىپ: "مەن تەييارلىغان نەرسىلەردىن بىرىنىمۇ ئېلىپ قالماي، بۇ يىگىتكە بەرگىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن ئۇلاردىن ھېچنەرسىنى ئېلىپ قالمىساڭ، ئاللاھ بىزگە ئۇ نەرسىلەر ھەققىدە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ" دېدى.»

9ـ تەبەرانىي ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەرقانداق بىر كىشى ئۆسمۈرلۈكىدىن تارتىپ ئۆلگىچىلىك ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ياشىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا 99 سىددىقنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ» دېگەن.

10 ـ ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى قاتارلىقلار ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋىتىردا: "ئى ئاللاھ سەن مېنى ھىدايەت قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ھىدايەتكە باشلا! ئەپۇ قىلغان كىشىلىرىڭ قاتارىدا ئەپۇ قىل! سەن ئۆزەڭ ئىگە بولغان كىشىلىرىڭنىڭ قاتارىدا ماڭا ئىگە بول! ماڭا ئاتا قىلغان نەرسەڭدە بەرىكەت بەر! تەقدىر قىلغان نەرسىڭنىڭ شەررىدىن مېنى ساقلا! ھەقىقەتەن سەن ھەقنى تەقدىر قىلغۇچىسەن، ساڭا تەقدىر قىلىنمايدۇ. شۈبھىسىزكى، سەن ئىگە بولغان كىشى خار بولمايدۇ، رەببىمىز! سەن مۇبارەكتۇرسەن، ئۇلۇغسەن، ئۇستۈندۇرسەن!" دېگەن دۇئانى ئۆگەتكەنىدى.»

11ـ تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئوغلۇم! نامازدا ھەرگىز باشقا ياققا قارىما، نامازدا قاراش خاتادۇر، چوقۇم قارىماقچى بولساڭ، نەپلە نامازدا قارىغىن، پەرز نامازدا قارىمىغىن!» دېگەن.

12 ـ ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگىچىلىكمۇ ناماز ئوقۇۇشقا ئۇنىمىسا، ئۇلارنى نامازغا مەجبۇرلاپ ئۇرۇڭلار ۋە ياتاقلىرىنى ئايرىڭلار!» دېگەن.

13- ئىبنى سۇننى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ماڭدى ۋە ئۇنىڭغا: "ئى بالا! ئاللاھ ساڭا تەقۋالىقنى زىيادە قىلسۇن! سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن خالاس قىلسۇن!" دېدى. بالا ھەجدىن قايتقان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "ئى بالا! ئاللاھ ھەجىڭنى قوبۇل قىلسۇن! گۇناھىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن، سېنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرسۇن ۋە سېنى غەمدىن ساقلىسۇن!" دېدى.»

14- ئىمام ئەھمەد، بۇخارى ۋە مۇسلىم سابىت ئەلبىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەنەستىن قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسىنىڭ رىۋايىتىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولۇپ: "بەلكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغۇ" دېگەن ئوي بىلەن ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ قېشىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئويناۋاتقان بالىلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، مېنى ئۆزىنىڭ بىر ئىشى ئۈچۈن بۇيرۇپ، ئۆزى سايىدا ئولتۇردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى قىلىمەن دەپ ئانام ئەۋەتكەن ئىشنى قىلىشقا كېچىكىپ قالدىم. مەن ئانامنىڭ قېشىغا كەلگەندە: "نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟" دەپ سورىدى، مەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئىشقا بۇيرىغان ئىدى" دېدىم. ئانام: "نېمە ئىش ئىدى ئۇ؟" دەپ سورىدى. مەن: "بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرى" دېدىم، ئانام: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرىنى ساقلا" دېدى.» سابىت مۇنداق دەيدۇ: «ئەنەس ماڭا: "ئەگەر ئۇنى بىر كىمگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان بولسام، ئەلۋەتتە، ساڭىلا سۆزلەپ بەرگەن بولاتتىم" دېگەن ئىدى.»

15-ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم، مالىك نەسەئى ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر- زاكاتىنى قۇل، ھۆر ۋە چوڭ - كىچىك ھەممىسىگە خورمىدىن ياكى ئارپىدىن بىر سا (2.176 كىلو گىرام) پەرز قىلىپ بېكىتكەنىدى.»

16- تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرسەڭ، سالام قىل! ئۆيۈڭدىكىلەرگە بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن.

17- مۇسلىم ۋە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنەتۇل ھارىسە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ: «مەن قاف سۈرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر جۈمەدە ئوقۇغانلىقىدىن يادا ئېلىۋالغان ئىدىم» دېدى.

18- ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى. ئۇ ئاغرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ باردى ۋە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ: "مۇسۇلمان بولغىن" دېدى. ئۇ بالا يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىسىغا قارىدى. ئاتىسى: "ئەبا قاسىمغا ئىتائەت قىل!" دېدى. بالىسى ماقۇل بولۇپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: "ئۇنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن!" دېدى.»

19- ئەبۇيەئلا ۋە تەبەرانىي ئەمرى ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېتىقچىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: "ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ مېلىدا ياكى تىجارىتىدە بەرىكەت بەرگىن!" دېدى.»

20- ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىسى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇئۇمەير ئىسىملىك بىر ئىنىم بار بولۇپ، ئۇ تېخى ئەمدىلا سۈتتىن ئايرىلغان ئىدى. ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئى ئەبۇئۇمەير! ئۇ قۇش نېمە قىلدى؟" دەيتتى، بەزىدە ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، يەرگە سېلىنغان بورىنى سۈپۈرۈشكە بۇيرۇيتتى، ئاندىن ئۇنى پۈۋدىگەندىن كېيىن قىيامدا تۇراتتى. بىز ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى.»

21- تىرمىزى سەئىد ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا- ئانا بالىغا ياخشى ئەدەپ ئۆگىتىشتىن ئەۋزەل بىر نەرسىنى سوۋغات قىلمىدى» دېدى.

22- ئىبنى سۈننىنىڭ كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈپ، ئۇ بالىدىن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدى. بۇ بالا: "ئاتام" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا: "ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما ۋە ئۇنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەبچى بولما، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئولتۇرىۋالما ۋە ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرما" دېدى.»

23. تەبەرانى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن يان كۆزدە قارىمايدۇ.»

24. تەبەرانىي يەنە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاتا - ئانا بالىسىغا ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەنلىك نەزىرىدە قارىسا، بالىغا بىر قۇل ئازاد قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن شۇنداق قارىسىچۇ؟" دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ جاۋاب بەردى.»

25. ئىمام ئەھمەد تەبەرانىي ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغانلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس.»

26. ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قىرىنداشلىرىغا تىغ تەڭلەيدىكەن، ئۇ تاكى قولىدىكى تىغنى تاشلىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا لەنەت قىلىنىدۇ. ئۇ، قېرىندىشى ئاتا بىر ياكى ئانا بىر قېرىنداش بولسىمۇ شۇنداق.»

27. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى بەسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا، ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرماي، بەلكى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلسە كىرەتتى، بېرىلمىسە قايتىپ كېتەتتى.»

28. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئۇمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا يۇرىدىغان كىچىك بىر بالا ئىدىم. تاماق ۋاقتىدا مېنىڭ قولۇم داستىخاننىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرەپ يۈرەتتى، بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "ئى ئوغلۇم! تاماقتىن بۇرۇن

بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن!" دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇ ئۇسۇلدا بولۇپ كەلدى.»

29ـ ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى داۋۇد ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى ئانام مېنى چاقىردى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ئولتۇرغان ئىدى، ئانام ماڭا: "كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سەن ئۇنىڭغا نېمە بېرىسەن؟" دېدى. ئانام: "ئۇنىڭغا خورما بەرمەكچىدىم" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بىرنەرسە بەرمىسەڭ، ساڭا بىر يالغان ئېيتقانلىقىنىڭ گۇناھى يېزىلغان بولاتتى" دېدى.»

30ـ ئىمام تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئى ئوغلۇم! ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ھېچكىمگە ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا قىلماسلىقىقا قادىر بولالىساڭ، شۇنداق قىلغىن! ئى ئوغلۇم! بۇ مېنىڭ سۈننىتىمدۇر. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى ياشارتسا، مېنى ياشارتقان بولىدۇ. مېنى ياشارتقان كىشى جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ.»»

31ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە ئەھمەد ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىقى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بارغۇم بولسىمۇ، لېكىن قەستەن: "مەن بارمايمەن" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇيرىغاندىن كېيىن، مەن چىقىپ بازاردا ئويناۋاتقان باللارغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن كېلىپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ: "ئى ئەنەس! مەن بۇيرىغان يەرگە باردىڭمۇ؟" دېدى. مەن: "بارىمەن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!" دېدىم.» ئەنەس بۇ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توققۇز يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدىم. ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ ماڭا: "ئۇف" دېگەنلىكىنى ياكى: "نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ ياكى مۇنداق ـ مۇنداق قىلمىدىڭ؟" دېگىنىنى ئاڭلىمىدىم.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىرەر ئىشتى خاتا قىلغانلىقىم ياكى ياخشى ئادا قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەپ باقمىدى. ئەگەر ئۆيىدىكىلەردىن بىرەرسى ماڭا بۇ ھەقتە مالامەت قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇنىڭغا مالامەت قىلماڭلار، ئۇ قىلىشقا قادىر بولالىغان بولسا، شۇنداق قىلغان بولاتتى" دەيتتى.»

www.uyghurkitap.com

32ـ ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ ھەمشىرىسى، ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا سەۋر قىلسا ۋە ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق بولىدۇ» دېگەن.

33ـ ئىمام مۇسلىم، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېۋىلەرنىڭ پىشقانلىرى ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتىلەتتى. ئۇ: "ئى ئاللاھ! بىزگە، شەھەرلىرىمىزدە، مېۋىلىرىمىزدە، ئۆلچەم ۋە تارازىلىرىمىزدا بەرىكەت ئۈستىگە بەرىكەت بولسۇن!" دەپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ مېۋىلەرنى شۇ جايدا بار بولغانلارنىڭ ئەڭ كىچىكلىرىدىن باشلاپ بېرىشكە باشلايتتى.»

34ـ ئىمام بۇخارى سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا كېپىل بولغۇچى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق (تۇرىمەن)» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارماقلىرىنى بىر- بىرىگە جۈپلەپ كۆرسەتكەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئىككى بارمىقىنى ئايرىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

35ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسەئى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جېنىم ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە ئاتا- ئانىڭلار، باللىرىڭلار ۋە جىمى ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈك بولمىغىچە، ھەممىسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرۈلمىگىچە، ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

36ـ ئەبۇيەئلا ۋە ئىبنى ئەساكىر زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىپ:"ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بالا بەنى نەججار قەبىلىسىدىن. ئۇ ئاللاھتىن ساڭا نازىل بولغان سۈرىلەردىن ئون يەتتىنى يادلىدى" دېدى. ئاندىن مەن ئۇگەنگەن سۈرىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەردىم، ئوقۇغانلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياراپ كەتتى. ئۇ: "ئى زەيد! سەن مەن ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ۋە يېزىقىنى ئۆگەنگىن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلاردىن بىرىنىڭ مەن ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمەن" دېدى. مەن يەھۇدىي تىل - يېزىقىنى بىر يېرىم ئاي ئوتمەيلا ياخشى ئۆگىنىپ بولدۇم. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام خەت يازماقچى بولسا، مەن يېزىپ بېرەتتىم. ئۇلار (يەھۇدىيلار) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يازسا، ئۇنى مەن ئوقۇپ بېرەتتىم.»

37- «سەھىھۇل بۇخارى» دا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۈچۈن ھۆرۈپ، كۆز تېگىشتىن ۋە باشقا بىرەر زىيان كېلىشتىن پاناھ تىلەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: "ئاللاھنىڭ بارلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ شەررىدىن، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن پاناھلىق تىلەيمەن" ۋە يەنە مۇنداق دەيتتى: "شۈبھىسىزكى، ئاتىلىرىڭلار ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئۈچۈن شۇنداق پاناھلىق تىلىگەن (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھنىڭ سالاملىرى بولسۇن!)"»

38- ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ، ئۇبەيدۇللاھ ۋە ئابباس ئوغۇللىرىدىن بىر مۇنچىسىنى سەپكە تىزغاندىن كېيىن: "كىم ئاۋۋال مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلەلىسە، ئۇنىڭغا مۇنداق، مۇنداق مۇكاپات بېرىمەن" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. ئۇلار يۈگۈرۈپ ئۇگدىسىغا ۋە دۈم يىقىلاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۆيۈپ، ئۆز يېنىغا تارتاتتى.»

39- ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەزل ئىبنى ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ ئىدى، خەسەمەلىك بىر ئايال ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراش ئۈچۈن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەزل ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى. ئۇ ئايالمۇ پەزىلگە قاراشقا باشلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەزىلنىڭ يۈزىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.»

40- ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى ئەبۇئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىك ياشلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ زىنا قىلىشىمغا ئىجازەت بەرگىن، — دېدى. ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر:

— تەۋبە! تەۋبە! — دەپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— يېقىنلاش! — دېدى. ئۇ ياش يېقىن كەلگەندىن كېيىن:

— ئۇنى (زىنانى) ئاناڭغا راۋا كۆرەمسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ياش:

— ياق! ئاتا- ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— ئىنسانلارمۇ ئۇنى شۇنداق يامان كۆرىدۇ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە:

— سەن ئۇنى قىزىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟— دېدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بەردى.

— ئىنسانلارمۇ قىزلىرىغا ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن:

— سەن ئۇنى ھەمشىرەڭگە راۋا كۆرەمسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بەردى.

— ئىنسانلارمۇ ھەمشىرىلىرىگە ئۇنى راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن:

— ئۇنى ئاتاڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بەردى.

— ئىنسانلارمۇ ئۇنى ئانىسىنىڭ ھەمشىرىسىگە ياخشى كۆرمەيدۇ. سەن ئۇنى ئاتاڭنىڭ ھەمشىرىسىگە راۋا كۆرەمسەن؟

ئۇ ياش يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈر! قەلبىنى پاكلا! پەرجىنى (يەنى جىنسىي ئەزاسىنى) ساقلا! — دەپ دۇئا قىلدى. ئەبۇئۇمامە كېيىن ھېچنېمىگە قارىمايدىغان ئېپپەتلىك ئىنسان بولۇپ ياشىدى.»

ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بۇ مۇبارەك كىتابنى تاماملىدۇق. ئاللاھ ھەممىمىزگە بۇنىڭ مەنپەئىتىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىنىشىمىزگە نېسىپ قىلسۇن - ئامىن!